21-06-1997
ئالموتا - قازاقستان

مەمتىمىن هوشۇر

# قۇم باسقان شەھەر

(رومان)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھوشۇر ئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىمىز ئاببباس

# قۇم باسقان شەھەر

(رومان)

ئاپتورى: مەمتىمىن ھوشۇر

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشىر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ بىناكارلىق باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
جېجياڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 ×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12.25
1996 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7-5371-2288-1/I.774
سانى: 10000 — 1
باھاسى: 15.00 يۈەن

قۇم باسقان شەھەر توغرىسـ
ـدىكى رىۋايەتلەرنى ماڭا بوۋام
سۆزلەپ بەرگەن، بوۋامغا بوۋىسى
سۆزلەپ بەرگەنىكەن. بوۋامنىڭ
بوۋىسىغىمۇ بوۋىسى سۆزلەپ
بەرگەنمىكىن دەيمەن ···
—— ئاپتور

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر 1944 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1962 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى، 1967 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن؛ 1968 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھەرلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدا قايتا تەربىيىدە بولغان.

1972 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرى كېپەكيۈزى يېزىسىدا خەلق ئىشلىرى كادىرى، 1975 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇش ئىدارىسىدا تەشۋىقات كادىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر 1979 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلىغىچە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر، باش مۇھەررىر، ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى ۋە شۇ جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە. يازغۇچىنىڭ «ئالما» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى 1965 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان؛ 1978 ـ يىلدىن ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر خىل مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىدىن ئوشۇق ھېكايە، پوۋېست، ئەسلىمە

ۋە ئەدەبىيات، تارىخقا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. ھەمدە ئاساسلىق ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى قازاق، ئۆزبېك، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە بېسىلدى.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھازىرغىچە نەشىردىن چىققان كىتابلىرى: «نەي ئاۋازى» (ھېكايىلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «كونا - يېڭى ئىشلار» (ھېكايىلەر توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى)، «سالام ھېسام ئاكا» (پوۋېستلار توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى)، «نوزۇگۇم» (پوۋېست، موڭغۇل تىلىدىكى كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» (بىئوگرافىيىلىك قىسسە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «ئۆلۈككە خەت» (ھېكايىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى» (ئىلمىي ئەسەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى). بۇ كىتابلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ھېكايە ۋە پوۋېست توپلاملىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ھەر خىل ئەدەبىي مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

# مۇندەرىجە

## I قىسىم جاھانكەزدى سوپورگە


بىرىنچى باب قوياش شاھى ........................................ 3
ئىككىنچى باب جاھانكەزدى سوپورگە ............................ 16
ئۈچىنچى باب قاچقۇن شاھزادە .................................. 26
تۆتىنچى باب ئايدىڭ كېچە ...................................... 36
بەشىنچى باب ياخشى قال يولۇچى ................................ 47
ئالتىنچى باب جەسەت ............................................ 60
يەتتىنچى باب سېپىلسىز شەھەر ................................. 67
سەككىزىنچى باب ئاجايىپ خەۋەر ................................. 85
توققۇزىنچى باب بىغەملەر شەھىرىدە جەڭ ......................... 94
ئونىنچى باب بەتنىيەتلەرگە ئىشىك ئاچما ........................ 106
ئون بىرىنچى باب قېنى، كىم پادىشاھ بولىدۇ؟ ................... 121
ئون ئىككىنچى باب ئوردىدىكى كېچەش .............................. 126
ئون ئۈچىنچى باب ئوغرى كېچىدە كېلىدۇ ........................... 136
ئون تۆتىنچى باب قىساس .......................................... 145


## II قىسىم ئۈچ ئاكا - ئۇكا


ئون بەشىنچى باب قاغىلىق باغ .................................. 161
ئون ئالتىنچى باب ئۆلۈم خەۋىرى ................................ 172

ئون يەتتىنچى باب توقسان توققۇز تىللا .................... 181
ئون سەككىزىنچى باب خۇدا بەرگەن ھەمراھ ............ 192
ئون توققۇزىنچى باب ناتونۇش شەھەر .................... 202
يىگىرمىنچى باب قورسىقىم ئاچ ئىدى .................... 211
يىگىرمە بىرىنچى باب ئايىم ................................ 222
يىگىرمە ئىككىنچى باب جېنىم قوزام ...................... 230
يىگىرمە ئۈچىنچى باب سودىگەرنىڭ خوتۇنى ............ 241
يىگىرمە تۆتىنچى باب سىرلىق ھويلا...................... 253
يىگىرمە بەشىنچى باب سۆيۈملۈك قاراقچى ............ 265

## III قىسىم چۆل ئوغلى

يىگىرمە ئالتىنچى باب ئۈچ تۈپ توغراق .................. 285
يىگىرمە يەتتىنچى باب «بىغەملەر شەھىرى» ھەققىدە
يېڭى رىۋايەتلەر ................................ 291
يىگىرمە سەككىزىنچى باب «ئالۋاستى» .................... 308
يىگىرمە توققۇزىنچى باب بىر تال تىللا.................... 320
ئوتتۇزىنچى باب بەختىڭنى ئىزدەيسەن .................. 330
ئوتتۇز بىرىنچى باب ئۆمەرباي ۋە باراتباي ............ 341
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ئېيتىلمىغان گەپ .................. 354
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب سىرلىق چۆچەك .................... 366
ئوتتۇز تۆتىنچى باب قوم باسقان شەھەر ................ 375

# I قىسىم

# جاھانكەزدى سۆپۆرگە

## بىرىنچى باب

# قۇياش شاھى

ھەشەمەتلىك شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېشىكىنى يېتىلەپ چىقىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشى جاھانكەزدى سۇپۇرگە ئىدى. شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا شەھەرگە كىرىشنى كۈتۈپ كېچىچە سىرتتا تۈنىگەن كارۋانلار توپلىشىۋالغانىدى. سۇپۇرگە ئىسسىق تىنىقلىرى ئۇرۇلۇپ تۇرغان تۆگىلەرنىڭ تۇمشۇقلىرىنى نېرى - بېرى قىلىپ، قانداقتۇر بىر ئۇزۇن چاپان، قىسقا چاپان، ساقاللىق ۋە ساقالسىز كىشىلەرنى ئارىلاپ قىستاڭچىلىقتىن ئۆتتى - دە، ئەركىن نەپەس ئالدى. ئېشىكىگە مىنىپ، قورام تاش يېيىتىلغان خانلىق يول بىلەن ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

سۈزۈك ئاسماندىكى يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جىلۋىلىنەتتى. سۇپۇرگىنىڭ كۆز ئالدىدا شەھەر سېپىلىغا ياندىشىپ كەتكەن ئېتىزلار، ھەر تەرەپكە سوزۇلغان توپىلىق يوللار، تېخىمۇ يىراقتا بولسا چەكسىز كەڭ دالا تاشلىنىپ ياتاتتى. قانچە كارۋانلار ئۇلاغلىرىنىڭ تۇياقلىرىنى ئۇپراتقان تاشلىق يول سۇپۇرگە ئېشىكىنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا رىتىملىق تاراسلايتتى. قېلىن، ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان ھەيۋەتلىك بىر شەھەر يولۇچىنىڭ ئارقىسىدا قالماقتا ئىدى. بۇ شەھەر شۇ ئەتراپقا داڭقى كەتكەن قۇياش شاھىنىڭ پايتەختى ئىدى. يائاللا، جاھانكەزدى سۇپۇرگە ئۆمرىدە مۇنداق سۆرۈن تەلەت شەھەرنى

كۆرگەن ئەمەس!

شەھەر بەكمۇ چوڭ بولۇپ، پادىشاھلىققا قاراشلىق بارلىق ئۆلكىلەردىن بۇلاپ كېلىنگەن بايلىقلار بىلەن تىنىپ كەتكەنىدى. قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان باغلار بىلەن قورشالغان خان سارايلىرىنى ھەيۋەتلىك تۇۋرۇكلەر بېزەپ تۇراتتى. چاسا خىش ياتقۇزۇلغان كەڭ يوللار، رەڭگارەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان راۋاقلار، بۇككىدە دەرەخزارلىقلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاجايىپ گۈمبەزلەر، سۇنئىي تاغلار ئۇستىگە كۆتۈرۈلگەن تاش پەلەمپەيلەر شەھەر مەنزىرىسىگە تېخىمۇ سەلتەنەت بېغىشلايتتى. شەھەر كوچىلىرىدىن ئالتۇن - كۈمۈش، ئېسىل تاشلار، قىممەتلىك ھايۋان تېرىلىرى، خۇش پۇراق دورا - دەرمانلار، قايسىبىر كىچىكرەك پادىشاھلىقلارنىڭ سوۋغا - سالاملىرى قاچىلانغان ساندۇق، قاپلارنى ئارتقان كارۋانلار شاھ ئوردىسىغا قاراپ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇ بايلىقلار بۇ يەردە ئوردىدىكى يەپ-ئىچىش، ئوشۇقچە سۆلەت، ساراي - ئايۋانلارنى بېزەش ئىشلىرىغا سەرپ بولۇپ تۈگەيتتى.

جاھانكەزدى سۇپۇرگە بۇ شەھەردىكى ھەشەمەتلەر ئىچىدە باھارنىڭ ھەقىقىي ھىدىنى، ئادەملەرنىڭ چىرايىدا تولۇقلۇقنىڭ بېشارىتى بولغان قىزىللىقنى، قاقاقلاپ كۈلگەن چىن كۈلكىنى كۆرمىدى. شەھەرنىڭ پاسكىنا، تار ئارقا كوچىلىرى نامراتلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ھەشەمەتلىك خان سارايلىرىنى قۇرغان كاسىپلار، قاداقلاشقان قوللىرى بىلەن ئاجايىپ راۋاقلارنى ئۆرە قىلغان ئۇستىلار، ماھىر نەققاشلار بۇ يەردە قىيسايغان، تار كۈلبىلەردە ھايات كەچۈرۈشەتتى. كوچىلاردا مۈكچەيگەن، ئېغىر ئەمگەكتىن ھالسىرىغان كىشىلەر چۈشكۈن قەدەم تاشلايتتى. جاسۇس - سۇخەنچىلەر خۇدۇكسىرەپ، ئەتراپىغا قاراپ ئېھتىيات بىلەن پىچىرلىشاتتى. دەرەخلەر ئۈستىدە قۇشلار چۇرۇقلىشاتتى. ئارامبەخش شامالدا يوپۇرماقلار يېنىك

شىلدىرلىشاتتى. شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار ئېرىق بويلىرىدىكى يېشىل ئوتلارنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. لېكىن، تەبىئەتنىڭ بۇ بەزمىلىرىدىن خۇشال بولغۇدەك كۆڭۈلنى ئىزدەپ تاپماق تەس ئىدى.

شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا يەنە «دىۋانىلەر مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىلەرمۇ بار ئىدى. پاكار - پاكار ئۆيلەر، ئەگرى - بۈگرى توپىلىق تار كوچىلاردىن قۇرۇلغان بۇ مەھەللىدە جۇل - جۇل كىيىملىرى بىلەن كوچىنىڭ توپىسىنى توزۇتۇپ ئويناپ يۈرگەن باللارنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. بەزى دىۋانىلەر يەرنى كولاپلا گەمە قىلىپ كىرىۋالغانىدى. ھەربىر ھويلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۈكلىرى چۈشۈپ قوتۇرلىشىپ كەتكەن ئىتلار ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ مۈگدەپ ياتاتتى. بۇ ئىتلار شۇنچىلىك ھۇرۇنلىشىپ كەتكەنكى، بىرەر ئوغرى كەلگۈدەك بولسىمۇ، ئىگىسى ئويغىتىپ قويمىغۇچە قاۋىمايتتى. ھەربىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەسكى - تۈسكى لاتىلار، تۆمۈر- تەرسەك، كونا كىيىملەر، خالتىلاردا قۇرۇغان، كۆكەرگەن پارچە نانلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە بىرەر تۈپ دەل - دەرەخ ياكى كۆكەرگەن ئوت - چۆپمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھەممە يەر كۆيۈك ئاپتاپتا ئوتتەك چاڭقاپ ياتاتتى. بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شەھەرگە كىرىپ دىۋانىچىلىك قىلىش بىلەن جېنىنى باقاتتى. پادىشاھ تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ شەھەر ئىچىدە تۇرۇشى مەڭگۈ چەكلەنگەنىدى. شەھەرگە كىرگەندىمۇ ئۇلارنىڭ چوڭ كوچىلارغا ئۆتۈپ تىلەمچىلىك قىلىشى مەنئى قىلىنغانىدى. ئۇلارغا سادىغا بېرىدىغانلار يەنىلا شەھەرنىڭ ئارقا كوچىلىرىدىكى نامراتلار ئىدى.

جاھانكەزدى سۇپۇرگە قۇياش شاھىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پايتەختىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم ئۇ ئېزىپ

كېلىپ قالغاندۇر ياكى تەقدىرنىڭ شاملى ئۇنى ئۇچۇرۇپ بۇ يەرگە تاشلىغاندۇ... سۇپۇرگە سەپىرىنىڭ تىزگىنىنى كۆڭلىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانىدى. ئۇ قانچە سۇلارنى كېچىپ ئۆتتى، قانداقتۇر بىر كارۋانلارغا ئەگىشىپ ماڭدى، كىملەرنىڭدۇ گۈلخانلىرى ئەتراپىدا تۈنىدى... ئۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرمەي تۇرۇپلا بۇ لەنتى ماكانغا كېلىپ قالغىنىغا پۇشايمان يېدى. دەرۋازا قورۇقچىلىرى بېشىغا نېپىز بۆك كىيگەن، يۈزىنى قويۇق ساقال باسقان، ئۇزۇن يەكتەكنىڭ بىر پېشىنى بېلىدىكى پوتىسىغا قىستۇرۇۋالغان بۇ غەلىتە ئادەمنى ۋارقىراپ توختاتتى.

— ھەي ساقال!

سۇپۇرگە قورۇقچىلارنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ مېڭىۋەردى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىسمى ساقال ئەمەس - دە.

— ھەي ساقال، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمىز!

— مېنى چاقىرىۋاتامسىلەر؟

— ھە سېنى، نەگە؟

— كۆرۈۋاتىسىلەرغۇ، شەھەرگە كىرىپ كېتىۋاتىمەن.

— ئېشىكىڭنى بۇ ياققا تارت!

قورۇقچىلار سۇپۇرگىنى نوقۇپ، تارتقۇشتۇرۇپ بىر چەتكە ئاچىقىپ، يانچۇق، قويۇنلىرىنى ئاختۇردى. ئۇلارنىڭ قولىغا بىرنەچچە ئۇششاق يارماقتىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى. كۆپنى كۆرگەن سۇپۇرگە ئۇنچىقماي قاراپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە ئۇ مۇھىمراق نەرسىلىرىنى مۇنداق ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان قاراقچىلارنىڭ قولىغا چىقىدىغان يەرگە قويمايتتى.

— ئۇلۇغ پايتەختىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى بىر قورۇقچى.

— بىلىدىغىنىمدىن بىلمەيدىغانلىرىم كۆپ، — دېدى سۇپۇرگە.

— ئەمسە ئاڭلاپ قال، بۇ شەھەرگە بىرىنچى نۆۋەت كەلگەن كىشى دەرۋازىدىن كىرىش ھەققى تۆلەيدۇ.

— خۇدا ھەققى، ئۆزۈڭلارمۇ ئاختۇرۇپ كۆردۇڭلار، مېنىڭدە ئاشۇ بىرنەچچە يارماقتىن باشقا ھېچنېمە يوق.

— پۇلۇڭ يوق بولسا شەھەرگە كىرىپ نېمە قىلىسەن؟... ياكى سەن تىلەمچىلىك قىلماقچىمۇ؟ شۇنداق قىلماقچى بولساڭ يوقال بۇ يەردىن! بىزنىڭ دىۋانىلەر مەھەللىمىزنىڭ تىلەمچىلىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ...

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ چۈشەندۈردى سۇپۇرگە، — مەن بىر جاھانكەزدى مۇساپىرمەن، قۇدرىتى تەڭداشسىز قۇياش شاھىمىزنىڭ شۆھرىتىنى، ئۇلۇغ پايتەختىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، زىيارەت قىلماق بولۇپ يىراقلاردىن كەلدىم. مەندە نەدىمۇ پۇل ـ پۇچەك، مال — دۇنيا بولسۇن. دۇنيا يىغىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. بايلىق پەقەت ئۇلۇغ شاھلارغىلا زىننەت قوشالايدۇ...، نەدە قاراڭغۇ چۈشسە شۇ يەردە تۈنەيمەن. بۈگۈن تاپقىنىمنى ئەتىگە ئاشۇرۇپ قويمايمەن. ئاڭلىغانمۇ سىلەر؟ خۇدا ئەتىگە يەتكۈدەك ئۆمۈر بەرگەن كىشىگە ئەتىلىك رىزقىنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ. مۇقەددەس كىتابلارغا مانا شۇنداق يېزىلغان...

— سەن خېلى گەپچى ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سۇپۇرگىنىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى، يەنە بىر قورۇقچى، — پۇلۇڭ بولمىسا مۇنۇ قوتۇر ئېشىكىڭنى قويۇپ كەت. بولمىسا خان ئوردىسى ئۈچۈن بىر ئاي ھاشارغا ئىشلەيسەن، ئىككىدىن بىرىنى تاللا!

— نېمە گەپ بولۇپ كەتتى، مەن زادى چۈشىنەلمىدىم؟

— خۇپسەنلىكىڭنى قوي، ياكى بىر ئاي ھاشارغا ئىشلەيدىغانغا تۇر، ياكى ئېشەكنى قويۇپ كەت!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇپۇرگىنىڭ كۆرۈمسىز ئېشىكى ئاۋازىنى بولۇشقا قويۇۋېتىپ ھاڭراپ، ئۈنلۈكرەك گەپ قىلغىلىمۇ

بولمايدىغان بۇ شەھەرنى بېشىغا كىيدى. قورۇقچىلار ئاچچىقىدا ئۇنىڭ بېقىنلىرىغا قاتتىق ئايىغى بىلەن بىرنەچچىنى تېپىۋەتتى. ئېشەك سۇپۇرگە ئۈچۈن قۇياش شاھىدىنمۇ قىممەتلىكرەك ئىدى. ئېشەككە تەگكەن تاياق ئۆزىگە تەككەندەك بولۇپ دۇمبىلىرى قىمىلداپ كەتتى.

— ھاي، ھاي، ياخشى ئادەملەر، ئۇنداق قىلماڭلار! — دەپ ئارىغا چۈشتى سۇپۇرگە، — كۆرۈپ پىسلەركى بۇ مۇشۇنداق خۇيى ئەسكى مەخلۇق، خۇدا شۇڭا ئۇنى باشقا نېمە قىلماي ئېشەك قىلىپ ياراتقان. بوپتۇ، مەن ھاشارغا ئىشلىسەم ئىشلەي، ئېشەك ئۆزۈمگە قالسۇن.

سۇپۇرگە تاش يونۇغۇچىلار قاتارىدا تاش چوقىدى. قانداقتۇر بىر دۆڭنى تۈزگە، تۈزنى دۆڭگە تارتىۋاتقان ھاشارچىلارغا قوشۇلۇپ ئېشىكى بىلەن توپا توشۇدى. ئۇ يەردە سىپىللار ئۈستىگە قۇرۇلغان دارلارنى، شەھەر مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ كاللىسىنى چېپىلىدىغان ھەيۋەتلىك كۆتەكنى، ئاياغلىرىدىكى ئېغىر كىشەنلەرنى شاراقلىتىپ سۆرەپ، قامچا ئاستىدا ئىشلەۋاتقان جىنايەتچىلەرنى كۆردى. ھەممە يەرنى كىشىنىڭ دىمىنى سىقىدىغان ئېغىر بۇرۇقتۇرمىلىق، چوڭقۇر سۈكۈت قاپلىغاندەك قىلاتتى. پەقەت ئىككى ئىشلا سۇپۇرگىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالدى.

بىر قېتىم ئۇ دىۋانىلەر مەھەللىسىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ بېرىپ، ئېشىكىدىن ۋە ئۆزىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاسلا قالدى. جۇلدۇركېپەن بىر توپ ئادەملەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ئېشىكىنىڭ ئۈستىدىن سۆرەپ چۈشۈرۈشتى. قىپيالىڭاچ بالىلاردىن بىرنەچچىسى ئېشەكنىڭ ئۈستىگە مىنىپمۇ ئۈلگۈردى. قالغانلىرى ئۇنىڭ قويۇنلىرىنى ئاختۇرۇپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى تارتقۇشلاپ سۆرىگىلى تۇردى. قورقۇپ كەتكەن

سوپۇرگە:
— ھاي نائىنساپلار، مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟ سىلەر ئۆز كەسىپدىشىڭلارنىمۇ بۇلاڭ - تالاڭ قىلامسىلەر؟ مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا قەلەندەرغۇ! — دەپ خىيالىغا كەلگەن گەپلەرنى قىلىپ چۇقان سالدى. ئۇ ۋارقىرىمىغاندا بۇ غەلىتە ئادەملەر ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ، گۆشىنىمۇ تالان - تاراج قىلىپ بىر پارچىدىن بۆلۈشۈۋالىدىغان قىلاتتى، ھەر ھالدا ئۇنىڭ ۋارقىرىشى ئۇنۇم بەردى — يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قەلەندەرلەر نېمىشقىدۇ چېپپىدە توختاپ قېلىشتى.
— سەن راستىنلا قەلەندەرمۇ؟— دەپ سورىدى بىرى.
— بىلىپ قويۇڭلاركى— دەپ گۇركىرىدى سۇپۇرگە، - مەن يىراق بىر ئەلنىڭ مەشھۇر قەلەندەرىمەن! . . .
— ئۇنداقتا سەن نېمىشقا ئېشەك مىنىپ يۈرىسەن؟— دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى تۇنجى ئېغىز ئاچقان قەلەندەر، - قەلەندەر دېگەننىڭ ھېچنېمىسى بولماسلىقى كېرەككقۇ؟ !
— بىز تەرەپتە ئېشەكى يوق قەلەندەر قەلەندەر ھېسابلانمايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى سۇپۇرگە، - ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆز يۇرتۇمدىكى قەلەندەرلەرنىڭ ئاقساقىلىمەن. ئېشەككە مىنىپ جاھان كېزىمەن. ھەربىر شەھەرگە بارغاندا شۇ شەھەرنىڭ قەلەندەر مەھەللىلىرىنى زىيارەت قىلىمەن. سىلەرنىڭ بۇ قىلىقىڭلار باشقا يۇرت قەلەندەرلىرىنىڭ قولىغا يەتسە شۇنچىلىك سەت ئىش بولىدۇكى. . .
— سەن ئۆز يۇرتۇڭدىكى قەلەندەرلەرنىڭ ئاقساقىلى بولساڭ، — دەپ خىرىلدىدى قېرى بىر قەلەندەر، — بىزنىڭ قەلەندەرلەر شاھىمىز بىلەن كۆرۈشمىكىڭ شەرت!
— قەلەندەرلەر شاھى! ؟ -ھەيران بولدى سۇپۇرگە، — سىلەرنىڭ قەلەندەرلەر شاھىڭلارمۇ بارمۇ تېخى؟
— سېنىڭ يۇرتۇڭدىكى قەلەندەرلەرنىڭ ئاقساقىلى بولسا،

بىزنىڭ ئۆز شاھىمىز بار. مانا ھازىر كۆرسەن.
قەلەندەرلەر چۇۋۇلدىشىپ ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. سۇپۇرگە: گەپدانلىق قىلىمەن دەپ ئاغزىمدىن بالاغا قالدىمۇ نېمە؟ دەپ، ئوشۇقچە گەپلەرنى قىلىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنى قەلەندەرلەر ئاقساقىلى قىلىپ كۆرسىتىپ مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇۋالماقچىدى. بۇ ئەبلەخلەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بارلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن!
... لېكىن، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى ئەمدى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. شۇڭا بىر دانىشمەن: سۆزنى ئېغىزدىن چىققۇچە ئادەم باشقۇرىدۇ، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ، دەپ توغرا ئېيتقان.
قەلەندەرلەر سۇپۇرگىنى باشلاپ قىيسىپ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئۆي ئىچىدىكى قارىداپ كەتكەن يىرتىق بورىنىڭ ئۈستىگە چاچ ساقاللىرى چىگىشىلىشىپ كەتكەن، چىشلىرى قارىدىغان، يۈيۈقسىز بەتلىرى ئەسلى ئۆڭىنى يوقاتقان، ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ جۇل جۇللۇقى باشقا بارلىق قەلەندەرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان، سۇرلۈك قىياپەتتىكى بىر ئىنسان ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ياش قۇرامىنىڭ قانچىدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق مۇشكۈل ئىدى. ئەتراپتا گىژبىلدىشىپ يۈرگەن چىۋىنلار، تور بېسىپ كەتكەن تام - تورۇسلاردا ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئۆمۈچۈكلەر بۇ «شاھ ئوردىسى» نى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسىتەتتى. جاھانكەزدى سۇپۇرگىنى سۇر باستى. قەلەندەرلەر شاھى ئۇنىڭغا باش كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويماي:
— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى.
— تىلەمچىمەن! — دېدى سۇپۇرگە ئىككىلەنمەي.
— شۇنداق، ئۇلۇغ تەڭرىم ئالدىدا ھەممە ئادەم ئوخشاشلا تىلەمچى، — دەپ قەلەندەرچىلىك پەلسەپىسى ئۈستىدە ۋالاقلاپ

كەتتى قەلەندەرلەر شاھى، — ئىنسان ئۆزىنىڭ رىزقىنى، بەختىنى خۇدادىن تىلەيدۇ. پەرق شۇ يەردىكى، بىز خۇدادىن تىلىگەنلىرىمىزنى بەندىنىڭ قولى ئارقىلىق ئالىمىز، سەن ئۇ دۇنياغا بارغاندا كۆرىسەن. شاھلار، ئەمەلدارلار، بايلار ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلمىشىدىن ھېساب بېرىپ بولالماي قىينىلىپ تۇرغاندا، قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال - خۇرام جەننەتكە قاراپ ماڭغان بولىدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، بايلار، ئەمەلدارلار خەلقنىڭ نەرسىلىرىنى كۈچ ۋە زورلۇق، ھىيلە - مىكىرىگە تايىنىپ تارتىۋالىدۇ، قەلەندەرلەر بولسا باشقىلار ئىختىيارىيلىق بىلەن ئىلتىپات قىلغان نەرسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

— سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دىلىم يورۇپ، ئۆز كەسپىمگە ھۆرمىتىم ئاشتى، — دەپ خۇشامەت قىلدى سۇپۇرگە. ئۇنىڭ ئەس - يادى بىرنېمىلەر قىلىپ بۇ جىن ئۇۋىسىدىن سالامەت چىقىپ كېتىشتە ئىدى، — مەن بەزىدە سەل ئۇيالغاندەك بولاتتىم...

— ئۇيالما، پەخىرلەن! — دەپ سۇپۇرگىنىڭ سۆزىنى بۆلدى قەلەندەرلەر شاھى، — بىز باشقىلارنى جىنايەت يولىدىن قايتۇرغۇچىلار بىز. مىسالى، بىر كىشىنىڭ يانچۇقىدا ئۆز خىراجىتىدىن ئوشۇق بىر تەڭگە تۇرۇپتۇ دەيلى، بۇ ئوشۇقچە نەرسە چوقۇم ئۇنى يامان خىياللارغا سالىدۇ. بىز ئۇنىڭ شۇ ئوشۇقچە پۇلىنى تىلىۋالىمىز، ھېلىقى كىشى يامان يوللارغا مېڭىپ قېلىشتىن ئامان قالىدۇ ھەمدە كۆپ ساۋاپ ئالىدۇ.

— ئاپىرىن! — دېدى سۇپۇرگە، — مەن تېخى ھېچبىر قەلەندەرنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن.

— سەن ئادەتتىكى بىر قەلەندەرنىڭ ئالدىدا ئەمەس، قەلەندەرلەر شاھىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپسەن - دە! — دەپ مەغرۇرلاندى شاھ، — مەن ساڭا ئېيتسام، ئۇلۇغلۇق تەرەپتە

مېنىڭ نامىم قۇياش شاھىدىن قالسىلا ئىككىنچــــى ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزىدە شۇ ئۇلۇغ شاھىنىڭمۇ ماڭا ھاجىتى چۈشىدۇ.

— شۇ ئۇلۇغ قۇياش شاھىنىڭ! ؟ . . .

— مانا بۇ بوينۇمدىكى مىس پۇتۇكچىنى كۆردۈڭمۇ؟ - بويىنىغا ئېسىقلىق تۇرغان قانداقتۇر بىر كىچىك مىس تاختىنى كۆرسەتتى قەلەندەرلەر شاھى،— مانا بۇ پۇتۇكچىنى ئېلىپ شاھ ئوردىسىغا ئىختىيارىي كىرىپ - چىقالايمەن. بەزىدە شاھىنىڭ ئۆزى مېنى چاقىرتىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن دېمەكچى بولىدىغانسەن؟ شاھ ئۆز قوشۇنى بىلەن ياقا يۇرتلارنى بېسىۋالغاندا، ئارقىدىنلا ئۇ يەرگە مىــڭلاپ قەلەندەرلەرنـــى ئەۋەتىشكە توغرا كېلىــــدۇ. بۇ قەلەندەرلەر ئۇ يەردە ئون - يىگىرمىدىن باللاپ، ئاز كۈندىلا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، ئەقلىڭ يەتمەيدۇ. بۇ بەچچىغەرلەر ئۇ يەرلەرگە بېرىپ بېيىپ كېتىشكەندىن كېيىنلا مېنى ئۇنتۇشىدۇ. بۇ ئىشقا مەن ھەرگىز خاپا بولمايمەن. ئادەملەر مال - دۇنيانى كۆرگەندە يارانقان ئىگىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. مەن نېمە ئىدىم. . . ھەقىچان سەن قۇياش شاھىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كەلگەنسەن. ئېھتىمال ئۇ بۇ دۇنيادا مەندىن مەرتىۋىلىكتۇر. ئەمما، ئۇ دۇنيادا مېنىڭ ئورنۇم چوقۇم ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولىدۇ. . . خۇدا ساڭا ئاجايىپ كەسىپ ئاتا قىپتۇ. شۇ كەسىپ بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىڭگە نېسىپ بولغاي. قېنى يولۇڭغا ماڭ!

يەنە بىر كۈنى سۇپۇرگە شەھەر كوچىسىدا قولى مەھكەم باغلانغان بىر مەھبۇس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككى لەشكەر ئۇنى يالاپ ئالدىغا سېلىپ ئەكېتىۋاتاتتى.

— ھاي قېرىنداش!— دەپ چاقىردى مەھبۇس سۇپۇرگىنى، سۇپۇرگە ئىختىيارسىز ئېشىكىنىڭ قەدىمىنى توختاتتى. چۈنكى ئۇ سۇپۇرگە تۇغۇلغان يۇرتنىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىگەنىدى.

— سەن كىم بولىسەن، نېمە ئادەمسەن؟ — دېدى سۇپۇرگە

ھەيران بولۇپ.
— كىملىكىمنى دەپ بېرىشكە ۋاقتىم يوق، — دېدى مەھبۇس، — مۇنۇ ئىككى لەشكەرمۇ تېخى مېنىڭ كىملىكىمنى بىلگىنى يوق. ئەرزىمەس بىر ئىش بىلەن بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. كىملىكىمنى بىلىپ قېلىشسا، مەڭگۈ زىنداندا چىرىپ تۈگەيمەن. يانچۇقۇڭدا بىر تىللارىڭ يوقمۇ، پەقەت بىر تاللا تىللا؟ مېنى قۇتقۇزۇپ قال!
— نېمە دېيىشىۋاتىسەن؟ - دېدى لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن.
— ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ، — دېدى سوپۇرگە، — مېنى قۇتقۇلدۇرۇپ قال، دەپ يېلىنىۋاتىدۇ. مانا بۇ بىر تىللانى ئېلىپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچسەڭلار.
لەشكەرلەر ئۇچۇن مەھبۇسنى ئوردىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كۆرە، شۇ بىر تىللاغا ئېگىشكەن پايدىلىقراق ئىدى. سوپۇرگە ئېشىكىدىن چۈشۈپ، قولىنى لەشكەرلەرگە سۇندى. ئۇنىڭ ئالىقىنىدا راستىنلا بىر تال تىللا قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى.
— بىر تاللا تىللامۇ؟ — دېدى لەشكەرلەرنىڭ بىرى، — قارا، بىز ئىككى ئادەم - دە. بىر تال تىللارىڭنى قانداق بۆلۈشۈۋالىمىز؟ بەرسەڭ ئىككىنى بەر، بولمىسا يولۇڭغا ماڭ!
— بوپتۇ، ئىككىنى بەرسەممۇ بېرەي!
سوپۇرگە ئالىقىنىدىكى تىللانى يەرگە تاشلىدى. بىر تال تىللا ئىككى بولۇپ پىششىق خىش ئۇستىگە جىرىڭلاپ چۈشتى - دە، ئىككى تەرەپكە قاراپ دومىلاپ كەتتى. لەشكەرلەرنىڭ ھەيرانلىقتا كۆزلىرى پارقىراپ كېتىشتى ۋە يەنە دەرھال ئېسىنى يىغىپ تىللاغا ئۆزىنى ئاتتى. سوپۇرگە مەھبۇسنى باغلاقتىن يەشتى.
— رەھمەت ساڭا! — دېدى مەھبۇس، — «تام تېشەر»

دېگەن ئىسمىنى ئېسىڭدە تۇت، كېرەك بولغاندا ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق قايتۇرىمەن!

مەھبۇس يۇگۇرگىنىچە يىراقلاپ كەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى سۇپۇرگىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇزاققىچە ئۆچمىدى. . . ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شەھەردە كۆرگەن ھېچ نەرسە سۇپۇرگىدە چوڭقۇرراق تەسىر قالدۇرغىنى يوق. بۇ شەھەردىكى ھەممە نەرسە پەقەتلا بىر ھۆكۈمران - ئاشۇ قۇياش شاھىنىڭ خاھىشى، خۇشاللىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ھەممە نەرسە شۇ بىر ئادەمنىڭ ئىختىيارىيغا بويسۇناتتى. ئوردىدىكى بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، ئۆلىما، دانالار، گۈزەل نازىنىلار شۇ بىر كىشىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. . .

«خوش ئېشىكىم! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى سۇپۇرگە ئېشىكىگە، — سەن ئەگەر ئېغىلدا بىر كۈن ئوشۇقراق باغلاقلىق تۇرۇپ قالساڭ زېرىكىشتىن ھاڭراپ جاھاننى بېشىڭغا كىيىسەن. شاھ ئوردىسىدىكى شۇ بىچارىلەرنىڭ ساراڭ بولۇپ قالمىغىنىغا ھەيرانمەن. . . بارلىق كۈچ ۋە ھوقۇقنىڭ ئىگىسى بولغان شۇ قۇياش شاھى قانداقراق ئادەمكىن؟ ئۇ كېچىسى قانچىلىك كەڭلىكتىكى ئورۇندا ياتار؟ بىر ۋاخلىق تامىقىدا قانچىلىك بالايىبەتتەرلەرنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندۇ؟ ئېھتىمال ئۇنىڭ ئاغزى تىمساھنىڭكىدىنمۇ يوغاندۇر؟ ئۇنىڭ قۇلاقلىرى سېنىڭكىدىنمۇ ئۇزۇن بولۇپ، مۇرىسىگە ساڭگىلاپ چۈشسە كېرەك؟ ياكى بولمىسا ئۇ ھېلىقى چۆچەكلەردىكى ئىبلىسنىڭ نەق ئۆزىدۇر؟ بولمىسا، نېمىشقا ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغانكى ئادەمنى تىترەك باسىدۇ؟ . . .

جاھانكەزدى سۇپۇرگە ئۆز يۇرتىنى سېغىنغانىدى. ئۇنىڭ يۇرتى بەكمۇ يىراقتا، قۇم ۋە چۆللۈكلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. خۇدا ئۆز مۆجىزىسىنى كۆرسىتىپ، ئاشۇ چۆللۈكلەر ئارىسىدا ئاجايىپ بۇلاقلارنى ياراتقان، ئادەملەر بۇلاق سۇلىرىنى باشلاپ

بوستانلىقلارنى بىنا قىلغانىدى. سۈپۈرگە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرنىڭ سېپىللىرىمۇ، ھەتتا پادىشاھىمۇ يوق. سانسىز بۇلاقلاردىن يېغىلغان سۇلار شەھەر ئىچىدە ئۆستەڭ بولۇپ ھەيۋەتلىك شارقىراپ ئاقىدۇ. ئۆستەڭ بويىدىكى قۇملۇقلاردا ئۇششاق بالىلار قىيپالىڭاچ بولۇپ يۇگۈرۈشۈپ ئوينىشىدۇ. سۆگەتلەر سايىسىدىكى سەگەنچۈكلەردە بوۋاقلار تاتلىق ئۇخلايدۇ. ئۈجمە دەرىخى سايىسى ئاستىدىكى كىگىزلەردە ئولتۇرغان ئاياللار قىزىق پاراڭلىشىپ يىپ ئېگىرىشىدۇ. شەھەر مەيدانلىرىدا دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ماللىرىنى يېيىپ سودا - سېتىق قىلىشىدۇ، ئۇلاردىن باج - سېلىق ئېلىشنى ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇ يەردىكى بايلىق، توقچىلىق كىشىلەرنى شۇنداق ساددا، غەمسىز ياشاشقا ئۆگەتكەن. كەچلىكلىرى باغلاردىن ناخشا، ساز ئاۋازى كېلىدۇ. ناخشىچىلار ئۆز ناخشىلىرىدا ئاشىقلارنىڭ دەردى، بەختىگە ئېرىشكەن قىزنىڭ شادلىقى، يىراق كارۋان يولىدا كېلىۋاتقان يولۇچىنىڭ جاپاسى، ئېرىنى كۈتۈۋاتقان ئايالنىڭ سېغىنىشى، گۈللەر ئېچىلغان دالا، ئاپتاپ چاڭقىپ تۇرغان قۇملۇقلار، باھارنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان قۇشلار... يەنە شۇنداق نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا كۈيلەيدۇ. سۈپۈرگىنىڭ شۇ سۆيۈملۈك يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا مانا بىر يىلچە بولدى. ئۇ ھەر قېتىم جاھان كېزىپ ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاپ كېتىدۇ - دە، يەنە ئۇنى سېغىنىپ ئارقىسىغا يانىدۇ.

جاھانكەزدى سۈپۈرگە ھېلىلا ئۆزى تاشلاپ چىققان قۇياش شاھىنىڭ پايتەختىگە يەنە بىر قېتىم قايرىلىپ قارىدى - دە، ئېشەكىنى ئېخىمۇ قاتتىقراق دېۋىتتى. «ئالغا باس ئېشىكىم، تەھدىت، زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ ماكاندىن نېرىراق بولايلى. بۇ شەھەرنىڭ مەرمەر تۈۋرۈك، كۈمۈش فونتان، ئېرەم باغلىرىغا لەنەت!...»

## ئىككىنچى باب

# جاھانكەزدى سوپۇرگە

ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان، ساقاللىق بۇ كىشى ئۆز يۇرتىدا «جاھانكەزدى سوپۇرگە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. سوپۇرگە كىچىكىدىنلا خىيالچان بالا ئىدى. باش باھاردا ئېرىق بويلىرىدا پەيدا بولىدىغان يۇمران مايسىلار، ئاق ۋە ھالەرەڭ تاۋلىنىپ تۇرىدىغان چېچەكلەر ئۇنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالاتتى. يوپۇرماقلىرى ئەمدىلەتىن تەڭگە بولۇۋاتقان تاللارنىڭ شېخىغا قونۇپ سايرىشىۋاتقان باھار قۇشلىرىغا قاراپ ئۇ سائەتلەپ ئولتۇراپ كېتەتتى. بۇ قۇشلار زىمىستان قىش كۈنلىرى نەلەرگە يوقىلىپ كېتىدۇ، باھار كۈنلىرى بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كېلەلەيدۇ؟... يۇلتۇزلار كۈندۈزى قەيەرگە مۆكۈنۈۋالىدۇ؟... ئېرىقتىكى سۇلار قانداق كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئاقىدۇ؟... ھۆركىرەۋاتقان بوران، گۈلدۈرلەپ چاقىقان چاقماقلار نېمىنىڭ غەزىپى؟... ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىدۇ؟ بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى زادى كىم؟... يەنە شۇنداق نۇرغۇن چىگىش سوئاللار ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئەگىپ يۈرەتتى. سېھىرلىك ئايدىڭ كېچىلەر، يۇرتىنى، قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ ئۆز ئاشىقىنى ئەگىشىپ كېتىپ بارغان قىز، جاينامازدا ئولتۇرۇپ بالىلىرىنىڭ بەختىنى تىلەپ يىغلاپ دۇئا ئوقۇۋاتقان ئانا، سەھەردە ئاڭلانغان مۇڭلۇق نەي ئاۋازى سوپۇرگىنىڭ بالىلىق قەلبىگە ھەسرەتلىك ھېسسىياتلارنى بېغىشلايتتى.

سوپۇرگىنىڭ ئائىلىسى تۇرىدىغان مەھەللىنىڭ كوچىسىدىن

ئاربلاپ ئۆتۈپ قالىدىغان بىر كىشى سۈپۈرگىنى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى. ئۇنى ئادەملەر «توختى ئاشىق» دەپ ئاتىشاتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىپ، يولنىڭ قىزىق توپىسىنى توزۇتۇپ يالىڭاياغ چىقىپ كېلىۋاتقان توختىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇششاق بالىلار، «ئەنە، توختى ئاشىق كېلىۋاتىدۇ!» دەپ تەرەپ — تەرەپكە قېچىشاتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: توختى نامرات بىر ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ يىگىت بولۇپ يېتىلگەندە بىر باينىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. باي قىزىنى باشقا بىرىگە ياتلىق قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى توختى ئۆيلەنمەي مۇشۇنداق بىر ئۆمۈر سەرسانلىقتا ئۆتۈۋاتقانىمىش... توختى ئاشىق دائىم: «ياراتقان ئىگەمنىڭ نەزەرىدە باي نېمە، گاداي نېمە؟ ئادەم نېمە، چۇمۇلە نېمە؟ ھەممىسى ئوخشاش. خۇدا ھەممىنى يارىتىدۇ، يوقىتىدۇ. ئالەمدە پەقەت ئاشىقلىقلا ئۆلمەيدۇ» دەيتتى. سۈپۈرگە: ئاشىقلىق دېگەن نېمە؟ نېمىشقا ئۇ كىشىلەرنى ئوتلارغا، سۇلارغا سالالايدۇ؟ دەپ ھەيران بولاتتى.

بىر كۈنى توختى ئاشىق ئۆزىدىن قاچماي يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالغان سۈپۈرگىنىڭ بېشىنى سىلاپ، غەلىتە ھىجىيىپ:

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟ . . . ھە، سەنمۇ چوڭ بولىسەن. ئىست، مەن نېمىشقا سەنچىلىك ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولغىدىم! — دېدى.

توختى ئاشىق ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا يەنە بىرەيلەن سۈپۈرگىنى چاقىرىپ قالدى. سۈپۈرگە بېشىنى كۆتۈرۈپ يولنىڭ چېتىدە تۇرغان يوغان سەللىلىك كىشىنى كۆردى. بۇ مەھەللىنىڭ ئىمامى ئىدى.

— توختى ئاشىق ساڭا ھازىر نېمە دېدى؟— دەپ سورىدى ئىمام.

— مەن نېمىشقا سەنچىلىك ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كەتمىگەن

بولغىدىم، دېدى، — دەپ جاۋاب بەردى سۆپۈرگە.

— ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئىمانسىز! — دەپ تىللىغىنىچە يولىغا ماڭدى ئىمام.

ئىمام ئەمدىلا دوقمۇشتىن ئەگىپ تۇرۇشىغا يول ئۈستىدە يەنە توختى ئاشىق پەيدا بولدى.

— هاي بالا! — دەپ چاقىردى ئۇ سۆپۈرگىنى، — ئىمام ساڭا هازىر نېمە دېدى؟

— توختى ئاشىق ساڭا هازىر نېمە دېدى؟ دەپ سورىدى.

— سەن نېمە دېدىڭ؟

— مەن سەن ماڭا دېگەن گەپلەرنى دېدىم.

— ئىمام نېمە دېدى؟

— ئىمام: ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئىمانسىز! دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ توختى ئاشىق شۇنداق قاقاقلاپ كۈلدىكى، ئۆيلەرنىڭ ياغاچلىرىغا قونۇپ ئولتۇرغان كەپتەرلەر ئۈركۈپ گۈررىدە ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشتى.

— ئىماننى ئۆلچەيدىغان تارازا ئىگىسىنىڭ قولىدا، — دېدى توختى ئاشىق، — ئۆلۈم ئاللانىڭ ئىلتىپاتى. بۇ دۇنيادا جاپا چېكىۋاتقانلار ئۆلۈمنى سېغىنىدۇ، گۇناھقا پاتقانلار ئۆلۈمدىن قورقىدۇ. . .

سۆپۈرگىنىڭ ئاتىسى شەھەردىكى هاللىق سودىگەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، سۆپۈرگە بولسا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كۆرگەن ئوغۇل پەرزەنتى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوغلىغا يامان كۆزلەردىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، تومتاقلا قىلىپ «سۆپۈرگە» دەپ ئىسىم قويغانىدى. ئاتىنىڭ نەزەرىدە سۆپۈرگە هەر دائىم بوسۇغىغا تاشلاپ قويۇلىدىغان ئاددىي نەرسە بولسىمۇ، ئۇ كىشىلەرگە هەر كۈنى لازىم بولۇپ تۇرىدىغان، ئادەملەرنى پاسكىنىچىلىقتىن خالىي قىلىدىغان ئۇلۇغ نەرسە ئىدى.

سۆپۈرگىنىڭ ئاتىسى ئۇنى شەھەردىكى داڭلىق

مەدرىسلەرنىڭ بىرىگە ئوقۇشقا بەردى. سۇپۇرگىنىڭ بىرنەچچە تەڭتۇشلىرى ئون نەچچە يېشىدىلا قۇرئاننى تاماملاپ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ھەربىرى شەھەردىكى چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىدىن بولۇشتى. ئەمما سۇپۇرگە ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ھەپتىيەكتىن قۇرئانغا ئۆتەلمىدى. ۋاڭ - چۇڭغا تولغان مەدرىستە ئۇنىڭ كاللىسى ھېچنېمىنى قوبۇل قىلالمايتتى. قاراڭغۇ، زەي ھۇجرىلاردا ئالدىغا ھەپتىيەكنى ئېچىپ قويۇپ ئولتۇرغىنىچە ئۇنىڭ خىيالى ئادەملەر بىلەن گۇرۇلدەپ تۇرغان قايناق بازاردا، دېھقان ناخشا ئېيتىپ ساپان سۆرەۋاتقان كەڭ ئېتىزدا، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان دالالاردا بولاتتى. ئۇ قۇياش نۇرى بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقنى، كەپتەرلەر پەرۋاز قىلىشىپ تۇرغان كۆپكۆك ئاسماننى، چەكسىز دالالارنى كېسىپ ئۆتۈپ ھەر تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن چىغىر يوللارنى، دەرەخزارلىقلارغا تۆكۈلگەن مۇزدەك ۋە نەم يوپۇرماقلارنى سېغىناتتى. بەزىدە ئۇ مەدرىستىن قېچىپ چىقىپ، شەھەرنىڭ چېتىدىكى دۆڭلۈككە چىقىپ ئولتۇرۇپ يىراقتا كۇمۇشتەك يالتىراپ ئېقىۋاتقان سۇلارغا، ھەر تەرەپكە سوزۇلغان يوللارغا قارايتتى ۋە مۇشۇ يوللار بىلەن توختىماي مېڭىۋەرسە قەيەرلەرگە بېرىپ قالىدىغاندۇ! ؟— دەپ ھەيران بولاتتى.

سۇپۇرگە دەرس ئالىدىغان مەدرىستە چىرايلىرى سارغىيىپ مۇكچەيگەن، ئۆمرىنى شۇ زەي، قاراڭغۇ ھۇجرىلاردا بەڭباش باللارنىڭ قەلبىگە ئىماننىڭ نۇرىنى يېقىش بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزگەن بىر مويسىپىت بار ئىدى. ئۇ بەزىدە سۇپۇرگىنىڭ بېشىنى سىيلاپ:

— قارا، سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن باشقىچە بىر نۇر چاقناپ تۇرىدۇ. ئۆزۈڭ بۇ يەردە بولساڭمۇ كۆڭلۈڭ ھەر يەردە. خۇدا سېنىڭ دىلىڭغا بەلكىم باشقا بىر نەرسىنىڭ مۇھەببىتىنى سالغاندۇ ۋە ياكى كەلگۈسىدە سېنىڭ بېشىڭغا چۈشمەكچى بولۇپ

تۇرغان ئاجايىپ قىسمەتلەر باردۇر. بىلگۈچى خۇدا! — دەيتتى.
سۇپۇرگە بۇ كىشىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ قوپال ۋە تەكەببۇر، مۇتەئەسسىپلىكى بىلەن كىشىنى بىزار قىلىدىغان باشقا مۇدەررىسلەرگە ئوخشاشمايتتى.

— تەقسىر، جاھاندىكى ئاشۇ يوللار بىلەن مىڭلىغان، مىڭلىغان قەيەرگە بېرىپ توختايدۇ؟ — دەپ سورايتتى سۇپۇرگە ھېلىقى ئۇستازىدىن.

— ھارغان يېرىڭگە بېرىپ توختايسەن، ئوغلۇم! — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئۇ.

— ئەگەرچەندە، ھارماي مېڭىۋەرسىچۇ؟

— ھارماسلىق پەقەت ئاللاغىلا خاس مۆجىزە. بىز بەندىمىز، ھەممىمىز ھارىمىز.

— ئەگەرياراتقان ئىگەم ماڭا شۇنداق كۈچ - قۇۋۋەت بەرسىچۇ؟

— ئەگەر خۇدا ئۆزى ساڭا شۇنداق قۇدرەت ئاتا قىلسا، ئۇ چاغدا سەن دۇنيانىڭ چېتىگە بېرىپ توختايسەن.

— دۇنيانىڭ چېتى! ؟ — ھەيران بولدى سۇپۇرگە، — دۇنيانىڭمۇ چېتى بولامدۇ؟

— چېتى بولىدۇ، خۇددى سەن ئۆگزىگە چىقساڭ ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا چېتى بولغانغا ئوخشاش.

— دۇنيانىڭ چېتىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن يەنە نېمە كۆرۈنىدۇ؟

— سەن كېچىسى كۆرگەنگە ئوخشاش چەكسىز قاراڭغۇلۇق ۋە يەنە سانسىز يۇلتۇزلارنى كۆرىسەن.

— چەكسىز قاراڭغۇلۇق دېدىلىما؟ !

— شۇنداق، مۇقەددەس كىتابلاردا يېزىلىشچە: بىز ياشاپ تۇرغان بۇ زېمىننى پايانسىز سۇ ئوراپ تۇرىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ بۇ زېمىنغا ئاياغ باسقاندا، يەر سۇ

ئۇستىدە داۋالغۇپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئادەم: ئېھ تەڭرىم، مەن مۇنداق توختىماي داۋالغۇپ تۇرىدىغان نەرسىنىڭ ئۇستىدا قانداق تىرىكچىلىك قىلىمەن؟ دەپ ئاللاغا مۇراجىئەت قىلغان. ياراتقان ئىگەم يەر يۈزىنى ئېگىز تاغلار بىلەن باسۇرۇپ تەۋرەنمەس قىلىپ بەرگەن. ئاندىن زېمىن ئۇستىگە يەتتە قات ئاسمانىنى دۈم كۆمتۈرگەن ۋە بۇ قاراڭغۇلۇقنى يۇلتۇز، ئاي، قۇياشلار بىلەن بېزىگەن. . .

مۇنداق گەپلەر سۇپۇرگىنىڭ بالىلىق تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ مەدرىسىنىڭ ئاشۇ ئېگىز تۆت تېمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن، ۋاڭ - چۇڭلۇق شەھەرنىڭ قىستاڭچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇپ، سەپەر خالتىسىنى ئۆشنىسىگە تاشلاپ يىراقلارغا سەپەر قىلغۇسى، ئالەمنىڭ بېرىپ، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا نېمىلەر بارلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىسى كېلەتتى.

ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سۇپۇرگە ئاتىسىدىن قالغان مال - مۈلۈك، كاتتا باغلىق ئېچكىرى - تاشقىرى قورۇلارنى ئايال قېرىنداشلىرىغا مىراس ھەققى قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋەتتى. ئۇ ئايۋانلىق قورۇلار شۇنچە كەڭ ۋە ھەشەمەتلىك بولسىمۇ، سۇپۇرگىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى دۇنيادىن يەنە كۆپ كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ تومۇرىدا تۆت تام ئىچىگە بەند بولۇپ ياشاشنى زۇلۇم بىلىدىغان باشقىچە بىر قان ئۆركەشلەيتتى. . .

سۇپۇرگە ئاتىسىدىن قالغان دۇنيالارنى ئاجىز قېرىنداشلىرىغا بېرىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلغان سەيياھلىق تۇرمۇشىنى باشلىۋەتتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇ بىرەر جايدا كۆپ بولسا بىر يىلدىن ئوشۇق تۇرۇپ باققان ئەمەس. ئۇ چۆللەرنى، چەكسىز قۇملۇقلارنى ئايلىنىپ، شۇ قۇملۇقلار ئەتراپىغا يۇلتۇزدەك

تارقالغان شەھەر، يېزىلارنى بىرمۇ بىر كېزەتتى. ئېشەكنىڭ بېشىنى قانداقتۇر بىر بازارغا بۇراپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزىنى يىپ - يىڭنە. چاي - تۇز دېگەندەك چۆل ئادەملىرىگە كېرەكلىك ماللار بىلەن تولدۇرۇپ، يەنە قانداقتۇر بىر بازار ياكى يولدا ئۇچرىغان مەھەللىلەردە ئازغىنە پايدىسىغا سېتىپ پۇل قىلىپ سەپىرىنى داۋام قىلىۋېرەتتى. ئۇ ناقچە - قانچە قېتىم چۆل قاراقچىلىرىنىڭ بۇلاڭ- تالىڭىغا ئۇچراپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى؛ يەنە بىر قانچە قېتىم ئۇ شۇنداق قاراقچىلارنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ قونالغۇلاردا بىللە تۇنىدى. بەزىدە ئۇنىڭغا قىمارۋازلار تاۋكالىرىنىڭ يېنىدا تاماشا كۆرۈشكە ۋە بەزىدە گۇلخان يېنىدا يېتىپ قانداقتۇر بىر تەۋەككۇلچىلەر، جاھانكەزدىلەرنىڭ سىرلىق ئالەم، ھايات، تۇرمۇش توغرىسىدىكى قىزىقارلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا توغرا كېلەتتى.

بىر قېتىم، سۇپۇرگە ئۇقۇشمايلا، ئادەم بولتۇرۇش خۇمارى بار بىر تەلۋىنىڭ ئۆيىدە كېچىنى ئۆتكۈزدى. تاغدەك يوغان بەستى بار، مەيدىسىنى ئاتنىڭ يايلىسىدەك قاپقارا تۈك قاپلىغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ كىشىگە تىكىلەتتى. ئۇ كېچىچە سۇپۇرگىگە ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئەرلەر، ئاياللار، بالىلارنىڭ سانى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قانداق تېپىرلاپ چىرقىراشقانلىرى، ئاققان قان، ئېچىنىشلىق نالە، چاچراپ چىققان كۆزلەر توغرىسىدا زوقلىنىپ سۆزلەپ چىقتى. سۆز ئارىسىدا ئۇ ئارىدەك يوغان قوللىرىنى سۇپۇرگىگە شىلتىپ:

— خەپ، سەن ماڭا بۇگۈن مېھمان بولۇپ قالدىڭ - دە، بولمىسا بۇ كېچە سېنىڭ قانداق ھالەتتە جان بەرگىنىڭنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغان بولاتتىم، — دەپ ئەسكەرتىپ قوياتتى.

بۇ قان ئىچكۈرنىڭ قارىشىچە: ئادەم — بارلىق جىنايەت ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ مەنبەسى ئىمىش. ئاللا ياراتقان بۇ كەڭ

ئالەمنىڭ پاكلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنى، جۈملىدىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىمۇ بوغۇپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغانىمىش...

سۈپۈرگە كىرپىك قاقماي، ۋەھىمە ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدى. قورقۇنچلۇقىدا ئۇ ھېلىقى تەلۋىگە قانداقتۇر بىر شىلتىمسا نەچچە يۈز گەز ئۆزىرايدىغان، يەنە بىر شىلتىغاندا قىسقىراپ غىلاپىغا چۈشىدىغان قىلىچ ھەققىدە خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەيتتى.

— سەن مۇشۇنداق قىلىچنى راستتىنلا كۆرمىگەنمۇ؟ ئۇ توغرىسىدا ئاڭلاپمۇ باقمىغانمۇ؟ توۋا...، - دەيتتى سۈپۈرگە، — مەن نېمىشقا شۇ قىلىچتىن بىرنى ساڭا ئەكەلمىدىم - ھە، ئۇ چاغدا سەن ئادەملەرنى مۇنداق بىر - بىرلەپ بوغۇپ ئاۋارە بولمايتتىڭ. ھېلىقى شەمشەرنى بىر شىلتىساڭلا يۈزلەپ ئادەمنىڭ بېشى ئالدىڭغىلا دومىلاپ چۈشكەن بولاتتى...

— سەن مېنى ئالداۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟ — دەپ سۈپۈرگىنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي سورايتتى ھېلىقى تەلۋە، - دۇنيادا نەدىمۇ ئۇنداق قىلىچ بولسۇن. بولغان بولسا مەن نېمىشقا شۇ چاغقىچە ئۇ توغرىسىدا ھېچنېمە ئاڭلىمىدىم.

— بىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىمىزدىن ئاڭلىمىغانلىرىمىز، كۆرگەنلىرىمىزدىن كۆرمىگەنلىرىمىز تولا.... توختا، شۇ تاپتا مەنمۇ ئۇ قىلىچنى زادى نەدە كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. ئەمما، ساڭا ۋەدە بېرىمەن، يەنە بىر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە شۇنداق قىلىچتىن بىرنى چوقۇم ئالغاچ كېلىمەن...

شۇنداق ۋەدىلەر بىلەن سۈپۈرگە ھېلىقى ۋەھىمىلىك ماكاندىن ئاران قۇتۇلۇپ چىقتى.

ئۇ بەزىدە تولىمۇ يىراقلاپ، نەق ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىزنىڭ ئۆزىگە ياكى يات بىر مەملىكەتلەرنىڭ چېگرالىرىغا بېرىپ تاقىشىپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا سۈپۈرگە كۆكتە قانات

قېقىپ، ئەركىن پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا قاراپ ھەۋەس قىلاتتى. خۇدايىمنىڭ پەي بىلەن ئىككى قانات ئاتا قىلغان بۇ جانىۋارلارنى دېگىنە - ئۇكىيان، ھېچبىر پادىشاھلىقنىڭ چېگرىسى توسۇپ قالالمايتتى. سۇپۇرگىنىڭ ئۆزى ۋە ئېشىكى بولسا مۇنداق ئۇچۇشنى بىلمەيتتى. . . ھېلىقى ھۆرمەتلىك ئۇستاز توغرا ئېيتقانىكەن. ئادەم راستىنلا ھېرىپ قالىدىكەن. بەزىدە سۇپۇرگىگە ھارغىنلىق يېتىپ قالاتتى. يات يۇرتلارنىڭ يوللىرىدا، ناتونۇش بىر ساھىبخانىنىڭ داستىخىنىدا ۋە ياكى قانداقتۇر بىر يولۇچىلار ياتقان گۇلخاننىڭ يېنىدا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىنى، ئۆز يۇرتىدىكى بىغەم، خۇش چاقچاق ئادەملەرنى ئەسلەپ قالاتتى - دە، ئارقىسىغا ياناتتى.

ئۇچۇشنى بىلمىسىمۇ ئۆز ئېشىكىدىن سۇپۇرگە تولىمۇ مىننەتدار ئىدى. ئېشىكى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە بىر دوستلۇق مەۋجۇت ئىدى. جاھاندىكى مىڭلىغان ئېشەكلەردىن كۆرۈنۈشتە ھېچقانداق پەرقى بولمىغان بۇ ئاددىي ئېشەككە نوختا سېلىش ئوشۇقچە ئىدى. سۇپۇرگە تاياق بىلەن بېشىنى بۇراپ قويسىلا ئېشىكى ئۆزىنىڭ قاياققا مېڭىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ بولاتتى. سۇپۇرگە ئېشەككە ئېغىر يۈك ئارتقاندا سۆزسىز ئۆزى پىيادە ماڭاتتى. ماڭغاندىمۇ ئېشەكنىڭ ئارقىسىدا ئەمەس، ئالدىدا ماڭاتتى. ئېشەكنىڭ ئارقىسىدا، ئۇنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭغا كۆمۈلۈپ مېڭىشنى ئۇ ئۆزىگە ھاقارەت دەپ بىلەتتى. بوز ئېشەك يېتىلىۋالمىسىمۇ ئىگىسىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي ئەگىشىپ كېتىۋېرەتتى. سۇپۇرگىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىن كېلىدىغان تەر ئارىلاش پۇراق ئۇنىڭغا ياخشى تونۇش ئىدى.

سۇپۇرگە بەزىدە ئۇزۇن سەپەر ئۇستىدە، موھتاجلىقتا چۈشۈپ قېلىپ ھېچ ئىلاج قىلالمىغاندا، ئۆزىنىڭ بۇ سادىق ئېشىكىنى سېتىۋېتىشكىمۇ مەجبۇر بولاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ

ئېشىكنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، پۇللۇق كارۋان باشلىرى ياكى كاززاپ سودىگەرلەر بىلەن سودىلىشاتتى. ئەلۋەتتە ئېشىكنى ھەرگىزمۇ ئەرزىنىغا بېرىۋەتمەيتتى. بۇ ئاجايىپ مەخلۇقتىن بىر سائەتكە بولسىمۇ ئايرىلىش ئۆزىگە قانچىلىك ئازاب ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئېشىكنى جاھاندىكى بارلىق چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاپ باھا تالىشاتتى. ئېشەكنى سېتىپ، بازارنىڭ داڭلىق ئاشخانىلىرىدىن بىرىگە كىرىپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ قورساقنى ئوبدان توقلايتتى. ئاشقان پۇلنى بەلباغقا مەھكەم تۈگۈپ، ئۆزى چۈشكەن دەڭگە قايتىپ كېلەتتى - دە، دەڭجانىڭ ئاچچىق دەملەپ بەرگەن چېيىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالاتتى. بىر - ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، تۈن يېرىمىدا ياكى تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ ئېشىكى ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولاتتى. چۈنكى ھېچكىم بۇ ئېشەكنى سۇپۇرگىدەك قەدىرلەشنى بىلمەيتتى. باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ پەقەت ئاددىي بىر ئېشەكلا ئىدى. ئۇلار ئۇنى خالىغىنىچە دۇمبالايتتى ياكى يۈكنى بولۇشىغا ئارتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ سېسىق گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەيتتى. سۇپۇرگە ئۈچۈن بولسا بۇ ئېشەك سادىق ھەمراھ، ئىشەنچلىك دوست ئىدى. ئېشەك قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىيلاپ، ئالدىغا كېپەكلىك ھەلەپ ياكى ساپ قوناق تۆكەتتى - دە، بىرەر سائەتتىن كېيىنلا سۇپۇرگە يەنە ھېلىقى دەڭدىن غايىب بولۇپ يېڭى سەپىرىنى باشلايتتى. ھەربىر سەپەر ئۇنىڭغا يېڭى تەسىراتلارنى بەخش ئېتەتتى، ھەربىر يېڭى سەپەردە ئۇنىڭغا يېڭى مۆجىزىلەر ئۇچرايتتى. ئۆز يولىدا ئۇ يەنە يېڭى ھەمسەپەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلاردىن يېڭى - يېڭى ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتى.

# ئۈچىنچى باب

# قاچقۇن شاھزادە

جاھانكەزدى سۇپۇرگە ئۆز خىياللىرى بىلەن يولنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئېشىكىنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن يېنىك چاڭ يۇقىرى ئۆرلەپ، ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىغا سىڭىپ كېتەتتى. سۇپۇرگە تېخى شەھەردىن ئانچىمۇ يىراقلاپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئېگىز شەھەر سېپىلىنىڭ گۈڭگۈرلىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن بەزىدە شەھەرگە قاراپ ماڭغان كارۋانلار، ئېشەكلىك ۋە پىيادە يول يۈرگەن دېھقانلار، سايىۋەنلىك مەپىلەردە غادىيىپ ئولتۇرغان قانداقتۇر بىر بايۋەچچىلەر ئۆتۈپ قالاتتى. سۇپۇرگىنىڭ ئېشىكى بىر قولىقىنى سالپايتىپ، يەنە بىر قولىقىنى دىڭگىدە تۇتۇپ ئەتراپتىكى شەپىگە قولاق سالغىنىچە ئۇششاق چامداپ، ئىتتىك مېڭىشىدا كېتىپ باراتتى.

سۇر ئېشەك ھەر قېتىم ئەنە شۇنداق تۈز يولغا چىقىپ ئۆزىنىڭ سىيلىق مېڭىشىغا چۈشكەندە، سۇپۇرگىنىڭ ئېشەكنىڭ ئۈستىدە بىردەم مۈگدەپ ئارام ئېلىۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

«خوش سۇپۇرگە! — دەپ ئۆز - ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلدى سۇپۇرگە ئېشەكنىڭ ئۈستىدە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ، — تالاي يوللارنى باستىڭ، قانچە يۇرتلارنى ئارىلىدىڭ، خىلمۇ خىل خەلقلەرنى كۆردۈڭ. بۇ دۇنيا سىرىنىڭ تېگىگە يېتەلىدىڭمۇ؟ ياق. ئېھتىمال كۆكتىكى سانسىز يۇلتۇزلار بىلەن زېمىندىكى

ھەربىر تاش سۈسىز قۇملۇقلار بىلەن ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز ئەسلىدە بىر تۇغقاندۇر. . . خۇدا نېمە ئۈچۈن بۇ زېمىنغا جانلىقلارنى ئاپىرىدە قىلىپ يەنە دەرگاھىغا قايتۇرۇپ ئەكېتىدۇ؟ قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىن يىغلاپ، قاقساپ تۇرۇپ يەرگە چۈشىمىزكەن، بەزىدە قايغۇرۇپ، بەزىدە خۇشال بولۇپ، بەزىدە ساۋابلىق ئىش قىلىپ، بەزىدە گۇناھقا پېتىپ ياشايمىزكەن، ئاخىرى بىر كۈن ئۆلۈپ كېتىمىزكەن، تىرىكلىكنىڭ مەنىسى نېمە؟ . . . بەلكىم، ياراتقان ئىگەم بۇ زېمىندا بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ خۇي - پەيلىنى، نىيەت ئىقبالىنى سىنىماقچىدۇر. . . ئەجەبىمە، ھېلىقى قەلەندەر شاھىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئورنى ھەممىمىزدىن ئۈستۈن بولسا؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ سۆزنى شۇنچە ئىشەنچلىك دەيدۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممىگە ۋەھىمە سېلىپ تۇرغان قۇياش شاھىنىڭ ئورنى نەدە بولار؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىمۇ جەننەتتە بولىدىغان بولسا، ئۇ جەننەتكىمۇ شۇ شاھلىق كىبىرىسى بىلەن قەدەم بېسىپ خۇدالىق داۋاسى قىلىشتىن يانماس! ياق، بىلگۈچى خۇدا، مېنىڭچە ئۇنىڭ ئورنى دوزاختا بولغىنى تۈزۈك. قىپقىزىل يالقۇن ئۇنىڭ شاھلىق تونلىرىنى ئۆرتەپ، ئۇنى قىپيالىڭاچ قىلىپ قويغاندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي پۇقرالاردىنمۇ تۆۋەن، گۇناھقا پاتقان بىر پاسىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ... ئەمىسە، مېنىڭ ئورنۇمچۇ؟...

سۈپۈرگىنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك بولۇۋىدى، ئىتتىك مېڭىۋاتقان ئېشەك تۇيۇقسىز توختاپ، سۈپۈرگە ئالدىغا ئۈچۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا قارىدى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ قالغان بولۇپ، ھەممە ياق تىمتاس، يول ئۈستىدىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

— نېمە گەپ!؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئېشىكىدىن.

ئېشەك قۇلىقىنى مىدىرلاتقىنىچە ئالدىغا قاراپ پەرۋاسىز

تۇراتتى.
— مەن سەندىن نېمە گەپ دەپ سوراۋاتىمەن! سەن مېنى ئۇستۇڭدىن موللاق ئاتقۇزۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاۋۇ يۇمشاق توپىغا بېرىپ ئېغىنىماقچىمىدىڭ؟ ئەگەر مەندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا شۇ تاپتا بىقىنلىرىڭغا مۇشتلىغان بولاتتى، خىت!
- دەپ ئېشەكنىڭ بىقىنىغا تاپانلىرى بىلەن قاتتىقراق تەپتى سۈپۈرگە.
شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
— توختا، ھەي يولۇچى، توختا! ئېشىكىڭنى بىز تەرەپكە تارتقىن!
— ھوپچۇشە! — دەپ ئېشەكنى توختاتماق بولۇپ كەينىگە غادايدى سۈپۈرگە. ھېلىلا بىقىنىغا يېگەن تېپىكتىن رەنجىگەن ئېشەك جاھىللىق بىلەن ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى، — ھوپچۇشە دەۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتامسەن، ھېلى ئاغزىمنى بۇزۇۋېتىپ قالىمەن!
سۈپۈرگە چۇلۇۋۇرنى كۈچەپ تارتىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى.
سۈپۈرگە يولنىڭ چېتىدىكى بۈككىدە باراقسان بولۇپ ئۆسكەن بىر تۇپ دەرەخنىڭ دالدىسىدا تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى. ئاياللار باش - كۆزىنى ياغلىق بىلەن چۈمكىۋالغان بولۇپ، بىرىنىڭ قولىدا يۆگەكلىك بوۋاق تۇراتتى. ئىككىنچىسى بولسا قولى بىلەن سۈپۈرگىنى ھە دەپ شەرەت قىلىپ چاقىرماقتا ئىدى.
— ھەي يولۇچى، مانا ماۋۇ تەرەپكە كەلگىن!
سۈپۈرگە ئېشىكىنىڭ بېشىنى ئاياللار تەرەپكە بۇرىدى.
— خوش خېنىملىرىم، مېنى چاقىرىشتىلىمۇ؟
— شۇنداق، سىنى چاقىرىۋاتىمىز، مېھرىبان يولۇچى، —

سۇپۇرگە يېقىنلاپ كېلىپ توختىشى بىلەن، ئاياللارنىڭ بىرى ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى، — سەن مۇسۇلمان كۆرۈنىسەن. مۇسۇلمانلارنىڭ دىلى يۇمشاق بولىدۇ. ماۋۇ بوۋاقنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئەكەت. ماۋۇ خېنىمنىمۇ ساڭا قوشۇپ بېرىمەن. ئۇ بالىغا قارايدۇ. ئېشىكىڭگە ھەلەپ ئېتىپ، چۆپ تاشلايدۇ. سېنىڭمۇ بارلىق ھاجەتلىرىڭدىن چىقىدۇ...

ئايالنىڭ سۆزلىرى سۇپۇرگىنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— توختا، توختا! — دېدى سۇپۇرگە ئېشىكىنى ئاياللارغا تېخىمۇ يېقىنلىتىپ، — مەن ھېچنېمە چۈشەنمەيۋاتىمەن. مەن بۇ بالىنى نېمىشقا ئەكەتكۈدەكمەن؟ سىلەر ئۇنى نېمىشقا بىراۋغا بېرىۋەتمەكچى بولۇپ قالدىڭلار؟

— ۋاي ساڭا نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولار، — دېدى سۇپۇرگە چاقىرغان.ئايال بېشىدىكى ياغلىقىنى تۈزەپ تۇرۇپ، — بۇ نارەسىدە ھازىر خەتەر ئىچىدە قالدى. ئۇنى سەنلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسەن.

— مەن؟! نېمىشقا ئۇنى پەقەت مەنلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالىغۇدەكمەن؟ ئۇنىڭ ئاتىسىچۇ؟ ئاتا - ئانىسى كىم؟ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى قېنى؟... مەن ناھايىتىمۇ يىراقتىكى يۇرتلاردىن كەلگەنمەن. بۇ بالىنى مەن نەگە ئەكېتىمەن؟...

— سېنىڭ مۇنچە كۆپ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىشكە ۋاقتىم يوق. مەنمۇ سېنىڭ كىملىكىڭنى، نەدە تۇرىدىغانلىقىڭنى، نېمە ئىش قىلىدىغىنىڭنى سورىمىدىم. سەنمۇ ئۇشۇقچە سوئاللارنى سورىما. ھۆرمەتلىك يولۇچى، سەن بالىنى قانچە يىراققا ئەكەتسەڭ شۇنچە ياخشى. بۇ بالا مېنىڭ يۈرەك - باغرىم. ئۇ نەدە بولسا ھاياتلا بولسا بولدى... ئۆتۈنۈشۈمنى رەت قىلما، سەن ئەقىللىق ئادەم كۆرۈنىسەن. مەن ئېيتقان گەپلەردىن مەن ئېيتمىغان مەنىلەرنىمۇ چۈشىنىپ بولدۇڭ.

ئايال بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. جاھانكەزدى سۇپۇرگە

قۇتۇلدۇرۇۋېلىش شۇنچە زۆرۈر بولغان نارەسىدىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى. بالا شۇنچىلىك پاك ۋە سەبىي ئىدى. ئۇ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر، ئىككىنچى خېنىمىنىڭ قولىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ نارەسىدە مەيلى قايسى دىندىن، قايسى تەبىقىنىڭ ئادەملىرىدىن تۆرەلگەن بولسۇن، شۇ تۇرقىدا ئاللانىڭ ئالدىدا ئۇ پەرىشتىدىنمۇ ئۇلۇغ ئىدى. چۈنكى ئۇ تېخى ھېچبىر گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە ئۈلگۈرمىگەن، ئۇنىڭ كاللىسى بۇ دۇنيادىكى شەيتان، ئىبلىس ۋە يەنە قانداقتۇر بالايىئاپەتلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن خالىي، قەلبى جىنايى نىيەتلەردىن پاك ئىدى ... كىشى بەزىدە شۇنداق سەبىي ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتمىگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلىپ قالىدۇ. ئەگەرچەندە، تېخى جاھاننىڭ راھەت-مۇشەققىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن، باھارنىڭ خۇش بۇي چېچەكلىرىنى تېخى ھىدلىمىغان، قارنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنلىرى ۋە ياكى كۈز يوپۇرماقلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى كۆرمىگەن ئاللانىڭ بۇ پاك بەندىسىنىڭ بېشىغا راستىنلا بالا - قازا كېلىۋاتقان بولسا، ئەلۋەتتە سەن بىر مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مەجبۇرىيىتىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرساڭ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر گۇناھ بولماس! . . .

سۈپۈرگىنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئايال دەرھال قوينىدىن بىر خالتىنى ئېلىپ يولۇچىنىڭ ئېشىكى ئۈستىدىكى خۇرجۇننىڭ ئۆزىگە تاشلىدى. ئۇ:

— خالتىدىكى تىللانى يېتىشىچە خىراجەت قىل. بۇ خېنىمنى خالىساڭ خوتۇن قىلارسەن. ساڭا ئاقىل بولسۇن مېھرىبان ئادەم. بالامنى ساڭا ۋە خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە تاپشۇردۇم، - دېدى - دە، دەرەخلىكلەر ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يول بىلەن شەھەر سېپىلى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

— ماڭا مال-دۇنيانىڭ، خوتۇننىڭمۇ لازىمى يوق ئىدى! — دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە قالدى سۈپۈرگە. بالا كۆتۈرۈپ تۇرغان

خېنىم لاپ قىلىپ سۈپۈرگىگە قارىدى - دە:
— قېنى ماڭايلى، بۇ يەردە قاراپ تۇرۇش خەتەرلىك! — دەپ ئالدىراتتى ۋە بالىنى كۆتۈرگىنىچە سۈپۈرگىنىڭ ئېشىكىگە ياندىشىپ يولغا چۈشتى.
شۇ تۇرقىدا ئۇلارنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئۇلارنى شەھەردىن چىقىپ ، شۇ ئەتراپتىكى بىرەر يېزىغا كېتىپ بارغان ئەر - خوتۇنلار بولسا كېرەك، دەپ قارايتتى. «تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە ھەيران بولماي مۇمكىن ئەمەس، — دەپ ئويلايتتى سۈپۈرگە، - مانا ئۇ ھېلىلا يالغۇزچىلىقتىن ئېشىكى بىلەن موڭدىشىپ كېتىپ باراتتى، يېڭى ھەمسەپەرلەرگە ئېرىشتى؛ ئۆمرىدە بالا يۈزى كۆرمىگەنىدى، خۇدا ئۇنىڭغا بىر نارەسىدىنى ھەمراھ قىلدى؛ شۇ ياشقا كەلگۈچە ئۆيلىنىش ئۈستىدە ئويلىنىپمۇ باققان ئەمەس ئىدى، ناتونۇش بىر ئايالنىڭ غېمى ئۇنىڭغا يۈكلەندى. ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەپەرگە ئوخشايدۇ. بۇ سەپەردە كىملەردۇر يېنىڭدىن كېتىپ قالىدۇ، يەنە كىملەردۇر كېلىپ ساڭا ھەمراھ بولىدۇ...
سۈپۈرگە ئېشىكى ئۈستىدە تۇرۇپ بالا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان خېنىمغا سەپسالدى. ئۇ بېشىدىكى ياغلىقنى قايرىپ يۈزىنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ، ياش ۋە قاۋۇل ئايال ئىدى. سەپەردە كىشىگە يۈك بولىدىغان ئىنجىق خوتۇنلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئايال بالىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ، سۈپۈرگىنىڭ ئېشىكىدىن قالماي كەلمەكتە ئىدى. پات - پات سۈپۈرگىگە چوڭ يولدىن چىقىپ، ئارقا يوللار بىلەن مېڭىشنى ئەسكەرتىپ قوياتتى. ئۇلار ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ كەتكەن چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ يەنە چوڭ يول ئۈستىگە چىقىپ قېلىشاتتى - دە، يەنە قانداقتۇر بىر پىيادىلەر يولىغا ئەگىپ كىرىپ كېتىشەتتى. سۈپۈرگە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە خەتەرلىك بىر ئىشقا چېتىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئايالنىڭ قولىدىكى ئاشۇ بىگۇناھ نارەسىدىگە

بولغان غەرەزسىز مۇھەببەت ئۇنى بۇ خېيىم - خەتەرگە ئۆز رازىلىقى بىلەن قەدەم قويۇشقا ئۈندەيتتى. بەزىدە سۈپۈرگە:

— نېمىشقا بىز چوڭ يول بىلەن ماڭمايمىز؟ — دەپ، ئۆزىنى ھەيران بولغانغا سېلىپ، ئۈنچىقماي كېتىپ بارغان ئايالنى گەپكە سالاتتى، — سەن نېمىدىن قورقىسەن؟ ھېلىقى خېنىم سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟

— ئۇ خېنىم مېنىڭ خوجايىنىم، مۇشۇ بوۋاقنىڭ ئانىسى.

— سېنىڭ خوجايىنىڭ، مۇشۇ بوۋاقنىڭ ئانىسى!؟ ئۇنداقتا، سەن بۇ بوۋاقنىڭ نېمىسى؟

— مەن بۇ بوۋاقنىڭ ئىنىكئانىسى.

— يا قۇدرەت! — دەۋەتتى سۈپۈرگە، — مەن ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئىنىكئانىسى بىلەن قوشۇپ بېرىۋېتىدىغان مۇنداق ئىشنى تېخى ئۇچراتمىغانىكەنمەن. . . ئەمىسە بۇ بوۋاقنىڭ ئاتىسى كىم؟

— ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن.

— بوۋاقنىڭ ئاتىسى يوق بولسا، ئانىسى بالىنى ۋە سېنى ماڭا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەدىيە قىلغان تۇرسا، يەنە بىز نېمىشقا ئوغرىلاردەك مۆكۈنۈپ يۈرىمىز؟!

— ۋاي خۇدايىمەي، سەن نېمانداق ساددا ئادەمسەن؟— دېدى ئايال، — مەن كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بۇ بوۋاقنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن.

— بىلمىگەندىن كېيىن سورىمايلا قوي!

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟—دەپ ھەيران بولدى سۈپۈرگە،— بىلمىگەننى سوراپ بىلىۋېلىش كېرەك - دە!

ئايال سۈپۈرگىنىڭ ئېشكىگە يېقىنلاپ كېلىپ پىچىرلىدى:

— سىر ساقلىيالامسەن؟

— ئۇ تەرەپتىن ئەندىشە قىلما. باشقىلارغا ئېيتماسلىققا

تېگىشلىك مەخپىيەتلىكنى ئاڭلاپلا قويىمەن - دە، ئۇنتۇپ كېتىمەن. سىر ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئۇنتۇپ كېتىش.

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا ئېيتاي، مېنىڭ قولۇمدىكى بۇ بوۋاق پادىشاھ!

سۇپۇرگىنىڭ ئېشىكى مۆدۈرۈپ، ئۇ ئېشەكنىڭ ئۇستىدىن يەنە بىر قېتىم ئۇچۇپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

— نېمە دېدىڭ؟!

— سېنىڭ قۇلىقىڭ ئېغىرمۇ، يولۇچى؟

— خۇدايا شۈكرى، ھازىرغىچە قۇلىقىمدىن رازىمەن. قاراڭغۇ كېچىدە يىراقلاردا كېتىۋاتقان كارۋانلارنىڭ كولدۇرمىلىرىنىڭ ئاۋازىدىنلا ئۇلارنىڭ قايسى يۇرتنىڭ كارۋىنى ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ قاياققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمەن... بىراق، سەن بۇ بوۋاقنى پادىشاھ دېيىشىڭ، قۇلىقىمغا ھەقىقەتەن ئىشەنمەي قالدىم.

— شۇنداق، بىز پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىمىز. بۇ سىرلارنى ساڭا ئېيتماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى. سەن بۇ توغرۇلۇق ئاستىراق سۆزلە ياكى ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك ئۇنتۇپلا كەت!

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى سۇپۇرگە، — بۇ كىچىككىنە بوۋاق قانداق قىلىپ پادىشاھ بولۇپ قالدى ۋە ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەختىدە ئولتۇرماي مېنىڭ ئەرزىمەس بۇ ئېشىكىمنىڭ توياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭغا كۆمۈلۈپ بۇ يەردە كېتىپ بارىدۇ؟ نېمىشقا بىز ئۇنىڭغا تىز چۆكۈپ تەزىم قىلمايمىز؟... يەنە ساڭا ئېيتسام، سىلەرنىڭ بۇ شەھەردە نېمانداق پادىشاھ تولا؟ قۇياش شاھى، قەلەندەرلەر شاھى، ئۇنى ئاز دەپ يەنە بۇ يەردە بوۋاقلار پادىشاھىدىن بىرى چىقتى ياكى سەن مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامسەن؟...

ئايال ئېيتماسلىققا تېگىشلىك سىرنىڭ بېشىنى ئاللىبۇرۇن

ئېچىپ قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ سۇپۇرگىگە قالغان ھەممە ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ قويماقتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىدى.

— سەن بىزنىڭ قۇياش شاھىمىز ھەققىدە ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغانمەن، — دېدى سۇپۇرگە، — بۇ قېتىم شۇ ئۇلۇغ شاھنىڭ ئوردا شەھىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ھەشەمەتلىك ساراي، تۈمەنلىگەن لەشكەر، مىڭلاپ قۇللارنى كۆردۈم؛ ھاشارغا تۇتۇلۇپ تاش چاقتىم، مۇنۇ بىچارە ئېشكىممۇ ئېغىر يۈكلەرنى توشۇدى. شەھەر دەرۋازىسىدىكى قورۇقچىلار يانچۇقۇمنى قۇرۇقداپ قويۇشتى. شۇنداق شەھىرىڭگە، ئۇلۇغ پادىشاھىڭغا لەنەت، دەپ قايتىپ چىقىۋاتىمەن.

— ئۇلارنىڭ تېرەڭنى شىلىۋالمىغىنىغا خۇش بولساڭ بولىدۇ.

— ئەجەب شۇ ئالەمگە مەشھۇر قۇياش شاھىنىڭ ئۆزى قولۇڭدىكى مۇشۇ كىچىككىنە بوۋاق بولسا - ھە!؟

— قۇياش شاھى ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

— نېمە دېدىڭ؟!

— ئاۋازىڭنى پەسەيت! بۇ گەپلەرنى ئىككىمىز پەقەت پىچىرلاپلا ئېيتىشساق بولىدۇ، خەتەر ئۈستىدە كېتىپ بارغىنىمىزنى ئۇنتۇما.

— ئۇنداقتا، بۇ بالا قەيەرنىڭ پادىشاھى؟

— بۇ بالا قۇياش شاھىنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى. مانا ئۈچ كۈندىن بېرى ئوردىنىڭ ئىچى قان بىلەن تولدى، شاھنىڭ چوڭ ئوغۇللىرى بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشىۋاتىدۇ.

— تەختنى تالىشىپ؟

— شۇنداق، مەنمۇ بۇ ئىشلارنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيمەن، تەرتىپ بويىچە قۇياش شاھىنىڭ چوڭ ئوغلى تەختتە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىكەن. لېكىن، مەن ساڭا ئېيتسام، شاھنىڭ ئۇ چوڭ

ئوغلى شۇنچىلىك زالىم، قارا نىيەت، بۇزۇقچىلىقتا ئۇچىغا چىققان. بەزىلەر «دادىسىنى ئۇنىڭ ئۆزى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بۇزۇقچىلىقتا ئۇ شۇنچىلىك رەسۋاكى، ئۆزىنىڭ قانچە ئاياللىرى تۇرۇپ، يەنە قېرىنداشلىرىنىڭ ئاياللىرىغا كۆزىنى قىزارتىدۇ، ھەتتا ئاتىسىنىڭ كىچىك خوتۇنلىرىغىمۇ چېقىلىدۇ. مۇنداق شاھزادىنى شاھلىق ئورنىغا كۆتۈرۈشكە قالغان ئوغۇللار قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا ئىچىدە قىرغىنچىلىق باشلاندى.

— ياللا، نېمە دەيدىغانسەن؟ — دەپ ياقىسىنى تۇتتى سۇپۇرگە، — مانا مەن بىر ئايدىن بېرى شۇ شەھەردە يۈرۈپتىمەن. ھېچكىمدىن مۇنداق ئەندىشىلىك گەپلەرنى ئاڭلىمىدىم.

— ھەممە ئىش ئوردا ئىچىدە مەخپىي بولۇۋاتىدۇ. سەن تۇرماق ئوردىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىدىكىلەرمۇ ھازىرغىچە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز. ئىچكىرىكى ئوردىنىڭ دەرۋازىلىرى مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن. بارلىق شاھ ئوردىلىرىنىڭ نىزامى شۇنداق ئىمىش، يېڭى شاھ بەلگىلىنىپ تەختتىن ئورۇن ئېلىپ بولمىغۇچە كونا شاھنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى سىرتقا ئۇقتۇرۇلمايدىكەن. بولمىسا، مەملىكەتتە ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ، تەخت تەۋرەپ كېتىدىكەن.

— چۈشەندىم، — دېدى سۇپۇرگە، — ھەرقانداق پادىشاھنىڭ تەختى پارتلاشقا تەييار تۇرغان ۋولقاننىڭ ئۈستىدە بولىدۇ...

ئايال سۇپۇرگىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى چۈشەنمەي ئۆز سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى:

— ساڭا مېنى قېتىپ بەرگەن خېنىم قۇياش شاھنىڭ كىچىك خوتۇنلىرىنىڭ بىرى بولىدۇ. بولۇۋاتقان قىرغىنچىلىقلاردىن قورقۇپ ئۇ كىچىك شاھزادىنى قۇتۇلدۇرۇپ

قىلىش ئۈچۈن مېنى ياردەمگە چاقىرغان. بىز خېنىمنىڭ شاھنى قوبۇل قىلىدىغان خاس ھۇجرىسىدىكى مەخپىي ئىشىكتىن يەر ئاستى يول بىلەن قېچىپ چىقتۇق...

ئايالنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى سۇپۇرگىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ بولغانىدى. «دۇنيادا شاھ ئوردىلىرىدىنمۇ سىرلىق ئورۇن بولمىسا كېرەك، دەپ پىكىر قىلاتتى ئىشىكى ئۈستىدە سۇپۇرگە،— ئۇ يەردە ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە ئاجايىپ ئويۇنلار ئوينىلىپ، قىزىق ئىشلار سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. كېيىن تارىخچىلار يۈز بەرگەن بۇ سىرلىق ۋەقەلەر توغرىسىدا تارىخ پۈتۈشىدۇ. لېكىن، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما خاتىرىلەرنىڭ زادى قانچىلىكى راست! ؟... بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. قانلىق جەڭلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، غەلىبە قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن يېزىلغان تارىخلارنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئۆزىنى بېزەپ كۆرسىتىدىغان سەھىپىلەرنى قالدۇرۇپ ياكى تولۇقلاپ يازدۇرۇپ، جىنايەت ئىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىشىدۇ. تارىخنىڭ يېزىلغان قىسىملىرىدىن تېخى يېزىلمىغان ياكى يېزىپ ئۆچۈرۈلگەن قىسىملىرى چىنراق بولىدۇ...

## تۆتىنچى باب

# ئايدىڭ كېچە

سۇپۇرگە بىلەن ھېلىقى خېنىم قانداقتۇر بىر بۇغداي، قوناق، كۆكتاتلارنى تەرگەن ئېتىزلار، ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەرنى ئارىلاپ كەتكەن ئاياغ يوللار بىلەن بىرقانچە كۈن

مېغىشتى؛ ناتونۇش مەھەللىلەر، ياغاچلىرى چىرىپ قىيسىيىپ كەتكەن كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈپ، چەت - ياقىلاردىكى قونالغۇلاردا تۈنىدى. خېنىم ئۈستىدىكى يېپىنچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ خېلى ئازادىلىشىپ قالغانىدى. سۇپۇرگە ئۇنىڭ قاۋۇل، ياش چوكان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىشچان كۆرۈنەتتى. قونالغۇلاردا سۇپۇرگىنىڭ پۇت - قولىنى يۇيۇشقا سۇ ھازىرلايتتى، تاماق ئېتەتتى. يېتىشقا چۇشەك تەييارلايتتى. چوكان قاشتېشىدەك سۈزۈك، ئاپپاق بەدەن گۈزەللەردىن بولمىسىمۇ، قاش - كۆزى جايىدا، تېرىسى قىزىل ئارىلاش قارىغا مايىل، قارىقۇمچاق ئاياللاردىن ئىدى. ئۇ بەزىدە ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، سۇپۇرگىگە يېقىملىق جىلۋە قىلىپ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ھاجىتىگە تەييار ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەندەك قىلاتتى؛ بەزىدە بولسا جىمىپ، خىيالچان بولۇپ قالاتتى. ئايالنىڭ بەدىنى چىڭ، ئۆزى بەستلىك بولغاچقىمۇ، سۇپۇرگە ئۇنى ئېشەككە مىندۈرۈۋالغۇدەك بولسا ئېشەكنىڭ بېلى ئېگىلىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا سۇپۇرگە ئېشەكنىڭ يېنىدا پىيادە ماڭاتتى. سۇر ئېشەك قۇلاقلىرىنى مىدىرلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە بالا تۇتۇپ ئولتۇرغان بۇ ناتونۇش مېھمانغا ھەيران بولۇپ قاراپ قوياتتى. يول ئۈستىدە ئۇلار سايداپ دەم ئالغۇدەك بىرەر توپ دەرەخ ياكى سۇ ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭ بويلىرىغا يېتىپ بارغاندا توختاپ دەم ئالاتتى. مۇنداق چاغلاردا چوكان شاھزادىنىڭ لاتىلىرىنى قۇرۇقداپ، ئۇنىڭغا ئەمچەك سالاتتى. ئايالنىڭ كۆكسىمۇ ئۆز بەستىگە لايىق يوغان ۋە چىڭ ئىدى. بوۋاق ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئېمەتتى. ئاپئاق سۈت ئۇنىڭ جاۋغايلىرىدىن كۆۋەجەپ چىقاتتى. نېمىشقىدۇ ئايال بەزىدە شاھزادىنى ئېمىتكەندە ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ ئۈنسىز كۆز يېشى قىلاتتى...

ئۇلار چەت - ياقىلاردىكى ساراي ياكى دەڭلەرگە پەقەت كۆز

باغلانغان چاغلاردىلا يېتىپ كېلەتتى - دە، بىر كىچە قونۇپ، ئەتىگىنى يەنە سەھەردە كۆزدىن غايىب بولۇشاتتى. ئايال بالىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئۆزى ئۈچۈن ھېچقانچە مۇشەققەت ئەمەستەك ئىتتىك ماڭاتتى. بەزىدە ئۇ سۇپۇرگىنىڭ ئېشىكىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپ، ئارقىغا قاراپ سۇپۇرگىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى.

— يا قۇدرەت! — دەيتتى سۇپۇرگە ئايالغا قاراپ، — خۇدايىم ساڭا يېتەرلىك كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغانىكەن. ئەگەر قولۇڭدىكى بالىنى مەن بىردەم ئالاي، چارچىغانسەن؟

— ئۆزۈم كۆتۈرەي! — دەيتتى ئايال، — ئوردا قائىدىسىدە شاھزادىنى باشقىلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

— ھازىر سەن ئوردىدا ئەمەس، ئاللانىڭ ئاسمىنى كەڭ بىر ئوچۇقچىلىقىدا كېتىپ بارىسەن. قارىغىنە، ئەتراپتىكى ھەممە نېمە قۇياشنىڭ نۇرىدا يېقىملىق تاۋلىنىپ يېتىپتۇ. ئەنە، يىراقلاردىكى دەرەخلىكلەردە كاككۇك سايراپ تۇرۇپتۇ. تورغايلارنىڭ قانچىلىك خۇش خۇي چۇرۇقلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ بۇ يەردە سەنمۇ، مەنمۇ، ھەممە نېمە ئەركىن. مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەكچى بولساڭ، مۇشۇ ئەركىنلىكنى قوغلىشىپ سەيياھ بولۇپ كەتكەن ئادەممەن. خاتىرجەم بول، بۇ يەردە ھېچكىم بىزگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرغىنى يوق!

— بىلەمسەن؟ — دېدى چوكان — بۇ شاھزادە كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم پادىشاھ بولىدۇ.

— ئاللا نېسىپ قىلسا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزەتتى سۇپۇرگە.

— پادىشاھ بولغۇچىنى پەقەت بەلگىلەنگەن ئادەملا كۆتۈرۈشى شەرت.

— جاھاندا مەن نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن، لېكىن مۇنداق لەشكىرى يوق، ئىنىكئانىسىنى ئېمىپ كېتىۋاتقان پادىشاھنى كۆرمىگەنىكەنمەن، — دەپ كۈلدى سۇپۇرگە، — راست

ئېيتىسەن، پادىشاھنى كۈتۈشنىڭ قائىدە - نىزاملىرىدىن مېنىڭ قىلچە خەۋىرىم يوق. شاھزادىگە كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ ئەمچەك سېلىشمۇ ئوردىنىڭ نىزامىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەزىدە سەن بۇ ھۆرمەتلىك، بولغۇسى شاھىمىزنى ئېمىتكەندە يىغلايسەن؟

چوكان ئۇزاق جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— بىلەمسەن؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ياقا يۇرتلۇق. مېنىڭ يۇرتۇم ئاۋۇ قارلىق تاغلارنىڭ ئارقىسىدىمۇ ياكى ئاۋۇ يېشىل دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، مەن تۇغۇلغان يەرنىڭ ئاياللىرى مۇشۇنداق بەستلىك، كۆكسى چوڭ، سۈتلۈك كېلىدىكەن. شاھ ئوردىسىغا لازىم ئىنىكئانىلارنى ئەنە شۇنداق يۇرتلاردىن تاللاپ ئەكەلگۈزىدىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ قانچە ياشتا ئوردىغا كىرگىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. بىر ئايالنىڭ بېشىمنى سىلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشقىنىنى، ئەتراپى چۈمكەلگەن ھارۋىدا ئىغاڭشىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق يول ماڭغىنىمنى خۇددى چۈشۈمدىكىدەك كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. ئېھتىمال، بالا ۋاقتىمدا ناھايىتى چىرايلىق بولسام كېرەك، خاننىڭ ئادەملىرى مېنى توپتوغرىلا ئوردىغا يەتكۈزۈپ كېلىپ، خانىشلارنىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بەرگەن.

— ھېلىمۇ گۈزەل تۇرۇپسەن، سىڭلىم.

سۈپۈرگىنىڭ ماختىشىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان چوكان جىلۋە بىلەن لاپ قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەلكىم تاللىنىپ شاھ ھەرىمىگىمۇ كىرىشكە مۇيەسسەر بولاتتىمىكىن، بىراق، مەندەك پۇقرالارنىڭ قىزلىرىنى تۆۋەن نەسەبتىن كېلىپ چىققان دەپ، ھەرگىز شاھ ھۇزۇرىغا كىرىشكە تاللاشمايدۇ. مەن پەقەت خېنىملارغا دېدەكلا بولالىدىم. ساڭا ئېيتسام، ئوردىدا بىزدەك دېدەكلەرنىڭ ھالى شۇنچە خاراب. مانا مېنى ئۇلار ئون بىر - ئون ئىككى يېشىمدىلا ئاياغ ئاستى

قىلىشقان.

— كىملەر؟

— كىملەر بولاتتى؟ باشتا مەرتىۋىلىكرەك بىرى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. ئاندىن ئوردا خادىملىرى، قورۇقچىلار، هارۋىكەش، ئاشپەز، چاكارلار، هەتتا بەزدە بالاغەتكە يېتىپ قالغان بەگباش شاهزادىلەرمۇ بىزگە چېقىلىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاتىمىز بالىلارنى تۇغمىز. بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا نازارەتچىلەر ئاچىقىپ كېتىپ بوغۇپ تاشلىشىدۇ. مۇشۇ يوغان ئەمچەكلىرىمىزگە سۈت تولۇپ تۇرسۇن دەپ، ئۇلار بىزنىڭ تۇغۇشىمىزغا يول قويۇشىدۇ. ئاندىن بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، بىزنى خېنىملارنىڭ بالىلىرىنى ئېمىتىشكە قويىدۇ. قۇياش شاهىنىڭ ئاززۇلۇق خوتۇنلىرى هەتتا ئىنىكئانىلارنى سېغىپ سۈتىنى ئىچىدۇ. ئادەم سۈتىدە بەدىنىنى سۈرتىدۇ···مەن بۇ شاهزادىنى ئېمىتىۋاتقىنىمدا بەزىدە ئۆزۈمنىڭ بالىلىرىنى ئويلاپ قالىمەن···

— نېمە دېدىڭ؟! — سۈپۈرگە ئېشىكى ئۈستىدە قېيسىيىپ ئولتۇرۇپ ئايالدىن سورىدى، — سېنىڭ ئۆزۈڭنىڭ بالىلىرىمۇ بارمىدى؟ بىز نېمىشقا ئۇلارنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭمىدۇق؟

— مەن بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغقان، قانداق چىرايلىق بالىلار ئىدى دېگىن؛ ئۇلارنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى، كىچىككىنە كۆزلىرى، ماشا تەلپۈنگەن بۇدرۇق قوللىرى كۆز ئالدىمدىلا تۇرۇپتۇ. هەر ئىككىلىسىدىن ئايرىلدىم. قولۇمدىن يۇلۇۋېلىشتى‐ دە، ئەكېتىپ يوق قىلدى. مەن نېمىشقا يىغلىماي، قارا، مېنىڭ كۆكسۈمدىن ئېقىۋاتقان ئاپئاق سۈتلەر شۇ بالىلىرىمنىڭ رىزقى ئەمەسمىدى؟!...

ئايال بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى. سۈپۈرگىنىڭ قەلبىنى بۇ ئايالغا بولغان ئېچىنىش، هېسداشلىق چۇلغىۋالدى. ئۇلار هەر ئىككىلىسى ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى. سۈپۈرگە ئىككىنچىلەپ ئايالدىن بۇ هەقتە گەپ سورىمىدى.

كىچىك شاھزادىنى كۆتۈرۈپ كىتىۋاتقان چوكان بىر كۆنى ناھايىتىمۇ خۇش خۇيلىشىپ كەتتى. ئۇلار سۇپسۇزۇك تاغ سۈيى يىيىلىپ ئېقىۋاتقان چىمەنلىككە يېتىپ كەلگەندە، ئايال قائىدىنى بۇزۇپ شاھزادىنى سۇپۇرگىگە تۇتقۇزدى. شاھزادە كۆزىنى يوغان ئېچىۋالغان بولۇپ، ساقاللىق بۇ كىشىگە چەكچەيگىنىچە قاراپ قالغانىدى.

— ئۇھ، بۇ يەر نېمىدېگەن چىرايلىق، مەشەدە بىردەم ئارام ئالمايلىمۇ؟ — دېدى ئايال.

— شۇنداق قىلايلى— دېدى سۇپۇرگە. ئايال:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، سەن مەن تەرەپكە قارىما، - دېدى— دە، سۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ كەتتى.

ئېشەك ئەتراپىكى چۆپلەرنى قېلىن كالپۇكلىرى بىلەن يالماپ، ئىشتىھا بىلەن ئوتلاشقا باشلىدى. ئاز ئۆتمەي سۇپۇرگىنىڭ قۇلىقىغا سۇنىڭ شالاپىشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايال نېرىراقتا بېرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۇيۇنماقتا ئىدى. سۇپۇرگە قولىدىكى بوۋاققا قارىدى. كەلگۈسىدە پادىشاھ بولۇشقا تېگىشلىك بولغان بۇ بوۋاقنىڭ سۇپۇرگە ئۆز ئۆمرىدە ئۇچراتقان نارەسىدىلەردىن ھېچبىر پەرقى يوق ئىدى.

— خوش شاھزادەم، — دېدى سۇپۇرگە بالىغا قاراپ، شاھزادە يۆگىكىدە پۇتلىرىنى پىلتىڭلىتىپ تېپىرلاپ قويدى، — سېنىڭ ھېلىقى بارلىق تەخت ۋارىسلىرىنى يوقاتماقچى بولۇپ قۇترىغان چوڭ ئاكاڭ شۇ تاپتا ئوردا ئىچىدىن سېنى ئىزدەپ تاپالماي قانچىلىك غەزەپكە كېلىۋاتقاندۇر. ھە!؟ بەلكىم ئۇ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئوردا ئىچىدىكى ئۇچرىغانلا بوۋاقنى قانغا بوياۋاتقاندۇ؟ يا بولمىسا ئۇ ئەڭ ئاۋۋال سېنىڭ مېھرىبان ئاناڭنى دارغا ئاسقاندۇر؟... خۇدانىڭ تەقدىرىنى قارا، مىڭلاپ قوشۇن قوغداشقا تېگىشلىك سەندەك بىر شاھزادىنى ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان مېنىڭدەك بىر ئاجىزنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپتۇ...

سەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستتىنلا خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ قالغۇدەك بولساڭ، بىزنىڭ سېنى مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمىزنى، سەن ئۈچۈن بېشىمىز كېتىدىغان خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىقىمىزنى ئېسىڭگە ئالارسەنمۇ؟

بوۋاق بۇدرۇق قوللىرىنى سۇنۇپ سۈپۈرگىنىڭ ساقاللىرىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى.

— ياق! — دەپ ئۆز پىكرىنى رەت قىلدى سۈپۈرگە، — شاھلاردىن شاپائەت كۈتۈش ئەخمەقنىڭ ئىشى. ھۆكۈمرانلار ئۆز سىرىنى بىلگۈچىلەرنى ھەممىدىن بۇرۇنراق كۆزدىن يوقىتىدۇ. بەندىنىڭ ھەقىقى شاپائەتچىسى رەھىملىك ئاللانىڭ ئۆزى. . .

سۈپۈرگە تېخى بالا شاھ ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئاياغلاشتۇرماي تۇراتتى. يىراقتىن ئايال چىقىپ كەلدى. سۈپۈرگە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى. ئايال يۈيۈنۈپ، تارىنىپ تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. سۈپۈرگىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان قىزىلگۈل، دەرەخلەر ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئاي پەيدا بولغاندەك بولدى. . . شۇ چاغدا سۈپۈرگە بالىنىڭ يۆگىكى ئاستىدا تۇرغان قولىغا ئىسسىق بىر نەملىكنىڭ تەگكەنلىكىنى سەزگەندەك بولدى - دە، دەرھال ئېسىگە كېلىپ، بالىنى يەرگە قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ۋاي، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى ئايال.

— نېمە بولدى؟

— سەن شاھلارنى قانداق كۈتۈشنى بىلمەسەن، مەن ساڭا ئېيتمىدىممۇ، نېمىشقا شاھزادىنى يەرگە قويۇپ قويىسەن؟

— سەن ئۇنىڭ ئاستىنى دەرھال قۇرۇقدا، — دېدى سۈپۈرگە كۈلۈپ، — ئۆمرۈمدە مەن مۇنداق ئورنىغا سىيىپ، چىچىپ ياتىدىغان پادىشاھنى كۆرمىگەنىكەنمەن.

ئايالمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇ بۈگۈن

خۇش خۇي بولۇپ قالغانىدى. سۇپۇرگىگە مۇلايىم مۇئامىلە قىلغۇسى، ئۇنىڭغا سۇركىلىپ ئەركىلىگۇسى كېلىپ تۇراتتى. ئۇمۇ يەردە ياتقان شاھزادىنى دەرھال قولغا ئېلىشنى ئۇنتۇپ سۇپۇرگىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى - دە:

— قارا، شۇ تاپتىدا بىز مۇشۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، بىر جۈپ ئەر - خوتۇنغا ئوخشاپ قاپتۇمىز، — دېدى.

مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا سۇپۇرگىنىڭ مىجەزى ئايالغا يېقىپ قالغانىدى. ئۇ بىرئاز غەلىتە، قوپال، ساددا كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەرلەرگە خاس ئاق كۆڭۈللۈك ۋە يوشۇرۇن ئەقىلنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئايالنىڭ قەلبىدە كۈندىن - كۈنگە ھاۋائانام زامانىسىدىن قالغان شۇ ئەرنى ئىگىلەش، قولغا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئىستىكى يېتىلىۋاتاتتى. سۇپۇرگە ئايالنىڭ ئەر - خوتۇن توغرىسىدىكى گەپلىرىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىدىمۇ ياكى چۈشەنسىمۇ چۈشەنمەسلىككە سالدىمۇ، ئايالدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار يەنە يولغا چىقتى. ئايال تۇرۇپ كۈلەتتى، دالا گۈللىرىنى ئۈزۈۋېلىپ قۇلىقىغا قىساتتى. بەزىدە غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى.

بۇ بېشىمغا چۈشكەن كۈننى ھېچكىم بىلمەيدۇ،
تۇۋا دەيمەن، دەرد تارتقانغا كىشى ئۆلمەيدۇ.
ئوردىدىكى خېنىملارنى شاد - خۇرام دېمەڭ،
زىبۇ زىننەت يۈك ئۇلارغا، قەلبى كۈلمەيدۇ.

ئۇ ئۆز ناخشىسىدا ئوردىدىكى دېدەكلەرنىڭ كۈلپەتلىرى، ئېگىز تاملار ئىچىگە بەند بولغان خانىشلارنىڭ ئىچ پۇشۇقى، بالىسىدىن ئايرىلغان ئانىنىڭ ھەسرەتلىرىنى سۆزلەيتتى.

شۇ كۈنى ئۇلار خالىي بىر قونالغۇغا كېلىپ چۈشتى. ئايال

سۈپۈرگىنى ئەڭ مەززىلىك تاماقلارنى تەييارلاپ كۈتتى. كېچىسى ئۇ سۈپۈرگىنى ئۆز قوينىغا چاقىردى.

— ماڭا قارا، يولۇچى، — دېدى ئايال ياستۇقىغا جەينەكلىنىپ تۇرۇپ، — سەن مېنى نېمىشقا ئەركىلىتىپمۇ قويماي دېمەيسەن؟

— ئەركىلىتىپ دەمسەن؟... سېنىما؟ — سۈپۈرگە كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن ھەيران بولدى، — سەن كىچىك بالا بولمىساڭ!؟

— لېكىن مەن ئايال كىشى - دە!

— توغرا، سەن ئايال كىشى.

— قوينۇمغا كىرىش خىيالىڭغىمۇ كىرمەمدۇ؟ ياكى مەن ساڭا يارىمىدىممۇ - يە؟...

جاھانكەزدى سۈپۈرگە تېڭىرقاپ قالدى. كىچىك شاھزادە چوكاننىڭ ئۇ تەرىپىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. تون يېرىملىشىپ قالغان بولۇپ، ئاي نۇرى ئۇلار ياتقان ھۇجرىنىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئايال بولسا كۆرپىنىڭ ئۈستىدە يالىڭاچ دېگۈدەك ياتقىنىچە، يوتقىنىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېچىپ قويۇپ سۈپۈرگىگە قۇچاق ئاچقانىدى. تەڭلىكتە قالغان سۈپۈرگە نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى.

— ياق، ياق. سەن... سەن ھەرقانداق ئەرگە يارايدىغان چوكانسەن، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا قوينۇمغا كەلمەيسەن؟ دەسلەپكى كۈنلەردە مەن سېنىڭ زورلۇق قىلىشىڭدىن ئېھتىيات قىلدىم؛ كېيىنكى كۈنلەردە مەن سېنى كۈتتۈم. بەزى كۈنلىرى سەن يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىسەن، مەن ئۇزاققىچە كۆز يۇممايمەن... خوجايىن خېنىم مېنى ساڭا قوشۇپ يولغا سالغاندا «خالىساڭ خوتۇن قىل!» دېگىنىنى ئاڭلىغان بولغىدىڭ؟

— شۇنداق، ئاڭلىغان.

— دېمەك، بىزگە رۇخسەت قىلىنغان. سەن يەنە نېمىدىن ئېھتىيات قىلىسەن؟

— ......

— ياكى سەن ئايالالارغا يېقىنلاشماسلىققا قەسەم قىلىۋەتكەنمۇ؟ ياكى سېنىڭ دىنىڭدا ئۆيلىنىشكە بولمامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، سەن ئۇنداق يارىماس دىندىن چىقىپ كەت. ئاللانىڭ ئۆزى ئەر بىلەن ئايالنى بىر - بىرىگە ھاجەتلىك قىلىپ ياراتقان.

— ...

— نېمىشقا ئۇنچىقمايسەن؟ مېنى خوتۇنلۇققا ئالساڭ زىيان تارتمايسەن. ئايىغىڭدا يۈرۈپ خىزمىتىڭنى قىلىمەن. مەن شاھ ئوردىسىدا ئەڭ ئېسىل تاماقلارنى پىشۇرۇشنى ئۆگەنگەن...

سۇپۇرگىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئايالالارغا ھەۋەس قىلمىدىغان، چاغلىرىم ئۆتۈپ كەتكەن، دەپ ھېسابلايتتى. سۇپۇرگە بۇ ياش ۋە ساغلام نوتىغا ئورۇنۇپ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تۆكۈشنى خالىمايتتى. ئايال بولسا سۇپۇرگىنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، ئۆزىدىكى غېرىبلىق ۋە يالغۇزلۇقنى بىردەملىككە بولسىمۇ يىراقلىتىش ياكى بولمىسا كېلىپ - كېتىدىغان بىر ئۆتكۈنچى تەشنالىقنى قاندۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن قوينىغا چاقىرماقتا ئىدى... بىر چاغلاردا سۇپۇرگىنىڭمۇ يىگىتلىك مەزگىللىرى ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مەشۇقلىرى بولغان. ئۇ ۋاقىتلار قانچىلىك گۈزەل ۋە ئۇنتۇلماس ئىدى - ھە! ؟...

يالغۇز ئاياغ يول، كەڭ دالا ياكى شەمشەرنىڭ قانداقتۇر بىر تار كوچىلىرىدا ئۇنى دېرىزىسىنى ئېچىپ شەرەتلىگەن جانانلار، قايناق بازار ئىچىدە چۈمپەردىسىنى بىلىنەر - بىلىنمەس قايرىپ قويۇپ كۈلۈمسىرىگەن گۈزەللەر ئۇنىڭ ئېسىدە، شۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىپ،

ئۈنى ئەگەشتۇرۇپ كېتىپ قالاتتى. سۇپۇرگە مۇنداق چاقىرغان جانانلارنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە، پەقەت بىر كېچىلا مېھمان بولۇپ ئۆتەتتى - دە، ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسمايتتى. چۈنكى، بىر نىشاننى ئۈزاق ئەگىپ يۈرۈشنىڭ خەتەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى... چوكاننىڭ جاننى قىينايدىغان ئوتلۇق تەلەپلىرى سۇپۇرگىنى ئەنە شۇنداق خىياللارغا ئەكەتتى. ئايال بولسا توختىماي سۆزلىمەكتە، سوئاللارنى قويماقتا ئىدى.

— گەپ قىلساڭچۇ! — دەپ ئالدىرىتاتتى چوكان، — ياكى سېنىڭ ئېيتقىلى بولمايدىغان بىرەر ئەيىبىڭ بارمۇ؟ ياكى بولمىسا...

— قوي، سىڭلىم، مېنىڭ يېشىم ساڭا مۇناسىپ ئەمەس!

— يېشىم دېدىڭما؟! — كۈلۈپ كەتتى چوكان.

— ھەئە، مېنىڭ بالىلىرىم بولغان بولسىمۇ بەلكىم سېنىڭدىن چوڭراق بولغان بولاتتى.

— ئوردىدا بىزگە ئىككى پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلارمۇ ئېسىلىشىدۇ. خىجالەت بولما، بۇ ئىشنى مانا مەن ئۆزۈم تەلەپ قىلدىم...

چوكان شۇنداق دېدى - دە، سۇپۇرگىنىڭ قوينىغا ئۆمىلەپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى.

— مۇنداق قىلما، مۇنداق قىلما! — دەپ يالۋۇراتتى سۇپۇرگە ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — مەن سېنى خوتۇنلۇققا ئالسامىۇ ئاۋۋال بىرەر كىشىنى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ نىكاھ ئوقۇتۇشىمىز كېرەك... سەن مېنى گۇناھكار قىلىسەن... قوللىرىڭنى قەيەرگە سوزۇۋاتىسەن؟ قوي مېنىڭ غىدىقىم كېلىدۇ...

ئەمما چوكان سۇپۇرگىگە بارغانسېرى مەھكەم يېپىشىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يەشمەكتە ئىدى. ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن سۇپۇرگىنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇلۇغ شاھزادە بولسا يېنىدىلا سادىر بولۇۋاتقان ئاجايىپ مۇھەببەت پاجىئەسىدىن بىخەۋەر تاتلىق

پۇشۇلدايتتى. ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر مۆكۈنەتتى. ئايالنىڭ ئوتلۇق ۋە تەشنالىق پىچىرلاشلىرى تەسىرىدە يۇلتۇزلار تېخىمۇ روشەن چاقناپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىشاتتى... سۇپۇرگىگە بۇ چوكاننىڭ مۇھەببىتىنى بۈگۈنگە، مەڭگۈگە ياكى شۇ بىرنەچچە مىنۇتقا بولسىمۇ قوبۇل قىلماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى... ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوقالغان، ئۇنتۇلغان سېزىملار ئويغىنىشقا باشلىدى...

## بەشىنچى باب

# ياخشى قال يولۇچى

يەنە يېڭى بىر تاڭ ئاتتى. سۇپۇرگە ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ يۇيۇندى. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ خۇدادىن ئۆز گۇناھلىرىنى تىلىدى. ئۇلار يەنە يولغا چىقىشتى. چوكان ئۆزىدىكى تەشنالىق ئوتىنى ئازراق بولسىمۇ پەسەيتكەن بولۇپ، بۈگۈن نېمىشقىدۇر كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پات - پات ئېشەك ئۈستىدە كېتىپ بارغان سۇپۇرگىگە يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى.

ئوردىدىكى چاغدا چوكان ئۆزىنىڭ ئەنسىز، كىشىنى بىزار قىلىدىغان خورلۇق تۇرمۇشىدىن جاق تويغانىدى. ئۇ قانچە قېتىم شۇنداق بىر كىشىنىڭ غايىبتىن پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى يىراق، خاتىرجەم بىر ماكانغا ئەكېتىشىنى تىلىگەنىدى. ئۆزىنى ئەكېتىدىغان ئۇ كىشىنىڭ چىرايىنىڭ قانداق بولۇشى، ياش قۇرامىنىڭ قانچىدە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ئۇنىڭغا لازىمى پەقەت ئۆزىگە پاناھ بولالايدىغان بىرەر ئەر كىشى.

شۇنداق ئادەم بولسا، ئۇنى دۇنيانىڭ قانچىلىك يىراق يەرلىرىگە ئەكەتسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇ يەردە ئۇ ئېرىنىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتەتتى، ساغلام، بۇدرۇق باللارنى تۇغاتتى، ئۇنىڭ باللىرىنى ھېچكىم بوغۇپ قويمايتتى، ئۇ ئۆز باللىرىغا قېنىپ ئەمچەك سالالايتتى. باللار چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى ۋاڭ- چۇڭغا تولاتتى...

چوكان ئۆزىنىڭ ئوردا ئىچىدە ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشىنى ئويلىغىسىمۇ كەلمەيتتى. ئوردىدىكى دېدەكلەر، ئىنىكئانىلار، ئايال چاكارلار بىلەن ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوغرىلىقچە قىلىشىدىغان مۇناسىۋەتلىرى كىشىنى بىزار قىلاتتى. ئوردىدىكى ئېسىلزادىلەر كۆزى چۈشكەن ئايال خىزمەتكارلارنى خۇشى تۇتقاندا چاقىرىپ بىر كېچە قوينىغا ئالىدۇ - دە، بۇ ئىشنى بىرەرىگە تىنىپ قويسىلا كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەھدىت سېلىپ ئەتىسىلا ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئوردا خىزمەتكارلىرى بىلەن بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا قورقۇپ، تىترەپ تۇرۇپ قىلىشقان ئىشلارنىڭمۇ قىلچە لەززىتى بولمايدۇ. ئاھ، شۇ ھەشەمەتلىك ئوردىدا ئاددي بىر دېھقاننىڭ خوتۇنى بولۇشنى ئارزۇ قىلمايدىغان بىرەر كېنىزەك تېپىلارمۇ!؟...

ئوردىدىن مانا بۇ شاھزادىنى ئېلىپ قېچىش ئىشىغا شۇڭلاشقا بۇ چوكان ئۆز ئىختىياري بىلەن ماقۇل بولغانىدى. ئۇ خەۋپ ئىچىدە قالغان شاھزادىنى قوتۇلدۇرماقچى، راستىنى ئېيتقاندا، ئوردىدىن يىراق بىر جايدا ئۆزىنىڭمۇ خاتىرجەم تۇرمۇشنى تىكلىمەكچىدى... چوكان خىيال ئىچىدە سۈپۈرگىگە قارايتتى. بۇ ئادەمنىڭ يېشىنى ئانچە چوڭ دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭدا ئەركەكلەرگە خاس ھەممە خىسلەت تېپىلاتتى. ئەمما بۇ چوكانغا نىسبەتەن ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىرى بىر ئەر بولغۇچىغا ئەمەس، مېھرىبان قېرىنداشقا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ئادەم يەر تېرىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دېھقان

ئەمەس، توڭمەس سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان غەلىتە ئادەمدەك قىلاتتى.

سۇپۇرگە بىلەن چوكان قانداقتۇر بىر تاشلىق ساي، تاشلاندۇق يوللار بىلەن كەڭ ئېدىرلىقنى كېسىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. يىراقتا يېشىللىقلارغا پۈركەنگەن دۇمچەك - دۇمچەك دۆڭلۈكلەر، ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدا قارلىق ئېگىز تاغلار كۆرۈنەتتى. ئاشۇ دۆڭلۈكلەر تەرەپكە ئەكېتىدىغان يولغا قاراپ چوكاننىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.

— بىلەمسەن؟ — دېدى ئۇ سۇپۇرگىگە، — بۇ يەرلەر ماڭا تونۇشتەك قىلىدۇ. مېنى لەشكەرلەر ئوردىغا ئېلىپ ماڭغاندا، ھارۋا بىلەن ئەنە شۇنداق دۆڭلۈكلەرنى ئارىلاپ ماڭغاندەك قىلغان. بىز ئۇزاق يول يۈرگەن، ھارۋىدا يەنە قانداقتۇر يۈكلەرمۇ باردەك قىلاتتى. مەن يوغان ساندۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چايقىلىپ ئولتۇرۇپ، مەپە مىلەڭزىسىنىڭ يوچۇقىدىن ئوغرىلىقچە سىرتقا قارىغانىدىم، بەلكىم، ئاشۇ دۆڭلۈكلەردىن ھالقىپ چۈشسەكلا بىزنىڭ يۇرتقا بارارمىزمىكىن. ئۇلار مېنى ئوردىغا ئېلىپ ماڭغاندا مەن كىچىك ئىدىم، كېيىن ئاڭلىسام، ئاتا - ئانام ھەسرەت چېكىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ھازىر يۇرتۇمدا قانداق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. . .

— سەن ئۇ تەرەپلەرنى ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىغا ئوخشىتىۋاتساڭ كېرەك، — دەپ كۈلدى سۇپۇرگە، - دۇنيادا بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان دۆڭلۈكلەر ئازمۇ؟

— سېنىڭ دېگىنىڭ توغرىدۇر، — دېدى چوكان، — ئەمما، مۇشۇ ئەتراپ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ. شۇ ئەتراپتىن بىز بىرەر پارچە يەر سېتىۋېلىپ تېرىغان بولساق، ساپاننى مەن ئۆزۈم سۆرەيتتىم.

— ئەتىدىن باشلاپ بىز ئۇ تاغ تەرەپكە ئەمەس، مانا ماۋۇ چۆللۈكلەرگە قاراپ كەتكەن يول بىلەن ماڭىمىز، — دېدى

سۈپۈرگە،— ئالدىمىزدىكى بۇ يوللاردا ئەمدى بىزگە بەزىدە كۆنلەپ بىرەر كارۋان، بىرەر يولۇچى ياكى بىرەر قونالغۇمۇ ئۇچرىمايدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ يوللاردا ئادەم شالاڭ، شاھ ئايغاقچىلىرىنىڭ تۇتۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشىڭمۇ ھاجىتى يوق. مەن قۇملۇقلاردىكى ئەڭ يېقىن، ئەڭ مەخپىي يوللارنى بىلىمەن.

قۇياش شاھىنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئاخىرقى كېچىسى يولۇچىلار قونالغۇ تاپالماي، ئېتىزلىقتىكى تاشلىنىپ تۇرغان بىر كونا كەپە ئىچىدىلا تۈنىدى. كەپىنىڭ ئۈستىگە ياپقان ياغاچلار چىرىپ قارىداپ كەتكەن، كەپىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى قېلىن تور باسقان بولسىمۇ، كەپىنىڭ ئاستىغا قۇرۇق ۋە يېڭى مەڭگەن يېيىتىلغانىدى. بۇ شۇ ئەتراپتىكى بىنەم يەرلەرنى تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ يىغىم - تېرىم ۋاقتىدا پايدىلىنىدىغان تۇرالغۇسىدەك قىلاتتى. بىر - ئىككى كۈندىن بېرى ماڭغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاشلىق يول سۈپۈرگىنى ئوبدانلا چارچاتقانىدى. ئۇ ئېشىكىنى چۇشەپ ئوتقا قويۇپ، كىرىپلا ئۇخلاپ كەتتى. چوكاننىڭ كۆزىگە بولسا زادى ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

«كۈندۈزى يول بويىدا كۆرۈنگەن دۆڭلۈكلەردىن ھالقىسالا بىزنىڭ يۇرتقا يېتىپ بارالتۇق» دەپ ئويلايتتى چوكان. شۇ دۆڭلەرنىڭ ئارقىسىدا راستتىنلا ئۇنىڭ يۇرتى بارمۇ ياكى بۇ بىر خىيالىي تۇيغۇمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم ئىدى. نېمىشقىدۇر چوكاننىڭ كاللىسىغا مۇشۇنداق بىر پەرەز ئورنىشىۋالغانىدى. ئۇ يەردە يىراقتىكى ئاق باش تاغلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى، ئۆزۈنغا سوزۇلغان جىلغىلار بار. بىر قېتىم ئاتىسى چوكاننى شۇ يەرلەرگە باشلاپ بېرىپ سايدىن بېلىق تۇتقان. ئاياغ يوللار، ئېتىزلار، ياپيېشىل باراڭلار بىلەن پۈركەنگەن ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى، سەيلىكلەر ھەممىسى ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ.

ئەگەر ئۇ شۇ ئەتراپتىكى بىرەر ئىشلەمچىنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولغان بولاتتى - ھە! ... بۇ ناتونۇش ئادەم ئەمدى چۆل يوللىرى بىلەن ئۇنى قەيەرلەرگە ئەكېتەر؟ ئېھتىمال ئۇ مۇشۇ كەتكىنىچە ئۆز يۇرتىغا مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەس! ...

تۈن يېرىمىدا ئايال ئاستا ئورنىدىن تۇردى. سۈپۈرگە بىلەن كىچىك شاھزادە شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. چوكان تالاغا چىقتى. ئاي ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. يىراق بىر يەردىن شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى كېلەتتـــى. قەيەرلەردىندۇر ئىتلار ھاۋشىپ قوياتتى. دېمەك، يېقىن ئەتراپتا بىر يەردە يېزا باردەك قىلاتتى. چوكان ئىتلارنىڭ ئاۋازى كەلگەن تەرەپنى نىشان قىلىپ ماڭدى. باشتا ئالدى - كەينىگە قاراپ ئاستا ماڭدى. كەيىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن يۈگۈرۈشكە باشلىدى. خىيال بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىلەرگە دەسسەپ، قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىپ بارغىنىنىمۇ بىلمەيتتى.

ئەگەر ئوردىدىن شاھزادىنى ئىزدەپ چىققان لەشكەرلەر بۇ ئەتراپتىن چوكاننى تېپىۋالىدىغان بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن شاھزادىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ نېمىدەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوردىغا نېمە كېرىكى، ئۇلارغا لازىمى شاھزادە. ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ شاھزادە پادىشاھلىق تەختتە ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولسا، بوۋاق چېغىدا ئۆزىنى تاشلاپ قاچقان ئىنىكئانىسىنى ئەيىبلەپ كاللىسىنى ئالىــدۇ؛ ئەگەر پادىشاھلىق باشقىلارنىڭ قولىدا بولغان تەقدىردىمۇ، تەختنىڭ كەلگۈسى كۆشەندىسى بولغان شاھزادىنى تاپ دەپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ؟ ئەگەر شاھزادىنى ھېلىقى يولۇچى ئېلىپ يىراقلارغا كېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا شاھزادىنى ئۇ ئوردا ئادەملىرىگە قانداق تېپىپ بېرەلەيدۇ؟ ...

چوكاننىڭ كۆز ئالدىغا ئوردىدىكـــى سۇغا تۇنجۇقتۇرۇپ

ئۆلتۈرۈش، ئەمچەكتىن ئېسىش، گېلىنى بوغۇپ كۆزىنى چانىقىدىن چىقىرىش، قاپقا سولاپ دۇمبالاش، ئالدى - كەينىدىن قوزۇق قېقىش، تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىش دېگەندەك ھەر خىل جازالار كەلدى. ئۇ بارغانسېرى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، يۈگۈرۈشتىن توختاپ قالدى. بوۋاقنى ئويلىغانسېرى كۆكسىلىرى چىڭقىلىشقا باشلىدى. «ئاز ئۆتمەي شاھزادە ئويغىنىدۇ، — دەپ ئويلىدى چوكان، — ئۇ ئېمىشى كېرەك. يولۇچى ئۇنى قانداق پەرۋىش قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ يىغىسىنى قانداق پەسلىتىدۇ؟ شاھزادە ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن...»

جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ۋە ئانىلىق مېھرى چوكاننى ئارقىغا قايتۇردى. ئۇ كەپىگە قايتا يېقىنلىشىپ كەلدى. بالا بىلەن سۈپۈرگە يەنىلا تاتلىق ئۇيقۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى. تىنچ كېچىدە ئۇلارنىڭ چوڭقۇر تىنىقى سىرتقىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چوكان پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ بالىنى قولىغا ئالدى - دە، دېمىنىمۇ چىقارماستىن كەپىدىن يىراقلاشتى. ئاندىن ئۇ شاھزادىنى مەھكەم قۇچاقلاپ شامالدەك ئىتتىك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئايمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى...

سۈپۈرگە سەھەردە ئويغىنىپ يېنىدا ھېلىقى چوكان بىلەن بالىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. ئۇ تالاغا چىقتى. ئەتراپقا قارىدى. ھەممە ياق جىمجىت، كېچىچە تويۇپ ئوتلىغان سۇر ئېشەك ھۇرۇنلۇق بىلەن توپىغا ئېغىناپ ياتاتتى. ئېشەك ئىگىسىنى كۆرۈپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كېرىلىپ سىلكىندى. چوكاننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. سۈپۈرگىنىڭ كۆڭلىدىن بىر گۇمان كەچكەندەك قىلدى - دە، قايتىپ كىرىپ ئايال ياتقان ئورۇننى تۇتۇپ كۆردى. ئورۇن ئاللىبۇرۇن مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە كەپىدىن چىقتى. يىراق بىر ئۇپۇق سىزىقى ئەتراپىدا شەپەق لاۋۇلداپ، يېڭى بىر قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈش

ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە ئىدى. ئەتراپتا سەھەرچى قۇشقاچلار چۇرۇقلىشاتتى. سەھەرنىڭ ساپ ۋە مۇزدەك ھاۋاسى كىشىنى ئەندۇكتۇرەتتى. سۇپۇرگە كەپە ئىچىگە يەنە قايتىپ كىرىپ، خۇرجۇننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، شاھزادىنىڭ ئانىسى خىراجەت قىلىش ئۈچۈن بەرگەن تىللالار سېلىنغان خالتىنى ئىزدىدى. خالتا ئۆز ئورنىدا تۇراتتى. ئۇ قايتىپ چىقىپ، كەپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى.

بۇ چوكان قەيەرگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؟ توغرا، ئۇ تۈنۈگۈن: مۇشۇ ئەتراپتا بىزنىڭ يۇرت بار، دېگەندەك قىلىۋىدى. دېمەك، ئۇ ئۆز يۇرتىنى ئىزدەپ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا ئۇ شاھزادىنىڭ ئانىسى بەرگەن تىللالارنى نېمىشقا ئەكەتمىدى؟ بەلكىم ئۇ مېنى خورجۇندىن تىللا سېلىنغان خالتىنى ئالغۇچە ئويغىنىپ كەتمىسۇن دېگەندۇ ياكى ئالدىراشچىلىقتا ئۇنىڭ ئېسىگە خالتىمۇ كەلمىگەندۇ؟ ھېچ بولمىغاندا ئۇ تىللالارنى بولسىمۇ ئەكېتىشى كېرەك ئىدى. بۇ پۇللار ماڭا تەئەللۇق ئەمەس، شاھزادىنىڭ راسخوتى ئۈچۈن بېرىلگەن دۇنيا ئەمەسمىدى! . . . ھەي كەم ئەقىل خوتۇن، سەن مۇنچە ئالدىراپ قاچمىساڭمۇ، ئۆزۈمنىڭ يۇرتىغا كېتەي دېسەڭ، مەن سېنى توسۇپ قالامتىم! ؟

تۇرۇپلا سۇپۇرگىگە غېرىبلىق ۋە يالغۇزلۇق يەتكەندەك بولۇپ قالدى. چوكان ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرگە تولغان ئەندىشىلىك پاراڭلىرى بىلەن يول بويى سۇپۇرگىنى زېرىكتۈرمىگەنىدى. ھەربىر ئۆتەڭ، قونالغۇلاردا ئۇ سۇپۇرگىگە تاماق ئېتىپ بەرگەن، ئۇنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىققانىدى. ھېلىقى شاھزادىچۇ؟ بۇ دۇنيادا ئەڭ پاك، ئەڭ ياۋاش، تېخى ھېچبىر گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە، ھېچكىمگە زۇلۇم سېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ھۆكۈمران دەپ مانا شۇ شۇمتەكنى دېسە بولىدۇ. بۇ نارەسىدىمۇ ئىنىكئانىسىنىڭ كۆكسىنى مەھكەم قاماللاپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن

ئېمىپ، ئۇلارنىڭ قېشىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاپ، ئوبدان ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى.

سۇپۇرگە چوكاننىڭ قايتىپ كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ كۈن خېلىلا ئۆرلەپ كەتكۈچە كۈتتى. ئايال قايتىپ كەلمىدى. سۇپۇرگە ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلاتتى. «مەن بۇ چوكاننى رەنجىتىپ قويغاندىمەنمۇ يە! — دەپ ئويلايتتى ئۇ،— ياق، مەن ئۇنى خاپا قىلغۇدەك ھېچ ئىش قىلمىدىم، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمىدىم، بەلكىم ئۇ كېچىسى بالىنى تالاغا ھاجەتكە ئاچىققان بولسا، ئۇلارنى ياۋايى ھايۋانلار يەپ كەتكەندىمۇ ياكى جىن ئالۋاستىلار ئېلىپ قاچقانمىدۇ؟ ياق، چوكان ئالتون قاچىلانغان خالتىنى ئالمىغان بىلەن شاھزادىنىڭ يۆگەك، پارچە - پۇرات لاتىلىرى چىگىلگەن بوپىنى ئۇنتۇماي ئەكېتىپتۇ. دېمەك، ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ!»

سۇپۇرگە نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ، ئېشىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى.

— خوش ئېشىكىم، — دېدى ئۇ ئېشەككە سەكرەپ مىنىپ، يولدا قوشۇلغان يولداش بولماپتۇ، دېگەن مانا شۇ. يەنە ئىككىمىز يالغۇز قاپتۇق. قېنى خىت، ئالغا، بىزنىڭ ھەقىقىي يولداشلىرىمىز تېخى ئالدىمىزدا!

سۇپۇرگە شۇنداق دېدى - دە، بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا، تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ ئېشەكنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

— توختا، بەلكىم شۇ خوتۇننىڭ ئۆزى ئالۋاستىدۇر. بولمىسا ئۇ بىر كېچىدىلا يېنىمىزدىن قانداق قىلىپ غايىب بولۇپ كەتتى؟ ئۇنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى قېنى؟ ھېچ بولمىغاندا سەن ئېشىكىم ئۇنىڭ قاياققا كېتىپ قالغىنىنى بىلىشىڭ كېرەك

ئىدىغۇ؟ ئۇ ئۇچقاندىمۇ ياكى . . . خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! ئۇنداقتا بىز بۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى بىر ئالۋاستى بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ ماڭدۇقمۇ؟!

سۇپۇرگە بايىلا ئۆزى خۇرجۇن - چاقىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئەسكى كەپىگە قورقۇنچ ئىچىدە قارىدى - دە، ئېشىكىنى قاتتىق دېۋەتتى.

— خىت! . . . تېز بول، ئېشىكىم، بۇ سىرلىق يەردىن دەرھال يىراقلىشايلى. كىم بىلىدۇ بەلكىم، ھېلىقى نېمىدا؟ ھە، قۇياش شاھى دەيدىغان بەچچىغەرنىڭ شەھىرىدىن چىقىپلا يولۇققان خوتۇنلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئالۋاستىدۇر. بولمىسا نېمىشقا ئۇلار باش - كۆزلىرىنى قاپقارا چۈمپەردىلەر بىلەن چۈمكىۋالغان؟ . . . سەن ھېلىقى بالىسىنى بىزگە تاشلاپ بېرىپ كەتكەن ئايالنىڭ چىرايىنى كۆردۈڭمۇ؟ مەن غىل - پال كۆرۈپ قالغاندەك بولدۇم. ساڭا ئۇنى قانداق تەسۋىرلەپ بەرسەم چۈشىنەرسەن؟ قىسقىسى ئۇ بالا تۇغقان ئايالغا ئوخشىمايدۇ. سۈرەتتەك گۈزەل، قىز بالىنىڭ ئۆزى. ئالۋاستىلار ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ كۆزىگە ئەنە شۇنداق پەرىلەر سىياقىدا كۆرۈنىدۇ. . . ئۇنداقتا، قۇياش شاھىنىڭ ئۆزىچۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە ئالۋاستىلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى— ئىبلىس دېگەن سۆز. بولمىسا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانلىكى ئادەم قورقۇپ تىترەيدۇ؟ . . . ھېلىقى بوۋاق شاھزادىچۇ؟ ئاتىسى بىلەن ئىنىكئانىسى ئالۋاستى بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئەلۋەتتە كىچىك ئالۋاستى دېگەن سۆز. شۇنچە كۈن بىللە يۈرۈپمۇ ئۇنىڭ سەبىي بالىلاردەك بىرەر قېتىم ۋىلىقلاپ كۈلگىنىنى ياكى قەغىش قىلىپ يىغلاپ باققىنىنى ئاڭلىماپتىمەن. ئاپئاق كۆكرەككە مەھكەم يېپىشىۋېلىپ ئىنىكئانىسىنى شورىغىنى شورىغان. ھېلىقى ئادەملەرنىڭ تاپىنىنى تېشىپ قېنىنى ئىچىدىغان ئالۋاستىلارنىڭ

نەق ئۆزى. ئەڭ قورقۇنچلۇقى، مەن ھېلىقى ئايال ئالۋاستى بىلەن بىر كېچە قوچاقلىشىپ يېتىپتىمەن. مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي، ئېشەكىم، ئۇ ئىشقا مېنى ئايالىنىڭ ئۆزى زورلىدى. مەن دەسلىپىدە خالىمىغانىدىم. . .

سوپۇرگىنىڭ پىكىرلىرى بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

— ماڭا قارا، ئېشەكىم، — دەپ ئېشەكىگە مۇراجىئەت قىلاتتى ئۇ، — نېمىشقا سەن تۆت پۇتلاپ ئۆمىلەپ ماڭىسەن، مەن نېمىشقا ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭىمەن؟ نېمىشقا ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كېتەلەيدۇ، سەن مەڭگۇ ئېشەك پېتىڭچە قالىسەن؟ . . . سەن دەپ باققىنە، زادى ئالۋاستى بولغان ياخشىمۇ، ئېشەك بولغان ياخشىمۇ؟ . . . نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن؟ سەن مېنىڭ ئۆزۈڭدىنمۇ دۆتلۈكۈمگە ئىچىڭدە كۈلۈۋاتقانسەن ھەقىچان! ؟ . . .

كېچىچە ھاردۇقىنى ئوبدان چىقارغان ئېشەك ئىتتىك مېڭىشىدا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئىگىسىنىڭ مۇنداق توختىماي مۇلاھىزە قىلىپ، نېمىلەر توغرىسىدۇر سۆزلەپ مېڭىشىغا كۆنۈكۈپ قالغانىدى.

«بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى سوپۇرگە، — بۇ ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدا بولغان ۋەقە. ئۇ چاغدا تېخى ئاناڭنىڭ قورسىقىغىمۇ تۆرەلمىگەن، مەن سېنىڭ داداڭنىڭ دادىسىنى مىنىپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى، كەڭ بىر ئوچۇقچىلىقتا كېتىپ باراتتۇق. قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدى بىلمىدىم، ئالدىمىزدىن تۆيۈقسىز توي تارتىپ كېلىۋاتقان توپ چىقىپ قالدى. توپنىڭ ئالدىدا كاناي، سۇنايچىلەر مېڭىپتۇ، ئارقىدىكى ھارۋىدا ناغرا - دۇمباق چالغۇچىلار ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدا تەختىراۋانغا سېلىپ قىزنى ئەكېلىشىۋېتىپتۇ.

ئايهاي، ئۆمرۈمدە مۇنداق كاتتا توينى كۆرمىگەنمەن. ناغرا - سۇنايلارنىڭ ئاۋازىدىن قۇلىقىم پاڭ بولۇپ قالاي دېدى. بىر چاغدا تەختىراۋاندا ئولتۇرغان كېلىن قىزغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇمەن. ئادەم بالىسىنىڭمۇ شۇنچە چىرايلىق بولىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەي قالدى. تويچىلارنىڭ مېنى قىستاپ يولنىڭ چېتىگە ئاچىقىپ قويغىنىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. تويچىلار ئۇزاپ، تېخى يولنىڭ چېڭىمۇ بېسىلماي تۇراتتى، بىرى مېنى «يىگىت!» دەپ چاقىرغاندەك قىلىپ قالدى. بۇرۇلۇپ قارىسام، ئارقامدا پۈركەنجىلىك بىر ئايال تۇرۇپتۇ.

— خېنىم، مېنى چاقىردىلىمۇ؟ — دېسەم.

— ئۆيلىنەمدىلا؟ — دېدى ئۇ.

بايىقى توينىڭ قىزىقچىلىقى كاللامدىن كەتمىگەن بولسا كېرەك.

— ئۆيلىنىدىغان ئىش بولسا ئاشۇ تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن قىزدەك قىزغا ئۆيلەنسە، — دەپتۇمەن.

— ئۆيلىنىدىغان نىيەتلىرى راستتىنلا بولسا ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىلا، مەن سىلىگە ئەشۇ قىزنىڭ سىڭلىسىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، سىڭلىسى هەدىسىدىنمۇ چىرايلىق،— دېدى ئايال.

ئۇ چاغدا مېنىڭمۇ تېخى ياش، تەلۋە ۋاقتىم. تولا ئويلىنىپ تۇرمايلا هېلىقى پۈركەنجىلىك ئايالغا ئەگىشىپ ماڭدىم. قانچىلىك يول باسقىنىمىزنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا چوڭ بىر كۆلنىڭ يېنىدىن چىقىپ قالدۇق. كۆل بويىدا كاتتا بىر ئىمارەت تۇرۇپتۇ. شۇنچىلىك چوڭ ئۆيدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. پۈركەنجىلىك ئايال ئېگىلىپ:

— قېنى خوش! — دەپ مېنى ئۆيگە باشلىدى.

ئېشەكنى ئىشىك ئالدىدا قالدۇرۇپ، مۇشۇنداق ئەسكى چورۇقلىرىم بىلەنلا گىلەملەر سېلىنغان ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

پۇركەنجىلىك ئايال مېنى ئۇزۇن كەتكەن دەھلىزلەردىن ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرى - تۆۋەن پەلەمپەيلەر بىلەن ئالاھىدە ياسالغان بىر خاس ھۇجرىغا باشلاپ كىردى. ھۇجرا ئىچىنىڭ قانداق بېزەلگەنلىكىنى، ئۆيئىچىدىكى قىممەت باھالىق نەرسە - كېرەكلەرنىڭ قانچىلىك ئېسىللىقىنى مەن ساڭا ئېيتىپ بەرسەممۇ سەن بەرىبىر چۈشەنمەيسەن.

— سىلى ئېيتقان ھېلىقى قىز مۇشۇ ئۆيدە تۇرامدۇ؟— دەپ سورىدىم مەن.

ئايال مېنى قات - قات كۆرپىلەر ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى - دە، ئۈستىدىكى چۈمپەردىلىرىنى ئېلىۋەتتى. ھەيرانلىقتا ئاغزىمنى ئېچىپلا قاپتۇمەن، ئالدىمدا ھېلىقى مەن تەختىراۋاندا كۆرگەن كېلىندىنمۇ چىرايلىق ۋە ياش بىر قىز تۇرۇپتۇ. ماڭا قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ چاقناپ كەتكەندەك، ئاسماندىكى تولۇن ئاي ئالدىمغا دومىلاپ چۈشكەندەك بىلىندى.

— سەن ئادەممۇ، جىنمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— نېمە دېسەڭ شۇ!— دەپ ئەركىلىگىنىچە كېلىپ ماڭا تاشلاندى.

شۇ كېچە قىز بىلەن شېرىن بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇم، ئۇ مېنى تاڭغا يېقىن ئۇزىتىپ قويدى. «پات-پات كېلىپ تۇرۇڭ!» دېدى. كەلگەندە ئېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆينىڭ پەلەمپەيلىرىنى ساناپ چۈشتۈم. ئۆينىڭ ئالدىدىكى چوڭ كۆلنى بەلگە قىلىپ ئەتراپىنى ئوبدان كۆرۈۋالدىم. ئېشىكىمنى مىنىپ «خەير!» دەپ يولۇمغا كەتتىم. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتمەيلا ھېلىقى جانانىنى يەنە سېغىندىم. ئېشىكىمنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ يېتىپ كەلسەم، ھېلىقى مەن بەلگە قىلىۋالغان يەردە نەدىمۇ چوڭ كۆل، كاتتا ئىمارەت بولسۇن، كەڭ بىر ئوچۇقچىلىق، تۇتاش كەتكەن چۆل سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. ھېلىقى قىزنى مەن زادى

ئۇنتۇيالمىدىم. ئارىدىن قانچە يىل ئۆتىدى، ئۆمرۈم بويىتاقچىلىقتا ئۆتۈپ كەتتى، زادى تاپالمىدىم. . . ئېھتىمال، شۇ چاغدىمۇ مەن ھېچقانداق بىر قىزنى كۆرمىگەندىمەن. بەلكىم ئۇ بىر چۈشتۇر. بىلەمسەن، بۇ ھاياتلىقنىڭ تېگىگە، ئاللا ياراتقان مۆجىزىلەرنىڭ چېكىگە يەتكىلى بولمايدۇ. بىز كۆرۈپ تۇرغان بۇ دۇنيا بەلكىم بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنگەندەكتۇر ياكى ئۇنداق ئەمەستۇر؛ ياكى ساڭا ئوخشاش ئېشەكلەرنىڭ كۆزىگە باشقىچە، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ كۆزىگە يەنە باشقىچە، ھېلىقى قۇياش شاھىدەك ئىبلىسلارنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ باشقىچە كۆرۈنىدىغاندۇر؛ ياكى بىز ھەممىمىز شۇنداق بىر خىيالىي دۇنيادا، خاتا تۇيغۇ ئىچىدە ياشاۋاتقاندىمىز، ياكى ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندىمىز. كىم بىلىدۇ، بەلكىم بىز ئۇچۇن ھەقىقىي چىن ھايات پەقەت ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارغاندىلا باشلىنىدىغاندۇ...

ئۆز مۇلاھىزىلىرىنىڭ تەسىرىدە سۇپۇرگە بىر ھازا جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېشىكى قانداقتۇر بىر ئېتىز يوللىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، بىر خىل مېڭىشتا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

— بىز نېمە پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتۇق؟ . . . ھېلىقى چوكان بالىنى ئېلىپ راستتىنلا كېتىپ قالغاندىمۇ ـ ھە؟! ناۋادا ئۇ ئالۋاستى بولماي ئادەم بولغان تەقدىردە، ھېچ بولمىغاندا مېنى ئويغىتىپ «خوش قال يولۇچى، مەن كەتتىم!» دەپ قويغان بولاتتى.

# ئالتىنچى باب

# جەسەت

سۇپۇرگە خىيال بىلەن ئۆزىنىڭ قانچىلىك يول بارسىقىنىنى بىلمەي قالدى. بۇگۇن ئۇنىڭ قوسىقىمۇ ئاچقاندەك قىلمايتتى، بىرەر يەردە توختاپ، ئېشەكنى ئوتقا قويۇپ ئارام ئالغۇزۇش خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ھارغان، ئېچىرقىغان ن ئېشەك بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ھۇرۇنلۇق بىلەن قەدەم ئالاتتى. بەزىدە يول ئۈستىدە كۆتىرىپ تۇرغان تىكەنلىك ئوتلارنى كۆرگەندە توختاپ، ئۇنى يالماپ ئېلىپ كۈيشەيتتى - دە، يەنە مېڭىپ كېتەتتى.

«ئەگەر ھېلىقى چوكان ئالۋاستى ياكى جىن - شاياتۇن بولغان بولسا، —دەپ خىياللىرىنى داۋام قىلاتتى سۇپۇرگە. ئۇنداقتا مەن نېمە بولىمەن؟ مەن ئۇ ئالۋاستى خوتۇن بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتقان ئەمەسمىدىم؟ بەلكىم مەن ئۆزۈممۇ شۇ كۈندىن باشلاپ يېرىمى ئادەم، يېرىمى جىن بىر نېمىگە ئايلىنىپ بولغاندىمەن؟ ! . . . نېمىشقا مەنلا سۆزلەيمەن، سەن ئېشەك گەپ قىلمايسەن؟ دانالارنىڭ: كۆپ سۆزلىگەندىن ئاز سۆزلىگەن ياخشى، سۆزلىگەن سۆزلىمىگەنگە يەتمەيدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك گەپلىرىنى ئاڭلىۋالغانمۇ سەن يە؟ . . . بەزى ھۆكۈمرانلارمۇ گەپنى ئاز قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ دانالىقىدىن ئەمەس، ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئۇنچىقماسلىق ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكىنى، ساۋاتسىزلىقىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. ئۆلۈك نېمىشقا سۆرلۈك؟ چۈنكى ئۇ سۆزلىمەيدۇ. . . ئەگەر

سەنمۇ يېرىمى ئادەم، يېرىمى ئېشەك بولۇپ قالغان بولساڭ قانداق ياخشى بولغان بولاتتى - ھە! ئۇ چاغدا مەن سېنى ھەم مىنىۋالاتتىم، ھەم ئىككىمىز قىزىق پاراڭلىشىپ ماڭاتتۇق. ھازىر سەن پەقەتلا ئاڭلايسەن، ئۈنچىقمايسەن. يېرىمى ئېشەك، يېرىمى ئادەم بولغان بولساڭ سەنمۇ بېشىڭدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، تۇغۇلغاندىن بېرى قانداق ئېغىللاردا يېتىپ، قانداق ئېتىزلاردا قونغانلىرىڭنى، كىملەر بىلەن مۇھەببەت باغلاشقىنىڭنى قىزىشىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتىڭ. ھېلىقى ئالۋاستى چوكاننىڭ كېچىدە قەيەرگە يوقالغانلىقىنى ئەلۋەتتە سەن بىلىسەن. بۇ سىرنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بولاتتىڭ. . . توختا، بىز يەنە بىرنېمىنى ئۇنتۇپتۇق. ھېلىقى خوتۇنلار ئالۋاستى بولغان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن تىللاسى نېمە بولىدۇ؟— سوپۇرگە ئېشەكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپلا بىر تەرەپكە سەل قىيسايدى - دە، ئاستىدىكى خۇرجۇننىڭ كۆزىدىن تىللا سېلىنغان خالتىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئاغزىنى ئاچتى. ساپ ئالتۇنلار قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى.

— پاھ!— دەۋەتتى سوپۇرگە،— بۇ تېخى قۇيۇلغاندىن بېرى بازار يۈزى كۆرمەي شاھلارنىڭ خەزىنىلىرىدىلا ساقلانغان ساپ تىللالاردىن ئىكەن. بۇ ئالتۇنلار ئىككىمىزنىڭ بىر ئۆمۈر يەپ يېتىشىمىزغا يېتىپ ئېشىپ قالغۇدەك. بۇنچىلىك دۇنيانى كۆتۈرۈپ يۇرتقا سالامەت يېتىپ بارساق كىشىلەر نېمە دەر؟ ئەلۋەتتە ئۇلار: «سوپۇرگە پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا چۈشۈپتۇ» غۇ دېمەيدۇ، «سوپۇرگىگە چۆللەردە بىرەر مەخپىي خەزىنە ئۇچراپ قاپتۇ» دېيىشى چوقۇم. خەق نېمە دېسە دېمەمدۇ. بايلارغا ئوخشاش مەنمۇ باغلىق ھويلىلارنى قىلاي، شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ يۈرىدىغان مۇنداق بىمەنە ئىشنى تاشلاي. سەن دەپ باققىنە، خوتۇندىن بىرنى ئالسام بولارمۇ ياكى ئىككىنى؟ ••• سەندىن مەسلىھەت سورىسامغۇ ھەقىچان «چامىڭ يەتسە ئوننى

ئال! » دەيسەن. مەن ئۇنداق ئۆزۈمگە ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىك تاپىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس. ئەمما ساڭا ۋاقتى - ۋاقتىدا يەم بېرىپ، ئېغىللىرىڭنى سۈپۈرۈپ تۇرىدىغان بىر - ئىككى چاكار ياللىشىم مۇمكىن. يەنە ئاشپەز، باغۋەن، مەپىكەش دېگەندەك خىزمەتكارلارنىمۇ ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. زېرىككەندە كۆڭلىمىزنى ئاچىدىغان نەغمىچىلەر بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ئۇ چاغدا بىز يەپ - ئىچىپ ئېغىناپ يېتىپ سەمرىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. سەن بەلكىم بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئارغامچىنى ئۈزۈپ چىقىپ، چىشى دوستلىرىڭنى ئىزدەپ ناشايىن ئىشلارغا بېرىلىپ كېتەرسەن ھەقىچان!... شۇڭا دانالار: بىر ئادەمگە، بىر ئېشەككە سېمىزلىك ياراشمايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. ئىنساپ بىلەن ئېيتقاندا، بۇ كىشىنىڭ ھەققى. ئۇنى بىھۇدە سەرپ قىلىشقا ھەققىمىز يوق. ھېلىقى ئەقىلسىز چوكاننىڭ بۇ ئالتۇنلارنى بىزگە تاشلاپ كېتىپ ئوشۇقچە باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگىنىنى قارىمامدىغان. ھاياتلا بولساق زېمىننىڭ بىر يېرىدە ئۇلار بىلەن يەنە دوقۇرۇشۇپ قالارمىز... قارا، بىز شۇ چوكاننىڭ ئىسمىنىمۇ سورىۋالماپتىمىز، شۇنچە كۈنلەر بىللە يۈرۈپ ئۇمۇ مېنىڭ ئىسمىمنىڭ نېمىلىكىنى سوراپ قويماپتۇ. نېمىدېگەن غەلىتە ئىش - ھە!؟... تەقدىر ئۇلارنى يەنە بىز بىلەن ئۇچراشتۇرغان چاغدا، بەلكىم شاھزادە چوڭلا ئادەم بولۇپ كېتەر، ئەمما بىز چوكاننى چوقۇم تونۇۋالالايمىز...

ئېشەك تۇيۇقسىزلا ئىتتىك مىڭىپ كېتىۋىدى، سۈپۈرگە ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

— ھەي سەن ھارامدىن بولغان، — دەپ خاپا بولۇپ كەتتى ئۇ ئېشەككە، — مېنى يىقىلىپ ئۆلسۇن، ئالتۇنلار ئۆزۈمگىلا قالسۇن، پۇلنى ئايىماي خەجلەپ يۈزلەپ خوتۇن ئالاي، دېمەكچىمۇ سەن؟...

سۈپۈرگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ سۆزدىن توختاپ قالدى.

يىراقتىن بىر يېزىنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈنگەن بولۇپ، ئېشەك شۇ يەردە توختاپ ئارام ئېلىشقا ئالدىرىغانىدى. سۇپۇرگە ئېشەككە ۋارقىراپ كەتتى:

— توختا!... سەن بۇگۈن نېمە بولدۇڭ، توختا، شۇ قىلغىنىڭغا مەن بۇگۈن ساڭا بىر ئوچۇممۇ يەم بەرمەيمەن. — دەپ ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى ئۇ، — قارا، ئاۋۇ يەرگە نېمانچە كۆپ ئادەم يىغىلىۋالغان؟

يېزىغا كىرىپ كېتىدىغان يول ئۈستىدىكى كۆۋرۈك يېنىغا بىر توپ ئادەم ئولىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار نېمىلەر توغرىسىدۇر غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى. قىزىقچىلىق كۆرۈشكە خۇشتار سۇپۇرگە ئېشەكنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى. ئادەملەر توپىغا يېقىنلاشقاندا ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ، توپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە ئادەم ئېگىشىپ قاراۋاتقان يەرگە قىستىلىپ ئۆتتى. «سۇبھانالللا!» سۇپۇرگە ئۇ يەردە يولنىڭ توپىسىغا مىلىنىپ ياتقان بىر جەسەتنى كۆردى. بۇ ھېلىقى بوۋاق شاھزادىنىڭ جەسىتى ئىدى. جەسەتنىڭ بېشىنى كىمدۇر بىرى ئەكېلىپ كەتكەنىدى.

— مەن سەھەردىلا ئۆيدىن چىقىپ، سۇ ئېلىش ئۈچۈن بۇ كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتىم، — دەپ ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى يېڭى كەلگەن ھەربىر ئادەمگە ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى بىر بوۋاي، — قارىسام، بىر خوتۇن قولىدا ئەنە ئاۋۇ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ دۈگىلۈك تەرەپتىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپتۇ. بىزنىڭ يېزىغا ئەتىگەندە كېلىۋاتقان بۇ كىمدۇر ئۆزى؟— دەپ قالدىم. شۇ چاغدا، مانا بۇ يولنىڭ ئەگمىسىدىنلا بىرنەچچە ئاتلىق لەشكەرلەر چىقىپ قالدى. ھېلىقى ئاتلىقلار ئايالنى كۆرۈپ «ھەي خوتۇن، توختا! نەگە كېتىپ بارىسەن، توختا!» دەپ ۋارقىرىدى. مەن بۇ گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردۇم. ھېلىقى ئايال قولىدىكى بالىسىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، كۆۋرۈك

تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئاتلىقلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ بىردەمدىلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. مانا، مۇشۇ كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. يائاللا! ئۆمرۈمدە مەن ئۇنداق قاۋۇل خوتۇننى كۆرمىگەنىكەنمەن. ئۇ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ بېشىغا قامچا سالغان لەشكەرنى بىر تارتىپلا ئاتنىڭ ئۈستىدىن سۆرەپ چۈشتى. قولىدىكى بالىسىنى تارتىۋالماقچى بولغان يەنە بىرىنى بىر تېپىپ بىلەن ئارقىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى. بالا خىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. لەشكەرلەر قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىشتى. مەن قورقىنىمدىن ئەنە ئاۋۇ چاتقاللىقنىڭ ئارقىسىغا دۈملا چۈشۈپ مۆكۈنۈۋالدىم. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشكىنى، قىلىچلارنىڭ نېمىلەرگىدۇر ئۇرۇلۇپ جاراڭلىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بىر چاغدا پاتىپاراقچىلىق بېسىلغاندەك بولدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، لەشكەرلەر كىيىم - كېچەكلىرىنى قېقىپ، ئېتىنىڭ تۆشباغلىرىنى چىڭىتىۋېتىپتۇ. بىر لەشكەر [illegible]ن بىرنېمىنى ئېلىپ بىر خالتىغا سېلىپ، ئاتقا غانجۇغىلىغاندەك قىلىپ قالدى. ئاندىن ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئارقىسىغا يېنىپ كېتىشتى. قورقىنىمدىن پۇت - قولۇمدا جان قالماپتۇ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىنمۇ خېلىغىچە ئورنۇمدىن تۇرالماي قالدىم.

— ئىشتانچۇ، ئىشتىنىڭغۇ ساقتۇ، بوۋا؟— دەپ چاقچاق قىلدى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا.

— چاقچىقىڭنى قوي!— دەپ تېرىكتى بوۋاي، — شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ كېلىپ قارىسام، بۇ يەردە بالىنىڭ جەسىتى يېتىپتۇ، كاللىسى يوق. ئەرۋاھىم ئۇركتى. سۇنىمۇ ئالماي مەھەللىگە قاراپ يۈگۈردۈم، مەھەللىدىكىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ ئادەم باشلاپ كەلدىم. مانا شۇ گەپ!...

— ئايالچۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى سۇپۇرگە بوۋاينىڭ

گېپى ئاخىرلىششى بىلەن.

— شۇنىڭغا ئەقلىم ھەيران، ئايالنىڭ نەگە يوقىلىپ كەتكىنىنى مەنمۇ بىلەلمەي قالدىم.

— بەلكى، قورققىنىڭدىن سەن ئوبدانراق سەپسالمىغانسەن! ئۇلار ئايالنى باغلاپ ئەكەتكەندۇر؟

— ياق، ياق!— دەپ بېشىنى سىلكىپ رەت قىلدى بوۋاي، ئۆزۈم قېرى بولساممۇ، كۆزۈم خېلى روشەن. ئۇلار ھەربىر ئاتنىڭ ئۈستىدە بىردىنلا لەشكەر ئولتۇرۇپ كېتىشتى. مەن ئېنىق كۆردۈم. ئۇلار يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلىپ ئۇياق - بۇياققا قاراپمۇ ھېلىقى ئايالنىڭ قارىسىنى كۆرمىدىم. ياكى ئۇ قېچىپ جېنىنى دالدىغا ئالغاندۇر؟

— ئۇ قاچقان تەقدىردە ئاتلىق لەشكەرلەر بىردەمدىلا قوغلاپ يېتىدۇغۇ؟! . . .

— ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتىمۇ - يە!— دەپ كۈلۈپ قويدى بوۋاي.

سۇپۇرگە خۇددى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايالنى كۆرىدىغاندەك ئاسمانغا قاراپ قويدى. ئەتراپتىكىلەر يەنە بۇ ۋەقە ھەققىدىكى غۇلغۇلىغا چۈشۈپ كەتتى. سۇپۇرگىنىڭ يەردە ياتقان جەسەتكە قاراپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. قانداقلا بولسۇن، ئۇ بۇ بالا شاھزادە بىلەن بىرقانچە كۈن بىللە ھەمسەپەر بولغانىدى. سۇپۇرگە توپنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئېشىكىگە مىندى - دە، كۆپچىلىككە قاراپ ئۈنلۈك سۆزلىدى:

— ھاي خالايىق، ماڭا قاراڭلار. مەن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچىمەن. كاللىسى ئېلىنغان بۇ بالىنىڭ كىملىكىنى سىلەرمۇ بىلمەيدىكەنسىلەر، مەنمۇ بىلمەيمەن. مەيلى كىم بولسۇن، ئۇنىڭ جەسىتى يول ئۈستىدە، مۇشۇنداق ئوچۇقچىلىقتا تاشلىنىپ تۇرسا بولمايدۇ - دە! قاراڭلار، جەسەتكە چىۋىن ئولاشقىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئۆلگەن نارەسىدە ئۈچۈن مەن

ئازراق پۇل سادىغا قىلاي، سىلەر ئۇنى كۆمۈۋېتىڭلار. . . خوش، ئاۋۇ توپىغا مىلىنىپ تۇرغان نېمە ئۇ؟ . . . مارجانمۇ، تۇمارمۇ؟ ئېھتىمال بوۋاقنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ بوينىدىن چۈشۈپ قالغان نەرسە بولسا كېرەك. ئۇنى ماڭا ئېلىپ بېرىڭلار. بەرگەن پۇلۇمنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۇنى مەن خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قوياي.

كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا توپىغا كۆمۈلۈپ قالاي دېگەن قاپقارا نەرسىنى سۇپۇرگىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئېشەكنىڭ ئۇستىدىن تۇرۇپلا بايقىغانىدى. كىمدۇر بىرى ئۇنى ئېگىشىپ قولىغا ئالدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كىشىمۇ ئۇنى قولىغا ئېلىپ قىزىقىپ قارىدى. بۇ ئۈچ بۇرجەك شەكىلدىكى، قارا مەخمەلگە ئوراپ، قارا يىپەك بوغقۇچقا باغلانغان ئاددىيلا بىر تۇمار ئىدى. ئاخىرىدا تۇمارنى ھېلىقى ھېكايىچى بوۋاي قولىغا ئالدى. ئۇياق-بۇيىقىغا ئۆرۈپ ئوبدان قارىدى - دە، سۇپۇرگىگە بەردى. سۇپۇرگە قويىنىدىن بىرنەچچە تىللانى ئېلىپ بوۋاينىڭ ئالىقىنىغا تاشلىدى ۋە خوشلىشىپ يولىغا ماڭدى.

سۇپۇرگە ئېشىكىنى دېۋىتىپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. «دېمەك، — دەيتتى سۇپۇرگە ئۆز - ئۆزىگە، — ئوردىنىڭ شاھزادىنى ئىزدەپ چىققان لەشكەرلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئەكېتىپتۇ. ئۇلارغا ئوردىدا بۇ قاچقۇن شاھزادىنىڭ كاللىسى ئۈچۈن نۇرغۇن مۇكاپات بېرىشىدۇ. سىرلىق يېرى، ھېلىقى چوكان قەيەرگە غايىب بولدى؟ . . .»

سۇپۇرگە ئەمدى ئۇ چوكاننىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندى. بولمىسا ئۇ، بىرقانچە ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ قانداق غايىب بولۇپ كېتەلەيدۇ؟ «ھەممىدىن قىزىقى، - دەيتتى ئۇ ئېشىكىگە قاراپ، — شۇ ئالۋاستى بىلەن مەن قانچە كۈن بىر داستىخاندا تاماق يەپ، ئۇنى قوينۇمدا ئېلىپ يېتىپتىمەن. سەن ئۇنى بەزىدە ئۇستۇڭگە مىندۇرۇپ مېڭىپسەن ... ئەگەر چوكان كېچىدە كەپىدىن كېتىپ قالمىغان بولسا قانداق

بولاتتىكىن؟ ئۇ چاغدا خاننىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى بايقىماي چوڭ يول بىلەن ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئۇلارنى كەينىڭ ئىچىدىن تېپىۋالغان بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا لەشكەرلەر شاھزادىگە قوشۇپ مېنىڭ كاللامنىمۇ ئالغان بولاتتى. قاتتىقراق ھاڭراپ كەتكەن بولساڭ سېنىڭ بېشىڭنىمۇ ساق قويماس ئىدى. چۈنكى بىز ئىككىمىز ھېلىقى چوكاندەك غايىب بولۇپ كېتەلمەيمىز ـ دە! خۇدا بالا ـ قازادىن ئۆزۈڭ بىر ساقلاپسەن! ـ دەپ شۈركۈنۈپ كەتتى سۈپۈرگە، — ئەمدى بۇ غەلىتە قىسمەت مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشامدۇ ياكى يەنە داۋامى بارمۇ؟ بىلگۈچى ئۆزۈڭ! قان تۆكۈلگەنىكەن، ئۇنىڭ قىساسى بولىدۇ؛ زورايغانلارنىڭ ئاجىزلىمايدىغىنى يوق، سەلتەنەت ھېچكىم ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئەمەس. . . ھەر ھالدا مەن بۇ تۇمارنى ساقلاپ قوياي، قېنى، قەدىمىڭنى ئىلداملات ئېشىكىم، خەتەر يۈز بەرگەن جايدىن يىراق بولماق دۇرۇس!»

## يەتتىنچى باب

# سېپىلسىز شەھەر

شۇنىڭدىن كېيىنكى يوللارنى جاھانكەزدى سۈپۈرگە يالغۇز باستى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز قۇملۇقلار، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان توغراقلىق جاڭگاللار، تونۇش يوللار يېيىلىپ ياتاتتى. بۇ يەردە بولسا ئادەم ئاز، خىيال سۈرۈشكە ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى. . . تۇغۇلغان شەھىرىگە يېقىنلاشقانسېرى سۈپۈرگە ھېلىقى سىرلىق چوكان ۋە بالا شاھزادە توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ

قالدى. سۇپۇرگە ئۆزىنىڭ جاھانكەزدىلىك ئۆمرىدە نېمىلەرنى كۆرمىگەن دەيسىز؟ چوكان بىلەن شاھزادە ۋەقەسى ئۇنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىدە بىرنەچچە قۇرلا ئاددىي خاتىرە بولۇپ يېزىلىپ قالدى، خالاس. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىنى يۇرتىنى كۆرۈش، يۇرتداشلىرى بىلەن دىدارلىشىش شادلىقى قاپلىغانىدى. ئۇ ئېشىكىنىڭ ئۈستىدە قىيپاش ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۆز ناخشىسىدا ئاددىي دېھقان قىزىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى، بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن ئۆيىگە ئالدىراۋاتقان ئىشلەمچىنى، قويلىرىنى چۆپكە قويۇۋېتىپ خىيالغا پاتقان چوپاننى... تۇل خوتۇننىڭ يالغۇزلۇقى، يىراق بىر جاڭگالدىكى يالغۇز ئاياغ يول، خىلۋەت بۇلاق بېشىدا ئېچىلغان ياۋا گۈللەر، چەكسىز ئالەم، قۇدرەتلىك ئىلاھ، شاھنىڭ قەھرى، ۋەزىرلەرنىڭ ئەخمەقلىقى، ئامەتتى قاچقان قىمارۋازنىڭ نادامىتى، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا... يەنە شۇنداق نۇرغۇن نەرسىلەر توغرىسىدا كۈيلەيتتى.

سۇپۇرگە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر باشقا ھېچبىر شەھەرگە ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭ نە ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ئېگىز سېپىل، نە ئادەملىرىگە دەھشەت سېلىپ تۇرىدىغان پادىشاھى يوق ئىدى. تەكلىماكاننىڭ ئەتراپىدىكى بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئورنىنى ھازىرقى زاماننىڭ ھېچبىر خەرىتىلىرى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بەلكى ئۇ دەھشەتلىك بورانلار تەسىرىدە قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغاندۇر ياكى باشقا بىرەر تەبىئىي ئاپەت، ئۇرۇش - جاڭجاللار سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ يوقالغاندۇر؛ ئەمما بىر زامانلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى، ئادەملىرىنىڭ مەرد، خۇش خۇي، مېھماندوستلۇقى بىلەن نۇرغۇن ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرىنى جەلپ قىلغانىدى.

كېچىلىرى شەھەر مەسچىتلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك راۋاقلىرى ئۈستىدىكى ھىلال ئاي بەلگىلەر ئۈچلۇق ئۈچلىرى بىلەن يۇلتۇزلۇق كۆككە سانجىلىپ سوغۇق پارقىرايتتى. تاش

پەلەمپەيلەر، سودىگەرلەر ئايۋانلىرىنىڭ نەقىشلىك تۈۋرۈكلىرى غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا كىشىگە سىرلىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى. سەھەردە مەسچىتلەرنىڭ ئېگىز پەشتاقلىرى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ شەھەر ئويغىنىپ ھەرىكەتكە كېلەتتى. قايسىبىر ئىشىكلەر غىچىرلاپ ئېچىلىپ، بوۋايلار يۆتەلگىنىچە تەرەت چۆگۈنلىرىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقىشاتتى. شەھەر مەدىكارلىرى پۈتۈن شەھەرنى چاڭغا كۆمۈپ كوچىلارنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىشاتتى. . . شەھەرنىڭ بىر چېتىدىكى ئېگىز يارلىق ئۈستىگە كەمبەغەللەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاددىي توپا تام ئۆيلەر، شور بولۇپ پاكارلاپ كەتكەن كونا تاملار، ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلار، ئۇششاق باللار تولا چىقىۋېرىپ دۈمچەيتىۋەتكەن قېرى ئۈجمە دەرەخلىرى يەنە ئۆزىگە خاس بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا، يارلىقلاردىن تۆۋەندىكى بۇلاقلارغا قاراپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ئاياغ يوللاردا قىزلارنىڭ ئالىيېشىل كۆڭنەكلىرى كۆزنى چاقنىتاتتى. قىزلار كوزىلىرىنى يار ئاستىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە پاتۇرۇپ ئېلىپ قەددىنى رۇسلىشاتتى - دە، كوزىلىرىنى كۆتۈرۈپ يەنە يۇقىرىلاپ كېتىشەتتى. ئادەملەر ئەتىگەنلىك نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا بازارغا ئالدىرىشاتتى. بازار ئىچىدە ئاشپەزلەرنىڭ مورىسىدىن چىققان قويۇق كۆكۈچ ئىسلار تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى، چايچىلارنىڭ ئوچاق بېشىدىكى چەينەكلىرى كۆڭۈللۈك شىڭىلدايتتى. شەھەر كەمبەغەللىرى ئادەتتە مۇشۇنداق چايخانىلارنىڭ ئاددىي بورا تاشلانغان سۇپىلىرىدا ئولتۇرۇپ، سەھەرنىڭ سالقىنىدىن ھۇزۇرلىنىپ ناشتا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئېگىز قۇم بارخانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يىراقلاردىن بۇ شەھەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كارۋانلارنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن ئېگىز سېپىللار ئەمەس، چوڭ بىر يېشىل بوستانلىق

كۆرۈنەتتى. مۇنداق چاغلاردا چۆل يوللىرىدا چاڭقاپ هالسىزلانغان يولۇچىلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، تۆگىلەر ئىختىيارسىز قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتەتتى. كارۋان كولدۇرمىلىرىنىڭ ئاۋازى يەنە باشقىچە ياڭرايتتى. ئۈنۈملۈك ئېتىزلار، سۇغا تولۇپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭلەر، خۇش پۇراق مېۋىلىك باغلارنى ئارىلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، شەھەرنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلايتتى. ئاز ئۆتمەي بۇ كارۋانلار تۆگە، قېچىرلىرىنى هەيدەپ، شەھەر كوچىلىرىنى قوڭغۇراق ۋە كولدۇرمىلارنىڭ هەر خىل سادالىرى بىلەن جانلاندۇرۇپ كىرىپ كېلىشەتتى. تەجرىبىلىك سارايۋەنلەر ئۇزۇن چۆل يوللىرىنى بېسىپ كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ كىيىملىرىگە قونغان چاڭدىنلا قايسى يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى پەملەپ بولاتتى.

جاهانكەزدى سۇپۇرگە نەق چۈش مەزگىلىدە ئۆز شەهىرىگە يېتىپ كەلدى. شەهەر مەيدانى ئالارمەن - ساتارمەنلەرنىڭ قىزغىن چۇقانلىرى بىلەن تەۋرەپ تۇراتتى، سۇپۇرگە ئېشىكىنى يېتىلەپ، كىشىلەر توپىنى ئارىلاپ، بۇرادەرلىرى بىلەن قىزغىن ئامانلىشىپ ماڭدى.

— قاراڭلار، بىزنىڭ جاهانكەزدى سۇپۇرگە قايتىپ كېلىپتۇ! - دەپ ۋارقىرىۋەتتى بىر باققال، — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قاياقتىن كېلىشىڭ؟

— هاي سۇپۇرگە! — دەيتتى يەنە بىر سودىگەر، — دۇكانغا مەرهەمەت قىل، ئۇستۇڭدىكى چاپان - چارىلىرىڭ ئۆڭۈپ كېتىپتۇ. رەختلىرىمدىن خالىغىنىڭچە يىرتىۋال... هېچ بولمىغاندا، نېمە قىزىقچىلىقلارنى كۆردۈڭ، بىزنىمۇ خەۋەردار قىلىپ قوي!

— سۇپۇرگەئاخۇن، — دەپ دۇكىنىنى شەرەتلەيتتى قورساقلىق ئاشپەز، — هارغانسەن، دۇكىنىمدىن بەش مانتا يەپ كەت.

— سۈپۈرگىغۇ بۇ! — دەپ قىزغىن توۋلىۋەتتى تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان قوللىرى بىلەن بولقىسىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان تۆمۈرچى، — توختا، ئىشىكىڭنىڭ تاقىسى ئۈپراپ تۈگىگەندۇر؟ مەن ئەڭ ياخشى مىخلار بىلەن تاقا ئۇرۇپ بېرەي. . .

سۈپۈرگە ھەممە بىلەن سالاملىشىپ، ئۇلارغا ئۆز لايىقىدا ئۈزرىسىنى ئېيتىپ ئۆتەتتى. ئۇ خېرىدارلار بىلەن تولۇپ تۇرغان چايخانىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئېشىكىنى ئىشىك ئالدىدىكى موم ياغاچقا باغلىدى. ھاردۇق يەتكەن ئېشەك كىملەرنىڭدۇر ئۇلاغلىرىدىن ئېشىپ قالغان بېدە قالدۇقلىرىنى قېلىن كالپۇكلىرى بىلەن يىغىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن يالمىغىلى تۇردى.

— جاھانكەزدى، جاھانكەزدى سۈپۈرگە قايتىپ كەپتۇ! — دېيىشىپ تەۋرەپ كەتتى چايخانىدىكىلەر.

سۈپۈرگە چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىدىكى چاڭلارنى قېقىپ، سالام بىلەن چايخانىغا قەدەم قويدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شەھىرىمىزنىڭ بىغەم پۇقرالىرى!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يۇقىرى ئۆت، سۈپۈرگە!

ئادەملەر سىغدىلىپ سۈپۈرگىگە ئورۇن بوشاتتى. بۇ يۇرتتىكىلەر ئۈچۈن چايخانا چاي ئىچىپ ئارام ئېلىش، مۇڭدىشىش سورۇنى ئىدى. سۆز ئارىسىدا يەنە بەزى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىمۇ پۈتۈپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ھەممە جىمىپ، چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى يىغىپ، قىستىلىپ ئولتۇرۇۋاتقان سۈپۈرگىگە كۆز تىكىشتى.

— خوش، سۈپۈرگە، ئۇزۇن بولدى كۆرمىدۇقۇ؟ سەپەر قاياقتىن؟

— جاھان كەزدىم.

— شۇنداق، ساڭا «جاھانكەزدى» دېگەن نام بىكار قويۇلمىغان ـ دە، نەلەردە بولدۇڭ؟

— ئاجايىپ شەھەرلەرنى، خىلمۇ خىل خەلقلەرنى ئارىلىدىم. لېكىن، دۇنيادا ئۆز يۇرتۇم بۇلاقلىرىنىڭ سۇيىدەك تاتلىق سۇنى تېتىپ باقمىدىم. سىلەردەك باياشات ۋە بىغەم ياشاۋاتقان ئەلنى كۆرمىدىم.

چايخانىدىكى ئادەملەر بۇ ماختاشتىن ھۇزۇرلاندى، چاققان چايچى سۇپۇرگىگە ئەڭ ياخشى دەملەنگەن چاي، يېڭى قومۇرۇلغان گىردە نانلارنى كەلتۇردى. ئادەملەر سۇپۇرگىدىن توختىماي سوئال سورىشاتتى.

— قېنى ئېيتقىنا، بۇ قېتىمقى سەپىرىڭدە قانداق ئاجايىپ ۋەقەلەرگە يولۇقتۇڭ؟

— قۇياشنىڭ ھەممە يەردە ئەتىگىنى مەشرىقتىن چىقىپ، كەچتە مەغرىبكە پېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، — دېدى سۇپۇرگە قولىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى كاپ ئېتىپ تۇرۇپ، — قولى باغلاقلىق پالۋانلار دار ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ھېكمەت ئىگىلىرى زىندانلاردا چىرىۋېتىپتۇ. بىلىمسىز، مەككارلار جاھان سوراۋېتىپتۇ، بىر نانغا زار يوقسۇللارنى، ئەركىنلىكنى يوقاتقان قۇللارنى كۆردۇم؛ ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان شاھ ئوردىلىرىدا مۇھەببەت ۋە قۇياش نۇرىغا تەشنا بولۇپ ياتقان نازىنىنلارنىڭ ھەسرەتلىرىنى ئاڭلىدىم...

— نېمە، سېنى بىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا بوپتۇ، دەيدۇغۇ؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن.

— ئېسىمدە يوق، — دېدى سۇپۇرگە ئالدىدىكى قىزىق چاينى ئوتلاپ تۇرۇپ.

— بىز شۇنداق ئاڭلىدۇق، سەن شاھ ھۇزۇرىدا كاتتا ھۆرمەتكە ئېرىشىپتۇدەكسەن، پادىشاھ سېنى ئەمەلدار بولۇشقا تەكلىپ قىلىپتۇ، ھەتتا ئۇ ساڭا قىزىنىمۇ بەرمەكچى بولۇپتۇدەك.

— راست، شۇنداقمۇ بىر ئىش بولغان، — دەپ ئېسىگە

ئالدى سۇپۇرگە، — يىراق بىر يەردە، ئېگىز تاغلارنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بىر يۇرتنى كەزدىم. بۇ كىچىك بىر پادىشاھلىققا قارايدىغان يەرلەر ئىكەن. شاھ مېنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىردى. ناھايىتى ئوبدان مېھمان قىلدى. ئۇ مېنى يىراق بىر ئەلدىن كەلگەن ئۇستا تېۋىپ ياكى بىر سېھىرگەر دەپ قالغان ئوخشايدۇ. ئاخىرىدا: «ئازاب چېكىۋاتقان بىر قىزىم بار ئىدى، كۆرۈپ باقساڭ» دېدى. مېھماندارچىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ماقۇل بولدۇم. ئوردا ئىچىدىكى خاس بىر باغچىغا كىردۇق. قىز شۇ يەردە، گۈللۈكلەر ئىچىدىكى ھۇجرىسىدا تۇرىدىكەن. قىزنىڭ گۈزەللىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ. ئەمما ئەقلى جايىدا ئەمەس ئىكەن، تاماق بەرسە يەيدىكەن، بولمىسا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇۋېرىدىكەن، مېنىڭ نېمە ئامالىم بار، دەيسىلەر؟ پادىشاھقا:

— ئاللا ئەڭ يېقىن بەندىلىرىنىڭ بېشىغا ئەڭ مۇشكۇل كۈنلەرنى سېلىپ سىنايدۇ، ئۇنىڭ داۋاسىنى يەنە ياراتقان ئىگەم بىز ئويلىمىغان بىر كۈنى، خىلمۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن يەتكۈزىدۇ. سەبرى قىلسىلا، شاھىم،— دەپ تەسەللى بەردىم. شاھ:

— گېپىڭ توغرا، ئۇنى كۆرسەتمىگەن تېۋىپ، قىلمىغان داۋايىم قالمىدى، دوست - دۈشمىنىم كۆپ، قىزىمنىڭ ئەھۋالىنى بۇ يەردىكىلەرگە كۆرسىتىپ كۈلكىگە قېلىشنى خالىمايمەن. خالىساڭ شۇ قىزىمنى سەن ئېلىكىڭگە ئال، ساڭا يېتەرلىك مال - دۇنيا بېرەي، قىزىمنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە يىراقلارغا ئەكەت، — دېدى.

— سەن نېمە دېدىڭ؟— دېدى بىرنەچچەيلەن تەڭلا.

— سەپەردىكى ئادەممەن، دەپ ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىكنى يۈكلىنىۋېلىشنى خالىمىدىم.

— ئەمدى سەيياھلىق تۇرمۇشۇڭنى قوي،— دېدى يېشى

سۇپۇرگە بىلەن دېمەتلىك بىرەيلەن، — قارا، سەن بىلەن تەڭتۇش ھەربىرىمىزنىڭ ھازىر ئۈچ - تۆتتىن بالىلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ تويلىرىنى قىلىپ نەۋرە كۆرگىلى تۇردۇق، جاھاننىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلار بىلەنمۇ بولىدىغان قىزىقىنى كۆر. قىز-چوكانلىرىمىز بىر - بىرلەپ يېتىلىشىۋاتىدۇ، ھېچ ئەلنىڭكىدىن قالغۇچىلىكى يوق.

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — مانا خالىساڭ مەن ساڭا قىزىمنى بېرەي.

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، — دېدى سۇپۇرگە، - مەن قىز بالىغا لايىق بولىدىغان ياشتىن ئۆتۈپ كەتتىم.

— توۋا! — دېدى بىر بوۋاي، — مانا بىزنىڭ سۇپۇرگە شۇنچە كۆپ جاھانلارنى كېزىپتۇ، مەن بولسام شۇ ياشقا كىرگۈچە يېقىن ئەتراپتىكى سەھرالارغىمۇ بېرىپ باقماپتىمەن.

— بولمىسا، سۇپۇرگە ئېيتقان ھېلىقى پادىشاھلىققا بىر بېرىپ، شاھنىڭ قىزىنى ئېلىپلا كېلەمسەن - يە، بوۋا؟— دەپ چاقچاق قىلدى بىرى.

— راست، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى بىر سودىگەر، — سەن ئۇنى شاھ بەرگەن مال - دۇنيا بىلەن ئەكېلىپ ئۆيۈڭگە تاشلاپ قوي، بىر يەرگە تىكىلگىنىڭچە ئولتۇرسا ئولتۇرۇۋەرسۇن. سەنمۇ مال - دۇنيانى بولۇشىغا خەجلەپ ئويۇنۇڭنى ئويناۋەر، تاماق يېمەيدىغان خوتۇن بولسا تېخى ياخشى-دە!

شۇنىڭ بىلەن چايخانا ئىچىدە كۈلكە - چاقچاق قايناپ كەتتى.

سۇپۇرگە يۇرتداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ چاي ئىچىپ ئولتۇرغان شۇ پەيتتە، ياقا يۇرتتىن كەلگەن غەيرىي ئۈچ - تۆت ئادەم بازار مەيدانىنى ئارىلاپ يۈرەتتى. بۇ شەھەرنىڭ بەگلىرى

كىم؟ بۇ شەھەر قايسى پادىشاھلىقىقا قارايدۇ؟ دېگەن سوئاللار ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى. ئۇلارنىڭ شەھەر چېتىدىكى بىر سارايغا چۈشۈپ، ئات - ئۇلاغلىرىنى سارايۋەنگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، بۇ شەھەرنى مۇشۇنداق ئارىلاپ يۈرگىنىگە ئىككى - ئۈچ كۈن بولۇپ قالغانىدى.

ئۇلار بۇ يەردىكى ھەممە نېمىگە ھاڭۋاقىنىچە ھەيران بولۇپ قارايتتى. سېخىي قۇياش ئۆز نۇرىنى شەھەر ئۈستىگە تۆكۈشى بىلەن تەڭ بۇ شەھەرنىڭ رەستىلىرى ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭىغا چۆمەتتى. كارۋان باشلىرى سارايلاردا ئېغىر تېڭىقلىرىنى يېشىشكە باشلايتتى. بىردەمدىلا ئۇلار ئۆز ماللىرىنى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ بازار مەيدانىغا ئاچىقىپ يېيىپ سودا - سېتىقىنى باشلىۋېتەتتى. بازار تۆت تەرەپتىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان كاسىپلار، دېھقانلار، مەدىكارلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى، ئېلىپساتارلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى بىلەن جانلىنىپ كېتەتتى. بۇ يەردە يىراق شەرقنىڭ جانان چىنە - قاچا، ئۈنچە - مەرۋايىت، تاۋار- دۇردۇنلىرى كۆزنى قاماشتۇرسا، ئۇ يەردە ھىندى، تىبەت سودىگەرلىرىنىڭ ھەر خىل بوياق، دورا- دەرمانلىرىنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغنى ياراتتى؛ بىر يەردە قەشقەر چەكمەنلىرى، كۇچا ئەلتېرلىرى، خوتەننىڭ گىلەم، ئەتلەسلىرى قۇياش نۇرىدا ئوتتەك تاۋلىنىپ تۇرسا، يەنە بىر يەردە كۇلالچىلار چىۋىق بىلەن كوزىلىرىنى جاڭگىلدىتىپ ئۇرۇپ ماختايتتى؛ قايسىبىر ئۈستى يېپىق، سالقىن رەستىلەردە ئاجايىپ گۈللەر كەشتىلەنگەن دوپپىلارنى كۆتۈرۈشۈۋالغان ئاياللار خېرىدارلىرى بىلەن قىزغىن سودىلاشسا، يەنە قايسىدۇر بىر كوچىلاردا بولسا مىسكەرچى، تۇنىكىچىلەرنىڭ جاڭگىلدىتىپ ئۇرغان بولقا ئاۋازلىرى قۇلاقنى زىڭىلدىتاتتى. . . بۇ بازاردا مېۋە- چېۋىلەر دانىلاپ ئەمەس، سېۋەتلەپ سېتىلاتتى. نېپىز شاپاق دوپپىسىنى قىرلىۋالغان باققاللار ئۈنىنى بولۇشىغا

قويۇۋېتىپ: «يېۋال ئوغۇل باللار، بىر تويۇشۇڭ مانچە پۇل!»- دەپ ۋارقىرشاتتى. باققاللارنىڭ ئالدىدىكى يوغان، شىرنىلىك شاپتۇللاردىن ھەرقانچە ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپمۇ ئۇن تالدىن ئوشۇق يەپ كەتكىلى بولمايتتى.

ھېلىقى ياقا يۇرتلۇقلار ئۆز ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئۇچراتقان بۇ غەلىتە شەھەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى سوئاللىرىنى ئۆزلىرى چۈشكەن سارايىنىڭ خوجايىنىغا قويدى:

— سىلەرنىڭ بۇ شەھىرىڭلارنىڭ نېمىشقا سېپىلى يوق؟ - دەپ سورىدى ئۇلار سارايۋەندىن.

— نېمە؟ - دېدى سارايۋەن ئۇلارنىڭ سوئالىنى چۈشەنمەي.

— سىلەرنىڭ بۇ شەھىرىڭلار نېمىشقا ئېگىز تاملار بىلەن قورشالمىغان؟— دەپ قايتا چۈشەندۈردى ئۇلار.

— ھە، سېپىل دەمسىلەر؟— دېدى سارايۋەن، —مەنمۇ بۇ شەھەردىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغان. باشقا يۇرتلارغا بېرىپ قايتقانلاردىن ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ شۇنداق ئېگىز تاملىرى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن.

— شۇنداق، شەھەر دېگەننىڭ مۇستەھكەم سېپىللىرى، يوغان دەرۋازىلىرى بولۇشى كېرەك - دە!

— ئۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟— ھەيران بولغان سارايۋەن،— تام بىلەن قورشاپ دەرۋازا قويىدىغانغا شەھەر دېگەن بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىي قورۇ - جايى ئەمەس - دە! ؟ دەپ جىم بولدى.

— ئەگەر شەھىرىڭلارغا دۈشمەن بېسىپ كەلگۈدەك بولسا قانداق قىلىسىلەر؟

— دۈشمەن! ؟ — تېخىمۇ ھەيران بولدى سارايۋەن،- نېمىدەپ شەھىرىمىزگە دۈشمەن بېسىپ كەلگۈدەك؟ خۇداغا شۈكرى، شەھىرىمىزنىڭ ئادەملىرى ھازىرغىچە ھېچكىم بىلەن ئازارلىشىپ باققان ئەمەس. نۇرغۇن ئەللەردىن شەھىرىمىزگە ئادەملەر كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ مېھماندوستلۇقىـ

مىزنى ماختىمايدىغىنى يوق.

— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى كىم؟

— پادىشاھ؟! . . . ھازىرغىچە بىزنىڭ ئۇنداق ئادەمگە ھاجىتىمىز چۈشۈپ باقمىدى. شەھىرىمىزنىڭ ئۆز ئاقساقاللىرى، مۆتىۋەرلىرى بار. پادىشاھسىزمۇ ئۇلار بىلەن ئىشىمىز پۈتۈپ تۇرىدۇ.

— ھېچ بولمىغاندا بۇ شەھەرنىڭ بىرەر ئىگىسى بولسىمۇ باردۇر؟

— ئىگىسى دېدىڭلارما؟ . . . ئىگىسى ئۆزىمىز. مۇشۇ شەھەرنىڭ خەلقلىرى . . .

ھېلىقى ئادەملەر ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. سارايۋەننىڭ جاۋابلىرى ئۇلارنى تازا قانائەتلەندۈرەلمىگەندى. ئىككىنچى بىرى يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى:

— مەسلەن، سىلەر كىمگە سېلىق تۆلەيسىلەر؟

— سېلىق؟! بىز نېمىدەپ سېلىق تۆلەيتتۇق؟ . . . بىز ھېچكىمگە قەرزدار ئەمەسمىز، نېمانداق بىر — بىرىدىن غەلىتە سوئاللارنى سورايدىغان ئادەملەر سىلەر؟ - دەپ ئازراق تېرىككەندەك بولدى سارايۋەن.

— بىزنىڭ دېگىنىمىز، — دەپ سەۋرلىك بىلەن چۈشەندۈردى يەنە بىرەيلەن، - مەسلەن ئالايلى، جامائەت ئورتاق پايدىلىنىدىغان بىرەر يول ياكى بىرەر كۆۋرۈك بۇزۇلغان بولسا، ئۇنى سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟

— ئېيتتىمغۇ، — دېدى سارايۋەن، — بىزنىڭ ئۆز ئاقساقاللىرىمىز بار، ئۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقىپ: ھاي خالايىق، پالانى يول ياكى كۆۋرۈك بۇزۇلۇپتۇ، ياكى بولمىسا پالانى مەزلۇم بەش بالىسى بىلەن تۇل قاپتۇ ياكى پالانى ئۆستەڭنى يار ئەكېتىپتۇ. قېنى، خۇدا يولىدا ئاتىغىنىڭلارنى تاشلاڭلار! دەيدۇ، ھەرقايسىمىز ئۆز قۇربىمىزغا لايىق

تاپقىنىمىزنى بېرىمىز. ئىش مانا شۇنداق پۈتىدۇ!
ساراي ۋەزىرىنىڭ گەپلىرى ھېلىقىلارنىڭ بۇ شەھەرگە بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. دۇنيادا مۇشۇنداق نە پادىشاھى، نە بىرەر ئىگە بولغۇچىسىنىڭمۇ تايىنى يوق شەھەرنىڭ بارلىقىغا ئۇلارنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇلار شەھەر ئارىلاپ سورىغان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ساراي ۋەزىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان جاۋابنى بېرىشتى. يىراق بىر ئەلدىن كېلىپ، بۇ يەردە ماللىرىنى يېيىپ قويۇپ سودا قىلىۋاتقان بىر سودىگەردىن ئۇلار:
— سىلەر ئالغان پايدائىلاردىن بۇ شەھەرگە قانچىلىك باج تاپشۇرۇسىلەر؟ — دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى سودىگەر ئۇلارغا ئالىيىپ قارىدى ـ دە:
— سەنلەر نېمە ئادەم، بۇ يەرگە قەيەردىن كېلىپ قىلىشتىڭ؟ . . . بۇ شەھەردە سودىگەرلەردىن باج ئالىدىغان قانۇن يوق، يوق ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئېسىگە سالماي ئاغزىڭنى يۇمۇش! — دەپ زەردە بىلەن سىلكىۋەتتى.
بۇ غەيرىي ئادەملەر «قۇياش شاھى» پايتەختىدىن كەلگەنلەر ئىدى. «قۇياش شاھى» ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئوردىدىكى بارلىق رەقىبلىرىنى قانلىق قىلىچ بىلەن بويسۇندۇرۇپ شاھلىق تەختكە ئولتۇرغان، ئەڭ كىچىك شاھزادىنىڭ ئوردا ئىچىدىن غايىب بولغانلىقىنى سېزىپ، تەرەپ-تەرەپكە ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ، ئايغاقچىلارنىڭ قاچقان شاھزادىنى تاپماستىن، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالماستىن ئوردىغا قايتماسلىقىنى پەرمان قىلغانىدى. كىمىكى شاھزادىنى تىرىك تۇتۇپ ياكى كاللىسىنى ئېلىپ ئوردىغا يەتكۈزۈپ كەلسە، يۇقىرى مەنسەپ ۋە كۆپ ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغانىدى. سۈپۈرگىنىڭ شەھىرىدە ئايلىنىپ يۈرگەن غەيرىي ئادەملەر شاھزادىنى ئىزدەپ چىققان

ئايغاقچىلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇلارنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى شەھەر سىرتىدا ھەر كۈنى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بەزمىلەر بولدى.

ھەر كۈنى، قۇياش قىيسىپ سايىلەر ئۇزىرىشقا باشلىغاندا، شەھەرگە يىراق - يېقىندىن سودا - سېتىققا كىرگەن ئادەملەر ئالدىغىنىنى ئېلىپ، ساتىدىغىنىنى سېتىپ بولۇپ، شەھەر سىرتىدىكى ھاۋالىق جايلارغا ئارام ئېلىشقا يىغىلاتتى. بۇ يەردە ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمىلەر ئەۋج ئالاتتى. كىشىلەر ئوتتۇرىغا كەڭ مەيدان قالدۇرۇپ، دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇپ تاماشا كۆرۈشەتتى. نەغمىچىلەر داپ، ساتار، تاش، قوشۇق، لېگەن، تاۋاق... ئېشقىلىپ قولىغا چىققان ھەرقانداق نەرسىدىن رېتىملىق سادا چىقىرىپ بىر - بىرىگە تەڭكەش قىلاتتى. كىملەردۇر سۇ تەڭشەلگەن چىنىلەرنى چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ، زىل ئاۋاز چىقىرىپ جور بولاتتى. ناخشىچىلار خۇدىنى يوقاتقان ھالدا بېرىلىپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى گويا بوراننىڭ گۇركىرىشى، بۇقىلارنىڭ ھاكىرىشى، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشىغا، بەزىدە بولسا قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، تاغ سۇلىرىنىڭ شىدىرلاپ ئېقىشلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىدە چۆللەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان شۇ ئادەملەرنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرقى، كەلگۈسى، مۇھەببەت - نەپرىتى، ئارزۇ-ئارمان، چۈش ۋە خىياللىرىنىڭ ھەممىسى سۆزلىنەتتى. نەغمە تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، مەيدانغا ئەر - ئايال ئۇسسۇلچىلار چۈشەتتى. قىران يىگىتلەر قوللىرىنى بۈركۈتنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، تاغ تېكىلىرىدەك سەكرەپ پەرۋاز قىلىشاتتى. لىۋەن چوكانلار قۇملۇققا تۆكۈلگەن توغراق ياپراقچىلىرىنى شامال ئۇچۇرغاندەك، تىنچ سۇ يۈزىدىن ئۇششاق دولقۇنلار جىمىرلاپ ئۆتكەندەك يېنىك قەدەم ئېلىشاتتى. سازەندىلەر گاھ ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاپ، گاھ ئۆزىنى ئالدى - كەينىگە تاشلاپ پۈتۈن

ۋوجۇدى بىلەن نەغمە قىلاتتى. ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازى كانىيىدىن نەمەس، نەق يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقاتتى. ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەممە ئۈگىلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ گويا شۇ نەغمە ساداسى ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرى ئېرىپ يۇمشاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. نەغمە تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە تەراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارمۇ بىر - بىرلەپ مەيدانغا چۈشۈپ قاينام ھاسىل قىلاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئاسماندىكى بۇلۇت، ئەتراپتىكى تاغ - داۋان، چۆللۈكلەر ھەتتا پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئۆزىمۇ شۇ ئادەملەر بىلەن بىللە پىرقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ قېنى تومۇرلاردا پۇرۇقلاپ قاينايتتى. دۇنيادا ئۆلۈم، جاھاندارچىلىق، ئىش - ئوقەت، ئۇيقۇ، تاماق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ، پەقەت ئەشۇ سەبىي ھەرىكەتلا قالغاندەك قىلاتتى... بەزى كۈنلىرى مۇنداق بەزىلەر قاراڭغۇ چۈشۈپ تاكى تاڭ يورۇغىچە داۋام قىلاتتى.

بىر كۈنى، ئەنە شۇنداق بەزمە مەيدانىنى ئارىلاپ يۈرگەن ئايغاقچىلارنىڭ كۆزى سوپۇرگىگە چۈشۈپ قالدى. مەيداندىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا سالام - سائەت قىلىپ ئۆتۈشىگە قارىغاندا، بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ شەھەردىكى خېلىلا ھۆرمەتلىك ئادەملەردىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سوپۇرگە، قاياقتىن كېلىشىڭ؟ — دەپ سورايتتى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلەر.

— قانداق ئەللەرنى كەزدىڭ؟

— نېمە يېڭىلىقلارنى ئۇچراتتىڭ؟

— ھەقىچان شەھىرىمىزنىڭ بۇ كۆڭۈللۈك بەزمىلىرىنى سېغىنغانسەن؟

— مەن ساڭا ئېيتسام، مۇنداق ئاجايىپ بەزمە شاھ ئوردىلىرىدىمۇ بولمايدۇ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئايغاقچىلار بىر - بىرىنى نوقۇشتى.

— ئاڭلاۋاتامسىلەر، ئۇ يىراق ئەللەرنى كېزىپ كەلگەن ئادەم ئوخشايدۇ.

— ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگى، يېتىلمىۋالغان ئېشىكىگە قارا، ئۇ سەپەردىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ.

— ئۇنىڭدىن شاھزادە ھەققىدە بىر ئۇچۇر ئاڭلاشقا بولماسمىكىن...

ئايغاقچىلار سۇپۇرگىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي ئەگىشىپ مېڭىپ، ئاخىر ئۇ بەزمە مەيدانىدىن يىراقلىشىپ، شەھەرنىڭ تېرەكلىك، خالىي بىر كوچىسىغا قايرىلغاندا ۋارقىراپ توختىتىشتى.

— ھاي ھۆرمەتلىك ئادەم، توختىغىنا!

سۇپۇرگە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئارقىسىدىن پايپاسلاپ كېلىۋاتقان ناتونۇش ئادەملەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

— مېنى چاقىرىۋاتامسىلەر؟

— ھە، سېنى...، — دېدى ئايغاقچىلار سۇپۇرگىگە يېتىشىپ كېلىپ، — قارا، ھۆرمەتلىك ئادەم، بىز سېنى ئاۋارە قىلىپ بىر ئىشنى سورىماقچى، قارىغاندا سەن يىراق سەپەردىن كەلگەن ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق، مېنىڭ بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكىنىمگە بىر يىلچە، بەلكىم ئۇنىڭدىن ئوشۇقراق بولغاندۇر.

— كۆپ يەرلەرنى ئارىلىدىڭ ھەقىچان؟

— شۇنداق، ئۆزۈڭلار كىم بولىسىلەر؟

— بىز يىراق بىر پادىشاھلىقتىن كەلدۇق. سەن «قۇياش شاھى» دەپ ئاڭلىغانمۇ؟

— نېمىشقا ئاڭلىمايدىكەنمەن؟ مەن كۆپ ئەللەرنى ئارىلىغانمەن. شۇڭا، بۇ شەھىرىمدىكى يۇرتداشلىرىم مېنى «جاھانكەزدى سۇپۇرگە» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. مەن كۆرگەن پادىشاھلىقلارنىڭ ئىچىدە «قۇياش شاھى» ئەڭ

بۈيۈك.

سۈپۈرگىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغانلار ئۇنىڭ ماختاشلىرىدىن خۇشال بولدى.

— بەلكىم سىنىڭ خەۋىرىڭ يوقتۇ؟— دەپ سۆز باشلىدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شالاڭ ساقال، ياشتا چوڭراق بىرى، — ئەنە شۇ ئۇلۇغ پادىشاھىمىز «قۇياش شاھى» ئالەمدىن ئۆتتى.

— بۇ خەۋىرىڭىزنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق، - دېدى سۈپۈرگە، — شاھمۇ، گادايمۇ، ھەممىمىز بەرىبىر بىر كۈنى ئۆلىمىز.

— شۇنداق، ھەممىمىز ئۆلىمىز. ۋاپات بولغان شاھىمىزنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تەختكە چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇبارەك نامىنى «قۇياشتىن ئۇلۇغ» قويدى. دېمەك، ئىسمىدىنلا بىلسەڭ بولىدۇكى، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى دادىسىنىڭكىدىنمۇ بۈيۈك... بىز ئەنە شۇ يېڭى شاھىمىزنىڭ پەرمانى بىلەن بۇ يۇرتلارغا كېلىپ قالدۇق. سەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىڭدا، يولدا بالا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرەر ئايالنى ئۇچراتمىدىڭمۇ؟

— بالا كۆتۈرگەن ئايال؟!... دۇنيادا بالا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئاياللار ئازمۇ؟ سىلەر قەيەردە، قانداق بالا كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئايالنى دەيسىلەر؟— دېدى سۈپۈرگە. ئەمما ئۇ كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ كىمنى سۈرۈشتە قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ بولدى. «ھە، شاھزادە بىلەن ھېلىقى چوكانغا باغلىق ۋەقەلەرنىڭ داۋامى تېخى تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە، — شۇنداق، بۇ ئالەمدىكى ئىشلار ئېقىن سۇدەك بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر ۋەقەنىڭ داۋامى ھامان ئىككىنچى بىر ۋەقەنىڭ بېشى بولۇپ چىقىدۇ.»

— مەسىلەن، سەن، — دەپ چۈشەندۈردى شالاڭ ساقال ئايغاقچى، — مېڭىش - تۇرۇشى غەيرىيرەك بەستلىك كەلگەن

چىرايلىق بىر خانىمنى كۆردۇڭمۇ؟

— بۇ ئەتراپتىكى يۇرتلاردا چىرايلىق خېنىملار ناھايىتى كۆپ، ئەتراپىڭغا قارا، ئەنە ئاۋۇ كوزا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان خوتۇن نېمىدېگەن قاۋۇل - ھە؟ يولنىڭ چېتى بىلەن يۈزىنى توراپ كېلىۋاتقان مۇنۇ قىز قانداق چىرايلىق...

— ئوبدانراق ئېسىڭگە ئال، بەلكىم سەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە كېتىۋاتقان بىرەر چوكاننىڭ مېڭىش - تۇرۇشىدىن بىرەر گۇمانغا كەلگەنسەن؟

— سىلەر زادى نېمىنى ئۇقماقچى بولۇۋاتقىنىڭلارنى نېمىشقا ئوچۇق ئېيتمايسىلەر؟ — دېدى سۇپۇرگە، — بالا كۆتۈرگەن ئايالنىڭ يېڭى پادىشاھىڭلار بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— ساڭا ئېيتمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دەپ سۇپۇرگىگە يېقىنراق سىلجىشتى ئايغاقچىلار، — ئەنە شۇ مەرھەمەتلىك يېڭى شاھىمىزنىڭ كىچىك ئىنىسىنى ئۇنىڭ ئانىسى ئوردىدىكى بىر ئايال خىزمەتكارغا قوشۇپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ. شاھىمىز بىزنى شۇ كىچىك شاھزادىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن چىقارغانىدى. يول بويى قاتتىق ئات چاپتۇرۇپ ماڭدۇق. كۆپ يەرلەرنى ئىزدىدۇق. دېرىكىنى ئالالمىدۇق. شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى ئالمىغۇچە شاھىمىزنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— بىرىنچىدىن، شاھزادە تېخى بوۋاق، شاھىمىز ئۆز قېرىندىشىنىڭ سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تىلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، شاھزادىنىڭ ئوردا سىرتىدا تۇرۇشى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭدىن يامان نىيەتلىك ئادەملەر پايدىلىنىپ، شاھلىق تەختكە خەۋپ سېلىشى مۇمكىن.

— چۈشەندىم، — دېدى سۇپۇرگە، — شۇ تاپتا ئېسىمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ. بىر كۈنى مەن مانا بۇ ئېشىكىم بىلەن پاراڭلىشىپ بىر يېزىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم. مەن شۇ

چاغدا ئېشىكىمدىن: ئەگەر ئاللا ساڭا شۇنداق بىر ئامەت ئاتا قىلىپ، بىرەر شەھەرگە پادىشاھ بولۇپ قالغۇدەك بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟— دەپ سورىغانىدىم. ئېشىكىم كۈلۈپ: ئەگەر راستىنلا ماڭا شۇنداق بىر ئامەت كېلىپ پادىشاھ بولىدىغان بولسام، شەھەرلەرنى تۈزلەپ ئېشەكلەر ئېغىنايدىغان توپىلىق مەيدان ياسىتاتتىم. ئېتىزلارنىڭ ھەممىسىگە بېدە بىلەن قوناق تەرگۈزەتتىم، دەپ تورۇۋىدى، شۇ چاغدا يېزا چېتىدىكى كۆۋرۈك بېشىغا ئولىشىۋالغان ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرىڭى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى بۇزۇۋەتتى. نېمە گەپكىن، دەپ بېرىپ قارىساق، بىر نارەسىدە بالىنىڭ جەسىتى توپىغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. جەسەتنىڭ بېشىنى كىمدۇر بىرى كېسىپ ئەكېتىپتۇ. سىلەر ئىزدەپ يۈرگەن بوۋاق شاھزادە شۇ بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟

— سەن ئۇنى قاچان، قەيەردە كۆردۈڭ؟— دەپ ئايغاقچىلارنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە سۇپۇرگىنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى.

— ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدىمىكىن، نەدە كۆرگەنلىكىم تازا ئېسىمدە يوق.

— ئەگەر سەن كۆرگەن جەسەت شاھزادىنىڭ جەسىتى بولغان تەقدىردە ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئايالمۇ بولۇشى كېرەكتىغۇ؟

— ئايال! ؟— دېدى سۇپۇرگە نېمىشقىدۇر ئەندىكىپ، — توغرا، شۇ جەسەتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانلار بىر ئايالنىڭمۇ گېپىنى قىلغاندەك قىلىۋىدى.

— ئۇلار نېمە دېيىشكەن؟

— ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: بوۋاقنى بىر ئايال كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن. دەل ھېلىقى كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىق لەشكەرلەر يېتىشىپ كېلىپ قاپتۇ. كۆۋرۈك يېنىدا ئازراق ئېلىشىشمۇ بولغان ئوخشايدۇ. ھېچكىم ئۇ يەرگە بېرىشقا پېتىنالماپتۇ. لەشكەرلەر كەتكەندىن

كېيىن يېزىلىقلار بېرىپ قارىسا، ئۇ يەردە بوۋاقنىڭ كاللىسى يوق جەستتى ياتقۇدەك، ھېلىقى ئايالنىڭ نەگە يوقالغىنىنى ئۇلارمۇ ئاڭقىرالماي قاپتۇ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئايغاقچىلار بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. «دېمەك، شاھزادىنىڭ كاللىسىنى باشقىلار كېسىپ ئەكېتىپتۇ. مۇكاپاتتىن قۇرۇق قاپتۇق» دەپ ئويلاشتى ئۇلار. شۇنداق بولسىمۇ، سۇپۇرگە يەتكۈزگەن بۇ خەۋەر ئايغاقچىلارنى ئازراق خۇشال قىلدى. چۈنكى، ھېچ بولمىغاندا ئۇلار ئوردىغا شاھزادىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ بولسىمۇ قايتالايتتى. ئۇلار سۇپۇرگىگە رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىراپ ئارقىسىغا قايتىشتى.

## سەككىزىنچى باب

# ئاجايىپ خەۋەر

جاھانكەزدى سۇپۇرگە بىلەن ئۇچراشقان ئايغاقچىلار ئوردىغا بالا شاھزادىنىڭ كاللىسىنى ئەكېلەلمىگەن بولسىمۇ، يىراق چۆللۈكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاجايىپ باي، ئاۋات ئەمما ھېچ قانداق بىر پادىشاھلىققا تەۋە بولمىغان «بىغەملەر شەھىرى» توغرىسىدىكى ئاجايىپ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ كەلدى. بۇ خەۋەر يېڭى پادىشاھ «قۇياشتىن ئۇلۇغ» نىمۇ قاتتىق ھاياجانغا سالدى. ئۇنىڭغا ئەمدى بالا شاھزادىنىڭ كاللىسى لازىم ئەمەس ئىدى. ئۇ شاھزادىنىڭ كاللىسىنى ئاللىبۇرۇن قولغا چۈشۈرۈپ خاتىرجەم بولغان، قالغان بارلىق تەخت ۋارىسلىرىنىمۇ بويسۇندۇرۇپ

ئۆزىنىڭ شاھلىق ئورنىنى مۇقىملىۋالغانىدى. راستىنىلا شۇنداق بايلىق بىلەن تىنىپ كەتكەن مۇداپىئەسىز بىر ئەل بولىدىغان بولسا، ئۇنى قوشۇن تارتىپ بېرىپ بېسىۋالغاندا، بۇنىڭ بىلەن يېڭى شاھ ئۆز شۆھرىتىنى ئاشۇرۇشى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان نارازىلىقىنى پەسەيتىشى مۇمكىن ئىدى. شاھ ھېلىقى ئىگىسىز شەھەرگە بېرىپ قايتقان لەشكەرلەرنى ئالدىغا چاقىرتتى.

قاتمۇ قات ئوردا دەرۋازىلىرىدىكى قېتىپ تۇرغان قاراۋۇللار، ئوردا ئىچىدىكى بىر - بىرىدىن ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلار، شاھنىڭ خاس ھۇجرىسىغا ئېلىپ بارىدىغان ئەگرى-بۈگرى مەخپىي يول ۋە بۇ يەردىكى جىمجىت، سۇرلۇك كەيپىيات ئوردا خادىمىغا ئەگىشىپ كېتىپ بارغان لەشكەرلەرنى ھەم ھەيران قالدۇراتتى، ھەم ئەندىشىگە سالاتتى. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ شاھ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە كۆڭلى تىنىدى. شاھنىڭ بۈگۈن كەيپى خۇش ئىدى. ھەتتا ئۇ لەشكەرلەرنى ئەتىگەنلىك ناشتىدا بىللە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

داستىخان ن شۇنچىلىك مول راسلانغانىدىكى، لەشكەرلەر بۇ يەرگە تىزىلغان نازۇ نېمەت، تائاملارنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. بۇ يەردە چۇمۇلە مۇرابباسىدىن تارتىپ يولۋاسنىڭ جان يېرىدىن قورۇلغان سەيلەرگىچە ھەممە نېمە تېپىلاتتى. شاھ بۇ ئاددىي لەشكەرلەر بىلەن ناشتىدا بىللە بولۇپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك كەمتەر ۋە خەلقچىل ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلماقچىدى. لېكىن شاھ ئۆزى بىلەن بىرەر نۆۋەت ھەمداستىخان بولۇپ قالغان مۇنداق ئەخمەقلەرنىڭ ئوردىدىكى بايلىق ۋە ئاجايىپ تائاملار توغرىسىدا بىر ئۆمۈر سۆزلەپ يۈرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— مەن سىلەردىن بىرئىشنى سوراپ بىلىپ باقماقچىمەن، - دېدى شاھ تاماق ئۈستىدە.

— ئالىيلىرىغا جاۋاب بېرىشكە تەييارمىز! — دەپ چۇرقىراشتى لەشكەرلەر.
— سىلەر كۆرگەن ھېلىقى شەھەر توغرىسىدىكى گەپلەر ھەقىقەتمۇ؟
— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەش ھەددىمىز ئەمەس! — دەپ تېز چۇرقىراشتى لەشكەرلەر.
— بىز راستىنلا شۇنداق نە لەشكىرى، نە پادىشاھى يوق ئاجايىپ بىر شەھەرنى كۆردۇق، — دەپ چۇشەندۇردى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شالاڭ ساقاللىقى. ئۇ ئاشۇ ئايغاقچىلارنىڭ قۇر بېشى ئىدى. — ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى قاۋۇل كېلىدىكەن، ئەمما تولىمۇ بىغەم ياشايدىكەن، شەھىرىنىڭ سېپىلىمۇ يوق. ئۇيەردىكى يۇرۇشۇپ تۇرغان سودا - سېتىق، قايناق بازارلىرىدىكى ئاجايىپ ماللار، سودىگەرلىرىنىڭ سارايلىرىدىكى ھېسابسىز دۇنيا، راستىنى ئېيتساق جانابىي شاھ، بىز تېخى مۇنداق ئاۋات بىر ئەلنى كۆرمىگەن.
— ئۇلارنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ شېرىنلىكىچۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئىككىنچى لەشكەر، — باھاسىمۇ شۇنچە ئەرزانكى، بىكارغىلا بېرىدىكەن دېسىمۇ بولىدۇ.
— ئاھ ئۇ يەردىكى نەغمە - ناۋا، — دەپ سۆز قاتتى ئۈچىنچى لەشكەر، — ئۇ يەردىكى ئادەملەر شۇنچىلىك ئەركىنكى، بىكار بولسىلا نەغمە - ناۋا بىلەن ئويۇن - تاماشا قىلىدىكەن، يىراقتىن قارىغان كىشى ئۇلارنى سارالڭ بولۇشقان ئوخشايدۇ، دەپ قالىدىكەن، يېقىن بېرىپ تىڭشىغان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ سازنىڭ لەرزىدە ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۇشۇپ كېتىدىكەن.
— ئۇلارنىڭ ئاياللىرىچۇ؟ . . . ئاياللار توغرىسىدا سىلەر جانابىي ئالىيلىرىغا ھېچنېمە ئېيتمىدىڭلار، — دەپ ئالدىراپ سۆز ئالدى تۆتىنچى لەشكەر لەۋلىرىنى تامشىپ، — ئۇ يەرنىڭ قىز- جۇۋانلىرى شۇنچىلىك گۈزەلكى، ئۇزۇن چاچ، ئاپئاق

بەدەن، ماڭسا بېلىقتەك تولغىنىپ كىشىنىھەيرەتتە قالدۇرىدۇ...
لەشكەرلەر كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى شاھقا بەس - بەستە بايان قىلىپ شاھنىڭ قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتتى.
— سىلەر مۇنداق غەلىتە بىر شەھەرنىڭ چۆشۈڭلاردا كۆردۈڭلارمۇ ياكى ھېلىقىدەك مەست قىلىدىغان بىرنېمىلەرنى بولۇشىغا چېكىۋالغانمۇ؟ — دەپ سىناق نەزەرىدە قارىدى شاھ لەشكەرلەرگە.
— دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەقلىقى ئۈچۈن تەڭرى نامى بىلەن قەسەم ئىچىمىز!
— ئۇ شەھەرنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟
— ئىسمى! ؟ — لەشكەرلەر ھودۇقۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.
— شەھەرنىڭ نامى «بىغەملەر شەھىرى» ئىكەن.
ھۆرمەتلىك شاھىم، — دېدى شالاڭ ساقال تەۋەككۈلىغا.
چۈنكى، شاھنىڭ ئالدىدا تىلىنى چاپىناپ تۇرۇش خەتەر ئىدى.
شۇ تاپتا «بىغەملەر شەھىرى» دېگەن بۇ گەپنى ئۇ ئۆزى ئويلاپ چىقاردىمۇ ياكى ئۇ شەھەرنىڭ نامى راستتىنلا شۇنداقمىدۇ؟
«بىغەملەر شەھىرى» دېگەن بۇ نام ئۇنىڭ كاللىسىغا قانداق كىرىپ قالدى؟ بۇ تەرەپلىرىنى ئۇ ئۆزىمۇ تازا جەزم قىلالمايتتى.
— نە سېپىلى، نە تۇزۇكرەك دەرۋازىسى يوق، بايلىق بىلەن تىنىپ كەتكەن قانداق شەھەر ئۇ ئۆزى؟! — دەپ غودۇراپ كەتتى شاھ، — بەلكىم ئۇ شەھەردىكى خەقلەرنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغان باشقىچە بىر ھۈنەرلىرى باردۇر؟ سەن ھاڭۋاقتىلارغا ئۇنداق سىرلىرىنى بىلدۈرۈشمەيدۇ - دە، ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېھىرگەرلەردۇر؟
— ئۇنداق تەرەپلىرىنى بىز بىلمىدۇق، شاھىم،— دېدى شالاڭ ساقال، — بىز پەقەت ئۇ شەھەردە بىر نەچچە كۈنلا تۇردۇق. ئەمما، نامىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇكى ئۇ شەھەرنىڭ

ئادەملىرى ناھايىتىمۇ بىغەم كۆرۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك باياشات ياشاۋاتقىنىغا كىشىنىڭ زوقى كېلىدۇ. . .

شۇنىڭدىن كېيىن، خانىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋەتكەن باشقا ئايغاقچىلىرىمۇ ئۆزلىرىگە قوشنا يىراق بىر يەردە ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بىر ئىگىسىز شەھەرنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە يەنە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇقلاپ، بىغەملەر شەھىرىدىكى ئاجايىپ گۈزەللەر، مول ھوسۇللۇق ئېتىزلار، تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان مال ـ دۇنيا ... يەنە شۇنداق نۇرغۇن نەرسىلەر توغرىسىدا ھېكايە قىلىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پايتەختتىن ئىلگىرى بىغەملەر شەھىرىگە بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلغان سودىگەرلەرمۇ تېپىلىپ قالدى. بۇ سودىگەر دېگەن شەيتاندەك غەلىتە خەلق بولۇپ، پايدا ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارمايدىغان يېرى، كىرمەيدىغان تۆشۈكى بولمايتتى. ئۇلارمۇ ئۆز سۆزلىرىدە يىراقتا شۇنداق بىر باي شەھەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپات قىلىشتى. «قۇياشتىن ئۇلۇغ» شاھ بۇ ئىگىسىز لوق گۆشنى قوشۇن ئەۋەتىپ يۇتۇۋېلىپ، ئەتراپقا ئۆز سەلتەنىتىنى جەۋلان قىلىش، تەخت دۈشمەنلىرىگە ئۆز قۇدرىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش قارارىغا كەلدى. كېڭەشمىش ئۈچۈن ئوردا يىغىلىشنى چاقىردى.

شاھ چاقىرغان ئوردا يىغىلىشىغا قەلەم تۇتقان، ئەلەم تۇتقان ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشتى. بىغەملەر شەھىرىنىڭ خەۋىرىنى تۇنجى بولۇپ ئوردىغا مەلۇم قىلغانلىق ھۆرمىتىدىن بۇ يىغىلىشقا شالاڭ ساقالمۇ چاقىرىلغانىدى. شاھ تېخى يىغىلىش ئورنىغا كىرمىگەن بولۇپ، ئەمەلدارلار بۇ قېتىمقى پەۋقۇلئاددە كېڭەشنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە پىچىرلاشماقتا ئىدى.

— ئۇرۇش قىلغۇدەكمىز، ئۇرۇش! — دېدى كۆز خالتىلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بىر ۋەزىر يېنىدىكى ئەمەلدارغا

شىۋىرلاپ.

— يەنە نىمە ئۇرۇش؟! — ئوردا تىبخى ئەمدىلا تىنچىغانىدىغۇ؟

— يىراقتا ناھايىتىمۇ باي بىر ئەل بارئىمىش، بىز ئۇنىڭغا قارشى قوشۇن تەشكىللىگۈدەكمىز.

— ئۇلار بىز تەرەپكە بېسىپ كېلىۋېتىپتىمۇ ياكى بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بارغۇدەكمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگەباستۇرۇپ بارغۇدەكمىز...

شالاڭ ساقال سەل گالۋاڭراق، تۈزلا كەتكەن ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇربىشىلىق شۇ كىچىككىنە مەنسىپىگە مەككارلىقى ياكى خۇشامەتكويلۇقى بىلەن ئەمەس، شاھ جەمەتىگە قانداقتۇر بىر يىراق تۇغقانچىلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئېرىشكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ بىغەملەر شەھىرىگە قوشۇن ئەۋەتىش نىمىشقا شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئەتراپىغا قارايتتى.

—بىز نىمىدەپ خەقنىڭ زىمىنىنى بېسىۋالغۇدەكمىز؟— دەپ غودۇرايتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

— ئەخمەق! — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر سەركەردە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — قانداقتۇر بىر ئىگىسىز شەھەر توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ كېلىپ، ھەممىنىڭ ئارامىنى بۇزدۇڭ. يەنە نىمە غوتۇلدايسەن، شاھنىڭ غەزىپىدىن قورقمايسەن!

— لېكىن ئۇ يەر ئەزەلدىن بىزگە تەۋە بولۇپ باقمىغان ياكى بولمىسا ئۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى بىز بىلەن ئازارلىشىپ باققان ئەمەس - دە! بىز نىمىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ تىنچ ياتقان خەلقنىڭ ئۈستىگە قىلىچىمىزنى يالىڭاچلاپ بارىمىز؟

سەركەردە مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى - دە، شالاڭ ساقالغا چۈشەندۈردى:

— دەستەك دېدىڭما؟ ئاڭلاپ تۇر، بىز ئاۋۋال ئۇ يەرنى كۆچ بىلەن بېسىۋالىمىز. ئاندىن دەستەك بولىدىغان پاكىستلاردىن كۆرمىڭنى ئويدۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇ يەردە بىزنىڭ تەۋەيىمىزدىن سودا - سېتىق ئۈچۈن بېرىپ، شۇ شەھەردە ئۆلگەن بىرەر سودىگەرنىڭ كونا قەبرىسى، قاچاندۇر بىر چاغلاردا بىزدىن شۇ شەھەرگە ئېزىپ بېرىپ قالغان بىرەر ھاڭۋاقتىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان ئەسكى چاپىنى ياكى بىزنىڭ پادىشاھلىقىمىزدا قويۇلۇپ، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ بىرەرسىنىڭ يانچۇقىدا شۇ شەھەرگە بېرىپ قالغان بىرەر تال پۇچۇق يارماق ياكى بولمىسا كىملەرنىڭدۇر شۇ يەرگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندە يازغان خاتىرىلىرى دېگەندەك ئەرزىمەس نەرسىلەر ئەلۋەتتە تېپىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ بۇ ئوردىدىكى ناتىقپىي قەلەمكەشلەر شۇنداق تارىخلارنى يېزىشىدۇكى، ھېلىقى سەن كۆرۈپ كەلگەن شەھەرنىڭ ئېتى نېمىدا؟

— بىغەملەر شەھىرى.

— ھە، شۇ بىغەملەر شەھىرى دېگىنىڭنىڭ خۇدا تېخى زېمىننى ئاپىرىدە قىلماستىن ئىلگىرىلا بىزگە تەۋە ئىكەنلىكىنى سۆزسىز ئىسپاتلاپ چىقىشىدۇ. ئۇ چاغدا، ئوردا شائىرلىرىمىزنىڭ شاھىمىزنىڭ كۆچ - قۇدرىتىنى، ئادالەتپەرۋەرلىكىنى، تاپىنىدا چۇمۇلىنىمۇ ئۆلتۈرمەيدىغان رەھىمدىللىكىنى مەدھىيىلەپ يازغان قەسىدىلىرنى ھەيران بولۇپ ئوقۇيسەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى شۇنچىلىك شېرىنكى، ۋاقتى كەلگەندە پوقىنىمۇ ھالۋا قىلىپ كۆرستەلەيدۇ...

شالاڭ ساقال يەنە بىرنېمىلەرنى دەپ سەركەردىگە ئېتىزار بىلدۈرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، شاھنىڭ يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىشى بىلەن ھەممە گولدۇرلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. شاھ ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ئولتۇرۇشقا

ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، ئەمەلدارلار چاپانلىرىنى يېنىك شىلدىرلىتىپ، ئۇنىسىز ئولتۇرۇشتى.

كېچەش ناھايىتى قىسقىلا بولدى. شاھنىڭ غەرىزىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ بولغان ۋەزىر - سەركەردىلەر بىغەملەر شەھىرىنى قوشۇن ئەۋەتىپ بېسىۋېلىشنى بىر ئېغىزدىن قوللاشتى.

— بىزگە تەشنا بولۇپ تۇرغان بىر يەردە قانداقتۇر بىر پادىشاھسىز شەھەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياخشى ئىش ئەمەس! — دەپ ھۆكۈم چىقاردى شاھ ئاخىرىدا، — ئۇنىڭ قول ئاستىمىزدىكى شەھەرلەرگە يامان ئۈلگە بولۇپ قېلىشى چوقۇم. مۇنداق بولغاندا پۇقرالارنىڭ كاللىسىغا: پادىشاھسىزمۇ بىر ئوبدان ياشاۋېرىشكە بولىدىكەنغۇ! دېگەن بىمەنە خىيال كېلىدۇ-دە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزگە قارشى كۆتۈرۈلىدۇ. سەركەردىلەر، يارامىلىق قوشۇن تەييارلاڭلار! بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بېرىپ، دۇنيادا ئىگىسىز نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويايلى!

يىغىن ئەھلى دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھىمىز ياشىسۇن، تۈمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن!

— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن! — دەپ چۇقان سېلىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە قوشۇن تەشكىللەندى. بىغەملەر شەھىرىگە دەسلەپتە بېرىپ قايتقان شالاڭ ساقال قوشۇن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. مەككار سەركەردىلەر يىراق چۆللۈكتىكى تېخى سىرى مەلۇم بولمىغان بىر شەھەرگە يۈرۈش قىلىشقا تەۋەككۇل قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانىدى. مەنسىپىنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ تېرىسىگە پاتماي قالغان شالاڭ

ساقال بۇ ئىشقا بولغان نارازىلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بىرقانچە سودىگەرلەردىن يول باشلىغۇچىلار تاللاندى. ئاتلىق لەشكەرلەر، ئېغىر يۈكلەر ئارتىلغان ھارۋىلار پايتەخت كوچىلىرىنى چاڭغا كۆمۈپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن ھەيۋەت بىلەن چىقىپ يۈرۈشنى باشلىۋەتتى.

قوشۇن بىر ئايدىن ئوشۇق جاپالىق يول بېسىپ، مىلىك مۇشەققەتتە بىغەملەر شەھىرى ئەتراپىغا يېتىپ كېلەلىدى. چۆل يولىدا مۇنداق زور قوشۇننى قۇملۇقلارنىڭ بوران - چاپقۇن ۋە دەھشەتلىك ئىسسىقلىرىدىن دالدىغا ئالماق مۈشكۈل ئىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان چۆل يوللىرىدا لەشكەرلەرنىڭ تولىسىنىڭ ئاتلىرى ئۆلۈپ، پىيادە يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ھارۋىلارنىڭ جۇلۇقى چىقىپ يول بويى تاشلىنىپ قالدى. ئۇلار بىغەملەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر ئوچۇقچىلىققا كېلىپ چېدىر تىكىپ توختىغاندا، قوشۇندىكى ئادەملەرنىڭ ئاران يېرىمى ھايات قالغانلىقى بىلىندى. ھايات قالغانلىرىنىڭمۇ چارچاپ، ئۇرۇش قىلغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. شالاڭ ساقال بىغەملەر شەھىرى دەيدىغان بۇ يېگانە يۇرتنىڭ يىراق چۆللۈك ئىچىدە نېمىشقا بۇگۈنگىچە ھېچبىر كۈچنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماي خاتىرجەم ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك قىلدى. ئەمما، ئەمدىلىكتە بىرەر نەتىجە قازانماي ئورىدىغا قۇرۇق قول قايتىش ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن دېرەك بېرەتتى. شالاڭ ساقال قوشۇننى توختىتىپ، دەم ئېلىشقا بۇيرۇپ، بىغەملەر شەھرىنى چارلاپ كېلىشكە ئايغاقچىلارنى ئەۋەتتى.

## توققۇزىنچى باب

# بىغەملەر شەھىرىدە جەڭ

شۇنداق بىر قوشۇننىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بىغەملەر شەھىرىگە ئاللىبۇرۇن يېتىپ بولغانىدى. ئەلۋەتتە مۇنداق خەۋەرلەرنى ئالدى بىلەن ھېلىقى چۆلنىڭ ئوغرى يوللىرىدا شەيتاندەك ھەرىكەتلىنىپ يۈرىدىغان سودىگەرلەر يەتكۈزۈپ بولاتتى. شۇ تاپتا ئادەملەر شەھەر سىرتىغا توپلانغان بولۇپ، بۇ كىشىلەرنى شەھەرنىڭ چوڭ ئاقساقىلى يانتاق ئاقساقال تەشكىللەپ يۈرەتتى.

— ھاي تۆمۈرچىلەر، سىلەر مانا ماۋۇ سەپكە، باققاللار، ئاۋۇ تەرەپكە. . ھەي سېلىم باپكار، سەن قاياققا قاراپ تۇرىسەن؟ جەڭ مانا ماۋۇ ئارقاڭدىكى مەيداندا بولماقچى. . . خۇدايا توۋا، ھوي خوتۇنلار، سىلەرگە بۇ يەردە نىمە بار؟ بۇ يەردە توي ئەمەس، جەڭ بولماقچى، جەڭ! قېنى ھېچ بولمىغاندا ئارقىغىراق سىلجىڭلار!— دەپ ۋارقىرايتتى ئاقساقال كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ.

— مانا بۇ تالىپلارنىچۇ، ئۇلارنى قەيەرگە قويىمىز؟— دەپ سورايتتى ئالدىراشچىلىقتا بېشىدىكى سەللىسى بىـــر تەرەپكە قىيسىپ كەتكەن خەلپەت.

بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن جەڭگە ئەمەس، كۆڭۈللۈك بىر سەيلىگە چىقىشقاندەك كۆرۈنەتتى. ناغرا-دۇمباق چالغۇچىلار ھەۋەس بىلەن چوكا ئۇراتتى، كارناي - سۇنايچىلار قوۋۇزىنى بولۇشىغا كۆپتۇرۇپ قۇلاقنى يارغۇدەك

قاتتىق ئاۋاز چىقىرىشاتتى. ئۇششاق باللار ھەر تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشەتتى. خۇددى بۇ يەردە بىرەر مەرىكە بولۇۋاتقاندەك يېمەك- ئىچمەك، ئۇسسۇزلۇق ساتقۇچىلارمۇ توپنىڭ بىر چېتىگە ئۆز يايمىلىرىنى يېيىپ ئولگۇرگەنىدى. بۇ ئالامىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئۆزى بىر گەپ ئىدى. تۆمۈرچىنىڭ قولىدا بولقا، دېھقاننىڭ قولىدا ئارا، ياغاچچىنىڭ قولىدا توقماق. . . ئىشقىلىپ ھەركىم قولىغا چىققان نەرسىسىنى كۆتۈرۈپ بۇ مەيدانغا كەلگەنىدى. ئۇلار ھەدەپ بىر - بىرى بىلەن چاقچاقلىشاتتى.

— ھەي سەپەر بايۋەچچى! — دەپ ۋارقىردى ئوينافشىپ تۇرغان بىر ئارغىماقنى مىنىۋالغان سودىگەرگە قاراپ بىرى، — ياخشى ئېتىڭنى مىنىپ چىققىنىڭغا قارىغاندا بۇ يەردە بەيگە بولىدۇ، دەپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— كۆرىسەن، — دېدى سودىگەر، — ھېلى جەڭ باشلانغاندا مەن ئېتىمنى چاپتۇرۇپ ھەممىڭنىڭ ئالدىدا بولىمەن.

— ھەي تاغەي، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — پايدىسىغا كېلىپ قالسا ئېتىڭنى دۈشمەنگە سېتىۋېتىپلا قايتامسەنكىن. . .

— ھەي ساتىراش ئۇستام! — دەپ چېقىشاتتى قاۋۇل بىر تۆمۈرچى ئۇستىرىسىنى تۇتۇپ كۆلكىلىك ھالەتتە تۇرغان ئورۇق ساتىراشقا قاراپ، ئۇ بىغەملەر شەھىرىدىكى ئەڭ ئۇستا ساتىراشلارنىڭ بىرى ئىدى، — سەن بۇ ئۇستىراڭ بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىپ قويۇپ خىزمەت كۆرسەتمەكچىمۇ سەن؟

— قارا، سەن ئۇلارنى تۇتۇپ يىقىتسەن، — دېدى ساتىراش، - مەن يىقىلغانلارنىڭ پېيىنى بىر - بىرلەپ كېسىپ تاشلايمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىنچىلەپ ئورنىدىن قوپالماپمۇ.

— يىقىتقان ئادەم ئۇنى ئۆزى ئورنىدىن قوپالماس

قىلىۋېتەلمەمدىكەن؟ ! — دەپ كۈلدى باشقىلار.

— ئۇنىڭغا قارىغاندا كاپىلىغۇچۇڭ ياخشىراق ئىدى، — دېدى ساتىراشقا يەنە بىرەيلەن، — كاپىلىغۇچۇڭ بىلەن ھەرقانداق دۈشمەننىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئەپلەپ تۇرۇپ بىرنى سالىدىغان بولساڭ تىنىك چۈشمىسە مانا مەن!

شۇ ئارىدا بۇ يەرگە ساقال - بۇرۇتلىرى ھەر خىل رەڭدە بويالغان بىر بوياقچى كېلىپ قالدۇ.

— ئەمدى بۇ نېمەڭ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سوراشتى كىشىلەر ئۇنىڭ قولىدىكى خالتىغا قاراپ.

— بۇنىڭ ئىچىدە ھىندىستاننىڭ تاش بويىقى بار، — دېدى بوياقچى جىددىي ھالدا قولىدىكى خالتىنى شەرەتلەپ.

— نېمە، سەن دۈشمەنلەرنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىدىنمۇ ئۆزۈڭنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ بوياپ چىققاقچىمۇ؟

— بۇ بوياق، — دەپ چۈشەندۈردى بوياقچى، — ئىنتايىن زەھەرلىك، مەن ئۇنى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆزىگىلا چاچىمەن، ئۇ كۆزىنى ئاچالماي تېپىرلاپ قالىدۇ - دە، قالغان ئىشنى سىلەر ئەپلەيسىلەر.

— ھەي، مەن نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ يېلىملىرىمنى ئۇنتۇپ قالدىم - ھە! — دەپ ئەپسۇسلاندى بىر يېلىمچى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن ئاچچىق يېلىم پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، - ئەگەر ياسىغان يېلىملىرىمنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە بىرلا سۇرتۈۋېتىدىغان بولسام، كۆزى تۇرماق ئاغزىنىمۇ ئاچالماي قالاتتى. . .

— قاراڭلار، قاراڭلار، ئاۋۇ نېمە كارامەت! — دەپ ۋارقىرىدى تاۋۇز تىلىدىغان يوغان قىڭرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان باققال.

كىشىلەر ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى. ئۇ يەردە بىر موزدۈز ئىش تارتىدىغان ئامبۇر - بولقىلىرىنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ، ياغاچ قېلىپلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

موزدۇزنىڭ بۇ غەلىتە سىياقىغا قاراپ ھەممە قېتىپ كۈلۈشتى.
يانتاق ئاقساقال كىشىلەر توپى ئىچىدىن جاھانكەزدى سۈپۈرگىنى تەستە ئىزدەپ تاپتى ـ دە، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ:
— ھۆرمەتلىك سۈپۈرگە، سەن جاھان كەزگەن، كۆپنى كۆرگەن ئادەمسەن. ئاڭلىسام، لەشكەرلەر يېقىن ئارىغا يېتىپ كېلىپ چېدىر تىكىپ توختاپتۇ. سەن شەھەر خەلقى ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاتامانى بىلەن كۆرۈشۈپ، زادى نېمە غەرەز بىلەن كەلگەنلىكىنى ئوقۇپ باقساڭ، — دېدى.
سۈپۈرگە سۆز ئېيتىشىنى مىنىپ، كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ، لەشكەرلەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئارقىدىن خالايىقنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ھاي كۆپچىلىك قاراڭلار، بىزنىڭ سۈپۈرگە يەنە سەپەرگە چىقتىمۇ قانداق؟
— ھاي سۈپۈرگە، ئارقاڭغا قايت، ھازىر جاھان كېزىدىغان ۋاقىت ئەمەس!
— قاراڭلار، بىزنىڭ سۈپۈرگە بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئوخشايدۇ...

سۈپۈرگە چارلىغۇچى لەشكەرلەر بىلەن ئۇچراشقانىدى. لەشكەرلەر ئۇنى قوشۇن بارگاھ تىككەن ئورۇنغا باشلاپ كەلدى. بۇ يەردە چاقى سۇنغان ھارۋىلار، ئېگەر ـ جابدۇق، يىرتىلغان توقۇملار چېچىلىپ ياتاتتى. چېدىرلار ئەتراپىغا قازان ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئاشپەزلەر ئالدىراش ھەرىكەتلەنمەكتە ئىدى. چارچىغان ئاتلار ئېغىر پۇشۇلدايتتى، لەشكەرلەر چېدىرلارنىڭ سايىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇگدەيتتى... سۈپۈرگىنى لەشكەرلەر شالاڭ ساقال لەشكەر بېشى ئولتۇرغان چېدىرنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ توختاتتى. چېدىر ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇللار سۈپۈرگىنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان

بىرەر قورالنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېدىر ئىچىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. چېدىرنىڭ تۆرىدە يانپاشلاپ ياتقان شالاڭ ساقال بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇپۇرگىگە قارىدى. ئۇستىگە كونىرىغان يەكتەك، پۇتىغا يېنىك كەشە كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن مەھكەم باغلىۋالغان سۇپۇرگە قارىماققا شۇ زامانىنىڭ قانداقتۇر بىر دەرۋىش ياكى سېھىرگەرلىرىگە ياكى بولمىسا دىۋانىچىلىقنى كەسىپ قىلغان تىلەمچىلەرگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى شالاڭ ساقال.

— بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئەلچىسىمەن! — دېدى سۇپۇرگە.

— ئەلچى! ؟ — شالاڭ ساقال رۇسلىنىپ ئولتۇردى، — ئەلچى بولساڭ مانا بۇ يەردە ئولتۇر!

— ھۆرمەتلىك لەشكەر باشلىقى، - دېدى سۇپۇرگە شالاڭ ساقال كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، - خاتا تونۇمىغان بولسام، ئىككىمىز ئىلگىرى بىر يەردە ئۇچراشقانغۇ دەيمەن؟

— قاچان؟ .. قەيەردە؟ — دەپ ھەيران بولدى شالاڭ ساقال.

— سەن بىر چاغلاردا بىزنىڭ شەھىرىمىزدە مېھمان بولغان، بىرقانچە ئادەملىرىڭ بىلەن مېنى ۋارقىراپ توختىتىۋېلىپ، قانداقتۇر بىر بالا كۆتۈرگەن ئايال، بوۋاق شاھزادە توغرىسىدا سوئاللارنى سورىغان ئەمەسمىدىڭ؟ ... ھۆرمەتلىك لەشكەر باشلىقى، ئەمدى سەن شۇنچىۋالا قوشۇننى باشلاپ كېلىپ نېمە قىلماقچى؟!

شالاڭ ساقال ئالدىدىكى سۇپۇرگىنى ئېسىگە ئالدى ۋە بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دېدى شالاڭ ساقال، — مەن شاھنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم... سىلەر تەرەپتە داقا-

دۇمباقلار چېلىنىپ نېمە ئالامەت بولۇۋاتىدۇ؟

— شەھەرنىڭ پۇقرالىرى سىنىڭ قوشۇن باشلاپ كەلگىنىڭدىن خەۋەر تېپىپ شەھەر سىرتىغا توپلاندى. نېمە قىلماقچىسەن مەقسىتىڭنى ئوچۇق ئېيت. ئۆزۈڭگە مەلۇم، سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرغىنى ئاجايىپ بىر شەھەر. بۇ شەھەرنىڭ سېپىلىمۇ، لەشكىرىمۇ يوق. ئۇ يەرگە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن سودىگەرلەر كېلىپ چۈشۈپ ئۆتىدۇ. ئاق نىيەت بىلەن كەلگەنلەرگە داستىخانىمىز يېيىقلىق... مەن ئويلايمەنكى، مۇنداق مۇداپىئەسىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ھېچقانداق بىر شاھقا شەرەپ كەلتۈرمەيدۇ. يولنى ئۆزۈڭ تاللا. مېھمان بولۇپ كەلگەن بولساڭ، شەھەر خەلقى كۈلۈپ قارشى ئالىدۇ؛ ئۇرۇشماقچى بولساڭ، ئۆلۈپ تۈگۈگىچە جان تىكىپ ئېلىشىدۇ.

سۈپۈرگىنىڭ سۆزلىرى شالاڭ ساقالنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ سۈپۈرگىنى چىقىرىۋېتىپ يېنىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— بۇ شەھەرنى ئۇرۇشۇپ ئالغان تەقدىردىمۇ، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى بىر مەسلىھەتچىسى ئۇنىڭغا، — مۇنداق يىراقتىكى شەھەرنى لەشكەر قويۇپ ئۇزۇن يىل ساقلاپ قالماقنىڭ ئۆزى بىر گەپ.

— شۇنداق! — دېدى يەنە بىرى، — ھازىر لەشكەرلەر ھاردى، ھالسىزلاندى، مۇبادا بۇ يەردىكى تاياق - توقماق تۇتقان خەلق بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ قالساق بۇنىڭدىن ئېغىر شەرمەندىچىلىك يوق. ياخشىسى ئىشنى چىرايلىق ھەل قىلغان تۈزۈك...

ئۇلار ئۇزاق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، سۈپۈرگىنى قايتا چاقىرتىشتى.

— سەن شەھەر مۆتىۋەرلىرىگە بېرىپ ئېيت، —دېدى لەشكەر بېشى شالاڭ ساقاللىرىنى سىپاپ تۇرۇپ، — ئۇرۇشۇشنى

خالىمىساڭلار بىزنىڭ شەرتىمىزمۇ ئىغىر ئەمەس، شەھەر بىزنىڭ قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتىدۇ. بىز ئۇنى ئۆز شەھەرلىرىمىز قاتارىدا تىزىمغا ئالىمىز. شەھەرگە بىزدىن ھاكىم قويۇلىدۇ. ئاقساقاللار شۇ ھاكىمنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىدۇ. پۇقرالار ھەر يىلى پادىشاھلىققا باج - سېلىق تاپشۇرىدۇ. بۇ شەرتلەرگە كۆنسەڭلار ئۇرۇش قىلمايلا قايتىپ كېتىمىز، كۆنمىسەڭلار قانلىق جەڭ بولىدۇ.

سۇپۇرگىنىڭ ئەكەلگەن خەۋىرى شەھەر خەلقىنى غۇلغۇلىغا سېلىپ قويدى. ئۇرۇش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى كۆرمىگەن، ئۇرۇش توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى پەقەت جەڭنامىلەردىنلا ئاڭلىغان كۆپچىلىكنىڭ مۇشۇ قىزىقچىلىقتا بىر ئۇرۇشۇپ باققۇسى بار ئىدى. شەھەر ئاقساقاللىرى سەل ئويلىنىپراق ئىش قىلماقچى بولۇپ شەھەرنىڭ بايلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. سودىگەرلەر بۇ ئىشنىڭ پايدا - زىيىنى ئۈستىدە ھېساب قىلىشىپ، ئۇرۇش قىلىشتىن يالتىيىشتى.

— ئەگەر بۇ يەردە قانلىق جەڭ بولسا،— دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى بىر سودىگەر، — شەھىرىمىزگە سودا ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان كارۋانلارمۇ توختايدۇ، تىجارىتىمىز ئۆلىدۇ.

— ئۇ چاغدا سېنىڭ شەھەر سىرتىغا يېڭىدىن سالغان ئۆي-ئىمارەت، قىلغان باغلىرىڭمۇ ۋەيران بولىدۇ،— دېدى بىرى.

— سېنىڭ ئۈچىنچى خوتۇنۇڭنىڭ ئۈستىگە ئالماقچى بولۇۋاتقان تۆتىنچى خوتۇنۇڭنىڭ ئىشىمۇ سۇغا چىلىشىدۇ،— دېدى يەنە بىرەيلەن.

— لەشكەرلەر يېتىپ كەلسە ئالدى بىلەن سېنىڭ چىرايلىق خوتۇنلىرىڭغا كۆزى چۈشۈشى تۇرغان گەپ...

— ھەي مېنىڭ سارايدىكى ماللىرىم نېمە بولۇپ كېتەر!— دەپ ھەسرەت چەكتى بىرى ئېغىر پۇشۇلداپ.

كىملەردۇر بارماقلىرى بىلەن بولىدىغان زىياننى ھېسابلاپ ئاخىرىغا ئاچىقالماي ئاۋارىچىلىكتە ئىدى. يەنە بەزىلەر بولسا زادى قانداق قىلىش لازىملىقىغا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي ھاڭۋاقىنىچە چەكچىيىپ ئولتۇراتتى.

— ياخشىسى ئۇرۇش قىلمايلى، — دېيىشتى سودىگەرلەر ئاخىرىدا. يانتاق ئاقساقالمۇ ئويلىنىپ:

— نارەسىدىلەر، مەزلۇملارغا ئۇۋال بولمىسۇن، شەھىرىمىزدە قان تۆكۈلمىسۇن، — دېدى.

— باج - سېلىق دېگىنى زادى نېمىسى؟ — دەپ سورىدى بىرى چۈشەنمەي.

— باج - سېلىق دېگىنى، ئۇلارنىڭ پادىشاھىغا بىز ھەر يىلى قىلغان ئىش - ئوقىتىمىزدىن پۇل تاپشۇرغۇدەكمىز.

— خۇداياتوۋا، مۇنداقمۇ ئۇششۇقلۇق بولىدىكەن - ھە!

— ئۇرۇش قىلمىز دېسەك زىيان تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ-دە!

— ئۇرۇش قىلمايلى، — دېيىشتى باشقا مۆتىۋەرلەرمۇ، - ئۇلار شەھىرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىگە قوشۇپ تىزىملىۋالسا تىزىملىۋالمامدۇ، ئۇنىڭ كارى قانچىلىكتى!

— شۇنداق بولسۇن، - دېيىشتى سودىگەرلەرمۇ، - ئازغىنە باج - سېلىق بېرىپ، شاھنىڭ ئەۋەتكەن بېگى بىلەن لەشكەرلەرنىڭ قورسىقىنى باقساق باقارمىز. ئۇنىڭسىزمۇ شەھىرىمىزگە ھەر كۈنى كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان مۇساپىرلار ئازمىدى...

شۇنىڭ بىلەن، بىغەملەر شەھىرى ئاسمىنىدا پەيدا بولغان قارا بۇلۇت ھېچقانداق بوران - چاپقۇن چىقارمايلا ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. شەھەر خەلقى ھارغان لەشكەرلەرنى دوستانىلىك بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىردى. شالاڭ ساقال قاتارلىق بىرقانچە لەشكەر باشلىقلىرى ئاقساقال يانتاقنىڭ ئۆيىدە

زىياپەتتە ئولتۇردى. قالغان لەشكەرلەر شەھەرنىڭ ئادەتتە بازار بولىدىغان ھېلىقى چوڭ مەيدانىدا— ئۆي -ئۆيلەردىن ئەكېلىنگەن كىگىز گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تويۇپ تاماقلاندى.

شالاڭ-ساقال يول بويى ئۆز لەشكەرلىرىگە بىغەملەر شەھىرىدىكى چېچىلىپ تۇرغان بايلىق، ناخشىچى قىزلار، ئۇسسۇلچى نازىنلار توغرىسىدا سۆزلەپ ئۇلارنى روھلاندۇرۇپ كەلگەنىدى. لەشكەرلەر قورسىقى تويۇپ، ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن، بايلىق ۋە ھېلىقى قىلىنغان گۈزەللەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيۋاتقانلىقىغا قاراپ ئىچى پۇشۇشقا باشلىدى. كۈن ئولتۇرۇپ، بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشمەكتە ئىدى. ھەربىر لەشكەرنىڭ كاللىسىدا: «ھەقاچان، لەشكەر باشلىقلىرى بىر يەردە چىرايلىق خېنىملار بىلەن پەيزى قىلىپ، يانچۇقلىرىنى ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن پومپايتىۋاتىدۇ. ئەتىلا بىزنى بۇ يەردىن قۇرۇق قول قايتۇرۇپ ماڭىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك. . . » دېگەندەك خىياللار ئەگىپ يۈرەتتى. ھەممىدىنمۇ ئايلاپ خوتۇن يۈزى كۆرمىگەن بۇ لەشكەرلەرنى ئاياللار بىلەن يېقىنلىشىشقا بولغان تەقەززالىق بەكرەك بىئارام قىلماقتا ئىدى.

لەشكەرلەرنىڭ ئىچىدىكى مەرتىۋىسى سەل چوڭراق ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن ئاستا پىچىرلىشىپ كۆز قىسىشتى-دە، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىش بىلەن، ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تار كوچىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى. بۇ ئىككى لەشكەرنىڭ ئورۇق كەلگەن بىرى پېشايۋانلىق بىر ھويلىغا تەۋەككۈل قىلىپ كىردى. پېشايۋان ئۈستىدىكى ياسىداق ئۆيلەرنىڭ بىرىدە چىراغ يورۇپ تۇراتتى. ئۆيئىچىدە ئۈچ ئايال پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئاياللار لەشكەرنى ئىززەت بىلەن تۆرگە ئۆتكۈزۈپ ئاستىغا كۆرپە سالدى. شاراب، چىلىم كەلتۈرۈلدى. ئورۇق لەشكەر شارابنى يېتەرلىك ئىچىپ چىلىم تارتتى.

چىلىمنىڭ سەيغانىتىدىن كۆتۈرۈلگەن ياپپېشىل ئىس تاملاردىكى گىلەملەر ۋە ئۆينىڭ گۈللۈك تورۇسلىرىدا قويۇق بۇلۇت ھاسىل قىلىپ ئەگىيتتى. لەشكەر خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى بىر - بىرىدىن چىرايلىق بۇ خوتۇنلاردىن ئۈزۈلمەيتتى. ئاياللارنىڭ بىرى ساز چالماقتا، يەنە بىرى تولغىنىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى. ئۈچىنچىسى چىلىم راسلاپ، شاراب قويۇپ ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى. لەشكەر ئورنىدىن تۇرۇپ، خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى شۇنچە خالايتتى، نىمىشقىدۇر بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، يەرگە چاپلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرالمايتتى. لەشكەرنىڭ كۆز ئالدىغا يېشىل يوپۇرماقلار، كېچىنى بېزەپ تۇرغان يۇلتۇز، بۇلۇتلار ئارىسىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاي، توپىلىق يوللارغا چۈشكەن دەرەخ كۆلەڭگىلىرى كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يات شەھەرگە نىمىشقا، نىمە مەقسەتتە كېلىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. بارا - بارا كۆز ئالدىدىكى ھەممە نىمە خىرەلەشمەكتە ئىدى. ئاخىرىدا ئۇ بۇ دۇنيانى تاشلاپ، قانداقتۇر بىر غايىۋى ئالەم، خىيالىي تۇيغۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدى - دە، كۆزلىرى يۇمۇلدى. ئاياللار بۇ لەشكەرنى زەھەرلەپ قويۇشقانىدى.

لەشكەرلەرنىڭ ئىككىنچىسى سېمىزلىكتىن تىقىلىپ، قورساقلىق كۆپكىلا ئوخشاپ قالغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۇسسۇپ كىرگەن ئۆيدىمۇ ئورۇق بۇرادىرىدەك قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. بۇ ئۆيدە ئىككى ساھىبجامال چوكان بولۇپ، ئۇلار سودا ئىشى بىلەن يىراققا كېتىپ قالغان سودىگەرنىڭ خوتۇنلىرى ئىدى. ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان خوتۇنلار لەشكەرنى ئوبدان مېھمان قىلدى. مەست بولۇپ كۆزلىرى خۇمارلاشقان لەشكەر خوتۇنلارغا بىللە كۆڭۈل ئېچىش تەلىپىنى قويدى.

— ئىختىيارىڭ،— دېدى خىنىملار، — سەن مېھمان، ساھىبخانىنىڭ ۋەزىپىسى مېھماننى خۇشال قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىش. ئەمما بىر شەرتىمىز بار. ئاۋۋال بىز بىلەن چېلىشقا چۈشسەن، قايسىمىزنى يىقىتىۋالساڭ شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭنى خۇش قىلساڭ بولىدۇ.

لەشكەرنىڭ سېمىز بەدىنى چېلىشقا ئانچە قولىشىپ كەتمەيتتى. لېكىن ئۇ: «ئاياللار بىلەن چېلىشىش قانچىلىك ئىش ئىدى!»- دەپ ئويلىدى - دە:

— چېلىشسام چېلىشاي!— دەپ ئورنىدىن دەلدەڭشىپ تۇردى. قىلىچ، كەمەرلىرىنى يېشىپ قويۇپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى.

ئۇنىڭ بىلەن چېلىشقا چۈشمەكچى بولغان خېنىممۇ يېشىنىپ يېرىم يالىڭاچ ھالغا كەلدى. ئۇلار بەل ئېلىشىپ، بىر-بىرىنى ئالدى - كەينىگە ئىتتىرەتتى. ئايال سېمىز لەشكەرنىڭ بېلىگە قولىنى يەتكۈزۈلمەي گاھ ئۇنىڭ بوينى، گاھ مۈرىسىدىن تۇتۇپ تارتاتتى. چوكاننىڭ يۇمشاق كۆكرەكلىرى لەشكەرگە ئۇرۇلۇپ، ئاپئاق يوتىلىرى ئۇنىڭغا چىرمىشىپ قالاتتى. لەشكەر ئايالنى بېلىدىن ئوبدان قاماللاپ تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ھەرقانچە قىلىپ ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈۋالالمىدى.

— سەن پۇتلىرىڭغا تاش ئېسىۋالدىڭمۇ ياكى بىرەر ئەپسۇن ئوقۇۋاتامسەن؟— دەيتتى لەشكەر ھاسىراپ.

ئاياللار قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى. ئاخىر لەشكەر ئايالنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئېغىرلىقى بىلەن ئۇنى بېسىۋالدى. شۇ چاغدا ئىككىنچى ئايال لەشكەرنىڭ تاشلىنىپ تۇرغان قىلىچىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇۋالدى - دە، بىر ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ چۈشۈردى. . .

ھېلىقى ئىككى لەشكەرنىڭ بىر كەتكىنىچە قايتىپ

كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن باشقا لەشكەرلەرنىڭ تاقىتى تاق بولۇشقا
باشلىدى. ئاخىرى ئۇلار بىر - بىرلەپ شەھەر كوچىلىرىغا كىرىپ
تارقىلىپ كېتىشتى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئالدىغا ئۇچرىغان
ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭچىلىقنى باشلىۋەتتى.
شەھەرنىڭ ئىتلىرى بەس - بەستە قاۋاپ شەھەرنى چۇقانغا
تولدۇردى. ھويلا - ھويلا، كوچىلاردىن خوتۇنلارنىڭ ئەنسىز
قىقاسلىرى كۆتۈرۈلدى. شەھەرنىڭ ئەركەكلىرى ئەمدى بۇ
ئىشنىڭ ئاخىرى نېمە بولاركىن! دەپ لەشكەرلەرنى كۆزىتىپ
تۇرۇشقانىدى. بىرىنچى ئۆيگە كىرگەن لەشكەرنىڭ بېشىنى
تۆمۈرچى بازغىنى بىلەن يانجىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى گۆرجەكنىڭ
يۈزىدە ياپىلاقلا قىلىپ قويدى. ئىككىنچى ئۆيگە كىرگىنى
پاختىچىنىڭ پاختا ئاتىدىغان توقماقنى يەپ يىقىلدى. شۇنىڭ
بىلەن شەھەر ئىچىدە چاپ - چاپ، ئۇر - ئۇر باشلىنىپ كەتتى.
ئەتراپقا تارقىلىپ كەتكەن قوشۇن ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى
پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. ئۇلار ھەربىر دوقمۇش، ھەربىر كوچىلاردا
ۋايداد سېلىپ يىقىلىشقا باشلىدى. قايسىبىر ئۆيلەردىن ئاياللار
ئىشتىنىنىڭ بېغىنى ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن لەشكەرلەرنى
قوغلاپ چىقماقتا ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئاياللارنىڭ ئاۋازى چىققان
ئۆيلەرگە ئالدىراپ كەتكىنىدىن ئىشتىنىنىڭ بېغىنى
بوشىتىۋېتىپلا كىرىپ كېلىشكەنىدى. . .

لەشكەرلەرنىڭ ھالاكىتى توغرىسىدىكى خەۋەر يانتاق
ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىش بىلەن، لەشكەر
باشلىقلىرىنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. ئۇلار ئالدىرىغىنىچە
قالغان لەشكەرلىرىنى يىغىپ، يانتاق ئاقساقالنى ئۈچ ئوغلى
بىلەن باغلاپ گۆرۈگە ئېلىپ قاچتى.

## ئونىنچى باب

# بەتنىيەتلەرگە ئىشىك ئاچما

ئاز كۈن ئۆتمەيلا شەھەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ئەسلىگە كەلدى. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ھەقىقەتەنمۇ شۇنچىلىك بىغەم ئىدىكى، ئۇلار ئۆز ئىش ـ ئوقەتلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، تېخى يېقىندىلا بۇ يەردە بولغان مالىمانچىلىقنى، يوقىلىپ كەتكەن يانتاق ئاقسالىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشتى. شەھەر مەيدانلىرى ئىلگىرىكىدەكلا سودا ـ سېتىق بىلەن قىزىپ تۇراتتى. ھەر كۈنى يەنە بەزمىچىلەرنىڭ نەغمىلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلاتتى. نەغمە-ناۋا ئىچىدە ئۇسسۇلچىلار ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە تاشلىشاتتى. ھاپىزلار ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تۈگىمەس ناخشىلىرىنى تۇۋلايتتى. كىشىنى مەست قىلىدىغان بۇ شاۋقۇن ئىچىدە دۈشمەن نېمە، جەڭ نېمە؟ ھايات نېمە، مامات نېمە؟ ... ھەممىسى ئۇنتۇلاتتى.

بىغەملەر شەھىرىدىن قېچىپ چىققان لەشكەرلەر ئاقسالال يانتاقنى ئۈچ ئوغلى بىلەن قوشۇپ قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھىنىڭ پايتەختىگە يالاپ كېلىشتى. شالاڭ ساقال لەشكەر بېشى يېتىپ كەلگەن كۈنىلا ئۆزىنى ئازراق تۈزەشتۈرۈپ ئوردىغا باردى ۋە دەرھاللا شاھىنىڭ قوبۇل قىلىشقا ئېرىشتى. لەشكەر بېشى بىغەملەر شەھىرىدە بولغان ئىشلارنى شاھقا قايسى تەرىقىدە بايان قىلدى، شاھ ئۇنىڭغا نېمە دېدى، بۇ تەرىپى كىشىلەرگە قاراڭغۇ، ئەمما ئوردىدا: خان لەشكەرلىرىنىڭ نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپ يىراقتىكى «بىغەملەر شەھىرى» دەيدىغان ئاجايىپ بىر شەھەرنى

قولغا كىرگۈزگەنلىكى، شەھەر ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ زېمىنى بىلەن پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلىكى، غەلىبە نىشانى ئۈچۈن يېڭىلگەن شەھەرنىڭ چوڭ ئاقساقىلى پايتەختكە يالاپ كېلىنگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تارقالدى.

ئىككىنچى يىلى شاھ بىغەملەر شەھىرىگە چىرايىدىن مۇغەمبەر كۈلكىسى كەتمەيدىغان، ياۋاش - يۇمشاق ھاكىمدىن بىرنى ئەۋەتتى. يېڭى ھاكىم بىر مۇنچە ياساۋۇل ۋە قوغدىغۇچىلىرىنى ئېلىپ، ھېچقانداق داغدۇغىسىزلا شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، شەھەر چېتىدىكى بىر سارايغا ئورۇنلاشتى. يەنە بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ خانلىقتىن بەرگەن يارلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ يارلىقتا يەنە يانتاق ئاقساقالنىڭ بىر پارچە خېتىمۇ قوشۇمچە قىلىنغانىدى. ئاقساقال ئۆزىنىڭ بۇ شەخسىي مەكتۇپىدە پايتەختتە قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇپ ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، شەھەرنى باشقۇرۇشقا يېڭى ھاكىم تەيىنلەنگەنلىكى ۋە پۇقرالارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ياساۋۇللار ئەۋەتىلگەنلىكى، شەھەر پۇقرالىرىنىڭ يېڭى ھاكىمغا بويسۇنۇپ، ئۇلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان باج - سېلىقلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى لازىملىقى ھەققىدە يازغان ۋە خەتنىڭ ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ شەھەر مۆتىۋەرلىرىگە تونۇش مۆھۈرنى باسقانىدى. بۇ خەتكە يانتاق ئاقساقالنىڭ مۆھۈرى قانداق مەجبۇرلاشلار ئاستىدا بېسىلغانلىقى نامەلۇم ئىدى. شەھەر چوڭلىرىنىڭ كۆڭلىدىن ھەر خىل گۇمان كەچكەن بولسىمۇ، يانتاق ئاقساقالنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، يېڭى ھاكىم ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ۋاقىتلىق تۇرغان ئورنىدىن يۆتكەپ، شەھەر ئىچىدىكى بىر كاتتا قورۇغا ئورۇنلاشتۇردى.

شەھەر پۇقرالىرى يېڭى ھاكىم ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگىمۇ

خۇددى بۇ شەھەرگە ھەر كۈنى كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈنچىلەر، ياقا يۇرتلاردىن كېلىپ پاناھلىنىۋاتقان مۇساپىرلارغا ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلاتتى. قىلىدىغان ئىشى بولمىغانلىقتىن لەشكەرلەر ھەر كۈنى بىكارچىلىقتىن بازار ئارىلاپ، قىزىقچىلىق كۆرۈپ يۇرۇشەتتى. چۈنكى بۇ يەردە خەلقنى تەرتىپكە چاقىرىشنىڭمۇ، ئۇلارنى بىرەر ئىشقا تەشكىللەشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئۇلار شۇنداق لەشكەرسىز، بەگلەرسىز ياشاپ ئۆگىنىپ كەتكەنىدى. ھەركىم ئۆز ئىشىنى تېپىپ قىلىۋېرەتتى. بەزىلەر كوچىلاردا ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان لەشكەرلەرنى شەرەتلەپ بىر - بىرىدىن سورىشاتتى:

— مۇنۇ بىكارلا لاغايلاپ يۈرگەنلەر كىملەر ئۆزى؟

— كىم دەيدۇ ئەيتاۋۇر، چوڭ بىر پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرى ئىمىش.

— ئۇلار بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئەپلەپ - سەپلەپ كۈننى ئۆتكۈزۈپ، قورساق باقىدۇ شۇ. . . تىلەمچىلەر بىلەن ئوخشاش!

— توۋا، ئۆمرۈمدە مەن مۇنداق قىلىچ ئاسقان تىلەمچىلەرنى كۆرمىگەنىكەنمەن.

ھەر ھالدا بەزىلەر بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئۆتكەن يىلى بۇ يەرگە كېلىپ شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلماقچى بولۇشقان قارا نىيەتلەر بىلەن بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغانىدى. ئۇلار بۇ لەشكەرلەرگە يەنە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن چاقچاق قىلاتتى.

— ھەي بۇرادەر، — دەيتتى تۆمۈرچى ئالدىغا ئۇچرىغان لەشكەرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، — سىلەرنىڭ ھېلىقى چاغدا كەلگەن لەشكەرلىرىڭلارنى قانداق بابلىغىنىمىزنى سەن بىلمەيسەن ھەقىچان؟ ھاي - ھاي، ئۇ چاغدا ئاجايىپ بىر قىزىقچىلىقلار بولغانىدى.

— ئۇ رەسۋاچىلىقلارنى سەن ئاڭلىغان بولساڭ بۇ يەرگە ئاياغ باسماس ئىدىڭ، - دەيتتى ماي كۆبلىرىنىڭ يېنىدا تۇرغان جۇۋازچى، — لەشكەر باشلىقلىرىڭ ئىشتىنىنىڭ چۇشۇپ قالغىنىغا قارىماي قاچقان. . .

— هاي مۇساپىر! — دەپ چاقىراتتى يەنە بىرەيلەن، — سېنىڭ شاهىڭغا نېمە يېتىشمەي سەن بايقۇشلارنى شۇنچە يىراق يەرلەرگە ئەۋەتىدۇ؟ ھەقىچان، ئۆز يۇرتۇڭدا بالا - چاقا، ئۆي-ماكانىڭ باردۇر - ھە؟!

يېڭى هاكىمنى شەھەر بايلىرى هۆرمەت يۈزىسىدىن پات - پات مېهمانغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا سوۋغىلارنى بېرىپ تۇراتتى. بۇ يېڭى هاكىم چىرايىدىن كۇلكە كەتمەيدىغان، جاهاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش كۆرۈشنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بىغەملەر شەهىرىنىڭ ئۆز شاهى هۆكۈمرانلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يەردە بىر ئەمەلدار سۈپىتىدە تۇرۇپ بەرسىلا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ باشقىلارغىمۇ ئوشۇقچە كاشىلا قىلماي، ئۆزىگە پۇختا بولۇپ، يانچۇقىنى دۇنياغا تولدۇرۇپ جېنىنى بېقىش يولىنى تاللىغانىدى. ئۇ پات - پات ئۆز ئىشلىرىدىن خانلىققا مەلۇماتنامە يوللاپ تۇراتتى.

«مەن بۇ شەھەرنى مەسچىت، خانىقالار بىلەن تولدۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئەرزىمەس پۇقرالىرىنى ئۇلۇغ ۋە شەۋكەتلىك شاهىمىز بىلەن ئاللادىن باشقا هېچكىمنى ياد ئەتمەيدىغان قىلدىم، — دەپ يازاتتى هاكىم پادىشاهقا يوللاپ تۇرىدىغان نۆۋەتتىكى مەلۇماتلىرىنىڭ بىرىدە، — ئىمامىلار هەر كۇنى نامازلىرىدا ئۆزلىرىگە يۇمشاق پوشكال يېيىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن قۇياشتىن ئۇلۇغ شاهىمىزنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختايدىغان بولدى، هازىر بۇ يەردىكى خانىقا مازارلاردا زىكرى - سۆهبەت، تەلقىلەر شۇنچىلىك قىزىپ كېتىدۇكى، هەر جۈمە كۇنى قانچە ئاشىقلار ئېسىدىن كېتىپ، ئۇدۇل جەهەننەمگىلا سەپەر قىلىدۇ.

مەسچىتلەردە جامائەت قۇرئاندىكى ھەقىقەتلەر ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ ياقىسىنى سىقىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھلارنىڭ ئىشلىرىدىن قۇسۇر تېپىشقا ۋاقتىمۇ يوق، كۆڭلى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن تامامەن يىراق...»

بۇ ھاكىم بىغەملەر شەھىرىدىن كېتىدىغان چاغدا ئۇن نەچچە ھارۋىنى ئالتۇن - كۈمۈش، قىممەت باھالىق ماللارغا تولدۇرۇپ ئىززىتى بىلەن كېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئىككىنچى ھاكىم باشقىچىرەك ئادەم چىقىپ قالدى. ئۇ بىغەملەر شەھىرىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قائىدە - نىزام، باشباشتاقلارغا زادى چىداپ تۇرالمىدى. «بۇ سودىسى ئېقىپ تۇرغان شۇنچىۋالا چوڭ شەھەر بولسۇنۇ خانلىققا باج-سېلىق تاپشۇرمىسۇن، ئادەملىرى پادىشاھنى تونۇمىسۇن، بۇ قانداق غەلىتە ئىش - ھە!؟...» دەپ ئازابلىناتتى.

ھاكىم شەھەر مۆتىۋەرلىرىنى ئالدىغا چاقىرتتى.

— بۇ شەھەر خانلىققا ۋاقتى - قەرەلىدە باج - سېلىق تاپشۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك، — دېدى ھاكىم — يەنى مەسىلەن: ھەربىر دېھقان ئالغان ھوسۇلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، كاسىپلار ئۆز كىرىمىنىڭ نەق يېرىمىنى...

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى بىرەيلەن، — كاسىپلار كىرگەن كىرىمىنىڭ يېرىمىنى ساڭا بەرسە ئۆزى نېمە يەيدۇ؟

— ئۆزى قالغان يېرىمىنى يەيدۇ. باشقا شەھەرلەردە تېخى بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك تاپشۇرۇشىدۇ... سودىگەرلەر ھەر كۈنلۈك سودىسىنىڭ يەتتىدىن تۆت قىسمىنى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ھاكىم. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئولتۇرغان مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەممىسى كوتۇلدىشىپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار سودا تىجارىتى بىلەن ھەپىلىشىدىغانلار ئىدى.

— بۇ گەپچە سودىگەرلەر قىلغان كىرىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تاپشۇرۇشى كېرەكمۇ؟

— يەنە ئۇسسۇلچى خېنىملار، سازەندىلەر، قىمارۋاز، ئوغرى دېگەنلەرمۇ بار. ئۇلار تاپقىنىنىڭ ھەممىسىنى بەرسە بولىدۇ...

— ئىمام - مەزىن، تۇل خوتۇن - يېتىم ئوغۇل، دىۋانىلەر قالدىغۇ؟ - دېدى بىرەيلەن مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ.

— بىكارچىلارچۇ؟— دېدى يەنە بىرى.

— شۇنداق، پادشاھلىق خەزىنىگە سېلىق تاپشۇرمايدىغان بىرمۇ ئادەم قالماسلىقى كېرەك — دېدى ھاكىم، — سىلەرنىڭ بۇ باج - سېلىقلارنى بىزگە يىغىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار!

شەھەر مۆتىۋەرلىرى ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلار ھازىرغىچە ھېچكىمدىن مۇنداق بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— ھۆرمەتلىك ھاكىم،— دېدى مۆتىۋەرلەر، — بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ ئۆز تىرىكچىلىكىمىز، ئىش - ئوقىتىمىز بار. باج- سېلىق لازىم بولسا ئۆزۈڭ چىقىپ يىغىۋال!

«شۇنداق» دېدى - دە، مۆتىۋەرلەر دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى. ھاكىم تېرىككىنىدىن ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە پىرقىرىغىنىچە قالدى. ئاخىرى ئۇ سېلىق يىغىشقا ئۆز لەشكەرلىرىنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. سېلىق يىغقىلى چىققان لەشكەرلەرنى بازاردا كىشىلەر ھەر خىل گەپلەر بىلەن ھەزىل قىلاتتى.

— باج - سېلىق دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟— دەپ سورايتتى بىرى.

— خوش، سەن بۇ نەرسىلەرنى كىم ئۇچۈن يىغماقچى؟— دەپ سورايتتى ئىككىنچىسى.

— پادىشاھ ئۇچۈن!— دەيتتى لەشكەر.

— ئەجەب -ھە!— دەيتتى ئۇلار، — ئۇ پادىشاھ بولسۇنۇ، يەنە بىزدەك ئاددىي سېتىقچىلاردىن بىر نەرسە يىغسۇن! شۇنىڭغا قارىغاندا پادىشاھىڭ ناھايىتى نامرات ئادەم ئوخشىمامدۇ؟

— بالا ـ چاقىسى كۆپمۇ يە؟
— ھەقىچان، ئۆزى بىرەر ئىش تېپىپ قىلمايدىغان يالقاۋ دېگىنە؟
— چېكەمدۇيە؟
— ئەمىسە ئۇچىغا چىققان بىر قىمارۋاز ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئادەمگە پۇل يىغىمەن دەپ ئاۋارە بولما، يىغىپ ئاپارغىنىڭنى بىر كېچىدىلا ئۇتتۇرۇپ تۈگىتىدۇ ـ دە، ئەتىسى يەنە سىلەرنى كوچىغا چىقىرىپ قويىدۇ. . .
— بار، پادىشاھىڭغا بېرىپ ئېيت!— دەيتتى بەزىلەر،— ئۇنىڭغا بىرنەرسە كېرەك بولسا ئۆزى كەلسۇن!
لەشكەرلەر ئۇلۇغ شاھنىڭ شەنىگە ئېيتىلىۋاتقان مۇنداق ھاقارەتلىك گەپلەرنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن تىترىشىپ كېتەتتى.
— پادىشاھىمىزنىڭ سانسىز سارايلىرى، شۇ سارايلاردا تۇرىدىغان يۈزلەپ ساھىبجامال خوتۇنلىرى بار. شۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېقىشقا پۇل لازىم ـ دە!— دەپ چۈشەندۇردى بىر كۆنى لەشكەر، بۇ گەپ بازاردىكىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆلكىسىنى قوزغىدى.
— پادىشاھنىڭ كېچىسى شۇ سارايلارنىڭ ھەممىسىدە بىر ئۆزى قونۇپ چىقامدۇ؟— دېدى بىرى.
— ئۇ بىر ۋاخلىقىغا قانچىلىك تاماق يەيدۇ؟— دەپ سورىدى ئىككىنچىسى.
— خوتۇنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى يېتىشىپ كېتەمدۇ ياكى ئەل ـ ئاغىنىلىرى ھە ـ ھۇ دېيىشەمدۇ؟— دېدى ئۇچىنچىسى.
بازاردا قاتتىق كۆلكە، ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇ يەردە تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ كۈلۈپ كېتىشتى. لەشكەرلەرنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ سودىگەرلەرنىڭ سەل كۆڭلى ئېرىپ قالدى ـ دە:
— ئال قېنى، دۇكىنىمىزغا كىرىپ ماللىرىمىزدىن

خالىغىنىڭنى ئال، پادىشاھىڭغىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ ئال. پادىشاھىڭغا ئېيتىپ قوي، ئەلۋەتتە بىزنىڭ بالا - چاقىلىرىمىزنىڭ بۇ دۇنيالىقى، ئاتا - بوۋىمىزنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويسۇن. . . ھەيران بولۇپ قارايسەنغۇ؟ بىزنىڭ بۇ يەردە بىكارغا بېرىۋېتىمە ئالغان ئادەم مال ئىگىسى ئۈچۈن جەزمەن دۇئا قىلىشى كېرەك! — دېيىشتى.

ھاكىم لەشكەرلەر يىغىپ كەلگەن دۇنيانىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا شاھقا ماڭغۇزۇپ، قالغىنىنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ھېسابىغا يازاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچى ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ ئارامسىزلىناتتى. چۈنكى ئۇنى بۇ يەردە ھېچكىممۇ كۆزگە ئىلىپ قويمايتتى. كىشىلەر نەزەرىدە ئۇ كوچىغا چىقىپ سادىغا يىغقۇچىلارنىڭ باشلىقىلا ئىدى، خالاس.

«ئېھ ھۆرمەتلىك شاھ! — دەپ يازاتتى ئۇ پادىشاھقا يېزىپ تۇرىدىغان مەكتۇپلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۆمرۈمدە مەن مۇنداق ساراڭلار بىلەن تولغان شەھەرنى كۆرگەن ئەمەسمەن. بۇ يەرنىڭ پۇقرالىرى خۇددى ياۋايى ھايۋاننىڭ ئۆزى. بۇ شەھەردىكى توقچىلىق، باياشاتچىلىق ئادەملەرنى شۇنچىلىك ئەركە قىلىۋەتكەنلىكى، ئۇلار ئەدەب - قائىدە دېگەننى بىلمەيدۇ؛ نە پادىشاھ، نە ھاكىمنى تونۇمايدۇ، ساراڭلار ئىچىدە يۈرۈپ ئۆزۈممۇ ساراڭ بولاي دەپ قالدىم. خۇددى ھەممىسىنىڭ ئىچىگە شەيتان كىرىۋېلىپ غىدىقلاۋاتقاندەك ئۇچراشقاننى مەسخىرە قىلىپ كۈلگىنى كۈلگەن. مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى باج - سېلىقلارنى ھەسسىلەپ ئاشۇردۇم. يۈزلەپ جاسۇسلارنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قويۇۋەتتىم. . .»

بىغەملەر شەھىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە كەڭرى كەتكەن ئوچۇقچىلىق بار ئىدى. ئوچۇقچىلىقنىڭ چېتىنى قىرغاقلىرىغىچە تولۇپ سۇ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتەتتى. لايىقىپ

ئاقىدىغان سۇ ياغاچ كۆۋرۈكلەر ئاستىدىن ئۆتكەندە قىسىلىپ، بۇژغۇنلار چاچرىتىپ كۈچلۈك گۈرۈلدەيتتى. ئۆستەڭ ياقىسىدىكى قايسىبىر زامانلاردا، كىملەر تەرىپىدىندۇر تىكىپ قويۇلغان قەدىمىي سۆگەتلەر، مەجنۇنتاللار ئۆز ئەتراپىغا قويۇق سايا تاشلايتتى. كۈن نامازدىگەردىن ئۆتكەندە بازارنىڭ ۋالڭ- چۇڭىدىن، ئىسسىقتىن قاچقان ئادەملەر ھارغىنلىق بىلەن قەدەم ئېلىپ بۇ يەرگە قاراپ ئاقاتتى- دە، ئۆستەڭ بويىدىكى يۇمشاق قۇمغا كېلىپ ئۆزىنى تاشلايتتى. خۇرجۇنلىرىنى بېشىغا قويۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ ھاردۇقىنى چىقىراتتى. سۆگەتلەرنىڭ سالقىن سايىسى، ئۆستەڭ سۈيىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن شامال ئۇلارغا ئارام بەخش ئېتەتتى. بۇ يەرنىڭ قۇملىرى شۇنچىلىك يۇمشاق ۋە تازا ئىدىكى، ھېچكىمنىڭ كىيىم- كېچەكمىدە داغ قالدۇرمايتتى. ئۆستەڭگە قارىتىپ سېلىنغان ئاشخانىلارنىڭ ئوچاقلىرىدا لاۋۇلداپ ئوت كۆيەتتى. ئۇ يەردىن ئىسسىق نان، قىزىرىپ پىشقان سامسا، پەرمۇدا، گۆش گىردىلەرنىڭ دورل- دەرمانغا تويۇنغان ئۆتكۈر پۇرىقى كېلەتتى. دۇكانلار ئالدىغا ئېسىلغان چىرايلىق قەپەسلەردە قۇشلار سايرىشاتتى. كاۋاپ ۋە ھەر خىل قورۇمىلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆستەڭ بويىنىڭ سالقىن ھاۋاسىغا سىڭىشىپ كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلايتتى. تام- تورۇسلىرىنى قاپقارا قۇرۇم باغلاپ كەتكەن ئاشخانىلاردا قىستىلىپ، تەرلەپ ئولتۇرۇپ تاماقلانغان خېرىدارلار يەنە ئۆستەڭ بويىغا قايتىپ چىقىپ، مۇزدەك سۇدا يۈزلىرىنى يۇيۇپ، پەشلىرىگە ئېيتىشاتتى. بەزى چاغلاردا قايسىبىر يوغان سۆگەتنىڭ سايىسىغا نۇرغۇن ئادەملەر توپلىشىپ قالغان بولاتتى. ئۆتكۈر تەر پۇراقلىرى چىقىپ تۇرغان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئالدىغا ئۆتكەن كىشى ئۇ يەردە نەغمىچىلەرنىڭ نەغمە قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى بولمىسا، قانداقتۇر بىر ھىندى سېھىرگەرى ياكى شەرق سېركىچىلىرىنىڭ ئويۇن

كۆرستىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. سېرىكچىلەر ئىنچىكە تانىلار ئۈستىدە ئارقىچە ماڭاتتى، تىك خادىلارغا مايمۇندەك چاققانلىق بىلەنَ يامىشىپ چىقىپ، ھاۋادا موللاق ئېتىشاتتى. سېھىرگەرلەر ئاغزىدىن بىردە سۇ، بىردە ئوت چىقىرىپ پۈركۈشەتتى. ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ پارچىلاپ قاپقا سېلىپ، يەنە بىردەمدىلا تىرىلدۈرۈپ چىقىرىپ، قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتەتتى.

ئادەملەرنى ھەممىدىنمۇ بەك جەلپ قىلىدىغىنى مەدداھلار سورۇنى ئىدى. شۇ زامانلاردا نۇرغۇن ئۆلىمالار چىقىپ، ئىلىم-پەن ھەققىدە ئاجايىپ كىتابلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئاز بولغاچقا، يەنىلا بۇ دۇنيانى ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلار بىلەن رەڭ بېرىپ كۆرسىتىدىغان غەلىتە رىۋايەتلەر، ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر ھەققىدىكى توقۇلمىلارنىڭ بازىرى ئەڭ ئىتتىك ئىدى. قانداقتۇر يەجۇج - مەجۇج، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، قىرىق بىر خىلغا ئۆزگىرەلەيدىغان جادۇگەرلەر، سىرلىق كويىقاپ، جىن - شاياتۇنلار توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى بىلەن مەدداھلار كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ تاڭ قالدۇراتتى.

بۈگۈنمۇ بۇ مەيدان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئېشىكنى يېتىلىۋالغان جاھانكەزدى سۇپۈرگە سېھىرگەرلەر، نەغمىچىلەر قاتارىدىن ئۆتۈپ بىر مەدداھ ئەتراپىغا ئولاشقان توپنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختاپ قالدى. مەدداھنىڭ سۆزلەۋاتقان ھېكايىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا مەدداھ يېنىغا يېقىنلاشتى.

«. . . شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى پادىشاھ ئۆزىنىڭ قاچۇرۇپ قويغان قارچىغىسىنى قوغلا - قوغلا، ئۆزى بىلەن بىللە ئوۋغا چىققان ھەمراھلىرىدىن يىراقلاپ كېتىپ قاپتۇ، — دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلماقتا ئىدى مەدداھ، — ھاۋادا ئۇچۇپ

كېتىۋاتقان قارچىغا بىر چاغدا ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ، بىر باغنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز ئۆسكەن ئامۇتنىڭ شېخىغا كېلىپ قونۇپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئۆمرىدە مۇنداق ھەشەمەتلىك چوڭ باغنى كۆرمىگەنىكەن. ئەتراپ كەتكەن قۇملۇق، كۆز يەتمەس دەشتى- چۆل، بۇ باغ بۇ يەرگە قانداق بىنا بولۇپ قالدى؟ نېمىشقا مەن شۇ كۈنگىچە بۇ باغنى كۆرمىدىم؟ دەپ ئويلاپ ھەيران بوپتۇ شاھ. بۇ باغنىڭ ھەتتا قورۇق تاملىرىمۇ يوق ئىكەن. شاھ باغنى ئايلىنىپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ ۋە:

— ھاي، بۇ باغنىڭ ئىگىسى كىم؟! دەپ ۋارقىراپتۇ.

شاھنىڭ ئالدىغا بىر ساھىبجامال قىز چىقىپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم خۇدا يەتكۈزگەن مېھمان، نېمە ھاجىتىڭىز بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.

شاھ ئۆزىنىڭ ئوردىسىدا ئونلاپ خوتۇن، يۈزلەپ كېنىزەكلەرنى تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆمرىدە بۇ قىزدەك گۈزەلنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

— مەن چۆلگە ئوۋغا چىققان بىر ئوۋچى ئىدىم، قارچىغامنى قاچۇرۇپ قويدۇم، ئۇنى قوغلىشىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؛ قارچىغان ئەنە ئاۋۇ ئامۇت شېخىغا قونۇپ تۇرۇپتۇ. رۇخسەت قىلسىڭىز، كىرىپ قارچىغامنى تۇتۇۋالسام، — دەپتۇ شاھ.

— ئاتامدىن سوراپ باقاي! — دەپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ قىز.

قىزنىڭ ئاتىسى كەلگەن مېھماننى ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن كۆرۈپ تۇرغانىكەن. ئاپئاق ساقاللىق بۇ باغۋەن مېھماننىڭ كىيىم - كېچەك، مىنگەن ئېتىدىنلا ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى پەملەپتۇ - دە، مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىپ سالاملىشىپتۇ.

— قېنى قىزىم، مېھماننى باغقا باشلا، قارچىغىسىنى تۇتۇۋالسۇن، — دەپتۇ باغۋەن.

شاھ ئېگىز ئاموتقا مىڭ بىر ھەلەكچىلىكتە يامىشىپ چىقىپ قارچىغىسىنى تۇتۇپ چۈشۈپتۇ. مېھماننىڭ تەرگە چۆمۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن باغۋەن:

— قىزىم، مېھمان چارچاپ كەتتى، ئانار شەربىتى بېرىڭ، - دەپتۇ.

قىز باغقا كىرىپ، بىر تال ئانار ئۈزۈپ چىقىپ سىققانىكەن، لىق بىر ئاپقۇر شەربەت چىقىپتۇ. شاھ شەربەتنى ئىچىپ تولىمۇ ھوزۇرلىنىپتۇ ۋە: «ئەجەب شاھ تۇرۇپ مېنىڭ ئىلكىمدە مۇنداق چوڭ باغ يوق، باغلىرىمدىكى ئانارمۇ مۇنداق شەربەتلىك ئەمەس!»- دەپ ئويغا چۈشۈپ قاپتۇ.

شاھ ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپمۇ بۇ ئىشنى ئويلاپ ھەسرەتتە ئۆرتىنىپتۇ. ئاخىرى، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ باغقا كېلىپ، ھېلىقى مويسىپىتنى قايتا ئالدىغا چاقىرتىپتۇ. باغۋەن بوۋاي چىقىپ قارىسا، ئۆتكەن قېتىم باغقا كېلىپ ئانار شەربىتى ئىچىپ كەتكەن ئوۋچى پادىشاھلىق تاجىنى كىيىپ ئات ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك، ئەلپازىمۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق تۇرغۇدەك.

— خوش شاھىم، مەندىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتتىكىن؟— دەپ تىز چۆكۈپتۇ باغۋەن.

— سېنىڭ پادىشاھلىق زېمىنلارنى خالىغانچە ئىگىلەپ، مۇنداق كاتتا باغ قىلىشىڭ ئېغىر گۇناھ، ھازىردىن باشلاپ بۇ باغ مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتىدۇ!— دەپتۇ شاھ.

شۇنداق قىلىپ، شاھ باغۋەن بوۋاينىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ھالال ئەمگىكى بىلەن بىنا قىلغان بېغىنى تارتىۋاپتۇ. باغۋەننىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۆزىنى چاكارلار قاتارىدا باغقا قاراشقا قويۇپتۇ.

بىر كۈنى شاھ يەنە ئوۋغا چىقىپ ئەتراپنى ئايلاپ ھېلىقى باغقا كېلىپ قاپتۇ. باغۋەن بوۋاينى چاقىرتىپ ئانار شەربىتى چىقىرىشقا بوۋاي ئون نەچچە تال ئانارنى ئۈزۈپ چىقىپ

سىققانىكەن، شەربىتى بىر ئاپقۇرنىمۇ تولدۇرالماپتۇ. پادىشاھ شەربەتنى ئىچىپ كۆرگەنىكەن تەمى ناھايىتى مەززىسىز تېتىپتۇ.

— ئەجابا! — دەپ ھەيران بوپتۇ شاھ، — ئۆتكەندە بىر تال ئاناردىن لىقمۇ - لىق بىر ئاپقۇر شەربەت چىققان، ئۇنىڭ تەممۇ ناھايىتى لەززەتلىك ئىدى؛ بۇ قېتىم نېمىشقا ئون نەچچە تال ئاناردىن بىر ئاپقۇرمۇ شەربەت چىقمايدۇ ھەمدە بۇ شەربەتنىڭ تەمى نېمانچە قېرىق؟

— ئۆتكەن قېتىمدا، — دەپتۇ باغۋەن بوۋاي، — سېنىڭ نىيىتىڭ خالىس ئىدى، شۇڭا ئانارد ىنمۇ شەربەت كۆپ چىققان، تەممۇ ئاغزىڭغا تېتىغان؛ شۇ قېتىمقى شەربەتنى ئىچىپلا نىيىتىڭ بۇزۇلدى. شۇڭا، بۇ قېتىم شەربەتمۇ ئاز چىقتى، تەممۇ ئۆزۈڭنى رازى قىلالمىدى. ھەممە ئىش نىيەتكە بېقىپ بولىدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلگەن شاھ:

— بۇ ئەدەبسىز قېرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

جاللاتلار بوۋاينىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. قىپقىزىل قانلار قاچىدىن تۆكۈلگەن ئانار شەربىتىگە قېتىلىپ يەرگە سىڭىپتۇ...»

مەدداھ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، كىمدۇر بىرى ۋاقىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ھاي سەن نېمە ئادەمسەن؟ گېپىڭنى توختات!

مەدداھنىڭ سۆزىنى بېرىلىپ تىڭشاۋاتقانلار ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ ئارقىغا قاراشتى. توپنىڭ ئارقىسىدا يېڭى ھاكىم غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ دېۋەيلەپ تۇراتتى. ئۇ لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ مەدداھنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، ئۇنى كانىيىدىن ئالدى.

— مەن سېنى نېمە ئادەمسەن؟ دەۋاتىمەن! — دەپ سىلكىدى ئۇ مەدداھنى.

جۇغى كىچىك مەدداھ ھەيران بولغىنىچە ياردەم سورىغاندەك قىلىپ ئەتراپىغا قارىدى.
— بۇرادەر، بۇنىڭ كانىيىنى مۇنداق قاتتىق سىقما، — دەپ ھاكىمنىڭ قولىنى ئاتتى سوپۇرگە، — سەن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟
— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن دېدىڭما؟ — دېدى ھاكىم مەدداھنىڭ گېلىدىن قولىنى ئاجرىتىپ، سوپۇرگىگە گۆلەيگىنىچە قاراپ، — مېنىڭ كىملىكىمنى تېخى بىلمەمسەن؟ مەن . . . مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ خانلىقتىن بەلگىلەنگەن ھاكىمى بولىمەن، سەن كىم بولىسەن؟
— مەن ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جاھانكەزدى سوپۇرگە بولىمەن. جانابىي ھاكىم، سەن ھاكىم تۇرۇپ نېمىشقا بىراۋنىڭ گېلىنى بىھۇدە سىقىسەن؟
— سەن ئۇنىڭ نېمىدەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟
— قۇتراتقۇلۇق ئەمەس، جانابىي ھاكىم، ئۇ كىشىلەرگە ئۇزاق ئۆتمۇشتە بولغان ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ مەيداندا مۇنداق ئاجايىپ ھېكايىلەردىن ھەر كۈنى قانچىسى سۆزلىنىدۇ. . .
— ھېكايە! ؟ — دەپ ئاچچىق كۈلدى ھاكىم، — ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟
— مەن باشقىلارنىڭ زېتىغا تەگكۈدەك نېمە دېمەكچى بوپتۇمەن ؟ — دېدى مەدداھ سۆز قىستۇرۇپ.
— سەن بۇ يەردە ئالىلىقانداق بىر ئەپسانىلەرنى توقۇپ···
— ئەپسانە ئەمەس، ھاكىم، مانا ماۋۇ كۆپنى كۆرگەن سوپۇرگە ئېيتتىغۇ، بۇ قەدىمىي ئىشلار سۆزلەنگەن بىر ھېكايە.
— خوش، ئۇ ھېكايىمۇ بولسۇن، شۇ ھېكايەڭنىڭ مەنىسى نېمە؟

— مەنسى؟ ! . . . — نېمىدەپ چۇشەندۇرۇشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى مەدداھ، — مەنسى، بەتنىيەتلەرگە ئالدىراپ ئىشىڭ ئاچما!

— ھىم مانا، نەق تىلىڭدىن تۇتۇلدۇڭ، شۇ قاملاشمىغان ھېكايە، چۆچەكلىرىڭ بىلەن سەن: بىغەملەر شەھىرى بىر تېمى يوق باغ ئىدى، بۇ باغنى يات بىر پادىشاھلىق يۇتۇۋالماقچى، دېمەكچىسەن. باغلاڭلار بۇ مەدداھنى، ئاۋۇ جاھانكەزدى دېگەن ماكانى يوق سايىقىنىمۇ قوشۇپ باغلا!

غوۋغانى ئاڭلاپ بۇ مەيداندىكى پۈتۈن خالايىق بۇ يەرگە توپلاشقانىدى. لەشكەرلەر مەدداھ بىلەن سۇپۇرگىنى باغلىماقچى بولۇپ مېڭىشى بىلەنلا خەلق تەۋرەپ كەتتى.

— ھاي قولۇڭنى تارتىش! . . . بىزنىڭ سۇپۇرگىنى نېمىدەپ باغلىغۇدەكسەن؟ . . . مەدداھتا نېمە گۇناھ؟ ! . . .

— ئۇلار سىلەرنى ئازدۇرغۇچىلار، سىلەرنى پادىشاھقا قارشى قۇترىتاماقچى! — دېدى ھاكىم، — تۇتۇپ باغلانسۇن، مەدداھنىڭ خۇرجۇن - چارىلىرىنى مۇسادىر قىلىڭلار، ئاۋۇنىڭ ئېشىكى ماڭا قالسۇن!

— ئۇرۇڭلار! — دېدى بىرنەچچەيلەن تەڭلا، — بۇ خەق ئۆزى نەدىن كېلىپ قالغان؟

— بۇ ھاكىم دېگىنى كىم ئۆزى؟

— ئۇر مۇناپىقلارنى! . . .

شۇنىڭ بىلەن دەھشەتلىك قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ كەتتى. لەشكەرلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بولغۇچە چالما - كېسەك ئاستىدا قالدى. ھەش - پەش دېگۈچە ھاكىمنىڭ باش - كۆزى يېرىلدى. ئەتراپتىكى ئاشخانىلاردىن ئاشپەزلەر ساپلىق، چۆمۈچ، گۆش توغرايدىغان قىڭراقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ توپقا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇششاق بالىلار قىزىقچىلىق كۆرۈش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتلەرگە يامىشاتتى. ئەتراپقا باغلاپ

قويۇلغان ئىشەكلەر ھاڭراپ، توخۇلار پۇشقۇرۇپ، مالىمانچىلىق تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. لەشكەرلەر ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئۆمىلىگىنىچە چىقىپ، ئۇتتۇر كەلگەن تەرەپكە قاراپ قېچىشتى ...

## ئون بىرىنچى باب

# قېنى كىم پادىشاھ بولىدۇ؟

يېڭى ھاكىمنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا بولغان توقۇنۇشنى ئاڭلاپ شەھەر خەلقى ئۆستەڭ بويىدىكى مەيدانغا تەرەپ- تەرەپتىن كېلىشمەكتە ئىدى. پەرەنجىلىرىنىڭ ئۈستىدىن گۈللۈك بەلباغلارنى چىگمۇالغان سودىگەرلەر، ھېلىـــلا تونۇر بېشىدىن چۈشكەچكە بەدىنىدىن تەر ۋە ئىسسىق ناننىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغان ناۋايلار، كىيىملىرى مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن قاسساپلار، قوللىرى قارىگۇل ۋە سىراج يۇقى بولۇپ قارايغان موزدۇزلار، سودا - سېتىق ئۈچۈن چىققان خوتۇنلار نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بويۇنلىرىنى سوزۇپ توپنىـــڭ ئوتتۇرىسىغا قىستىلىشاتتى. ھاكىـــمنىـــڭ لەشكەرلىـــرى ئاللىبۇرۇنلا بۇ يەردىن قېچىپ جىنىنى دالدىغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن تۇتۇشقانلارنىڭ تېخىچە قېنى قىزىپ تۇراتتى.

— ھاي خالايىق! — دېدى سۇپۇرگە كىمدۇر بىرى شۇ يەرگە چىقىرىپ قويغان ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، — بىزنى نېمىدەپ باشقىلار ئەۋەتكەن ھاكىم باشقۇرغۇدەك؟ بىـــزنىـــڭ ئۆز ئاقساقاللىرىمىز قېنى؟

— راست ئېيتىسەن! — دەپ چۇرقىراشتى خەلق، — يانتاق ئاقساقالنى ئۇلار قەيەرگە ئەكەتتى؟ بىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئاقساقاللىرى باشقۇرسۇن!

— ئەلنىڭ بىر بېشى بولۇشى كېرەك - دە، - دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى سۇپۇرگە، — بولمىسا ياتلار كېلىپ بۇگۇندەك كانىيىمىزنى سىقىدىغان ئىش بولىدۇ. يانتاق ئاقساقال قايتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭ ئورنىغا ئارىمىزدىن بىر ئاقساقال كۆرسىتەيلى.

— بىزگە خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قېچىپ كېتىدىغان ئۇنداق ئاقساقىلىڭنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دەپ سۇپۇرگىنىڭ يېنىغا سەكرەپ چىقتى ئاۋازلىرى گۇرۇلدەپ چىقىدىغان ياش بىر يىگىت، — بىزنىڭمۇ باشقىلارنىڭكىدەك ئۆز پادىشاھىمىز بولۇشى كېرەك. مانا، شەھەرنىڭ پۈتۈن جامائىتى مۇشۇ مەيداندا تۇرۇپتۇ. بىز نەق پادىشاھنىڭ ئۆزىنى سايلاپ چىقايلى!

— نېمە دەۋاتقاندۇ ماۋۇ خەق؟! — دەپ ھەيران بولدى ھېلىقى ۋىجىك مەدداھ، ئۇ تېخىچە بايا ھاكىم كېلىپ سىققان بويىنىنى سىيلاپ تۇراتتى، — مەن ئوقۇغان جەڭنامىلەردىن قارىغاندا پادىشاھلار دېگەننىڭ ئۆزىگە يارىشا ئوردا - سارايلىرى بولۇشى كېرەك - دە!

— سەن ئاۋۋال كىمنىڭ پادىشاھ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەت، بىز ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭكىدىنمۇ كاتتا سارايلارنى سېلىپ بېرىمىز... قېنى كىم پادىشاھ بولىدۇ؟

— سۇپۇرگە بولسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى بىرى، — ئۇ جاھان ئارىلاپ كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ! — دەپ دەرھال رەت قىلدى سۇپۇرگە، — مەن ئەلنىڭ مۇنداق چوڭ ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن.

— ئۇ راستىنى ئېيتتى، — دېدى بىر مويسىپىت، -

سۇپۇرگىگە ئوردا ئىچىدە قامىلىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئۆزى بىر ئازاب. ئۇ بولغۇسى پادىشاھىمىزنىڭ قوشنا ئەللەرنى كېزىپ يۈرىدىغان ئەلچىسى بولسا بولىدۇ.

— ئاۋۇ تۇردى سەرراپ قانداق؟— دەپ ۋارقىرىدى توپ ئىچىدىن بىرى، — ئۆزى شەھىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ بايلارنىڭ بىرى، قاراڭلار، ئۇنىڭ شاپ بۇرۇتى، كېلىشكەن بەستىمۇ پادىشاھلىققا لايىق.

— بولمايدۇ!— دەپ ماقۇل كۆرمىدى بىرنەچچەيلەن،— ئۇ تۆتىنچى خوتۇنىنىڭ ئۇستىگە يېقىندا بەشىنچى خوتۇننى ئالماقچى، شۇمۇ مۇسۇلمانچىلىق بوپتۇمۇ؟

— سودا قىلىپ بارغان ھەربىر يېرىدە ئېلىپ تاشلاپ قويغان مەخپىي خوتۇنلىرىچۇ تېخى...

— ئىنساب كېرەك ـ دە، ئەنە ئاۋۇ سۇپۇرگىنىڭ ھازىرغىچە بىرمۇ خوتۇنى يوق.

ئادەملەر ئارىسىدا كېرىلىپ تۇرغان تۇردى سەرراپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ كىچىكلەپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى.

— ھوي خالايىق، مۇنۇ تاشاخۇن تېۋىپچۇ؟... ئۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ كېسىلىنى تاپالايدۇ...

— بىز شىپاخانا ئاچمايمىز ـ دە!— دېدى زەربە بىلەن بىرى.

— لايىق ئەمەس!— دەپ چۇرقىراشتى باشقىلارمۇ، — ئۇنىڭ كېسەل كۆرمەن، دەپ كىرىپ، ئېرى يوق خوتۇنلارنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى كىم بىلمەيدۇ.

— ئىنساب بىلەن سۆزلەڭلار، مۇسۇلمانلار، مېنى سايلىمىساڭلارمۇ سايلىماڭلار، مېنىڭ شەنىمگە ئۇنداق نالايىق گەپلەرنى قىلماڭلار!— دەپ غودۇراپ كەتتى تېۋىپ.

— ماۋۇ سادىق تامچىچۇ؟

— ئۇمۇ بولمايدۇ، ئۆتكەن يىلى قوشنىسىنى قولىدىكى كىسەك چوقۇيدىغان كەكە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالغان.

— ھەي ئىمىر قاسساپ سەنچۇ؟ بازاردا ۋارۋار ۋاقىرايسەن، پادىشاھ قىلىپ قويساق ئەپلەشتۈرەلەيسەنمۇ؟

— قويۇڭلار ئۇ قاسساپنى، تارازىدا ئادىل ئەمەس، قىپقىزىل ئوغرى.

— ماۋۇ تۇراق كەسكەكچىچۇ؟

— شۇمۇ گەپمۇ؟ ئادەم تېپىلمىغاندەك بىر كەسكەكچىنى پادىشاھ قىلىۋالساق خەق نېمە دەر؟

— نېمانچە ئاھانەت بۇ؟ ... سىلەرگە مېنى پادىشاھ سايلاڭلار دېدىممۇ؟ ... كەسكەكچىلىك شۇنچە يامان ئىشمىكەن؟ مەن سۈننەتنى ئادا قىلىپ قويمىغان بولسام ھېلىقى بىرنېمىلىرىڭنى ... - دەپ تېرىككىنىدىن ئاغزىدىن ئەپسانە گەپلەرنى چىقىرىۋېتىپ قالدى كەسكەكچى.

—بىز نېمە ئۈچۈن مۇنۇ توختى دوكارنى كۆرسەتمەيمىز، - دەپ ۋارقىرىدى بىرى تازىمۇ يوغان قورساق سالغان كىشىنى شەرەتلەپ تۇرۇپ، — ماللىرىنى ئەرزىنىغىلا توپ ساتىدىغان، ناھايىتىمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم، پادىشاھ بولۇشقا تازا باب كېلىدۇ.

— توختى دوكارغۇ ياخشى ئادەم، بىراق، بىر قېتىم مەسچىتتە ئىشتىنى تىزىغىچە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ جامائەت ئالدىدا رەسۋا بولغان.

مەيداندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. خەلق بارغانسېرى چۇۋۇلدىشىپ، تەرتىپ بۇزۇلۇشقا باشلىدى. كىملەردۇر بىر - بىرى بىلەن پادىشاھ نامزاتى ئۈستىدە گەپ تالىشاتتى، بەزىلەر تىلىقىپ كۈلۈپ بۇ ئىشنى چاقچاققا ئايلاندۇراتتى. ئۇياتچانراق كىشىلەر مېنىڭ ئىسمىم ئاتىلىپ قالمىسكەن، دەپ قورۇنۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. شاھلىقتىن تەمەرى بارلار خەقنىڭ

كۆزىگە چۈشۈش ئۈچۈن ئەتەي ئاۋازىنى چىقىرىپ سۆزلەپ، ھەدەپ ئەتراپقا قاراپ بويۇندايتتى. ئەگەر ئۆزىنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭ نامى ئاتىلىپ قالغۇدەك بولسا، دەرھاللا ئۇنىڭ ئۈستىدىن گەپ تېپىشاتتى. دۇنيادا نۇقسانسىز كىم بار؟ خۇدا بىغەملەر شەھىرىگە پادىشاھ بولۇشقا ئاسماندىن پەرىشتىنى چۈشۈرۈپ بەرمەيدۇ - دە!

— ھاي خالايىق، تىنچلىنىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى سۈپۈرگە، — ئەيىبسىز ئادەمنى ئىزدەيدىغان بولساق، ئەنە ئاۋۇ چوكاننىڭ قولىدىكى بالىنىلا سايلىمايلىمۇ! — دېدى ئۇ توپنىڭ ئىچىدە تۇرغان بىر ئايالنىڭ قولىدىكى بوۋاقنى كۆرسىتىپ، بالىنىڭ ئانىسى گەپنىڭ كىم ئۈستىدە كېتىپ بارغىنىنى ئاڭقىرالماي كىم گەپ قىلسا شۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى.

— پادىشاھلىققا دەمسەن؟ . . . ئۇ تېخى بوۋاققۇ؟! — دەپ ھەيران بولدى ئادەملەر.

— ھە، شۇ بوۋاقنى دەيمەن، قېنى كىم ئۆزىنى مەن ئاشۇ بوۋاقتىن پاكمەن دېيەلىسە ئوتتۇرىغا چىقسۇن!

مەيداننى بىردىنلا جىمجىتلىق باستى. شۇ تاپتا ھەركىم ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. پاكلىقتا ھېچكىممۇ ئۆزىنى تېخى ئانا سۈتىنى ئىمىۋاتقان سەبىي بالىغا تەڭلەشتۈرەلمەيتتى.

— توغرا ئېيتىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى بىرى ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، — پادىشاھلىققا ئاشۇ نارەسىدىدىن ئارتۇق ئادەم يوق! . . . قېنى سىڭلىم، بالىنى ماڭا بەر.

ئانا ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئادەملەر ئۇنىڭ قولىدىن يۆگەكتىكى بوۋاقنى ئېلىشتى - دە، چۇقان - سۈرەن ئىچىدە بېشىدا كۆتۈرۈپ كېتىشتى.

— ھاي توختاڭلار! — دەپ كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەيتتى چوكان، — ئۇنى نېمە قىلماقچىسىلەر، نەگە

ئاپىرىسىلەر؟ بالىنى يەنە مەن ئېمىتىپ چوڭ قىلىشىم كېرەكمۇ؟
... ئېنى دادىسى نېمە دەيدۇ؟...
سۈپۈرگە بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيران بولغىنىچە ھارۋا ئۈستىدە يالغۇز قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەنە بىلەن ئېيتقان: ئەگەر نۇقسانسىز ئادەمنى ئىزدەيدىغان بولساق ئاشۇ بوۋاقنى پادىشاھ قىلساق بولىدۇ شۇ، دېگەن مەنىدىكى سۆزىدىن مۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى زادى ئويلاپ باقمىغانىدى.
«نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟! — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — مەن نېمىشقا تۇرۇپ - تۇرۇپ قىلىۋاتقان ئىشىمدىن ئازىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ قىلىقىنىڭ ئالامىتىمۇ نېمە؟ ...نېمىدەپ شۇ بوۋاقنى پادىشاھ بولسۇن دېدىم؟ بۇ بوۋاق كۆزۈمگە قانداق چۈشۈپ قالدى؟ بوۋاق كۆتۈرگەن چوكان توپنىڭ ئىچىگە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟...يائاللا، بۇ ھېلىقى قۇياش شاھىنىڭ شەھىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىمدا ماڭا ئۇچرىغان ئالۋاستى چوكان ئەمەستۇر - ھە؟!...توۋا، شۇنچە ئەللەرنى كېزىپمۇ بۈگۈنكىدەك غەلىتە سايلامنى كۆرۈپ باقماپتىكەن...»

## ئون ئىككىنچى باب

# ئوردىدىكى كېڭەش

شاھ ئوردىسى ئۆزىنىڭ مەڭگۈ سۈكۈتكە چۆكۈپ تۇرىدىغان ئېگىز تاملىرى، قوش - قوش دەرۋازا، رەڭدار راۋاقلار، نەقىشلىك تۈۋرۈكلىرى بىلەن كىشىگە تولىمۇ سىرلىق ۋە سەلتەنەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ پۈتۈن پىتنە - پاسات،

ئازارچىلىق ۋە ۋەھىمىگە تولغان ماكان. ئوردىنىڭ كەڭ خىشلار يېيىتىلگەن يوللىرىغا تۆت پەسىل كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەل - دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى. قۇياش نۇرىدا بەرقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان يېشىل چىملىقلار، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈللۈكلەردە كېنىزەكلەر نازاكەتلىك قەدەم تاشلاپ ئۆتۈشەتتى. قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان ئوردا باغلىرىدا قۇشلار سايرىشاتتى. فونتانلىق كۆللەر ئوتتۇرىسىدىكى شىپاڭلار، نەقىشلىك سالاسۇنلار، ئەگمە كۆۋرۈكلەر كۆل سۈيىدىن كۆتۈرۈلگەن يېنىك تۇمان ئىچىدە ئۈنسىز قېتىپ قىلىشقانىدى. لېكىن بۇ يەردە تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەللىكلىرىدىن سۆيۈنگۈدەك يۈرەك يوق ئىدى. يېشىل يوپۇرماقلار ئۈستىدە قۇياش نۇرى شۇنچە تاۋلىنىپ تۇرسىمۇ، ئوردا خادىملىرىنىڭ كۆڭلى چاڭ باسقاندەك خىرەلىشىپ تۇراتتى؛ قۇشلار شادلىق ئىچىدە سايراپ، رەڭگا-رەڭ گۈللەر ئەتراپىدا قوشماق كېپىنەكلەر ئاشىقلارچە پەرۋان بولۇپ يۈرۈشسىمۇ، ئوردا كېنىزەكلىرىنىڭ قەلبى خۇشاللىق ۋە قىزغىن مۇھەببەتتىن شۇنچە يىراق ئىدى.

ئوردىنىڭ ھەربىر ئايلىنىش، ھەربىر ئىشىك7لەر ئالدىدا قاراۋۇللار ئېغىر قوراللىرىنى شاراقشىتىپ، سۇرلۇك قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. قاراڭغۇ بۆلمىلەردە كۆزلىرى ياشانغىرىغان تارىخچىلار شاھنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى، تەڭداشسىز قۇدرىتى، رەھىمدىللىكى، ئادالەتپەرۋەرلىكى ھەققىدىكى مەدھىيىلەر بىلەن تولغان قېلىن كىتابلارنى يېزىشاتتى. خىزمەتچى خادىملار شاھ ئولتۇرغان خاس ئۆينىڭ ئالدىدىن ئېھتىيات ۋە تەشۋىش بىلەن يېنىك قەدەم ئېلىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ھالى ئۇخلاۋاتقان يولۋاسنىڭ يېنىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان بىچارىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى. جان قايغۇسىدا ئۇلارنى ھەر قەدەمدە سۇر ۋە تەر بېسىپ تۇراتتى. ئەمەلدارلار بىر - بىرى بىلەن سىرلىق

پىچىرلىشاتتى. بۇ يەردە ھەربىر قەدەمنى ئوردىنىڭ چىگىش قائىدە - نىزاملىرى ئىچىدە ئېھتىيات بىلەن بېسىش، ھەربىر ئېغىز سۆزنى سالماقلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى. شاھنىڭ ئالدىغا كىرگەن چاغدىكى تۇگىمەس تەكەللۇپ ۋە ئېگىلىپ تۇرۇشلار ۋەزىرلەرنى ھارغۇزۇپ سارالڭ قىلىپ قويىاي دەيتتى. ئۇلارنىڭ ھالى كىشىگە ئالتۇن قەپەس ئىچىدىكى بىچارە قۇشلارنى ئەسلىتەتتى. ئوردىدىكى ئەمەلدارلارغا قارىغاندا توپلىق سەھرا يولىدا كېتىپ بارغان يولۇچى ئەركىنرەك، ئىسلىق چايخانىدا ئاچچىق چاي دەملەپ ئىچىپ ئولتۇرغان مەدىكار ئازادىرەك ئىدى. بۇ يەردە چىن يۈرەكتىن چىقىدىغان قاتتىق كۈلكىلەر، ساپ ۋىجداننىڭ ئەيىبلىشىدىن پەيدا بولىدىغان ۋىللىدە قىزىرىشلار، ئىنساننىڭ سەممىي سۆز ۋە تەبەسسۇملىرى كەم ئىدى.

شاھنىڭ يېنىدىكى ۋەزىرلەر ھەرقايسى شەھەرنىڭ ھاكىملىرىغا ناھايىتى ھەسەت قىلىشاتتى. چۈنكى ئۇ يەردە خاننىڭ كۆزىدىن يىراق، ئەركىن ياشاشقا بولاتتى، پۇقرالارنى خالىغىنىچە شىلىپ بايلىق توپلىيالايتتى. «ئاھ، ئۇلار باي بولۇپ تىقىلىپ كېتىشتى. بىز بولساق بۇ يەردە پۇچۇلۇپ ئازاب چەكمەكتىمىز!» دەپ ھەسرەت بىلەن تولغىناتتى. ئۇلار ئارمانىغا يېتەلمىگەن ۋەزىرلەر پەيتى كەلگەندە شاھ ئالدىدا ھەربىر شەھەرنىڭ ھاكىملىرىنى ئىچى قارىلىق بىلەن ئەيىبلىشەتتى. مانا بۈگۈن قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھنىڭ ئالدىدا بىغەملەر شەھىرى توغرىسىدىمۇ شۇنداق شىكايەتلەر بولۇۋاتقانىدى.

— نېمە ئۈچۈن يىراق مەملىكەتلەردىن كېلىۋاتقان كارۋانلارنىڭ ھەممىسىلا شۇ شەھەرگە قاراپ بۇرۇلىدۇ؟ — دەپ چېقىمچىلىق قىلماقتا ئىدى.

بىر ۋەزىر باشقىلارغا قاراپ كۆزىنى قىسقىنىچە:

— چۈنكى ئۇ شەھەردە ھېچكىم، ھېچقانداق تىجارەتتىن ئۈچۈن باج تاپشۇرماس ئىمىش!

— شۇنداق، — دەيتتى ئىككىنچىسى، — ئۇ شەھەرنىڭ سودا- سېتىق ئىشلىرى شۇنچىلىك روناق تاپقان بولسىمۇ، پادىشاھلىق خەزىنىگە ھېچنېمە بەرمىسۇن. . . بىز ئۇ يەرگە ناھايىتىمۇ يارامسىز ھاكىملارنى ئەۋەتكەن ئوخشايمىز...

— مانا بىز مۆھتەرەم ۋەزىرلەر گېپىنى قىلىۋاتقان بىغەملەر شەھىرىدىن بۈگۈن ئەتىگەنلا مۇھىم مەلۇماتلارنى ئالدۇق، — دەپ ئورنىدىن قوپتى يەنە بىرى، — ئۇ يەردە پادىشاھقا سېلىق تۆلەشتىن باش تارتىشىپ، لەشكەرلەرنى ئۇرۇپ قوغلىشىپتۇدەك. . .

— بۇ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ شۇ شەھەردىن ئىككىنچى قېتىم رەسۋا بولۇپ قېچىپ چىقىشى، — دەپ ئەسلەتتى يەنە بىرى.

— ئەڭ خەتەرلىك يېرى، — دېدى ھەممىدىن قېرىراق يەنە بىر ۋەزىر تېخىمۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى شاھىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئالماس ئىمىش، ئەگەر ھەممە شەھەرلىرىمىزنىڭ پۇقرالىرى قۇدرەتلىك شاھىمىزنىڭ نامىنى ھەر دائىم يادىدا تۇتۇپ تىترەپ تۇرمايدىغان بولسا، شاھلىق تەختىمۇ خەۋپ ئاستىدا قېلىشى مۇمكىن!

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھ «ھىم، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن» دەپ ئېغىر پۇشۇلداپ كەتتى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، بۇزۇقچىلىق ۋە ئەيش - ئىشرەت بۇ يېڭى ھۆكۈمرانىنىڭ چىرايىنىمۇ زەئىپلەشتۇرۇپ ئۇلگۇرگەنىدى.

يارانقان ئىگەم پادىشاھلارغا ھەممە نېمىنى بەرگەندەك قىلىسىمۇ، يەنە ئۇلاردا كۆپ نەرسىلەر يېتىشمەيتتى. ئۇلاردا تۆمۈرچىنىڭ بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاپ كېتىدىغان تاتلىق ئۇيقۇسى كەم ئىدى. شاھ قاتمۇ قات كۆرپە، پەي ياستۇقلار ئۇستىدە يېتىپمۇ ئاچچىق

تولغىناتتى. جاي - جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ ھېلىدىن - ھېلىغا بولۇپ تۇرىدىغان ئىسيانلىرى، يەرلىك بەگلەرنىڭ كۆچىيىپ كېتىشى، ۋەزىرلەرنىڭ خىيانەتكارلىقى، سەركەردىلەرنىڭ باشباشتاقلىقى ئۇنى ئارامسىزلاندۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا ئاپتاپلىق سەھرا يولىدا كېتىپ بارغان مۇساپىر، سۇنۇق ئارىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق دېھقان غەمسىزرەك ئىدى. شاھنىڭ ھەرىمىدە يۈزلەپ كېنىزەكلەر ساقلىناتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاددىي دېھقان ئېرىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان خوتۇنلىرىچىلىك ۋاپادارلىرىنى تاپماق تەس ئىدى:

«نېمىشقا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرى ماڭا قارىمايدۇ!» دەپ ھەسرەت چېكەتتى شاھ كېچىلىرى. بۇ - دۇنيادىكى ھەممە پادىشاھلارنىڭ ئورتاق ھەسرىتى ئىدى. لېكىن، بۇ ئارمانغا ئۇتمۇشتىكى ۋە ھازىرقى شاھلارنىڭ ھېچقايسىسى يېتەلمىگەن، كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھېچقايسىسىمۇ بۇ ئارزۇغا يېتەلمەيدۇ. مۇبادا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرىنىڭ دۇنياغا بىر ئۆزى خوجا بولۇش مەقسىتى ئىشقا ئاشقان تەقدىردىمۇ يەنە ئۇنىڭ ھەسرىتى تۈگىمەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ نەق خۇدانىڭ ئۆزى بولۇپ باققۇسى كېلىدۇ...

شاھلىق تەختتە چۆكۈپ ئولتۇرغان شاھ كۆزىنى ئېچىپ، نەزەرىنى ئىككىنچى بىر تەرەپكە - ئوردىنىڭ ئىلىم - ھېكمەتتە دانا ھېسابلانغان ئالىملىرى ئولتۇرغان تەرەپكە ئاغدۇردى. ئۆلىمالارنى سۈر باستى. بۇ ھېكمەت ئىگىلىرى شاھنىڭ نەزەرىدە پەقەت بىلىمدىنلا پايدىلىنىشقا بولىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئەڭ خەتەرلىك ئادەملەر ئىدى. «كىم بىلىدۇ؟— دەپ گۇمان بىلەن ئويلىناتتى شاھ، — بۇ ئەبلەخلەرنىڭ يوغان كىتابلارنى باش كۆتۈرمەي ئوقۇشى بەلكىم مېنىڭ ھاكىمىيىتىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈندۇر. ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلغان لازىم!...» شۇڭا

بۇ ئۆلىمالارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئارقىسىدا بىرقانچە جاسۇس، ھەربىر جاسۇسنىڭ كەينىدە يەنە بىرقانچە پايلاقچى بار ئىدى.

سېمىزلىكتىن تىنالماي پىخىلداپ قالغان، ماي ئالىدىغان كۆپلەردەك پاكار، دوپدومىلاق مۇنۇ بىرى ئۆمۈر بويى كىتاب كۆرۈپ، يىلان مۈڭگۈزىنى يېنىغا سېلىپ يۈرسە ھەرقانداق دەۋادا ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان مەشھۇر ئالىم ئىدى. ئۇ سانىڭ مېڭىسىگە ھۆپۈپنىڭ تاجىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، شاھقا كۆڭلى تارتماي قالغان خوتۇنلار ئۈچۈن ئىسسىقۇ ياسايتتى. كونا تامنىڭ توپىسىنى تېخى قىچقارمىغان چۈجە خورازنىڭ پوقى بىلەن قوشۇپ قورۇتۇپ سوقۇپ، ئاندىن ئۇنى بۆغىنىڭ قېنى بىلەن يۇغۇرۇپ كۇمۇلاچ قىلىپ، شاھنىڭ ئۆز ھەرەمخانىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىشى ئۈچۈن قۇۋۋەت دورىسى ھازىرلايتتى. ئاۋۇ ئورۇق، شوتىدەك ئېگىز كىشىنىڭ بولسا مۇنەججىملىكتە شۆھرىتى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى، قېرىلىقتىن ھازىر ئۇ ئۆزىدىن ئون قەدەم نېرىدىكى ئادەمنى تونۇيالمىغىنى بىلەن، كۇندۇزىمۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنىڭ قەيەردىلىكىنى خاتاسىز كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى. ئۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ جايلىشىشىغا قاراپ، كىشىلەر تەقدىرىنىڭ قانداقلىقىغا ھۆكۈم قىلالايتتى. ماۋۇ ھەم چوقۇر، ھەم جىرتاق بىرى بولسا باش ھەرەم خادىمى ئىدى. شاھ ئۆز خوتۇنلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانغا ئەنە شۇنداق بەتبەشىرە بىر بىچارىنى تاللىغانىدى. ئۇمۇ قانداقتۇر تولڭ قاغىنىڭ چاڭگىسى، قوتاز تۈكى، چاشقان مايىقى دېگەندەك نەرسىلەردىن بىر خىل كۇمۇلاچ دورا ياسىغانىدى. بۇ دورا ئارقىلىق ئەر كىشىنى پىچمايلا ئاختا قىلىپ قويغىلى بولاتتى. ئەمما، ئۆزىنى بولسا، شاھ ئۇنىڭ ھېلىقى دورىدىن كۆپ يېدىم، دەپ قەسەم قىلغىنىغا قارىماي مەجبۇري پىچىپ ئاختا قىلدۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ غەلىتە مەخلۇقتىن شاھ بەكمۇ ھەزەر ئەيلەيتتى ۋە ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر

نەرسىلەرنى تامىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنى ئاياللارغا كارغا كەلمەس قىلىپ قويۇشىدىن قورقاتتى. ماۋۇ ئۆچكە ساقال ئوردا تېۋىپى ئىدى. ئۇ كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتماي تىرنىقى بىلەن تىلىنىڭ رەڭگىگە قاراپلا دەردىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تاپالايتتى. داۋالاشتا ئاساس قىلىدىغىنى سۈرگە دورىسى ئىدى. ئۇ يېقىندا بىر ئاجايىپ كىتاب يېزىپ چىقىپ، كىتابىدا ساراڭلارنى ئەر سارىڭى، خوتۇن سارىڭى، ئەمەل سارىڭى، شۆھرەت سارىڭى... دەپ يەتمىش ئىككى خىلغا ئايرىپ چىققان ۋە بۇ ساراڭلار ئىچىدە داۋالاش ئەڭ قىيىن بولىدىغىنى جاھان سارىڭى، دەپ كۆرسەتكەن...

— خوش، سەن بۈگۈن بىزگە پايدىلىق بىرەر پىكىر ئېيتالامسەن؟— دەپ ئۆلىمالار ئىچىدىكى ساقىلى ھەممىسىنىڭكىدىن ئۇزۇن بىرىگە مۇراجىئەت قىلدى شاھ. شۇنىڭ بىلەن شاھنىڭ دەھشەتلىك نەزەرى ئاستىدا قارا تەرگە چۈشكەن باشقا ئۆلىمالار يېنىك تىنىشتى، — سېنىڭ ھېلىقى ياساۋاتقان دوراڭ زادى قاچان تەييار بولىدۇ؟

ساقاللىق ئۆلىما ئۈنچىقماي ئالدىغا تېخىمۇ ئېڭىشتى. ئۇنىڭ ساقىلى گىلەمگە يۈكۈنگەن تىزلىرىدىن ئېشىپ يەرگە سۆرەلگەنىدى. ئۇ روھ ۋە ماددا، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق، غالىبلار ۋە غايىبلار دېگەندەك مۇرەككەپ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆمۈربويى تەھسىل يۈرگۈزگەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىدە يازغان كىتابلىرىنى تىزىپ چىقسىمۇ ساقىلىدىن ئېشىپ كېتەتتى.

— يەنە مېنىڭ ساڭا ھەرىلەر توغرىسىدا ئەسلەتكەنلىرىم ئېسىڭدىدۇر؟— دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى شاھ،— ئاڭلىشىمچە: مىڭلىغان ھەسەل ھەرىلىرى ئۆز پادىشاھىنى ئۈنچىقماي، تىرىشچانلىق بىلەن ھەسەل يىغىپ باقىدىكەن، چاكار ھەرىلەردە تىرىشىپ ئىشلەشتىن باشقا كۆڭۈل ئېچىش، نەسىل قالدۇرۇش دېگەندەك بىھۇدە خىياللار ئەبەدىي بولمايدىكەن. سەن نېمە ئۈچۈن

قانداقتۇر بىر دورىلارنى ياساپ ياكى ئەپسۇن ئوقۇپ، خەلقنى شۇ ھەسەل ھەرىلىرىدەك مۇلايىم، ئىتائەتچان قىلىپ بېرەلمەيسەن؟ ... پۇقرا ئۇچۇن ئەيش ـ ئىشرەت، كۈلكە ـ چاقچاق، قارشىلىق، ئىسيان دېگەندەك بولمىغۇر نەرسىلەر نەھاجەت؟! ياكى بولمىسا سەن ئۇلارنىڭ ئەقلىنى كىچىك بالىنىڭكىدەك قىلىپ قوي، پۇقراغا ئوشۇقچە ئەقلىنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇلار ئۆزى چوڭ بولسۇن، ئىشقا ياراملىق بولسۇن، لېكىن، ئەقلى بالا ۋاقتىدىكى جايىدا قېلىۋەرسەن. ئۇلار ئەركىلەشتىن، بويسۇنۇشتىن باشقىنى بىلمىسۇن. شۇنداق بولغاندا بىز ئۇلارنى ھەرقاچان قولىمىزنى سۇنۇپلا ئەدەبلەپ قويالايمىز، بەزىدە ئەركىلىتىپ، بەزىدە ھەممىسىنى بىر تال شۇۋىق بىلەن ھەيدەپ ئىشقا سالالايمىز.

— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن! — دەپ ساقاللىق يۈزىنى شاھقا قاراتتى ئۆلىما، — ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا ياراتقان ئىگەم توققۇز يۈز توقسان توققۇز تومۇر، توققۇز يۈز توقسان توققۇز ئۇگە، توققۇز يۈز توقسىنا توققۇز سىڭىرلارنى پۈتكەن، ئادەمنىڭ بۇ بەستى كىچىكتىن چوڭىيىشقا، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشكە، ئاخىرىدا بېرىپ يەنە ئاجىزلاپ ھالاك بولۇشقا مايىل. ئۇنى مەڭگۈ بالا ھالەتتە قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس!... ئەمما، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ساقاللىق شاھنىڭ غەزەپلىك قاراشلىرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، — قۇياشتىن ئۇلۇغ ۋە چەكسىز پاراسەتلىك شاھىمىز ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ، يەنى ئىنساننىڭ روھىنى گۆدەك ھالەتتە قالدۇرۇش مۇمكىندۇر بەلكىم ...مۆھتەرەم ۋەزىرلەرنى غۇلغۇلىغا سالغان بىغەملەر شەھىرىنىڭ پۇقرالىرىنى بويسۇندۇرۇش ئىشىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزگە مايىل تەرەپكە قويۇۋېتىش ۋە بۇ مايىللىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەك لازىم. ھەر نەرسە چېكىدىن ئاشقاندا ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولىدۇ. مېھرىبان ئاللا دۇنيادىكى جىمى روھ ۋە ماددىنىڭ ھەربىكىتىگە ھەددىدىن ئاشقاندا ھالاكەتكە يۈزلىنىدىغان قىلىپ

چەك قويغان. بۇ چەكتىن ئاشماقنىڭ ئۆزى ئۆلۈم دېمەكتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ھەممە نېمە چېكىدىن ئېشىپ كېتىپ، بۇ ئالەممۇ ئالەم بولماي قالغان بولاتتى...

— سەن گېپىڭنى چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ سۆزلە!— دېدى شاھ، ئالىمنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىچى پۇشۇپ.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم،— دېدى گېلىنى قىرىپ ئۇزۇن ساقال ئۆلىما، — بىغەملەر شەھىرىنىڭ خەلقى ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ناخشا - ساز، ئويۇن - تاماشاغا ناھايىتى ھېرىسمەنىكەن. ئۇلارنىڭ روھىنى ئەنە شۇ تەرەپكە قارىتىپ تېخىمۇ ئېگىش لازىم. ئەكسىچە بولغاندا ئۇ سۇنسا سۇندۇكى، ئېگىلمەيدۇ...مانا مەن ئۇلارنىڭ يەنە كەندىر دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكتىن چىقىدىغان چېكىملىكنى چېكىشنى ياخشى كۆرۈشىدىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم. بۇ ئۆزىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن ياپراققا قونغان چاڭلىرى بىلەن ئادەمنى مەستخۇش ھالەتكە كەلتۈرىدىغان ئاجايىپ بىر خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭدىن چىقىدىغان نەشە دەپ ئاتىلىدىغان نەرسە ئادەمنىڭ روھىي دولقۇنىنى پەسەيتىدۇ، جۇشقۇنلۇقىنى سوۋۇتىدۇ، ئۇلارنى ناخشا- سازغا تېخىمۇ ھېرىس قىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ روھىدىكى بۇ مايىللىقلارغا مەدەت بېرىپ شۇنداق دەرىجىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەككى، ئاخىرىدا ئۇلار ئالدىغا بارغان ھەرقانداق ئادەمگە ھىجىيىپلا قاراپ، ئۇسسۇل ئويناپ تۇرىدىغان بولۇپ چىقىدۇ، قارشىلىق ۋە ئىسيانغا قۇربى يەتمەيدۇ. ئۇ چاغدا جانابىي شاھ ئۇ يەرگە قانچە ھاكىم، قانچىلىك لەشكەر ئەۋەتسە بولۇۋېرىدۇ. ئۇلار خىيالىي بىر تۇيغۇدا، شېرىن بىر چۈش تۇمانىدا ياشايدۇكى، زۇلۇمنى، ئازابنى ھېس قىلىشمايدۇ.

— سېنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشكە قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟— دەپ سورىدى شاھ.

— ئون يىل، يىگىرمە يىل ۋە بەلكىم ئوتتۇز يىلچە ۋاقىت كېتەر، — دەپ تىلىنى چاينىدى ساقاللىق ئۆلىما.

— بىز شۇڭغىچە تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇرىمىزمۇ-ھە! ؟ — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى شاھ.

ساقاللىقنىڭ تەكلىپىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنمىغانلىقى باشقا ئۆلىمالارنى خۇش قىلدى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرى بىرەر يارامىلىق تەكلىپنى سۇنۇپ شاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئويلىنىشقا باشلىدى.

— ساقاللىق ئۆلىمامىزنىڭمۇ سۆزلىرىنىڭ بەزى ئاساسى بار، — دەپ گەپ باشلىدى باياتىن بېرى كۆزگە چېلىقىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ ئۈنچىقماي ئولتۇرغان بىرى، — ئۇنىڭ سۆزىدىن يولۋاسنىڭ تۈكىنى يېتىشىشغىلا تاراشقا بولىدۇ، دېگەن مەنە چىقىدۇ. ئەمما، توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ، دېگەن يەنە بىر گەپمۇ بار، بىغەملەر شەھىرى پۇقرالىرىنىڭ باشباشتاقلىقى ئۇ يەردىكى توقچىلىق، باياشاتچىلىقتىن كېلىپ چىققان. ئالىملىرىمىزنىڭ سەمىگە مايمۇن ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ ئۇسۇلىنى سېلىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار مايمۇننىڭ قورسىقىنى ئاچ قويۇپ، ھەر خىل قىلىقلارنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. مېنىڭچە، بىز كارۋانلارنىڭ بىغەملەر شەھىرىگە بارىدىغان يوللىرىنى توسۇۋېتىشىمىز كېرەك. ئۇ يەرنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرى خارابلاشقاندا ئەل كەمبەغەللىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار موھتاجلىق، بىكارچىلىق، زېرىكىش ئىلكىدە ساقاللىق ئۆلىمامىز ئېيتقان ھېلىقى بىھوش قىلىدىغان نەرسىلەرنى تېخىمۇ چېكىدىغان بولىدۇ-دە، كۆڭۈل خۇشىنى ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىنلا ئىزدەپ كارغا كەلمەس بولىدۇ. ئاندىن بىز ھەممىنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، شەھەرنى ئىلكىمىزگە ئېلىپ، سودا-سېتىقنى ئۆزىمىز باشلايمىز...

— سېنىڭ بۇ ئويلىرىڭغا يېتىشكە قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟

— دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى شاھ.
— ئون يىل، يىگىرمە يىل ۋە بەلكىم ئوتتۇز يىل...
شاھ ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق بىر سەت ئالايدىكى، ئۆلىما قورققىنىدىن تۇگۇلۇپلا قالدى.
— ھەممىڭ بىكارچى ناتىۋپىلار! ئىتنىڭ پوقىنى يەپ، ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچكەن دۆتلەر! — دەپ تىللاپ كەتتى شاھ، — مەن ئەتىلا ئۇ يەرگە زور قوشۇنۇمنى ئەۋەتىمەن. ئۇلار بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى شەھەردىن ئىككى قېتىم سۈرۈپ چىقىشتى، بىلىشتىڭمۇ ئىككى قېتىم! لەشكىرى، سىپىلى يوق بىر ئەرزىمەس شەھەرنىڭ پۇقرالىرى - ھە! . . . بۇ يەردە لەشكەر باشلىقلىرىلا قالسۇن، قالغانلىرىڭ كۆزۈمدىن يوقال!

## ئون ئۈچىنچى باب

# ئوغرى كېچىدە كېلىدۇ

شاھ ئوردا ئۆلىمالىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ۋەزىرلەر بىلەن قوماندانلار بىلەن قالدى.
— مانا مەن بۈگۈن ئەتىگەن بىغەملەر شەھىرىدىن ئاجايىپ بىر مەخپىي خەۋەرنى ئالدىم. شەھەرنىڭ پۇقرالىرى ئۆزىگە باشقا پادىشاھ بەلگىلىشىپتۇدەك. ئۇلارنىڭ پادىشاھى بىر بوۋاق ئىمىش. بىز بۇنىڭغا چىداپ تۇرالامدۇق - ھە! ؟ . . . سەنلەر بىغەملەر شەھىرىنى ئالىبۇرۇن بىزنىڭ ئىلكىمىزگە ئۆتتى، دېيىشمىگەنمىدىڭ ؟
شاھ ئالدىدىكى سەركەردىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇلار

تىنىشقىمۇ جۇرئەت قىلالماي سۈكۈتتە تۇراتتى.
— سەن ئەڭ كىچىك شاھزادىنىڭ كالللىسىنى ئەكەلگەندە ئىشنى چالا قىلغانسەن،— دەپ قولىنى شىلتىدى شاھ ياش بىر سەركەردىگە قارىتىپ. سەركەردە ئورنىدىن دەس تۇردى. دە، پالاققىدە قىلىپ شاھنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلىدى، — سەن ئەكەلگەن كالللا زادى شاھزادىنىڭ كالللىسىمۇ ياكى باشقا بىر بوۋاقنىڭمۇ؟ بىغەملەر شەھىرىدە پادىشاھ بولغان زادى نەنىڭ بوۋىقى؟!
— قۇياشتىن ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك شاھىم،— دەپ بېشىنى كۆتۈردى ياش سەركەردە. ئۇنىڭ چىرايلىق بۇرۇتلىرى بىر تەرەپكە قىيسىپ، قورققىنىدىن چىرايى بىردەمدىلا سەتلىشىپ كەتكەنىدى، — جانابلىرىنى ئالداش ھەددىم ئەمەس، شۇ چاغدا، بىز ئەكەلگەن كالللىدىكى شاھزادىلىك مونچىقى تىكىلگەن پوسمىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىرى ئەسلىرىدە بولسا كېرەك.
— شاھزادە بىلەن ئۇنىڭ ئىنىكئانىسىمۇ بىللە بولۇش كېرەك ئىدىغۇ؟
— شۇنداق، بىز قېچىپ كېتىۋاتقان شاھزادىگە يېتىشىپ بارغىنىمىزدا ئۇنى ئىنىكئانىسى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانىكەن. بۇ گۇناھكار خوتۇن شاھزادىنى ئالدىمىزغا تاشلاپ بېرىپ ئۆزى شۇنداق ئىتتىك يۈگۈرۈپ قاچتىكى، شامالدەك ئۇچۇپلا كەتتى. بىزمۇ ھەيران بولۇشۇپ قاراپ قالدۇق. ئۇ چاغدا بىز ئوردىغا شاھزادىنىڭ كالللىسىنى تېزرەك يەتكۈزۈپ، جانابلىرىنى بۇرۇنراق خاتىرجەم قىلىشنىلا ئويلاپتىمىز. بېشى كېسىلگەن شاھزادىگە ئىنىكئانىنىڭ نېمە لازىمى، دەپ كەم ئەقىللىق قىپتۇمىز.
— ئەگەر ئۇ شاھزادىنىڭ ئۆزى بولسا، ئۇنىڭ بويىنىدىكى تۇمار قېنى؟ نېمىشقا مەن شۇ كۇنگىچە ئۇ تۇمارنى تاپالماي

بۇرۇيمەن؟

— تۇمار! ؟— دەپ ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى ياش سەركەردە، ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇنىڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن كۇلۇپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە شاھزادىنىڭ كاللىسىنى ئەكېلىش بىلەنلا مەنسىپى ئۆسۈپ سەركەردىلەر قاتارىغا ئۆتۇپ قالغان بۇ سويما يىقىندىن بېرى تولىمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەنىدى، — تۇمار توغرىسىدا بىزگە ھېچكىم ئەسكەرتمىگەنىدى.

— بىز سەنلەرگە ھەممە ئىشنى ئۇششاق - چۇششىگىچە ئەسكەرتىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟... سەن مەن ئېيتقان گەپلەردىن تېخى ئېيتمىغان مەنىلەرنى چۈشىنىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ... جاللات! مەن بىلەن سۆز تالاشقان بۇ ھارامتاماقنىڭ زۇۋانىغا قىزىق ياغ قۇي!

ئىشىك ئالدىدا بۇتتەك قېتىپ تۇرغان ئىككى جاللات دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى - دە، سەركەردىنى دارقىراتقىنىچە سۆرەپ، ئوردا ئىچىدىكى دائىم پورۇقلاپ ماي قايناپ تۇرىدىغان قازانلار ئېسىلغان ئەدەبلەشخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى. ئەسلىدە ياش سەركەردىنىڭ شاھنى بىر تىللىۋالغۇسى، ئۇنىڭ يۇزىگە تۇكۇرگۇسى بار ئىدى، لېكىن شاھنىڭ رەھىمى كېلىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۇمىدتە يەنە يالۋۇرۇپ: «ماڭا ئۇۋۋال بولدى، ئۇۋۋال بولدى شاھىم. دۇنيادىكى ئەڭ رەھىمدىل، ئادالەتلىك شاھ...» دەپ يېلىنغىنىچە، ئىگىسىگە سادىق ئىتتەك سۆرىلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى ۋاقتىدا يولۇپ تاشلاش كېرەك، — دېدى شاھ قالغان سەركەردىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ،— بۇ قېتىم مەن بىغەملەر شەھىرىگە كۆچلۈك قوشۇن ئەۋەتمەكچىمەن. بىز ئۇلارنى تېخى ئوردىلىرىنى قۇرۇپ، لەشكەرلىرىنى تەشكىللەپ بولماستىلا يوق قىلايلى. پادشاھىنى

بوۋاق ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرايلى!

ئۇزاق مەسلىھەتلىشىشتىن كېيىن، بىغەملەر شەھىرىگە باستۇرۇپ بېرىشنىڭ مۇكەممەل بىر پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. ئارىدىن بىر ئاي كۆتكەندىن كېيىنكى بىر كېچىدە تولۇق قوراللانغان مىڭلاپ لەشكەرلەر شەھەر دەرۋازىسىدىن جىمجىتلا چىقىپ يولغا چۈشتى. ئەمدىلىكتە لەشكەر باشلىقلىرىغا بىغەملەر شەھىرىگە بارىدىغان چوڭ - كىچىك يوللار خېلىلا تونۇش بولۇپ قالغانىدى.

بىغەملەر شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى بۇ قېتىم باشلىرىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بالا - قازادىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. شاھ لەشكەرلىرى كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ يېتىپ كېچىسى ئىلگىرىلەيتتى. مۇنداق بولغاندا چۆلنىڭ دەھشەتلىك ئىسسىقىدىن ساقلانغىلى ۋە يولدا ئۇچرىشىپ تۇرغان كارۋانلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماي خۇپىيانە ئالغا باسقىلى بولاتتى. بىغەملەر شەھىرىدە بولسا ھەر كۈنى ئوخشاشلا قايناق بازار بولاتتى. ئادەملەر ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ، بىر - بىرىنى قىستاپ، ئىتتىرىشىپ بازارنى قىزىتىشاتتى. دېھقانلار يەر تېرىپ، ئېتىز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. باغۋەنلەر مېۋىلەرنى ئۈزۈپ بازارغا ئالدىرىشاتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى مەيداندا يەنە ھەر كۈنى مەدداھلار جەڭنامىلەرنى سۆزلەيتتى. ئۇسسۇلچىلار پەرۋانىدەك پىرقىراپ، سازەندىلەر بار ۋۇجۇدى بىلەن نەغمە قىلىشاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەتمىش ئىككى نەغمە، ئۈچ يۈز ئاتمىش ئاھاڭ، توقسان توققۇز مەرغۇلنى تولۇق بىلىشى بىلەن پەخىرلىنىشەتتى. بالا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلماقچى بولغان ئوردا - سارايلىرى توغرىسىدىكى ئىشلار ئۇلارنىڭ ئېسىگىمۇ كېلىپ باقمايتتى.

قوشۇن بىغەملەر شەھىرىگە يېقىن بىر يەردىكى قېلىن توغراقلىق ئىچىدە توختاپ، ئوبدان دەم ئالغاندىن كېيىن، بىغەملەر شەھىرىگە كېچىسى بېسىپ كىردى. سۈپۈرگە شۇ كۈنى

ئۆگزىدە ياتقانىدى. ياز كۈنلىرى ئۇ ئادەتتە ئۆگزىدە ئۇخلاشنى ياخشى كۆرەتتى. مۇنداق بولغاندا ئەتراپتىن پۈتۈن تەبىئەتنىڭ تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۈستىدە سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلىشاتتى. سالقىن شامال يۈزىنى سۆيۈپ، قۇلاقلىرىغا نىمىلەرنىدۇر شىۋىرلاپ ئۆتەتتى. بۇ يەردە كىشى ئۆزىنىڭمۇ شۇ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى... بۈگۈن سۈپۈرگىنىڭ ئۇزاققىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتقىنىچە يانتاق ئاقساقالنى ئويلىماقتا ئىدى.

يانتاق ئاقساقال ئاق يۈزلۈك، بەستلىك كەلگەن، ئاق ئارىلىغان ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆزىگە ياراشقان، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. «ئاقساقال» لىق مەرتىۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانىدى. ھەر قېتىم سۈپۈرگە يىراق سەپەرلەردىن قايتىپ كەلگەندە سۈپۈرگىنى ئاقساقال ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ، سۈپۈرگىنىڭ سەپەر ئۈستىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. سۈپۈرگە ياقا يۇرتلاردا كۆرگەن قىزىق ئىشلار، ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئېگىز سېپىللىرى، سانسىز لەشكەرلەر، ھەشەمەتلىك سارايلاردا تۇرۇۋاتقان شاھلار ھەققىدە سۆزلەيتتى ۋە بەزىدە:

— قانداق ئاقساقال، سەنمۇ شەھىرىمىزنى سېپىللار ئىچىگە ئېلىش كېرەك، بۇ يەردە لەشكەر قويۇپ، پادىشاھ تۇرغۇزۇش لازىم، دەپ قارىمامسەن؟— دەپ سورايتتى.

— سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭمۇ توغرا،— دەيتتى ئاقساقال ئويلىنىپ، — بىراق، مۇنچىۋالا چوڭ شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ سېپىل ئىچىگە ئېلىش ئۈچۈن خەلققە قانچىلىك ئوشۇقچە ھاشار سېلىشقا توغرا كېلەر؟ ئۇلارنى ھەقسىز ئىشلەشكە كىم مەجبۇر قىلالايدۇ؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن پادىشاھنى تۇرغۇزۇش لازىم، — دەيتتى سۇپۇرگە، — خەلقنى پەقەت پادىشاھلا مەجبۇرلىيالايدۇ.

— پادىشاھ ئۈچۈن بىز ئالتۇن تاج ـ تەخت ياسىشىمىز، ئوردا ـ سارايلارنى سېلىشىمىز كېرەك. يەنە ئۇنىڭ يۈزلىگەن لەشكەرلىرى بولمىسىمۇ بولماس… قوي، سۇپۇرگە، — دەپ كۈلەتتى ئاقساقال، خەلققە زۇلۇم سېلىپ ئۇنچىۋالا ئوشۇقچە ئىشلارنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، قارا، شەھىرىمىزنىڭ پۇقرالىرى ئۇنىڭسىزمۇ بىر ئوبدان ياشاۋاتامدۇ!

— كىم بىلىدۇ؟— دەپ ئېتىراز بىلدۈرەتتى سۇپۇرگە، — كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىرەر كۆچلۈك پادىشاھ ياكى بىر قارانىيەتنىڭ بۇ لوقمىغا كۆزى چۈشۈپ…

— نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىڭنى بىلىۋاتىمەن، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلەتتى ئاقساقال، ـ خۇدانىڭ زېمىنى كەڭرى، ھەممىگە يېتىپ ئاشىدۇ. بۇ چۆللۈكلەرنى بىزدىن كىم تالىشىدۇ دەيسەن؟

ئاقساقال شۇنداق ساددا پىكىر قىلاتتى.

— ناھايىتى ئۇزاق بىر زامانلاردا، — دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى بىر كۈنى ئاقساقال سۇپۇرگىگە، — مۇشۇ بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئورنى بىر پارچە سازلىق ئىدى، دېيىشىدۇ. بۇ يەردە پەقەت بىرنەچچە بۇلاقتىن بولدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇرىدىكەن. بۇلاقلارنىڭ ئەتراپى قېلىن قومۇش ۋە يېكەنلىك ئىكەن، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شۇ دەشت ـ چۆلدە خۇدانىڭ مۆجىزىسى بىلەن بولدۇقلاپ تۇرغان بۇلاقنىڭ ئەتراپىنى ئېچىپ يەر قىلىپ، ئاشلىق تېرىغان. دەل ـ دەرەخلەرنى تىكىپ قۇم ـ بورانلارنى توسۇغان، دۇنيانىڭ ھەر تەرىپى بىلەن تۇتىشىدىغان يوللارنى ئاچقان. بارا ـ بارا بۇ يەردە ئادەملەر كۆپىيىپ شەھەر بىنا

بولغانىكەن. مەن دەيمەن، سۇپۇرگە، مۇشۇ قۇملۇقلاردا بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغىنىمىزغا ھەركىم بىزگە ئاپىرىن ئېيتار، ھېچكىمنىڭ بىز بىلەن دۈشمەنلەشكۈسى كەلمەس!...

ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى سۇپۇرگىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ۋەھىمىنى سەزگەندەك بولدى-دە، ئورنىدىن تۇردى. يائاللا! قوللىرىغا مەشئەللەرنى تۇتقان سانسىز لەشكەرلەر شەھەر مەيدانىدىن كوچا-كوچىلارغا تارقىلىپ كېتىۋاتاتتى. كىملەرنىڭدۇر تام تۈۋىدە دۈپۈرلەپ ئۆتكەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. قايسىبىر يىراق كوچىدىن ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈلدى، سۇپۇرگە بىردىنلا ئېسىگە كەلدى-دە، تۇتاش كەتكەن ئۆگزىلەر ئۈستىدە يۈگۈرگىنىچە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ جار سالدى:

— ھاي خالايىق، ئۇيقۇڭلارنى ئېچىڭلار!...بىغەملەر شەھىرىنىڭ بىغەم پۇقرالىرى، شەھەرنى دۈشمەن باستى!

نېمە بولغانلىقىنى تولۇق ئاڭقىرالماي، دەرۋازىسىدىن ئۇيقۇلۇقلا يۈگۈرەپ چىققان ھەربىر كىشى دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ قىلىچىغا دۇچ كەلدى. بىردەمدىلا پۈتۈن شەھەرنى داد-پەرياد، قىقاس-چۇقان قاپلىدى. ھەممە ئۆلۈمنىڭ ئۆز بېشىغا كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى. كىملەردۇر تاياق، توقماق - قولىغا چىققان نېمىنى ئېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. كوچىلاردا قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. نۇرغۇن مەردلەر، جىگەرلىك يىگىتلەر ياۋ بىلەن ئېلىشىپ قىپقىزىل قان ئىچىدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى... لەشكەرلەر قايسىبىر قورۇلاردىن تېپىپ چىققان شوتىلارنى بايلارنىڭ ئېگىز كۇمۇلاچ تاملىرىغا قويۇپ يۇقىرىغا يامىشاتتى. كىملەرنىڭدۇر قويۇلۇپ كەتكەن ئۇلاغلىرى كوچىلاردا تەمتىرەپ يۈرەتتى. سۇپۇرگە ئۆزىنىڭ قايسى ۋاقىتتا، قانداق قىلىپ ئۆگزىدىن يەرگە

چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئۆتكۈر بىر خەنجەر پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىلا ئۆگزىدىن بىر لەشكەرنىڭ بېشىغا تاش غۇلاتقان ۋە ئارقىدىن ئۆزى سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ گەجگىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋالغانىدى. ئۇ قاراڭغۇدا مۈشۈكتەك مارىلاپ كېلىپ، تىمىسقىلاپ كېتىپ بارغان لەشكەرنىڭ ئارقىسىدىن خەنجەر ئۇراتتى...

شۇ كېچىدىكى قىرغىنچىلىقتا شەھەر خەلقىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ھالاك بولدى. ھايات قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ شەھەر سىرتىدىكى توغراقلىق جاڭگاللارغا چىقىپ كەتتى. دۈشمەنمۇ تاياق - توقماق ئاستىدا نۇرغۇن لەشكەرلىرىدىن ئايرىلغانىدى. تىرىك قالغانلىرىنىڭمۇ باش - كۆزى يېرىلغان بولۇپ، ساق قالغانلىرى ئاز ئىدى. تاڭ يورۇشى بىلەن شەھەر ئىچىدە دەھشەتلىك بۇلاڭ - تالاڭ باشلاندى. سودا دۇكانلىرىنىڭ ئىشىكى چېقىلىپ، تاۋار - دۇردۇن، ئۈنچە - مەرۋايىتلار يەرگە چېچىلدى. قايسىبىر چوڭ سودىگەرنىڭ ئامبارلىرى لاۋۇلدىغان ئوت ئىچىدە كۆيمەكتە ئىدى. لەشكەرلەر ھەممە يەرگە باش تىقىپ ئەكېتىشكە بولىدىغان ئالتۇن - كۈمۈش، قىممەتلىك بۇيۇملارنى قېدىراتتى ۋە ھەر بىر كىرگەن يېرىدىن باغقا ئوغۇرلۇققا چۈشكەن بالىلاردەك قويۇن - يانچۇقلىرىنى تومپايتىپ، ھىجايغىنىچە ئىغاڭلاپ ئارانلا مېڭىپ چىقىشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىگىسىز قالغان ھويلىلاردىن تۇتۇۋالغان ئات - ئۇلاغ، موزاي - توپاقلارنى يېتىلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىممەت باھالىق گىلەم، ئىككى كۆزى لىق مال بىلەن تولغان خۇرجۇنلارنى ئارتىۋالغانىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلار ئۇتىۋالغان قىمارۋاز ياكى بىر ئىگىسىز قالغان ئامبارغا چۈشكەن ئوغرىلارنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى.

لەشكەر باشلىقلىرى تىنچلاندۇرۇش پەرمانى چۇشۇرمەكچى بولۇپ، ئامان قالغان ئاھالىنى بىر يەرگە يىغىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار خەلققە: بىغەملەر شەھىرىنىڭ قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى، پۇقرالارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانىغا باش ئېگىپ، ياۋاش - يۇمشاقلىق بىلەن ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى جاكارلىماقچىدى. لەشكەرلەر شەھەر مەيدانىغا ئەتراپتىن ئازلا ئادەمنى يىغىپ كېلەلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بالىلىرى بىلەن بولۇپ قېچىشقا ئامالسىز قالغان ئاياللار ۋە جەڭ كېچىسى شەھەر سىرتىدىكى باغلاردا نەغمە - ناۋا، چېكەرمەنچىلىك بىلەن بولۇپ، شەھەردە نېمە ئىش بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز قالغان ئادەملەر ئىدى.

بۇ قېتىمقى باستۇرۇشقا باش بولغان ئەڭ چوڭ سەركەردە مەيداندا قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۇدەك بولۇپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۇرەتتى. ئۇ شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە نە شاھ ئوردىسى، نە بوۋاق پادىشاھ دېگەننى ئىزدەپ تاپالمىغانىدى. ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ ئادەملەرنىڭ كانىيىنى سىقىپ ۋارقىرايتتى.

— ھوي سەن زادى ئۆزۈڭنىڭ پادىشاھىڭنىمۇ تونۇمامسەن؟ ئۇ كىم، نەدە؟

ئۇنىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى...

شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر خوتۇنلارنىڭ قولىدىكى بالىلارنى بىر - بىرلەپ تارتىۋېلىپ كاللىسىنى ئالغىلى تۇردى. نارەسىدىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىراشلىرى، ئانىلارنىڭ پەريادى پەلەككە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. قىلىچ ئاستىدا تۇرغان خەلق ئامالسىزلىقتىن تىترەيتتى.

## ئون تۆتىنچى باب

# قىساس

سۇپۇرگە بىر ئاماللاپ ئارقا يوللار بىلەن شەھەردىن قېچىپ چىقىۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئېشەكىنى ھەدەپ تېقىمداپ، ئاچچىقىدا ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋاقىراپ، ئىتتىك كېتىپ باراتتى.

— سەن لەنىتى كېچە مېنى قانچىلىك ئاۋارىچىلىكلەرگە سالغىنىڭنى بىلەمسەن؟— دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ ئېشەكىگە،— شەھەردە قىرغىنچىلىق بولۇۋاتسىمۇ، سەن ئەقىلسىز تېزەك پۇراپ، ئېغىلمۇ— ئېغىل قاتراپ تۇغقانلىرىڭنى يوقلاپ يۈر. بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئېشەكى بولغاندىن كېيىن، ھېچ بولمىغاندا بىر - ئىككى دۈشمەننى بولسىمۇ چىشلەپ تېپىپ يىقىتىشىڭ كېرەكتى - دە! ... مەن سېنى ئىزدەپ تېپىۋالغۇچە قانچە لەشكەرلەر بىلەن بوغۇشتۇم. قانچىسىدىن دۇمبا يەپ جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدىم. سەن ھارامزادە ھەقىچان مەن ئۆلسەم، ئاندىن خالىغانچە قىيغىتىدىغان بولدۇم، دەپ خۇش بولاتتىڭغۇ دەيمەن. ئۇ چاغدا لەشكەرلەر سېنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇستۇڭگە بۇلىۋالغان ئولجىلىرىنى بولۇشىغا ئارتىپ، تېخى ئۇستىگە ئۆزلىرىمۇ مىنىشىۋېلىپ، بەللىرىڭنى ئوقيانىڭ يايىدەك ئېگىۋەتكەن بولاتتى. قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى ئۇنتۇپ، بېشىمغا كۈن كەلگەندە سەن مېنى دۈشمەنلەرگە يالغۇز تاشلاپ قويدۇڭ. ـۇ تاپتا پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرۇپتۇ. ئېسىڭدە

بولسۇن، شۇ قىلغانلىرىڭ ئۈچۈن ئەمدى مەنزىلگە يەتمىگۈچە
ئۈستۈڭدىن چۈشمەيمەن ··· توختا، سەن قاياققا قاراپ كېتىۋاتـ
تىسەن؟ ئۆتكەن يىلى بارغان قوغۇنلۇقنى، ئۆزۈڭ شاپاق يېگەن
يەرنى ئەجەپ ئۇنتۇمايدىكەنسەن — ھە؟ بېشىڭنى مانا بۇ تەرەپكە
- قۇياشتىن ئۇلۇغ دەپ ئاتىلىدىغان ھېلىقى قانخور شاھنىڭ
پايتەختىگە قاراپ يۇر! بىز ئەنە شۇ بالايىبەتتەرنى
تۇغدۇرغۇچىلارنىڭ ئۇۋىسى بولغان سۆرۈن، تەلەت شەھەرگە يەنە
بىر بېرىپ، ئالدىنقى يىلى خان لەشكەرلىرى باغلاپ ئەكەتكەن
يانتاق ئاقساقالنى ئىزدەيمىز. ۋەيران بولغان يۇرتىمىزنى قايتا
دەس تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەلنىڭ يارامىلىق بىر بېشى بولۇشى
كېرەك - دە··· ئەلگە باش بولماق ھەقىقەتەن تەس ئوخشايدۇ.
قارا، بىز بىر بوۋاقنى شاھلىققا كۆرسىتىۋىدۇق، دۈشمەنلەر
ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىپ يۈزلىگەن نارەسىدىنىڭ
كاللىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. بۇ پەلەك قانداقسىغا چۆگىلىگىلى
تۇردى - ھە؟! ئەجەب بىز ئۆزىمىزگە پادىشاھ كۆرسەتسەك
بولمىغۇدەكمۇ؟···يەنىلا يانتاق ئاقساقالنى ئىزدىگىنىمىز
دۇرۇستەك قىلىدۇ. ئۇ ئۆز شەھىرىنىڭ بىغەم پۇقرالىرىنىڭ
مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنىڭمۇ بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتتى.
ئەمدى قايتىپ كەلسە شەھەرنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز سېپىللار بىلەن
قورشىسا، ھەقىقىي پادىشاھ بولالايدىغان كىشىنى بەلكىم ئۇ ئۆزى
كۆرسىتىپ بېرەر··· كىم بىلىدۇ، جاللاتلار بەلكىم ئۇنىڭمۇ
كاللىسىنى ئېلىپ سېپىل ئۈستىدىكى ياغاچلارغا سانجىپ
قويغاندۇ··· قەدىمىڭنى ئايىماي باس، ئېشىكىم، كېچىكىشنىڭ
ئۆزى پۇرسەتنى قولدىن بېرىش بىلەن باراۋەر. ھېچ بولمىغاندا
بىز يانتاق ئاقساقالنىڭ بالىلىرىنى بولسىمۇ ئۇچرىتارمىز···

لەشكەرلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن
سۇپۇرگە ئېشىكىنى ئەڭ مەخپىي ۋە خالىي يوللار بىلەن ئېلىپ
ماڭاتتى. گويا سۇپۇرگىگە يۇرتى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئاشۇ

بىر كېچىدە بىردىنلا قىرىلىق يەتكەندەك بېلى مۈكچىيىپ، پېشانىسىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كەتكەندى. ئۇ ئېشىكىگە قاراپ توختىماي سۆزلەيتتى:

— تۇۋا! — دەيتتى ئۇ قوينىدىن قارا مۈڭگۈز ساپلىق خەنجەرنى ئېلىپ، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ قاراپ، — بۇ خەنجەر مېنىڭ قولۇمغا قاچان، قانداق قىلىپ چۈشۈپ قالغاندۇر؟ ··بىلمەيسەن، سەن ئارقاننى ئۈزۈپ قېچىپ تۇغقانلىرىڭنى ئىزدەپ يۈرگەن چېغىڭدا مەن مۇشۇ خەنجەر بىلەن قانچە لەشكەرنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدىم··· ياق، مەن بەلكىم ھېچكىمنى ئۆلتۈرمىگەندىمەن، يۇرتۇمدىمۇ ھېچقانداق ۋەيرانچىلىق بولمىغاندۇر. چايخانىلارنىڭ ئوچاقلىرىدا يەنە چەينەكلەر ۋاراقشىپ قايناۋاتقاندۇر، شەھەر مەيدانىدا يەنە سودىگەرلەر بازارنى بېشىغا كىيىپ ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىۋاتقاندۇر··· ئەمىسە بىز نېمىشقا بۇ چۆلدە تەمتىرەپ يۈرىمىز؟ سەن مېنى قاياققا ئەكېتىۋاتىسەن؟···

سۈپۈرگە قانچە كۈن يول ماڭغىنىنى، قانچە ئۆتەڭلەردە تۈنەپ ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئېشىكى ئۇنى ئاخىرى قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھنىڭ پايتەختىگە ئامان - ئېسەن يەتكۈزۈپ كەلدى. شەھەر دەرۋازىسىدا تۇرغان لەشكەرلەرگە بۇ قېتىم سۈپۈرگە ئوبدان ھەق تۆلىدى. شەھەر سېپىلى تېخىمۇ ئېگىزلەپ، شاھ سارايلىرى، ئوردا باغلىرى نەچچە ھەسسە كېڭىيىپ ئىلگىرىكىدىنمۇ ھەشەمەتلىك تۈسكە كىرگەنىدى··· سۈپۈرگە شەھەرنىڭ ئارقا كوچىلىرىغا ئۆتتى. ئۇ تار كوچىلارنىڭ بىرىدە كېتىۋېتىپ، ئاقساپ كېلىۋاتقان بىر بوۋاينى توختاتتى.

— تاغا، سىنىڭدىن بىر ئىشنى سوراپ بېقىشنى كۆڭلۈم تارتىپ قالدى.

— سورا، ئىنىم، — دېدى بوۋاي.

— بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن مۇشۇ يەردە «تامتېشەر»

لەقەملىك بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم، ئۇنىڭ ھازىر نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— ئۇنىڭنى ئۆچۈر! — دېدى بوۋاي ئەتراپىغا قورقۇمسىراپ قاراپ، — سەن ئۆزۈڭ نەدىن كەلگەن ئادەمسەن؟

— مەن يىراق چۆللۈكتىن كەلدىم، ئۇنى بىر يوقلاپ قوياي دېگەن كۆڭلۈم بار ئىدى.

بوۋاي سۇپۇرگىنىڭ ئېشىكى يېنىغا يېقىنلاپ كېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ سۇپۇرگىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئەتراپتا شاھنىڭ جاسۇسلىرى چىۋىندىن كۆپ. «تامتېشەر» يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالساڭ بالاغا قالىسەن.

— ئەمىسە، مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشەرمەن؟

— مۇشۇ يول بىلەن ماڭساڭ كەڭ بىر ئېتىزغا چىقىسەن. ئېتىز يوللىرى بىلەن زېرىكمەي ماڭساڭ ئالدىڭغا يوغان بىر تۈپ قارىياغاچ ئۇچرايدۇ. قارىياغاچ تۈۋىدە بىر ئەسكى كەپە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇ يەرگە بېرىپ، كەپىدىكى ساقاللىق كىشىدىن سورا. ئۇ خالىسا «تام تېشەر» نىڭ قەيەردىلىكىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ. خالىمىسا ئېيتمايدۇ. ئۇ چاغدا سەن «تام تېشەر» نى ئىزدىمەيلا قوي.

سۇپۇرگە بوۋاي ئېيتقان كەپىنى ئىزدەپ تاپتى. بۇ يەردە پېشىن بىلەن نامازدىگەر ئارىلىقىدىكى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئېتىزلىقنىڭ كەپە تۇرغان تەرىپىدە بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئەتراپ قۇياش تەپتىدە ئوتتەك قىزىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېرىق بويىدا ئۆسۈپ تۇرغان يوغان قارىياغاچنىڭ سايىسى سالقىن ئىدى. باراقسان قارىياغاچ شاخلىرىدا قاغىلارنىڭ چاڭگىلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. سۇپۇرگە ئېشىكىنى شۇ سالقىنغا تارتىپ توختاتتى - دە، كەپىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتەردى. ئىشىك ئېچىنىشلىق غىچىلداپ ئېچىلىشى بىلەن سۇپۇرگىنىڭ بۇرنىغا

ئۆتكۈر بىر خۇش پۇراق ئۇرۇلدى. كەپە ئىچى قاراڭغۇ ئىدى.

— نېمە ئادەمسەن؟ — دېدى قاراڭغۇلۇقتىن بىرى.

— مەن جاھانكەزدى سۇپۇرگىمەن، — دېدى سۇپۇرگە. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈكتى - دە، كەپىنىڭ بولۇڭىدا تىتىلىپ كەتكەن ئەسكى كۆرپىنىڭ ئۈستىدە چىلىم تارتىپ ياتقان ساقاللىق بىر ئادەمنى كۆردى.

— كىمنى ئىزدەيسەن؟ ئۆزۈڭ قاياقتىن كەلدىڭ؟

— مەن چۆل ئادىمىمەن، «تامتېشەر» نى ئىزدەيمەن.

— «تام تېشەر» نى!؟... ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— بىر چاغدا مەن لەشكەرلەرگە ھەق تۆلەپ ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدىم، ئۇ ماڭا رەھمەت ئېيتىپ: «خىزمىتىڭگە لازىم بولسام مېنى ئىزدە!» دېگەنىدى.

— ھە، ئېسىمدە، ئېسىمدە! — دەپ مىدىرلاپ كەتتى ساقاللىق ئادەم، — شۇ چاغدا سەن مېنىڭ جېنىمنى بىر تىللا بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولغانىدىڭ، ئۇلار سەندىن ئىككى تىللا سوراشتى. مەن ھەيرانمەن، سەن بىر تىللانى يەرگە تاشلىۋىدىڭ، ئۇ ئىككى تىللا بولۇپ ئىككى تەرەپكە دومىلاپ كەتتى. مەن سېنى سېھىرگەر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم.

سۇپۇرگە كۈلۈپ كەتتى، ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ «تام تېشەر» ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— سېنى ئاللانىڭ ئۆزى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، — دېدى ئۇ، شۇ چاغدا بىر تىللانىڭ يەرگە چۈشۈپ ئىككى بولۇپ قالغىنىغا ھازىرغىچە ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن.

— شۇنداقمۇ، كارامەتلىك ئالەم! — دېدى تامتېشەر قولىدىكى چىلىمنى يەرگە قويۇپ، — خوش، نېمە خىزمىتىڭ بار ئېيت، مەن ساڭا قەرزدار.

— بىغەملەر شەھىرى مېنىڭ يۇرتۇم، — دېدى سۇپۇرگە، —

شەھىرىمىزنىڭ ئاقساقىلى ياتتاق ئۈچ ئوغلى بىلەن مانا مۇشۇ پايتەختتە قاماقىلىق تۇرۇپتۇ.

— خەۋىرىم بار، — دېدى تام تېشەر.

— شۇنداقمۇ، ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— مۇشۇ شەھەردە «قاغىلىق باغ» دېيىلىدىغان بىر ۋەيرانە باغ بار. ئۇنىڭ تاملىرى بەكمۇ ئېگىز، ئەتراپىنى لەشكەرلەر قورۇقدالايدۇ. ئاقساقال ئەنە شۇ باغ ئىچىدە نەزەربەندتە.

— ئەنە شۇ كىشىگە بىغەملەر شەھىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، مانا بۇ خالتىنى بېرىپ قويساڭ، بىغەملەر شەھىرىنى قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھنىڭ لەشكەرلىرى ۋەيران قىلدى. شەھەر خەلقى ھازىر بىر باشلامچىغا موھتاج، ئۇ بىر ئىلاجىنى قىلىپ قاچسۇن. ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن!

سۇپۇرگە «تام تېشەر» نىڭ قولىغا بىر تېرە خالتىنى تۇتقۇزدى.

— ئۇ يەرنىڭ تاملىرى بەك ئېگىز، مۇھاپىزىتى قاتتىق! — دېدى تام تېشەر خالتىنى قولىغا ئېلىپ.

— سەن ھەرقانداق تاملاردىن ھالقىپ ئۆتەلەيسەن، — دېدى سۇپۇرگە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ.

— قېرىدىم، — دېدى تام تېشەر بېشىنى لىڭشىتىپ، — شەھەرنى جاسۇسلار قاپلاپ كەتتى، شاھ مېنى تۇتتۇۋالسا تېرەمنى تەتۈر سويۇپ، كاللامنى سېپىلنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە ئېسىپ قويماقچى. مانا مۇشۇنداق غەلىتە ساقال قويۇپ، ئۇنىڭ بوسۇغىسى يېنىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتىمەن. ياش ۋاقىتلىرىدا قالتىس چەبدەس ئىدىم. نەق شاھنىڭ تاپىنى ئاستىدىن ئالتۇن-كۆمۈشلەرنى شەيتاندەك تۇيدۇرماي ئاچىقىپ كېتەتتىم. ھازىر ئىچىم پۇشىدۇ. مانا مۇشۇ لەنىتى نەرسىنى چېكىپ ئازراق ئارام ئالىمەن. خىيالىمدا شاھ ئوردىلىرىغا ۋەھىمە سالغان ئاجايىپ چاغلىرىمنى ئەسلەيمەن… خاتىرجەم بول، ئامانىتىڭنى ئاقساقالغا

چوقۇم يەتكۈزىمەن.

— رەھمەت ساڭا! — دېدى سۇپۇرگە.

تام تېشەر سۇپۇرگىنى كەپە ئالدىغا ئۈزىتىپ چىقتى.

— خوش، ئۆزۈڭ ئەمدى نەگە بارماقچى؟— دەپ سورىدى ئۇ سۇپۇرگىدىن. سۇپۇرگە:

— شاھ ئوردىسىغا!— دېدى - دە، ئېشىكىنى «خىت!» دەپ بېقىنداپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. ئېشەكنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ تىنچىق ئېتىز يولىدا ئۇزاققىچە ئېسىلىپ قالدى.

سۇپۇرگە تام تېشەرنىڭ يېنىدىن چىقىپ، توپتوغرا قەلەندەرلەر شاھى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. قەلەندەر مەھەللىسىگە يېتىپ بارغاندا ئۇ ھەيران بولدى. بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەتراپىغا چىۋىندەك ئولىشىپ، ئۇنى ئېشەكتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ بۇلاپ، قىپيالىڭاچ قىلىپ قويماقچى بولغان قەلەندەرلەرنىڭ بىرەرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قىيسىق ئۆيلەر، لاتا - پۇتىلار دۈۋىلەنگەن ھويلىلار تاشلىنىپ تېخىمۇ خارابىلەشكەن بولۇپ، قۇرىغان ياغاچلاردا ئاچ قالغان قاغا - قۇزغۇنلار قاناتلىرىنى يېيىپ ئولتۇرۇشاتتى. تار كوچىلاردا قورساقلىرى بېقىنىغا چاپلىشىپ كەتكەن لالما ئىتلار قاتراپ يۈرەتتى. «بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟ - دەيتتى سۇپۇرگە ئۆز - ئۆزىگە، - قەلەندەرلەر بېشىغا بىرەر ئاپەت ياغدىمۇ ياكى ئۇلار مەھەللىسىنى باشقا بىر جايغا كۆچۈردىمۇ؟...»

سۇپۇرگە قەلەندەرلەر شاھى تۇرىدىغان ئەسكى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېشىكىدىن چۈشتى. كېشەكلىرى ئاجراپ يىقىلاي دەپ قالغان ئىشىكتىن ئېڭىشىپ كىردى. قەلەندەرلەر شاھى ئىلگىرىكىدەكلا قارىداپ كەتكەن بورا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا گىژىلدىشىپ يۈرىدىغان چىۋىنلار

قاپقارا بولۇپ تاملارغا قونۇۋالغان بولۇپ، ئۇچۇشقىمۇ مادارى قالمىغانىدى. تام - تورۇسلاردىكى ئۆمۈچۈك تورلىرى ساڭگىلاپ قەلەندەرلەر شاھىنىڭ بېشىغا يېتەي دەپ قالغانىدى.

— نېمە ئادەمسەن؟— دېدى قەلەندەرلەر شاھى.

— ئېسىڭدىمىكىن، مەن ئالدىنقى يىلى سېنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ياقا يۇرتنىڭ قەلەندەرىمەن. سەن شۇ چاغدا قەلەندەرچىلىك توغرىسىدىكى ئاجايىپ پىكىرلىرىڭ بىلەن مېنى قاتتىق تەسىر قىلغانىدىڭ... سىلەرنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟ سېنىڭ قەلەندەرلىرىڭ قېنى؟

— سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟ يىراقتا بىغەملەر شەھىرى دەپ بىر شەھەر بار ئىمىش، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى توق، بىغەم ياشايدىكەن، شاھىنىڭ لەشكەرلىرى ئەنە شۇ شەھەرنى قولغا ئاپتۇدەك. شەھەرنىڭ مەيدانلىرىدا ئالتۇن - كۈمۈش دېگىنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇمىش. ھەركىم بېرىپ، قويۇنلىرىنى خالىغانچە توشقۇزۇۋالسا بولۇۋېرەر ئىمىش. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قەلەندەرلەر ئۇ تەرەپكە سەلدەك ئاقتى...مەن ساڭا ئېيتسام، بايلىقنىڭ ئۆزى بىر ئېزىتقۇ. مانا مەن ئۆمرۈمدە يىگىرمە يەتتە خوتۇن ئالغان. شۇ خوتۇنلاردىن بولغان يۈزدىن ئوشۇق بالىلىرىم بار ئىدى. ھەممىسى كەتتى. بۇ يەردە مەن ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. شاھ دېگەننىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولۇش كېرەك - دە. مەن مۇشۇ بور ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتىمەن... خوش، سەن بۇياققا نېمىدەپ كەلدىڭ؟

— ساڭا ھاجىتىم چۈشۈپ،— دېدى سۈپۈرگە.

— خۇداغا شۈكرى!— دېدى قەلەندەرلەر شاھى، — مەن تېخى ئەمدى ئادەملەرنىڭ ئېسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتسەم كېرەك، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. سېنىڭ بولسىمۇ ھاجىتىڭ چۈشۈپتۇ. قېنى سۆزلە.

— سەن دۇنيادىكى بارلىق قەلەندەرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە

سازاۋەر قەلەندەرلەر شاھىسەن، سېنى يىراقلاردىن ياد ئېتىپ كەلگەن ماڭا ئوخشاش مۇساپىر قەلەندەرنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماس دەپ ئويلايمەن... ماڭا ھېلىقى قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھنىڭ ئوردىسىغا ئەركىن كىرىپ - چىقىشقا بولىدىغان مىس تاختاڭنى بىر كۈنلۈك، ياق، پەقەت بىر سائەتلىككىلا ئارىيەت بېرىپ تۇرساڭ.

— سەن ئۇنى نېمە قىلىسەن؟ شاھتىن يوغانراق ئەمەل تەلەپ قىلماقچىمۇ؟

— ياق.

— ياكى سەن ئوردىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر تىلەمچىلىك قىلىپ بىراقلا بېيىپ كېتەي، دەۋاتامسەن؟

— ياق، مېنىڭ شاھنىڭ ئۆزىگە ئېيتىدىغان بىر ئېغىزلا گېپىم بار ئىدى.

— ئەجەل بوسۇغۇمغا كېلىپ قالدى. ماڭا ئەمدى بۇ مىس پۇتۇكچىنىڭ لازىمى يوق. كېرەك بولسا ساڭا ئۇنى بىر كۈنلۈك، بىر سائەتلىك ئەمەس، مەڭگۈگە بېرىۋېتەي. مە ئال!

قەلەندەرلەر شاھى مىس تاختىنى بويىنىدىن ئېلىپ، سۇپۇرگىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

سۇپۇرگە بىر سارايغا چۈشۈپ ئوبدان ھاردۇقىنى ئېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئېشىكىنى مال بازىرىغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە بىر كەمبەغەل كىشىنى چەتكە تارتىپ ئېشەكنى ئەرزىنىغا ساتتى. ئۇ ئېشەكنى ھېلىقى ياماق چاپان دېھقانغا بىكارغىلا بېرىۋەتمەكچىدى، لېكىن ئۇنىڭ باشقا بىر گۇمانلارغا كېلىپ قالماسلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭدىن ئازراق پۇل ئېلىپ، ساناپ قويىنىغا سالدى. ئادەتتە ئۇ ئېشىكىنى ساتقاندا ھەرگىزمۇ چۇلۇۋۇرنى قوشۇپ بېرىۋەتمەيتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئېشەكنى چۇلۇۋۇر، ئۈستىدىكى ئۇچۇلۇقى بىلەنلا قوشۇپ بېرىۋەتتى. «ھەي ۋاپادار جانىۋار! — دېدى ئۇ ئېشىكىنىڭ بېشىنى سىلاپ، -

ئەمدى سەن مېنى ئىزدەپ يۈرگۈچى بولما، ئۇقامسەن، شۇ تاپتا ئىگەك توپتوغرا ئوردىغا، شاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىدۇ. بەلكىم، بۈگۈن مەن شۇ يەردىنلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلارمەن. ئۇ دۇنيادا بولسا ئېشەكنىڭمۇ، ئېگەر - توقۇمنىڭمۇ كېرىكى يوق! »

سۈپۈرگە مال بازىرىدىن ئارقىسىغىمۇ قارىماي قايتىپ چىقىپ، چاپانلىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئۇدۇل شاھ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئوردىغا بارىدىغان دەرەخلىك كەڭ يولدا ئەمەلدارلارنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ياسداق مەپىلەر، ئېغىر قوراللىرىنى شاراقشىتىپ ئۆياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نەزەرىدە يوق ئىدى. ئۇ گويا ھاۋادا لەيلەپ كېتىپ بارغاندەك خىيالىي بىر تۇيغۇ ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. سۈپۈرگىنىڭ روھى ئۆمرىدە مۇنداق كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ گويا شاھ بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولۇپ كېتىپ بارغان ئەلچىدەك، غەلىبە تۇغىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ماڭغان قوماندانىدەك مەغرۇر كېتىپ باراتتى.

«ياراتقان ئىگەم، بۈگۈن ئۆزۈڭ ماڭا بىرمەدەت قىلغىن، - دەپ پىچىرلايتتى ئۇ، — مەن ئاجىزلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلدىم. سەن بولساڭ ئاجىزلارنىڭ قوللىغۇچىسىسەن، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى - يامان قىلمىشىدىن ساڭا ھېساب بېرىدۇ. ھەددىدىن ئاشقانلارنى سەن يەنە بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىمۇ ئەدەبلەپ قويالايسەن ...»

ئوردىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى كۆرۈندى. ئۇ يەردە جىبەكچىلەر تاياقتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. سۈپۈرگە تەمتىرىمەي خۇددى ئوردىغا دائىم كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان خىزمەتچىلەردەك مېڭىپ بېرىنچى، ئىككىنچى جىبەكچىلەردىن

ئۆتۈپ كەتتى. دەرۋازىۋەنلەر چاپارمەنلەرنىڭ «بىغەملەر شەھىرى» دىن ئەكەلگەن غەلىبە خەۋىرىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇردا ئىچىدىن: شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شاھ لەشكەرلەرگە ئىككى ئايلىق چاي پۇلى قوشۇپ بەرگۈدەك، بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئەمىلىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرەر ئىمىش، دېگەن گەپ تارقالغانىدى.

سۈپۈرگە ئۈچىنچى جىبەكچىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنى لەشكەرلەر ۋارقىراپ توختاتتى.

— هاي سەن نېمە ئادەم؟...جىنىڭدىن تويدۇڭمۇ، نېمىشقا ئۇسسۇپلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىسەن؟

— مەن ئۇردا ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن، - دېدى سۈپۈرگە مىس پۇتۇكچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— نېمە ئىشىڭ بار؟

— ئىشىمنى ساڭا ئېيتىشقا بولمايدۇ.

لەشكەرلەر سۈپۈرگىنى بىر ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا ئەكىردى.

— مەن پادىشاھنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەن! — دېدى سۈپۈرگە ھېلىقى ئەمەلدارغا.

لەشكەرلەر ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەمەلدار گۇمان نەزەرى بىلەن سۈپۈرگىنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە كۆز تاشلىدى - دە:

— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟— دەپ سورىدى.

— ساڭا ئېيتىشقا بولمايدۇ، خان بىلەن ئۇچرىشىشىمنى كېچىكتۈرسەڭ ئۆزۈڭ بېشىڭدىن ئايرىلىسەن، دەرھال شاھقا مەلۇم قىل!— دەپ ئېشەك ساتقان پۇلنى ئاستا ئەمەلدارنىڭ يانچۇقىغا شۇڭغۇتتى سۈپۈرگە.

ئەمەلدار ئالدىراپ بۇ ئىشنى ئۇردا ئىچىگە مەلۇم قىلدى. ئۇ يەردىن يەنە بىر ئەمەلدار شاپاشلاپ چىقىپ كەلدى - دە:

— سەن كىمسەن؟— دەپ سورىدى سۈپۈرگىدىن.

— مەن جاھانكەزدى سۈپۈرگە بولىمەن، — دېدى سۈپۈرگە، - يىراق بىر چۆللۈكتىن كەلدىم، شاھنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىدىغان مۇھىم بىر ئامانەت بار. بىر تۇمار ئىكەن، دېسەڭلا ئۇلۇغ شاھ ئۆزى چۈشىنىدۇ.

شاھقا خەۋەر يەتكۈزۈلدى. «تۇمار» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھ ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاتىسى قۇياش شاھى ۋاپات بولۇش ئالدىدا بىر تۇمار پۈتكەن ۋە بالىلىرىنى ئالدىغا يىغىپ: ئازارلاشماڭلار. مەن مۇشۇ تۇمارنى كىمنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتسەم، شاھلىق ئورنۇم شۇنىڭغا تەئەللۇق بولىدۇ، دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. قۇياشتىن ئۇلۇغ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن بارلىق تەخت مىراسلىرىنى كۆزدىن يوقىتىپ تەختكە چىققان بولسىمۇ، بۇ تۇمارنى ھېچكىمنىڭ بوينىدىن تاپالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئوردىدىن قاچقان كىچىك شاھزادىنى ئىزدىشىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن ئىدى. جاللاتلار شاھزادىنىڭ بېشىنى ئەكەلدى. لېكىن تۇمار يوقالغانىدى.

— ئۇنى ئالدىمغا ئەكىرىڭلار! — دېدى شاھ.

لەشكەرلەر سۈپۈرگىنى شاھنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرمەكچى بولۇشقانىدى. سۈپۈرگە يول قويمىدى.

— يېنىمدا پەقەت شاھنىڭ ئۆزىلا كۆرۈشكە تېگىشلىك بولغان مەخپىيەتلىك بار، — دېدى ئۇ، — ھېچكىمنىڭ يېقىنلىشىشىغا يول قويمايمەن.

شاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى يېنىنى ئاختۇرماي يەتكۈزۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. لەشكەرلەر سۈپۈرگىنى فونتانلىق باغنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە شىپاڭلارنىڭ قېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قانداقتۇر بىر ئىچكىرى - تاشقىرى قورۇلارنىڭ ئەگمە يوللىرى بىلەن شاھ تۇرغان خاس ھۇجرىغا يەتكۈزۈپ كەلدى. سۈپۈرگە كۆردىكى،

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەيش ـ ئىشرەت، بوزۇقچىلىقتىن چىرايى زەئىپلەشكەن بىر مەخلۇق تۇراتتى. شاھنىڭ تەختىنى بېزەپ تۇرغان ئالتۇن ـ كۇمۇش، يالتىراپ تۇرغان قىممەتلىك تاشلار، ئۇستىدىكى شاھلىق تونىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇ ئادەتتە شەھەر كوچىلىرىدا ھەر كۈنى ئۇچراپ تۇرىدىغان فانداقتۇر بىر مۇغەمبەر رەمچى ياكى ھاڭۋاقتى تالىپلارغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— ھۆرمەتلىك شاھىم! — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا تىز چۆكتى سۇپۇرگە، — مەن نە ۋەتىنىمنىڭ، نە ئۆي ـ ماكانىمنىڭ تايىنى يوق، شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ يۈرىدىغان بىر ساياق. خۇدا يولىدا ھەممىگە خالىس خىزمەت قىلغۇچى، ھەممە شاھلارنى ئوخشاش ئىززەتلىگۈچى بىر جاھانكەزدىمەن…

— گېپىڭنى قىسقىراق قىل! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى شاھ.

— جانابىڭىزنىڭ ئۆزىگىلا، پەقەت ئۆزىڭىزگىلا ئېيتىشقا تېگىشلىك بىر سىر بار ئىدى. مانا، جاپا چېكىپ، شۇنچە يىراقلاردىن شۇ ئىش ئۈچۈن ھوزۇرىڭىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

— ئېيت!

— لېكىن…، — دەپ سۇپۇرگە ئەتراپىغا قارىدى.

— سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار! — دەپ شاھ ھۇجرا ئىچىدىكى بارلىق خادىملارنى چىقىرىۋەتتى. ئۆيئىچىدە شاھ بىلەن سۇپۇرگىلا قالدى.

— ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئېسىمدە يوق، — دەپ ھېكايە قىلدى سۇپۇرگە، — بىر كۈنى، ناتونۇش بىر يېزىنىڭ يېنىدىن ئېشىكىمنى مىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم. يېزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى كۆۋرۈك بېشىغا بىر توپ ئادەمنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مەندەك جاھانكەزدىلەر قەيەرگە ئادەم ئولاشقان بولسا شۇ يەرگە بېرىپ قىزىقچىلىق

كۆرۈشكە خۇشتار بولىدۇ. دەرھال ئېشىكىمنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇرۇدۇم. بېرىپ قارىسام، توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نارەسىدىنىڭ جەسىتى يېتىپتۇ. جەسەتنىڭ بېشىنى كىملەردۇر كېسىپ ئەكېتىپتۇ. ئادەملەر ھەيران بولۇشۇپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا يەردە توپىغا مىلىنىپ ياتقان بىر قاپقارا نەرسىگە كۆزۈم چۈشتى. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام بىر تۇمار. تۇمارنى قوينۇمغا سالدىم - دە، كېتىپ قالدىم. خالىيراق بىر جايغا يېتىپ بېرىپ: بۇ نېمە خاسىيەت پۈتۈلگەن تۇماركىن؟ دەپ قىزىقىپ، تۇمارنى ئېچىپ ئوقۇدۇم. ئۇنىڭغا يېزىلغان سۆزلەرنى ئەقىلسىز كاللامنى بولۇشىغا ئىشقا سېلىپ ئۇزاق ۋاقىت مۇلاھىزە قىلدىم ۋە ئاخىرىدا بۇ تۇمارنىڭ جانابىيلىرىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، يىراق يوللارنى بېسىپ ھۇزۇرلىرىغا يەتكۈزۈپ كەلدىم.

— تۇمار قېنى؟ — دېدى تاقەتسىزلەنگەن شاھ.

— تۇمار مانا.

سۇپۇرگە قوينىدىن تۇمارنى ئېلىپ شاھقا ئىككى قوللاپ سۇندى. شاھ تۇمارنى ئالماق بولۇپ ئالدىغا ئېگىلىشى بىلەن، ئۇنى كۈچ بىلەن بىر تارتىپلا تەختتىن تۆۋەنگە سۆرەپ چۈشتى- دە، ئۇنىڭ بوغۇزىغا خەنجەر ئۇردى. «مانا بۇ بىغەملەر شەھرىدە بىگۇناھ قىرىلغان پۇقرالار ئۈچۈن!» دېدى ئۇ. ئىككىنچى پىچاقنى سۇپۇرگە شاھنىڭ نەق يۈرىكىگە ئۇردى. «مانا بۇ ئەرلىرىدىن ئايرىلغان مەزلۇملەر ئۈچۈن!» دېدى ئۇ. ئۈچىنچى پىچاق بىلەن سۇپۇرگە شاھنىڭ قارنىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. «مانا بۇ گۇناھسىز ئۆلگەن نارەسىدىلەر ئۈچۈن!» دېدى ئۇ. شاھنىڭ بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ، كۆزى سۇپۇرگىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى.

# II قىسىم

# ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا

## ئون بەشىنچى باب

# قاغىلىق باغ

بۇ پادىشاھلىقتا ئەۋلادلىرىدىن قالغان بىر ئادەت بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى چىققان بەگلىكلەرنىڭ بەگ ياكى ئاقساقال، ئۇرۇق- جەمەتلىرىنىڭ باللىرىنى پايتەختكە ئەكېلىپ گۆرۈگە تۇتۇپ تۇراتتى، پەيتى كەلگەندە ئۇلاردىن ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىناتتى ياكى ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتى. ياتاق ئاقسال بىلەن ئۇنىڭ باللىرىمۇ شۇ مەقسەتتە گۆرۈگە ئېلىنىپ، «قاغىلىق باغ» قا نەزەربەند قىلىنغانىدى.

«قاغىلىق باغ» شەھەرنىڭ چەت بىر بۇرجىكىدىكى تاشلاندۇق باغ ئىدى. بىر زامانلاردا قايسىبىر شاھ بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان توقىلى ئۈچۈن خاس باغچا قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ، بۇ يەرگە مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكتۇرۇپ، باغنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز تاملار بىلەن قورشىغان ۋە تاملارنىڭ ئىچى - تېشىغا نۇرغۇن دەل - دەرەخلەرنى قويدۇرغانىدى. لېكىن، كېيىن باغ ئورنى دۆڭ بولغاچقا بۇ يەرگە سۇ راۋان چىقماي، مېۋىلىك دەرەخلەر تازا ئاينىيالمىغانلىقتىن ئوردا بۇ يەرنى باغ قىلىش پىلانىنى تاشلاپ قويغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا باغ ئىچىدىكى مېۋىلەرنىڭ قۇرۇغىنى قۇرۇپ، ئاينىغىنى ئىختىيارىيچە ھەر تەرەپكە شاخ ئېتىپ باغ ئىچى جاڭگاللىشىپ كەتكەنىدى. پەقەت تامنى ئايلاندۇرۇپ قويغان دەل - دەرەخلەر چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇچاق يەتمەس

بولۇپ يوغىناپ كەتكەنىدى. هازىر باغ ئىچىدە بار بولغان مېۋىلەر ئۆز ۋاقتىدا باغۋەنلەر قويغان مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن تۆرەلگەن ياكى شۇلارنىڭ يىلتىزلىرىدىن كۆكلەپ چىققان ياۋا مېۋىلەر بولۇپ، ئۇلار سۇسىز مۇھىتقا ماسلىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆكىرىپ تۇرۇشاتتى. قىيان كەلگەن مەزگىللەردە ئېتىز-ئېرىقلاردىن تاشقىنلاپ كەلگەن سۇلار باغنىڭ قاغجىراپ ياتقان ئېرىقلىرىنى تولدۇرۇۋېتەتتى - دە، باغ ئەنە شۇنداق تاسادىپىي كەلگەن ئامەت بىلەن يىلىغا بىر - ئىككى قېتىم سۇ ئىچىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن تۆكۈلگەن ئۇرۇقلاردىن يەنە يېڭى بىخلار هاسىل بولاتتى. مېۋىلەرنىڭ سولاشقان ياپراقلىرى كەڭ يېيىلىپ، قۇياش نۇرىدا ياپېپىشىل بولۇپ پارقىراپ كېتەتتى.

ياز كۈنلىرى كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن بۇ باغنىڭ تېرەكلىرى ئۈستىگە يۈزلىگەن قاغىلار كېلىپ قونۇپ، چاڭىلدىشىپ ئەتراپنى بېشىغا كىيەتتى. بۇ باغنىڭ ئەينى چاغلاردىكى مېۋىلىك كۆچەت قويغان باغۋەنلىرى، ئىگىلىرى ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان بولۇپ، هازىر بۇ باغ كىشىلەرگە «قاغىلىق باغ» دېگەن نام بىلەن تونۇش ئىدى. قاغىلىق باغدا ئالۋاستى بار، دەپ كېچىلىرى بۇ ئەتراپقا هېچكىم ئاياغ باسمايتتى. كۈندۈزلىرى باغنىڭ ئەتراپىغا ئاندا - ساندا مال باقىدىغان ئادەملەر كېلىپ قالاتتى. باغنىڭ قۇياش نۇرى ۋە يامغۇر - يېشىنلاردا ئۆڭۈپ قاغجىرىغان يوغان دەرۋازىسى كىملەر تەرىپىدىندۇر مىخلاپ، ئېچىلماس قىلىپ بېكىتىۋېتىلگەنىدى.

ئوردا يانتاق ئاقساقالنى بالىلىرى بىلەن بىر يەرگە نەزەربەند قىلىشنى ئويلاشقاندا قايسىبىر ئەمەلدارنىڭ ئېسىگە شەهەر ئاهالىسىنىڭ كۆزىدىن يىراق ئاشۇ تاشلاندۇق باغ كەلگەنىدى. ئوردا خىزمەتچىلىرى باغنىڭ كونا دەرۋازىسى ئورنىغا مۇستەهكەم بىر يېڭى دەرۋازا ئورنىتىپ، دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىدىن كىرەك بولغاندا كىرىپ - چىقىش ئۈچۈن كىچىك بىر ئىشىك قالدۇردى.

تاملارنى ئېگىزلىتىپ، ئۈستىگە توسۇقلارنى بېكىتتى. يانتاق ئاقساقالنى باللىرى بىلەن بۇ يەرگە ئەكېلىپ سولىدى. دەرۋازا ئالدى ۋە باغ ئەتراپىنى كۆزەت قىلىشقا قاراۋۇللارنى قويۇشتى. ئىچكىرىدىن ھېچكىمنىڭ چىقىشىغا ۋە ئوردىنىڭ رۇخسىتىسىز تاشقىرىدىن ھېچكىمنىڭ كىرىشىگىمۇ يول قويۇلمايتتى. ئاقساقالنىڭ ئائىلىسىگە ھەر ئايدا بىر قېتىم بىر ئامال قىلىپ كونا ئۆتكۈزۈپ تۇرغۇدەك ئوزۇق - تۈلۈك كىرگۈزۈپ بېرىلەتتى. ئاقساقالغا نەرسە - كېرەكلەرنى ئەكىرىپ بېرىدىغان خىزمەتچى ھېچكىمگە قاپىقىنىمۇ ئاچمايتتى. ھېچكىم بىلەنمۇ پاراڭلاشمايتتى. ئۇ تۇغما گاچا ئىدى.

يانتاق ئاقساقال باغ ئىچىدىكى بىر تاشلاندۇق ھۇجرىدا تۇراتتى. بۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا باغقا ئىشلىگەن باغۋەنلەرنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇشى ئۈچۈن سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ھازىر بۇ ئۆيلەرنىڭ تام - تورۇسلىرىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، بۇلۇڭلارنى تور بېسىپ كەتكەن، ئىشىكلىرى قىيسىيىپ ئېلىگىرىكى ئىسكەتىنى يوقاتقانىدى. ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە باھار يامغۇرىنىڭ سۈيى بىلەن ھەر كۆكلەمدە كۆپكۆك مايسىلار ئۈنۈپ كېتەتتى - دە، يازغا بارمايلا قۇرۇپ قالاتتى. ئاقساقالنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان ئۈچ ئوغلىنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى چوڭ خوتۇنىدىن بولغان باللار ئىدى. ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى ئۆمەر، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى بارات ئىدى. ئەڭ كىچىك ئوغلى سەپەر ئاقساقالنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان بالا ئىدى. يانتاق ئاقساقالنىڭ چوڭ خوتۇنى ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، باللارنىڭ ھەممىسىنى كىچىك خوتۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ چوڭ قىلغانىدى. ئاقساقال «بىغەملەر شەھىرى» دە قالغان كىچىك خوتۇنىنىڭ ھالىدىن ھازىر بىخەۋەر ئىدى.

يانتاق ئاقساقال دەسلەپتە قاغىلىق باغدىكى تۇرمۇشقا زادىلا كۆنەلمىدى. ئۇ تىت - تىت بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي باغنىڭ

ئىچىدە توختىماي ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى. ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلايتتى. خۇدانىڭ ھەممە بەندىلىرىگە ئوخشاش ئۇمۇ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان ۋە نۇرغۇن خاتالىقلارغىمۇ يول قويغانىدى. نېمىشقىدۇر، كېيىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن جاھانكەزدى سۇپۇرگە كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. سۇپۇرگە ھەر قېتىم يىراق يۇرتلارغا قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ، ئاقساقالنى يوقلايتتى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، دۇنيادىكى ئاجايىب پادىشاھلىقلار، ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان شەھەرلەر، ئۇ يەردىكى قوراللانغان لەشكەر ۋەھاكازالار توغرىسىدىكى تۈگىمەس پاراڭلارنى قىلىپ بېرەتتى. يانتاق ئاقساقال ئۇ چاغدا جاھانكەزدى سۇپۇرگىنىڭ سۆزلىرىنى ئاددىي بىر ھېكايىنى ئاڭلىغاندەكلا ئاڭلاپ قويغانىدى. «سۇپۇرگىنىڭ ئېيتقانلىرى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە گەپلەر ئىكەن، - دەيتتى يانتاق ئاقساقال ئۆز - ئۆزىگە، — شۇ ئاجايىب شەھىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقۇشنى، ئادەملىرىمىزگە قورال - ياراغ تۇتقۇزۇشنى ئويلاشمىغانىكەنمىز. ھوسۇللۇق ئېتىزلار، يۇرۇشۇپ تۇرغان تىجارەت، توق تۇرمۇش بىزنى بەكمۇ بىغەم ياشاشقا ئادەتلەندۇرۇپ قويغانىكەن...»

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى يانتاق ئاقساقال ئۆز تەقدىرىگە شۈكرى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە بۇ تاشلاندۇق باغ مەڭگۈ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان، ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى، جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان ھېلىقى قاراڭغۇ، زەي زىندانلاردىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى ئىدى. بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاملار قورشاپ، تام ئارقىسىدىن قاراۋۇللارنىڭ قەدەم تاۋۇش، قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ جاراڭلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، قۇياش يەنە ھەر كۈنى باغ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ نۇرىنى سېخىيلىك بىلەن ئەتراپقا چاچاتتى. باھاردا ياۋا مېۋىلەر رەڭمۇ رەڭ چېچەك ئېچىپ،

ياپيېشىل ئوتلار باش كۆتۈرەتتى. ئاقساقالنىڭ باللىرى بولسا ھەر كۈنى ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ خىزمىتىنى قىلاتتى.

يانتاق ئاقساقالنىڭ ئىككى چوڭ ئوغلى ھازىر بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ ئۆيلىنىش قورامىغا كېلىپ قالغانىدى. چوڭ ئوغۇل ئۆمەر يۈزلىرى دۈگىلەك، ئۆزىمۇ دوغىلاق كەلگەن قاۋۇل يىگىت ئىدى. ئوتتۇرانچىسى بارات ئورۇق، ئېگىز، چىرايلىق يىگىت بولغانىدى. بۇ ئوغۇللار تۇغۇلغان چاغدا ئاقساقالنىڭ ئۆيى ئومۇمىي شادلىققا چۆمگەنىدى. چۈنكى بۇ ئاقساقاللىق نەسەبىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. ئەمما، بۈگۈنگە كەلگەندە رەھىمسىز تەقدىر ئۇلارنىڭ ياشلىقىنى ئەنە شۇنداق تۆت تام ئىچىگە بەند قىلىپ قويدى.

ئوغۇللار ئەتىدىن كەچ كىرگۈچە باغ ئىچىدە قەپەسكە سولانغان قۇشتەك تېپىرلاپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى. بەزىدە ئۇلارغا باغنىڭ تېمى ئارقىسىدىن قىز - جۇۋانلارنىڭ چاقچاقلىشىپ سۆزلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۆمەر بىلەن بارات قىلمىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، باغ كەينىدىكى ئاۋازغا قېتىپ قۇلاق سېلىشاتتى. قىزلارنىڭ ئاۋازى بىردەمدىلا يىراقلاپ كېتەتتى ياكى قاراۋۇللارنىڭ «ھاي كىم سىلەر؟ ئۇياق بىلەن مېڭىشقا بولمايدۇ!» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن ئۆچەتتى.

«تۇفۇ! — دەپ لەنەت قىلىشاتتى ئوغۇللار قاراۋۇللارغا، — خۇدايىم، ئۆزۈڭنىڭمۇ ئۇنى مەڭگۈگە ئۆچەر!»

يىگىتلەرنىڭ كىشىدە يېقىملىق تۇيغۇ، شېرىن ھېسسىياتلارنى پەيدا قىلىدىغان قىزلارنىڭ ھېلىقىدەك ئاۋازلىرىنى يېقىندىن ۋە ئۇزاقراق ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. گەرچە بۇ باغ تۆت تام بىلەن قورشالغان بولسىمۇ، تەبىئەت ئوغۇللارنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت، سېغىنىش دېگەندەك ئاجايىپ تۇيغۇلارنى ئويغىتىشلا يېتىلدۈرمەكتە ئىدى. گۈللەر، گۈللەر ئەتراپىدا

پەرۋانە بولۇپ يۇرگەن كېپىنەكلەر، تىنىق كەڭ ئاسمان ۋە ھەر باھاردا مېھمان بولۇپ كېلىپ، كەچ كۈزدە قايتىپ كېتىدىغان پەسىل قۇشلىرى ئۇلارنى غەلىتە خىياللارغا سالاتتى.

— بىزنىڭمۇ شۇنداق قاناتلىرىمىز بولغان بولسا ھە! — دەيتتى بارات بەزىدە ئاسماندا يىراقلاپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ.

— ھە، قانىتىمىز بولسا قانداق قىلماقچىدىڭ؟ — دەپ سورايتتى ئۆمەر.

— بۇ لەنتى شەھەر، جىن تەگكەن ئەسكى تاملىقلارنى تاشلاپ، يىراقلارغا كېتەتتۇق.

— ئاتامنىچۇ، ئاتامنى تاشلاپ؟!

— نېمىشقا تاشلايمىزكەن، ھېلىقى ماختانچۇق پاقا بىلەن ئەقىللىق غازلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنى ئاڭلىمىغانمۇسەن؟... شۇنداق بىر تال ياغاچنى تېپىپ ئىككىمىز ئىككى بېشىنى چىشلەيتتۇق، ئاتام ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىنى تۇتاتتى، ئاندىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ خالىغان تەرەپكە قاراپ . . .

— ئىنىمىز سەپەرنىچۇ؟

— ھە، سەپەرمۇ بار ھە تېخى!

مۇنداق سۆھبەتلەردىن كېيىن ئۇلار ئۇزاققىچە جىمىپ قالاتتى. قانداقتۇر بىر يوغان تۇكلۇك ھەرە ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە ئەگىپ يەنە يىراقلاپ كېتەتتى. يىگىتلەر ئەگەر قارارغا كەلسە بىر ئامال قىلىپ بۇ باغدىن قېچىپ چىقىپمۇ كېتەر ئىدى. لېكىن ئۇلار كۈندىن - كۈنگە خىيال بېسىپ كېسەلچان بولۇپ قېلىۋاتقان ئاتىسىنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى.

— مەن نېمىشقىمۇ ئاقساقاللار ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن؟ — دەيتتى بەزىدە چوڭ ئوغۇل ئۆمەر، — مەن ساقچا ئېيتسام، ئاددىي پۇقرا بولغانغا يەتمەيدىكەن.

— قېنى، قانداقچە دەيسەن؟ — دەپ سورايتتى بارات.

— مەسىلەن، سەن بىر ئاددىي دېھقان بولساڭ، ئازراق جاپا تارتىسەن، ئەمما، ئارتۇقچە غېمىڭمۇ بولمايدۇ. كۈندۈزى تىرىشىپ ئەمگىكىڭنى قىلىپ، كېچىسى ئۆيۈڭدە خاتىرجەم ئۇخلايسەن، ئۆزۈڭگە ئوخشاش بىر كەمبەغەلنىڭ چىرايلىق قىزىغا ئۆيلىنىپ، خۇداغا شۈكرى - قانائەتىڭنى بىلدۈرۈپ نامىزىڭنى ئوقۇپ، ئۆمرۈڭنى بىر خىل ئۆتكۈزىسەن.

بارات بولسا تۇرمۇش توغرىسىدا باشقىچە مۇلاھىزە قىلاتتى.

— نېمىدەپ كەمبەغەل بولۇپ ياشىماق كېرەك ئىكەن؟!

— دەيتتى ئۇ، — كەمبەغەلچىلىكنىڭ نېمىسى ياخشى؟ بىر نانىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئېشەكتەك ئىشلەپ كۈننىڭ ئۆتىدۇ شۇ! . . . قارا، مەن ئەگەر ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ ساراڭ قىلىۋېتىدىغان مۇشۇ قاماقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىدىغان بولسام، بىر ئامال قىلىپ، يەنە ئاتامدەك بىرەر يۇرتنىڭ ئاقساقىلى بولىمەن. ئېسىڭدىمۇ؟ كىچىك چېغىمىزدا ئۆيدە بىزنى چاكارلار قولىدىن چۈشۈرمەي كۆتۈرۈشۈپ يۈرەتتى. خىزمىتىمىزگە ھەر دائىم ئادەم تەييار ئىدى. ئەگەر ئاتامنى پېشكەللىك باسمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە بىز شەھىرىمىزدىكى كاتتا بايلارنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەنگەن بولاتتۇق. . .

شۇ چاغدا تامنىڭ ئۇ يېنىدىكى باغقا يېقىن يوللارنىڭ بىرىدىن يەنە چوكانلارنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن سۆزلىرىنى توختىتىپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشاتتى. بەزىدە ئۇلار باغ ئىچىدە ئېگىزرەك ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىقىپ، سىرتتىكى ئالامەتلەرنى كۆرمەكچى بولۇشاتتى. بىراق ئۇلار بىكارغىلا ئاۋارە بولۇشاتتى. ھەرقانچە ئېگىزگە چىققان بىلەنمۇ پەقەت يىراقتىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچىلا كۆزگە چېلىقاتتى.

يانتاق ئاقساقالنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى سەپەر تۆت - بەش ياشلاردا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ چوڭ باغنىڭ ئىچى بىر

كەڭ دۇنيا بىلىنەتتى. قالايمىقان ئۆسۈپ جاڭگاللىشىپ كەتكەن
مېۋىلەر، دەرەخلىكلەر ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللار، ئوت-
چۆپلەر ئۈستىدە ئۆمىلىشىپ يۈرىدىغان هارماس چۈمۈلىلەر،
ئاجايىپ رەڭدار كېپىنەكلەر، كېچە بىلەن كۈندۈز ئازغاشماي
ئالمىشىپ تۇرىدىغان قۇياش بىلەن ئاي ... بۇلارنىڭ هەممىسىلا
هازىرچە ئۇنىڭ بالىلىق تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى تولدۇرۇشقا يېتىپ
ئاشاتتى. بەزىدە ئاكىلىرى ئۇنى هاپاش قىلىپ ئوينىتىپ باغنىڭ
ئېگىز تاملىرى يېنىغا ئاپىرىپ قالاتتى. كىچىك سەپەرگە بۇ
ئالەمنىڭ چېگرىسى نەق ئاشۇ تاملار بولۇپ كۆرۈنەتتى.

يانتاق ئاقساقال كۈندىن-كۈنگە سالامەتلىكى ئوساللاپ،
چوڭ ئوغۇللىرى نەلەردىندۇر كونا پەنلەرنى تېپىپ كېلىپ ئۆي
ئالدىغا ياساپ بەرگەن كارىۋاتتىن قوپالماس بولۇپ قالغانىدى.
كۆپ چاغلاردا سەپەر ئۆزىنىڭ چاڭىلداق ئاۋازى بىلەن تۈگىمەس
سوئاللارنى سوراپ ئاقساقالنىڭ بېشىدىن نېرى كەتمەيتتى.

— ئاتا، سەن نېمىشقا بۇ كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتىۋېرىسەن؟

— قۇياش نەدىن چىقىدۇ؟

— كۈندۈزى يۇلتۇزلار قەيەرگە كېتىدۇ؟

— كېپىنەكلەرمۇ نان يەمدۇ؟

سەپەر ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق بالىلارچە سوئاللىرى، تاتلىق
قىلىقلىرى بىلەن ئاقساقالنىڭ زېرىكىشلىك كۈنلىرىنى
بىلىندۈرمەيتتى. يانتاق ئاقساقال كېچىلىرى شۇ كىچىك ئوغلىنى
يېنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىيلاپ ئۇخلىتاتتى. بالا
ئۆزىنىڭ تاتلىق پۇشۇلداشلىرى، يۇمران بەدەن، ئىسسىق نەپىسى
بىلەن ئاتىسىنىڭ قوينىنى تولدۇرۇپ تۇراتتى. ئاقساقال هەر
كۈنلۈك نامىزىدا يىغلاپ تۇرۇپ خۇدادىن بالىلىرىنىڭ بەختىنى
تىلەيتتى. بالىلىرىنىڭ تەقدىرى، كەلگۈسى هەققىدە بەكمۇ
قايغۇراتتى. مانا ئۇ چوڭ بىر شەهەرنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ يۇرت
سورىدى. شۇنچە نۇرغۇن يەر، سۇ، مال-دۇنياغا ئىگە بولدىيۇ،

ئاخىرىدا بولسا يېنىدا بالىلىرىغا قالدۇرغۇدەك سۇنۇق يارماقمۇ قالمىدى. . .

يانتاق ئاقساقالنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە ئوساللاپ كېتىۋاتاتتى. بىر كۈنى تۈن يېرىمىدا ئۇ قۇلاق تۈۋىدە شىپىرلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— كىم؟— دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، يوقاتقاننى مەيدىسىگە تارتتى ئۇ.

— مەن! — دېگەن جاۋاب كەلدى قاراڭغۇلۇقتىن.

— مەن دېگەن كىم؟

— سەن مېنى تونۇمايسەن، ئۈنۈڭنى پەس قىل، مېنى بۇ شەھەردە «تام تېشەر» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا شاھ خەزىنىسىنىمۇ ئامان قويمىغان تام تېشەرمەن.

ئاقساقال قاراڭغۇلۇقتىن بىر كىشىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئۆرە تۇرغان سىماسىنى پەرق ئەتتى.

— ئەمىسە بۇ يەرگە خاتا كىرىپ قاپسەن،— دېدى ئاق-ساقال، — بۇ يەردە سەن ئەچىقىپ كەتكۈدەك بىر نەرسە يوق.

— ماڭا سېنىڭ بىرەر نەرسەڭ كېرەك ئەمەس، مە، بۇ ئامانىتىڭنى تاپشۇرۇۋال.

تام تېشەر جاھانكەزدى سۈپۈرگە بەرگەن تېرە خالتىنى يانتاق ئاقساقالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بۇ نېمە؟

— نېمىلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم تىللادۇر. جاھانكەزدى سۈپۈرگە دېگەن بىر بۇرادىرىڭ كىرگۈزدى. ئۇ ساڭا سالام ئېيتتى. «بىغەملەر شەھىرى ئېغىر كۈندە قالدى. خەلققە بىر باشلامچى كېرەك. ئاقساقال بىر ئامالنى تېپىپ قېچىپ چىقسۇن» دېدى. قاچماقچى بولساڭ، باغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يوغان ياڭاقنىڭ يېنىدىكى تامدىن بىر تۆشۈك تېشىپ ئوت -

چۈپلەر بىلەن يېپىپ قويدۇم. تەييارلىقىڭنى قىلىپ شۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كەت.
يانتاق ئاقساقال ئاچچىق كۈلدى.
— مەندە هازىر قېچىپ يۇرتۇمغا يېتىپ بارغۇدەك ماغدىر نېمە قىلسۇن! — دېدى ئۇ، — مانا ئىككى ئايدىن بىرى مۇشۇ ئورۇندىن قوپالماي يېتىپتىمەن. ھەي ئەپسۇس، بىز خەلققە ئۇۋال قىلدۇق. ئادەملىرىمىزنى تولىمۇ بىخۇد ئۆگەتكەنىكەنمىز. شۇ شەھەرگە ئاقساقال بولۇپ تۇرغان چاغلىرىمنى ئويلىسام، كۆپ ئىشلارنى خام قىلغان ئىكەنمەن. . .
تام تېشەر ئاقساقالنىڭ سۆزلىرىگە كۆلۈپ قويدى.
— بۇ بارلىق ئەمەل تۇتقانلارنىڭ ئورتاق ھەسرىتى، — دېدى ئۇ، — بىر چاغدا مەن بىر ئالىم كىشى بىلەن بىللە زىنداندا ياتقانىدىم. ئۇ ماڭا: ئەمەل نازلىق خوتۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇ گۈزەل ۋە ۋاپاسىز كېلىدۇ. ئۇ ھېچكىمگە — ھەتتا شاھلارغىمۇ مەڭگۈ باقمۇەندە ئەمەس. ئۇ قولغا كېلىدۇ، يەنە قولدىن كېتىدۇ. ئەمەل تۇتقۇچى بۇ ھەقىقەتنى تەختنىڭ ئېگىز پەلەمپەيلىرىدىن دومىلاپ چۈشكەندىلا ئاندىن چۈشىنىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا قىلغانلىقىغا ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ كېچىككەن بولىدۇ، دېگەنىدى، خەير مەن كەتتىم.
— توختا! — دەپ تام تېشەرنى توختىتىۋالدى ئاقساقال، — سەن بۇ خالتىنى كارۋات يېنىدىكى جىگدە تۈۋىگە ئۆز قولۇڭ بىلەن كۆمۈپ قويۇپ چىقىپ كەت. شۇ چاغدا سەن ماڭا ھېچنېمە بەرمىگەن بولىسەن، مەنمۇ سەندىن ھېچنېمە ئالمىغان بولىمەن. بۇ نەرسىلەر بەلكىم ئوغۇللىرىمغا لازىم بولۇپ قالار. مەندىن سۇپۇرگىگە سالام ئېيت!
— سۇپۇرگە!... سۇپۇرگە بۇ دۇنيادا يا بار، يا يوق...
يانتاق ئاقساقال تام تېشەرنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالماي قالدى. . .

ئەتىسى سەھەرلىكى يانتاق ئاقساقال ئىككى چوڭ ئوغلىنى يېنىغا چاقىردى.

— هەي ئۆمەر، بارات، قېنى سىلەر؟ بۇ ياققا كېلىڭلار.

ئاقساقالنىڭ ئىككى ئوغلى كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ ئاتىسىنىڭ يېنىدا هازىر بولدى. كىچىك سەپەر بولسا هېچنېمىدىن خەۋەرسىز تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

— خوش ئاتا، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟— دېيىشتى ئوغۇللار.

— مېنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغان ۋاقتىم ئاز قالغاندەك قىلىدۇ. گېپىمنى تىڭشاڭلار. بۇ ئۇستى ئوچۇق زىنداندا سىلەر مەن بىلەن تەڭ كۈلپەت تارتتىڭلار. خىزمىتىمدە بولدۇڭلار. مەن سىلەردىن ئىككىلا دۇنيا رازىمەن، لېكىن، سىلەرنىڭ ئاغزىڭلارغا يېتەرلىك ئىلىم سالالمىدىم، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلالمىدىم. بۇ مېنىڭ ئۆز مەيلىمدىن ئەمەس، ئامالسىزلىقىمدىن بولدى. مەندىن رازى بولۇڭلار.

ئوغۇللار ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلدى.

— ئاتا، بىز سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازىمىز، هالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئالالمىدۇق. بالىلىق قىلغان يەرلىرىمىز بولسا كەچۈرۈڭ!

— مەن سىلەردىن رازى، بالىلىرىم، تىنچلىنىڭلار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، مەن ئۆلۈپ تارتىپ قالسام، مېنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، ئاۋۇ جىگدە تۈۋىنى كولاڭلار. ئۇ يەردە سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلار ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇلغان ئازغىنە بىر نەرسە تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئېلىڭلار-دە، بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن قېچىڭلار. . . ماۋۇ ئۇخلاۋاتقان سەپەر سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار، ئۇ تېخى كىچىك، مەندىن كېيىن قالغاندا ئۇنى تاشلىۋەتمەڭلار، جىگدە تۈۋىگە كۆمۈلگەن نەرسىدە ئۇنىڭمۇ بىر ئۈلۈش هەققى بار. ئۇنىڭغا مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتىدارچىلىق قىلىشنى سىلەرگە

تاپشۇردۇم، - ئاقساقال قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئوغۇللارغا دۇئا بەردى.

—بۇ يەردىن بىز قانداق قېچىپ چىقىپ كەتسەكبولار؟— دەپ ئاتىسى بىلەن ئىنىسىگە قارىدى ئۆمەر.

— بىر ياخشى نىيەتلىك ئادەم باغنىڭ غەربىدىكى چوڭ ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىدىكى تامدىن بىر تۆشۈك تېشىپ، ئوت - چۆپلەر بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇن. . .

— قېچىپ قەيەرگە بارىمىز؟— دېدى بارات.

— ئەلۋەتتە ئۆز يۇرتۇڭلارغا — بىغەملەر شەھـــــرىگە بارىسىلەر، — دېدى يانتاق ئاقساقال، — ئۇ يەردە ئەل سىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتۇ. سىلەر...

يانتاق ئاقساقال بالىلىرىغا دەيدىغان ئاخىرقى مۇھـــــم ۋەسىيەتلىرىنى ئېيتىپ بولالمايلا تىنىقتىن قالدى.

## ئون ئالتىنچى باب

# ئۆلۈم خەۋىرى

قاغىلىق باغدىن كۆتۈرۈلگەن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرۋازا ئالدىدىكى قاراۋۇللار تېڭىرقاپ قېلىشتى.

— هوي، ئاڭلاۋاتامسىلەر؟— دەپ ۋارقىرىۋەتتـــى، بۇ ئاۋازنى دەسلەپتە ئاڭلىغان قاراۋۇل.

— نېمىنى؟

— يىغا ئاۋازى، باغ ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

لەشكەرلەر باغ ئىچىدە بىرەر هادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى

پەملەشتى - دە، ئاقساقالغا نەرسە - كېرەك ئەكىرىپ بېرىدىغان كېكەچنى چاقىرىشتى. كىچىك ئىشىكنى شاراقلىتىپ ئېچىپ، ئۇنى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ چىقىش ئۇچۇن باغ ئىچىگە كىرگۈزۈشتى. كېكەچ ھايال بولمايلا قايتىپ چىقتى - دە، چىرايلىرىنى قايغۇلۇق تۇسكە كىرگۈزۈپ بىرنېمىلەرنى دەپ شەرەتلەپ، لەشكەرلەرگە ئاقساقالنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شەھەرنىڭ چېتىدىكى بۇ تاشلاندۇق باغنى كۆزەت قىلىش جېنىغا تەگكەن لەشكەرلەر جانلىنىپ كېتىشتى. بىرنەچچىسى بۇ خەۋەرنى ئوردىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ئات سېلىشتى. لېكىن ئۇلار ئوردىدىن جاۋاب ئالالماي، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا يېرىم كۈن ساقلاشتى.

ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا قاتمۇ قات قاراۋۇللار قويۇلغانىدى. ئوردا ئىچى پاتىپاراق كۆرۈنەتتى. ئۇ يەردىن دۈپۈرلەپ ئاتلىقلار چىقىپ قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇشاتتى. يەنە قەيەرلەردىندۇر ئات سېلىپ يېتىپ كەلگەن ئەمەلدارلار ئالدىراپ ئوردا ئىچىگە قاراپ مېڭىشاتتى. ئوردا قەتلە قىلىنغان شاھنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئوردا ئىچىدە زادى نېمە ۋەقە بولغانلىقىدىن سىرتتىكىلەر خەۋەرسىز ئىدى. چۈشتىن كېيىن بولغاندا، ئوردىدىن بىر ئەمەلدار چىقىپ قاغىلىق باغدىن كەلگەن لەشكەرلەرگە:

— ئاقساقال ئۆلگەن بولسا ئۆلگەن بويىچە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۆلۈم ئىشلىرى كېيىن بېجىرىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

يانتاق ئاقساقالنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ جەسەتىنى باغ ئىچىگە دەپنە قىلىشتى. كۆز باغلىنىپ قالغانىدى. ئۆمەر بىلەن بارات قىسقىلا خەتمىقۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن، ھېلىقى جىگدە تۈۋىدىن دادىسى ئېيتقان نەرسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. كۆپ كولىمايلا ئۆمەرنىڭ قولىغا بىر تېرە خالتا چىقتى.

— ئاتام بۇ خالتىنى تېخى يېقىندىلا كۆمگەن بولسا كېرەك، — دېدى ئۆمەر.

— قانداق بىلدىڭ؟— دېدى ئاكىسىنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ قاراپ تۇرغان بارات.

— قارىمامسەن، بۇ يەردىكى توپا تېخى بوشلا تۇرىدۇ.

— خالتىمۇ، نېمە ئۇ؟

— ھە، تېرە خالتا.

— ئىچىدە نېمە بار ئىكەن؟

— ھازىر كۆرىسەن.

كىچىك سەپەر نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئاكىلىرىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۆمەر بىلەن بارات خىرە كۆيۈپ تۇرغان چىراغنىڭ يېنىغا كېلىپ خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلارنى كۆردى-دە، خالتىنىڭ ئاغزىنى دەرھال ئېتىشتى.

— ئەمدى بۇ لەنتى باغدىن دەرھال يوقىلىش كېرەك،— دېدى بارات.

— سەل ئۆپكەڭنى بېسىۋالغىنە!— دېدى ئۆمەر، - ئاتام بىز قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان يەرنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىغۇ؟!

— مەن ئۇ يەرنى كۈندۈزى كۆرۈپ قويغان.

شۇ كېچە، لەشكەرلەر باغنىڭ ئەتراپىنى كۆزەت قىلىشنى قويۇپ چوڭ دەرۋازا ئالدىغا يىغىۋېلىشقانىدى. باغنىڭ ئىچىدىكى چوڭ جىنايەتچى ئۆلدى، ئەمدى ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق - دە!... ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراۋۇللار باشلىقى ئوردىدىن دەپنە ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئوبدانراق ئۇقۇپ بېقىشنى باھانا قىلىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. قاراۋۇللار ئەمدى ئۆزىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇزۇن ۋاقىت بۇ لەنەت تەگكەن جىنىدىخانىنى (قاراۋۇللار قاغىلىق باغنى شۇنداق ئاتىشاتتى)

كۆزەت قىلىپ زېرىككەن لەشكەرلەر ئەمدى بۇ ئىشتىن ئازاد بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال ئىدى. چۈنكى بۇ يەردە ۋاقىت ئۆتكۈزگەندە ئۇلار ئۈچۈن قىلچە پايدا يوق ئىدى. شەھەرنىڭ باشقىراق بىر ئەپلىك جايىدا بولغاندا ئۇلار ئاللىقانداق بىر باھانىلەرنى تېپىپ چىقىپ، يولدىن ئۆتكەن دېھقانلار، كاسىپلار، سودىگەرلەردىن خېلىلا بىر نېمە ئۈندۈرۈۋالايتتى. شەھەر ئىچىدە يەنە كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنلار تولۇپ تۇراتتى. ئۇ يەردە خالىغانچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغىلى بولاتتى. بۇ لەنەت تەگكەن جىن ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا بولسا كېچىچە قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى، ھۇقۇشلارنىڭ ۋەھىمىلىك ھۇۋلاشلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. بۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت كۆزەتتە تۇرۇپ، زېرىكىپ ساراڭ بولايلا دېگەن قاراۋۇللار شۇ تاپتا ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ قەيەرلەردە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقى توغرىسىدا قىزغىن پەرەزلەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ھەي، ھەي، ئاۋۇ بىر يىللىرى مەن شەھەر كوچىلىرىنى كېچىدە كۆزەت قىلىشقا چىقىپ ئوبدانلا تىرىلىپ قالغانىدىم.— دېدى بىر لەشكەر.

— ئۇنىڭدا قانداق تاپاۋەت قىلغىلى بولىدۇ؟— دەپ سورىدى ياشراق بىر لەشكەر.

— قانداق دېسەڭلار، كېچىدە ماڭغان ھەرقانداق ئادەمنى توسۇپ «نېمىدەپ كېچىدە يول يۈرىسەن؟ شاھىمىزنىڭ يېڭى پەرمانىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟» دەپ بىر - ئىككى پوپۇزا قىلىسەن - دە، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ قۇرۇقداپ قويىسەن.

— ئەڭ ياخشى ئوقەت شۇ!— دەپ تەستىقلىدى ئىككىنچى لەشكەر، — كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بەزىدە قىمار بولىۋاتقان سورۇنلارنىڭ تۆپىسىگىلا چۈشىسەن، قىمارۋازلار ئىشتىنىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي قاچىدۇ. تاۋاكادىكى پۇلنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولىدۇ.

— ئۇنىمۇ دەيسىلەر، بۇنىمۇ دەيسىلەر، — دېدى يەنە بىرى،
— مەن سىلەرگە ئېيتسام، ئىشنىڭ ھۆزۈرى نەق پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئىچىدە قاراۋۇللۇق قىلىشمىكىن، دەيمەن.

— شاھنىڭ ئوردىسىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن! — دېدى قېرى بىر لەشكەر، — ئۇ يەردە ساڭا تىرماقچىلىكمۇ ئەركىنلىك بولمايدۇ، ياغاچتەك قېتىپ تۇرماقتىن باشقا گەپ يوق.

— سەن نېمىنى بىلىسەن، — دەپ قارشى چىقتى قېرىنىڭ سۆزىگە ھېلىقى لەشكەر، - مانا، مەن ئۇ يەردە تۇرۇپ كۆرگەن. قىزىقچىلىقنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە. بىر قېتىم، بىر شاھزادە زىياپەت بولۇۋاتقان ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن مەست دەڭدەڭشىپ چىقىپ كەلدى. تۈن يېرىمىدىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى. شاھزادە مېنى چاقىرىپ:

— مېنى ئاۋۇ تەرەپكە يەتكۈزۈپ قوي! — دەپ شاھنىڭ كېنىزەكلىرى تۇرىدىغان باغ تەرەپنى كۆرسەتتى.

قورقۇپ كەتتىم. شاھنىڭ كېنىزەكلىرى تۇرىدىغان باغقا قالايمىقان يېقىنلىشىشقا بولمايتتى.

— شاھزادە، سىلى مەست بولۇپ قاپتۇلا، ھۇجرىلىرىغا يەتكۈزۈپ قوياي، — دېدىم.

— جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ قانداق؟! — دەپ بىر ئالىيمۇدى، ئىلاجسىز ئۇنى يۆلەپ ماڭدىم.

باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئىككى قاراۋۇل بىزنى ئۇنچىقماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئىشىكنى ئاچقان يەنە بىر لەشكەر بىزنى باشلاپ ماڭدى. بايا ئۇ شاھزادىنىڭ قايسى كېنىزەك بىلەن باردى- كەلدى بارلىقىنى بىلىدىكەن. بىر كۆلنى ئايلىنىپ ئۆتتۇق. بىر تاش پەلەمپەيدىن چۈشتۇق. يەنە بىر ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يەنە بىر تاش پەلەمپەيلەردىن چۈشتۇق. بىزنى باشلاپ كېتىۋاتقان لەشكەر:

— ئەنە ئاۋۇ ئۆيگە ئەكىر! — دېدى ـ دە، ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى.

قارىسام، ئالدىمدىكى گۈللۈك ئىچىدە بىر ئىمارەت تۇرۇپتۇ. ئىشىكنى بىر كېنىزەك ئاچتى. ھېلىقى كېنىزەكنىڭ چىرايلىقلىقىنى دېمەمسىلەر، ئۇزۇن بىر زالغا كىرىپ قالدۇق. زالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىكلەر مەھكەم يېپىقلىق تۇرۇپتۇ. كېنىزەك بىزنى زالنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيگە باشلىدى. بۇ ئۆيدىكى جابدۇقلارنىڭ ئېسىللىقىنى ئېيتايمۇ، ئىچكىرىكى ئۆيدىن يەنە بىر كېنىزەك چىقىپ شاھزادىنى قولۇمدىن ئالدى. شاھزادىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان كېنىزىكى شۇ ئوخشايدۇ.

— ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق بولسا كېرەك؟ — دەپ گەپ ئارىلىدى ھېلىقى ياش لەشكەر

— راستىمنى ئېيتسام، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىدىم. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراق، يېنىك شىپىرلاپ مېڭىشلىرىغا قاراپلا ھوشۇمنى يوقىتىپ قويااي دېدىم. تېخىمۇ قىزىق ئىش ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىۋاتقىنىمدا بولدى. شاھزادىنى شۇ يەرگە قويۇپ قايتىپ چىقتۇق. ھېلىقى بىزگە دەسلەپتە ئىشىك ئېچىپ بەرگەن كېنىزەك مېنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ يەنە زال بىلەن ئېلىپ ماڭدى. تاشقىرىقى ئىشىككە يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدا ئۇ مېنى بىرلا تارتىپ ياندىكى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي قالدىم. ئىشىكنى گۇپپىدە ياپتى ـ دە، ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى.

— ھەي سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ قورققىنىمدىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم.

— كەل، بىر كۆڭۈل ئېچىۋال، — مېنى كارىۋات تەرەپكە تارتتى ئۇ. چىمىلدىق تارتىلغان كارىۋاتتا چۇشەكلەر تەييار سېلىقلىق تۇرۇپتۇ. بايا ئۇ مۇشۇ يەردىن قويۇپ چىقىپ بىزگە

ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ئوخشايدۇ.
— قوي، مۇنداق قىلما، بېشىم كېتىدۇ، — دەپ ۋالقۇردۇم، ھېلىقى يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ ئۆلەي دېگەن كېنىزەك ئوخشايدۇ، گېپىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس.
— گېپىمگە كىرمىسەڭ «ماڭا چىقىلدى» دەپلا تۆھمەت قىلىمەن، بالاغا شۇ چاغدا قالىسەن. بول، ئىشنى چاققانراق پۈتتۈرۈپ يولۇڭغا ماڭ! - دېدى.
ئىلاجىم يوق. جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىدا بىردەم ياتتىم - دە، قايتىپ چىقتىم.
— تازا مەززە قىلىپسەن - دە؟— دەپ سورىدى لەشكەرلەر قىزىقىپ.
— قورققىنىمدىن نېمە لەززەت بولغىنىنىمۇ بىلمەپتىمەن، ھازىر ئويلىسام ھۇزۇرلىنىپ كېتىمەن.
— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟— دېدى بىر لەشكەر، - بىغەملەر شەھىرى دېگەن يەرگە بارغان لەشكەرلەر ناھايىتى بېيىپ كېتىپتۇدەكقۇ؟ ... ئۇ يەردىمۇ چىرايلىق خوتۇنلار شۇنچە كۆپ دەيدۇ.
— بىز مۇشۇ باغدا ساقلاپ ياتقان جىنايەتچى ئەسلى شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىمىش.
— بۇ گەپچە، ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنى بىز بۇ يەردە كۆزەت قىلىپ يېتىپتىمىز، پايدىنى باشقا غوجاملار ئاپتۇ - دە!
— ئوردىغا ئۇ يەردىن ئولجا ئېلىنغان ماللارنى ئارتقان كارۋانلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ.
— ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئەمىلىنى ئۆستۈرگۈدەك...
— ھە راست، سىلەرگە ئېيتىمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى ئەتىگەن يانتاق ئاقساقالنىڭ ئۆلۈمىنى ئوردىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بارغان قاراۋۇللارنىڭ بىرى، — ئوردىدا بىرەر ئەھۋال بولدىمۇ قانداق؟ ئوردا ئىچى ناھايىتى پاتىپاراق كۆرۈنىدۇ.

— ئۇ ئىشلارغا سەن بېشىڭنى قاتۇرما!— دېدى ھېلىقى قېرى قاراۋۇل، — ئوردا دېگەندە ھەر كۈنى خىلمۇ خىل ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىشايلى»...

بىر ھەپتىدىن كېيىن يانتاق ئاقساقالنىڭ ئۆلۈم ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئوردىدىن ئەمەلدار چىقتى. دەرۋازىنى ئېچىپ باغقا كىرىپ ھەممە ھەيران بولۇشتى. باغنىڭ ئىچى گۆردەك جىمجىت بولۇپ، ئوچاقلارنىڭ كۈلى ئاللىبۇرۇن سوۋۇپ كەتكەنىدى. باغ ئىچىدە نە ئاقساقالنىڭ، نە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. قاراۋۇللارنىڭ ۋارقىراشلىرىغا ھۆپۈپنىڭ سايراشلىرى، قۇرۇغان شاخ ئۈستىدە ئولتۇرغان پاختەكلەرنىڭ گۇگۇلداشلىرى جاۋاب بولدى. قاراۋۇللار تۆت تەرەپكە تاراپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغىچە قويماي ئىزدەپ باغنىڭ ئىچىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى قانات ياساپ ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەكلا غايىب بولغانىدى.

— بۇ نېمە گەپ؟— دېدى ياڭاق دەرىخى يېنىدىكى تام تۆشۈكىنى كۆرگەن ئەمەلدار.

— بۇ، بۇ — ... دەپ دۇدۇقلىدى نەچچە كۈندىن بېرى تامنىڭ شۇ تەرتىپىنى كۆزەت قىلغان قاراۋۇل، — مەن بۇ يەردىن نەچچە ئۆتكەن، بۇ تۆشۈكنى تېخى باغقا سۇ كىرىدىغان سۇ ئۈڭگۈچمىكىن، دەپتىكەنمەن.

قارس قىلىپ تەگكەن بىر كاچات بىلەن ھېلىقى قاراۋۇل ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى.

— ھوي نان يېمەسلەر، سەنلەر بۇ يەردە ئۇخلاپ يېتىشىپسەن، ئۇلار تامنى تېشىپ قېچىپتۇ. . . قېچىپتۇ؟— دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ ئويلىنىپ قالدى ئەمەلدار، — باشقىلارغۇ تام تېشىپ قېچىپ چىقىپ كەتسۇن، ئاقساقالنىڭ

ئۆلۈكمۇ بىللە قېچىپ چىقىپ كېتەمدۇ؟ . . . سىلەر ئاقساقالنى ئۆلدى دەپ مەلۇم قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟ !

— توغرا، ئۇ ئۆلگەنىدى.

— ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈكى قېنى؟ . . . زادى ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى كىم كۆرگەن؟ سەن كۆرگەنمۇ؟

ئەمەلدار قاراۋۇللار باشلىقىغا تىكىلدى.

— بىزدە باغقا كىرىش ھوقۇقى يوق ئىدى، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قاراۋۇللار باشلىقى، — شۇ كۈنى ئەتىگەندە باغ ئىچىدە يىغا - زارى ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن خاس خادىمنى كىرگۈزدۇق. ئارىمىزدا شۇنىڭغىلا باغقا كىرىپ - چىقىش ھوقۇقى بېرىلگەن. ئۇ بىزگە ئاقساقالنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتتى. بىز بۇ خەۋەرنى قائىدە بويىچە دەرھال ئوردىغا يەتكۈزدۇق.

بۇ گەپ بىلەن ھېلىقى بىچارە كېكەچ بالاغا قالدى. ئەمەلدار كېكەچنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشتۇرۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئېيتە، زادى سەن ئاقساقالنىڭ ئۆلگىنىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەنمۇ؟ ئۇ نېمە بولۇپ ئۆلگەنىكەن. قانداق ئۆلۈپتۇ. سەن كىرگەندە ئۇنىڭ بالىلىرى نېمە قىلىۋاتقانىكەن؟

كېكەچ كانىيىدىن چۈشىنىكسىز ئاۋۇشلارنى چىقىرىپ، قوللىرىنى شەرەتلەپ تېپىرلاپ كەتتى.

— بۇ نېمە دەيدۇ؟ — دەپ ئەتراپىغا قارىدى ھېچنېمە چۈشەنمىگەن ئەمەلدار.

— ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن، دەيدۇ.

— بەلكىم ئۇ شۇ چاغدا يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغاندۇر. ئۇلارنى قەيەردىن بولسۇن ئىزدەپ تېپىڭلار!

شۇنىڭ بىلەن شەھەر دەرۋازىسى، شەھەر ئەتراپى، شەھەر كوچىلىرىدا جىددىي ئاختۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. قاراۋۇللار،

پۇقراچە ياسانغان جاسۇسلار قانداقتۇر بىر چايخانا، ئاشپەزخانىلارنىڭ ئوتۇن - ياغاچ قويىدىغان ئۆيلىرى، سودىگەرلەرنىڭ ئامبارلىرىغا ئۇسسۇپلا كىرىشەتتى. يولدىن ئۆتكەن گۇمانلىق ئادەملەرنى توختىتىۋېتىلىپ چىرايلىرىغا سەپسىلىشاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يانتاق ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ چىرايىنىمۇ كۆرۈشمىگەنىدى. ئۆلۈپ كەتكەن يانتاق ئاقساقال ئۇلارنىڭ ئالدىغا دوقۇرۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ھېچقايسىسى تونۇمىغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قارىغۇلارچە ئاختۇرۇشاتتى، ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ھەر تەرەپكە چاپاتتى...

بۇ چاغدا يانتاق ئاقساقالنىڭ ئوغۇللىرى يىراقتىكى بىر يولدا ئالدىراش كېتىپ بارماقتا ئىدى.

## ئون يەتتىنچى باب

# توقسان توققۇز تىللا

يانتاق ئاقساقالنىڭ بالىلىرى قاغىلىق باغدىن قېچىپ چىققان كۈنى كېچىسى شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا دەككە - دۈككە ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدى. تاڭ يورۇپ، شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەنلا ئۇلار قانداقتۇر بىر كارۋانلار توپىغا قېتىلىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن ئامان - ئېسەن چىقىۋالدى. يېنىك بىر تىنىشىپ، ئارقا - كەينىگە قارىماي جېدەللەپ يول باستى. شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ سالىدىغان ياساۋۇللار ئېغىر ئاپپالتا، قىلىچ، گۇرزىلىرىنى تۇتقىنىچە بارغانسېرى يىراقتا

قالماقتا ئىدى. شەھەر دەرۋازىسىدىن باشلاپ ھەر تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن چوڭ يول ئۇلارغا ئەركىنلىك ۋەدە قىلىپ يېيىلىپ ياتاتتى. سەھەرنىڭ سالقىنىـــــدا قۇشلار كۆكۈلۈلۈك چۇرۇقلىشاتتى. شەھەردىن چىققان يولۇچىلار شۇ يوللار بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ تارقىلىپ كېتەتتى. يەنە شۇ يوللار بىلەن دېھقانلار، كاسىپلار، ئوتۇنچىـــلار شەھەرگە قاراپ ئالدىراپ ئېقىشاتتى.

ھازىرچە ئاكا - ئۇكىلار تېخى ئەركىنلىكنىڭ ئۆزلىرىگە تولۇق قايتىپ كەلگەنلىكىگە جەزم قىلىشالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىققان لەشكەرلەر ھېلىلا ئۇلارغا يېتىشىپ كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىشى، ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن جازالاپ، قاراڭغۇ زىندانلارغا بەند قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار دەسلەپكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە توختىماي، كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك ئالدىراش يول يۈرۈشتى. يىگىتلەرنىڭ بىرى سەپەرنى ھاپاش قىلىۋالغانىدى. يەنە بىرى قوينىـــغا تىــــللا قاچىلانغان خالتىنى سېلىــپ، مۈرىســــگە ئوزۇق - تۈلۈك سېلىنغان تۇگۈنچەكنى ئارتىپ كېتىپ باراتتــــى. ئۇلار ئاچا يوللارغا كەلگەندە ئەڭ خىلۋەت يوللارنى تاللايتتــى. زىرائەت مايسىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللار بىلەن مېڭىپ قانداقتۇر بىر يېزىلار ياكى سۇپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭلەرنىڭ يېنىدىن چىقىپ قالاتتى. يېيىلىپ ئاققان سۇ ئاستىدا رەڭمۇ رەڭ تاشلار پارقىراپ تۇراتتى. تاشلارنىڭ يالتىرىشى كىشىنىڭ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ سۈزۈك ۋە تازىلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. بەزىدە ئۇلار سۇ بويىدا توختاپ، يوغچىلىرىدىكى ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ مەززە قىلىپ يەيتتى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە يەنە كۆزدىن غايىب بولۇشاتتى. كېچىلىرى ئۇلار ئوچۇق دالا ياكى قانداقتۇر بىــر تاشلاندۇق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە ئۆگدەپ بىرئاز كۆزنىڭ ئاچچىقىنــى

چىقىرىۋېلىپلا يەنە يولنى داۋام قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان گەپلىرىمۇ ناھايىتى قىسقا ئىدى. جىمجىت يول بېسىپ، كۆپىنچە ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولاتتى.

«خىلۋەت بىر جايىنى تېپىپ خالىتىدىكى تىللالارنى ساناپ كۆرىمىز، — دەپ خىيال قىلاتتى چوڭ ئوغۇل ئۆمەر، — ئەلۋەتتە مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن تىللالاردىن كۆپرەك ئېلىشقا ھەقلىقمەن، چوڭنىڭ ئۈلۈشى ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ - دە! ئاندىن يۇرتقا يېتىپ بېرىپ بىر باغلىق قورۇ سېتىۋالىمەن. بازار ئىچىدە گەزمال دۇكىنى ئاچىمەن... ھەرقانچە تەكلىپ قىلىشسىمۇ ياكى ئامەت كېلىپ قالسىمۇ شەھەرگە ئاقساقال بولمايمەن...»

ئاتىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ئۆمەردە ئەنە شۇنداق تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇ پۇقرا بولۇپ ياشاشنى، پۇقرا بولغاندىمۇ قانداقتۇر ئىسلىق ئوچاق ياكى ھور بىلەن بىخىسىپ كەتكەن ئاشخانىدا كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئاشپەز، ئۆمرى كوسىدا مۇكچىيىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان موزدۇز ۋە ياكى پىژغىرىم ئىسسىقتا قىزىق تۆمۈرگە بازغان ئۇرىدىغان تۆمۈرچى ئەمەس، بەلكى قورساقنى توقلاپ چىقىپ، سالقىن دۇكىنىدا بۇرۇتىنى تولغاپ چېيىنى خاتىرجەم ئىچىپ ئولتۇرۇپ سودىسىنى قىلىدىغان سودىگەر بولۇشنى خالايتتى.

«تىللالارنى ئاكام ئىككىمىز باپباراۋەر بۆلۈشۈۋالىمىز، — دەپ ئويلايتتى ئىككىنچى ئوغۇل بارات، — مەن يۇرتقا بېرىپ كاتتا بىر باينىڭ قىزىغا ئۆيلىنىمەن، باينىڭ قىزى چىرايلىق بولمىسىمۇ مەيلى، دادىسىنىڭ پۇلى جىقىراق بولسا بولدى. كېيىن قېيىن ئاتامدىن كۆپلەپ مىراس ئالىمەن، سەت قىزىنى خوتۇن قىلغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە مىراسنى بولسىمۇ كۆپرەك بېرىدۇ - دە! ... ئاندىن پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ دومىلىتىپ، بىرنى ئون، ئوننى يۈز قىلىمەن. خوتۇندىن يەنە ئىككىنى، ئۈچنى، ئوننى ئالىمەن. ئەلۋەتتە كېيىنكى

خوتۇنلىرىمنى تاللاپ، شەھەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق قىزلىرىدىن ئالىمەن. ھەربىر خوتۇنۇمغا ئايرىم باغلىق ھويلىلارنى قىلىپ بېرىمەن. ھەر كېچىسى ئۇلارنىڭ قېشىدا نۆۋەت بىلەن قونۇپ چىقىمەن. . . »

— ئاكا، بىز نەگە بارىمىز؟ مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟— دېگەندەك سوئاللار بىلەن ئۆز ئاكىلىرىنىڭ خىياللىرىنى پات - پات بۆلۈپ قوياتتى سەپەر.

— ھە، سېنىما؟ . . سېنى ئۆز شەھىرىمىزگە ئەكېتىۋاتىمىز.

— ئوينىتىپ كېلەمسىلەر؟

— ئۇ دېگەن ئۆزىمىزنىڭ يۇرتى، سەنمۇ ئەمدى شۇ يەردە چوڭ بولىسەن.

— ئۇ يەر يىراقمۇ؟

— يىراق، بىز سېنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىمىز.

— ئاتام قېنى؟

— ئاتام ھېلىقى باغدا قالدى.

— ئۇ كەلمەمدۇ؟

— ئارقىمىزدىن كېلىدۇ. . .

سەپەر ھەممىدىن بەك خۇشال ئىدى. شۇ كۈنگىچە ئۇنى ھېچكىممۇ مۇنداق ئۇزاق كۆتۈرۈپ ئوينىتىپ باقمىغان. ئۇ جاھاننىڭ ھېلىقى تۆت تام بىلەن قورشالغان باغقا قارىغاندا شۇنچە كەڭلىكىگە، يىراقلاردىكى ئۇپۇق سىزىقىغا، قۇياشنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى لاۋۇلداپ چوغ بولۇپ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ، يەنە شۇنداق قىپقىزىل شەپەق ئىچىدە غايىب بولىدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى. ئۇ ئىسسىق قوللىرى بىلەن ئاكىلىرىنىڭ بويىنىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ھەممىگە شادلىق ئىچىدە نەزەر سالاتتى.

بارا - بارا ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان مەھەللىلەرمۇ تۈگەپ، كۆز يەتكۈسىز چۆل يوللىرى باشلاندى. بىر كۈنى ئۇلار

يىراقتىن بىر ئۆينىڭ قارىسىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ كۆرگىنى ئۆي ئەمەس، تاشلىنىپ قالغان بىر كونا تۈگمەن ئىدى. ئاكا - ئۇكىلار تۈگمەنگە يېقىنلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرۈشتى. تۈگمەننىڭ ئۆيلىرى قىيسىيىپ پاكارلاپ كەتكەن، تۈگمەن ئىچىنى قېلىن تورقاپلاپ، تورۇسلارنىڭ چىرىگەن ياغاچلىرى قارىداپ ساڭگىلەپ قالغانىدى. بۇ يەر كىشىگە ھېلىقى قەدىمكى چۆچەكلەردىكى كېچىلىرى جىنلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، كارۋانلارنى يولدىن ئازدۇرىدىغان تۈگمەنلەرنى ئەسلىتەتتى. تۈگمەن ئارقىسىدىكى كونا ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئۆسۈپ تۇرغان يوغان بىر تۈپ ئۈجمە شاخلىرىنى كەڭ يېيىپ، ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۈجمە شېخىدا قارىخوجا، قۇشقاچلار چۇرۇقلىشىپ ئۈجمە يېيىشمەكتە ئىدى. يەرگە چۈشكەن يوغان ئاق ئۈجمىلەر پاكىز قۇم ئۈستىدە پارقىراپ تۇراتتى. بۇ ھەيۋەتلىك ئۈجمە دەرىخىنىڭ يىلتىزلىرى ئېھتىمال يەرنىڭ قات - قاتلىرىغا تارقىلىپ، ناھايىتىمۇ چوڭقۇردىن سۇ ئىچىدىغاندۇر. شۇڭا ئۇ بۇ يەردىكى قۇرغاقچىلىق، بوران - چاپقۇنلارغا پەرۋا قىلماي قەيسەرلىك بىلەن ياشناپ تۇرغانىدى. ئۇ بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. بۇ ئەتراپ قايسى زامانلاردا ئاۋات بولغان، بۇ تۈگمەنلەرنى كىملەر ياساتقان، بۇ يەرلەر قاچاندىن باشلاپ قۇملىشىپ كەتكەن. بۇ ئەسكى تۈگمەن قانچە جىن - شەيتان، ئوغرى - قاراقچى، مۇساپىرلار ئۈچۈن قونالغۇ بولغان؟ — بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئۈجمە ئۈنچىقماي ئېسىدە ساقلايتتى. بۈگۈن ئۇ يەنە يېڭى بىر ۋەقەنىڭ شاھىتى بولۇپ قالدى.

— بۇ يەردە بىردەم ئارام ئالايلى، ماڭ سەپەر، سەن بېرىپ ئۈجمە تېرىپ يە! — دېدى سەپەرنىڭ ئاكىلىرى.

سەپەر يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۈجمە تېرىپ يېيىشكە باشلىدى.

سەپەرنىڭ ئاكىلىرى بوغچىلىرىنى يېنىغا قويۇپ، پۇت -

قوللىرىنى سۇنۇپ ئەتراپقا قاراشتى. تۆت ئەتراپ ئادەمسىز چەكسىز چۆل ئىدى. بۇ تۈگمەننىڭمۇ تاشلىنىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان بولسا كېرەك، تۈگمەنگە كېلىدىغان سۇ ئورنىنىڭ ئىزنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

— قېنى خالتىنى تۆك، ئۇنىڭدا قانچىلىك دۇنيا باركىن، ـ دېدى بارات ئاكىسىغا.

ئۆمەر ئالدىدىكى يەرنى پۈۋدىۋېتىپ، تېرە خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ دۈم قىلدى. تىللار كۆزنى چاقنىتىپ، يېنىك جاراڭلاش بىلەن يەرگە تۆكۈلدى.

— ئوھۇي! — دەۋتتى بارات، — قارا، ئۇ ئاجايىپ ساپ ئالتۇندىن قۇيۇلغانىكەن.

— ئەلۋەتتە ئاتام بىزگە ناچار نەرسىنى ساقلىمايدۇ-دە!— دەپ تەستىقلىدى ئۆمەر.

ئاكىلىرىنىڭ ئاجايىپ پارقىراق بىر نەرسىلەرنى يەرگە تۆككىنىنى كۆرگەن سەپەر ھەيران بولۇپ يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ دۈپدۈگىلەك نەرسىلەر دومىلىتىپ ئويناشقا ئەپلىك ئويۇنچۇقتەك كۆرۈندى-دە، قولىنى سۇندى:

— ھەي، بىزنى ئىلەشتۇرمە!— دەپ سەپەر قولىغا ئالغان بىر تال تىللانى تارتىۋالدى بارات، — قېنى ساناپ باقايلى، ھەممىسى بولۇپ قانچىكىن؟

ئۆمەر تىللانى ساناشقا باشلىدى. بارات پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاكىسىنىڭ قولىغا قاراپ ئۇمۇ ئىچىدە تەڭ ساناۋاتاتتى.

— بىر، ئىككى، ئون، يىگىرمە، قىرىق، ئەللىك. . . توقسان توققۇز!

ئاكا - ئۇكا بىر - بىرىگە ئۇنچىقماي قاراپ قويۇشتى - دە، تىللالارنى يەنە ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ساناپ بېقىشتى، تىللا جەمئىي توقسان توققۇز دانە ئىدى.

— نېمىشقا توقسان توققۇز بولىدۇ؟— دەپ ھەيران بولدى

بارات.
— ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— نېمە دېگىنىم بولاتتى، نېمشقا توقسان توققۇز بولۇپ قالىدۇ؟ دەۋاتىمەن.
— توقسان توققۇز بولغاندىن كېيىن توقسان توققۇز بولمامدۇ!
— ياق!— دەپ بېشىنى چايقىدى بارات.
— ئەمىسە، سېنىڭچە قانچە بولسا بولاتتى؟
— ئالۋەتتە يۈز بولۇش كېرەك ـ دە!
ئۇلار تىللا سالغان خالتىنى ئۆرۈپ قېقىپ، ئىچىنى ئۆرۈپ قاراپ بېقىشتى. بىرەر تال تىللا ئەتراپقا دومىلاپ كېتىپ قالدىمىكىن دەپ تۆت تەرەپكە تەڭ قاراشتى. ئاخىرىدا تىللانى يەنە باشقىدىن ساناشتى. تىللا توقسان توققۇز ئىدى.
— دېمىدىمۇ ئەنە، تىللا توقسان توققۇز تۇرمامدۇ.
— ياق، يۈز بولۇش كېرەك،— دەيتتى بارات ئۆز سۆزىنى تەكرارلاپ.
— نېمشقا؟— دەپ سورىدى ئۆمەر تېرىكىپ.
— بىزگە ئاتام ھەرگىزمۇ بىر كەم يۈز تىللانى مىراس قىلىپ قالدۇرمايدۇ، توقسان توققۇزنى ساقلىغان ئادەم جەزمەن يەنە بىر تىللانى قېتىپ يۈز قىلىپ قويىدۇ.
— مەن ساڭا نېمشقا دەۋاتىمەن!
— نېمشقا بولاتتى، شۇنداق بولغاندا بۇ تىللالارنى ئىككىمىز توپتوغرا ئەللىك دانىدىن تەڭ بۆلۈشۈۋالالايمىز ـ دە!
— بەلكىم ئاتام مېنى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەللىكنى، سېنى كىچىك بولغاندىن كېيىن قىرىق توققۇزنى ئالسۇن، دەپ ئويلىغاندۇ،— دېدى ئۆمەر.
— مىراس ھەققى دېگەن چوڭ ـ كىچىككە ئوخشاش...
ئۇلار تىللالارنى خۇددى شۇنداق قىلسا كۆپىيىپ

قالدىغاندەك قايتا ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ يەنە باشقىدىن ساناپ چىقىشتى، بارات ئۆرە تۇرۇپ سانىسا، ئۆمەر ئولتۇرۇپ ساناپ باقاتتى. مەيلى ئۇلار قاندىقىغا سانىسۇن تىللا توقسان توققۇز ئىدى.

— بەلكىم ئاتام مېنى كىچىك بولغاندىن كېيىن ئەللىكنى، سېنى چوڭ بولغاندىن كېيىن قىرىق توققۇزنى ياكى مېنى ئاتمىشنى، سېنى ئوتتۇز توققۇزنى ئالسۇن، دېگەن بولسا كېرەك، — دېدى بارات.

— راست دەيسەن، ئاتام سېنى تىللانىڭ ھەممىسىنى، مېنى قۇرۇق خالتىنى ئالسۇن، دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن! - دەپ ئاچچىق تەنە قىلدى ئۆمەر.

تىللالارنى زادى قانداق بۆلۈشۈش توغرىسىدا ئىككى ئوغۇل ئۇزاق دەتالاش قىلدى. لېكىن، زادىلا كېلىشەلمىدى. ئاكىلىرىنىڭ نېمىشقا شۇنچىلىك قىزىشىپ بىر - بىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن سەپەر سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان ئۈجمە سايىسىدە ئولتۇرۇپ ئۈگدەپ قالدى. ئۇنىڭ سەبىي چىھرىدە قۇياشنىڭ ئۈجمە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن ئۇششاق نۇرلىرى جىمىرلايتتى. سەپەرنىڭ ئاكىلىرى ئاشۇ تىللالاردا سەپەرنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى، توقسان توققۇز تىللانى ئۈچكە بۆلگەندە توپتوغرا ئوتتۇز ئۈچ تىللادىن بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. ھەر ئىككىسى كۆڭلىدە بۇ ھەقتە ئويلانغان بولسىمۇ، بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماي، ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ تالاش - تارتىشىغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە سەپەر ئۆز ھەققىگە ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان بىر گۆدەك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاخىرىدا چوڭ ئوغۇل ئۆمەر قىيىنىلىپ تۇرۇپ سەپەر ھەققىدە ئەسكەرتتى.

— راست، سەپەرچۇ؟ . . . ئۇنىڭمۇ ئاز - تولا ھەققىنى بۆلۈپ قويۇشىمىز كېرەكقۇ؟

— ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا، تىللانى نېمە قىلىدۇ؟

— كىچىك بولسا چوڭ بولمامدۇ؟

— ئۇنى كىم بېقىپ چوڭ قىلىدۇ؟

— ئەلۋەتتە ئىككىمىز.

— ھەببەللى، ئىككىمىز بېقىپ چوڭ قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، تىللانى ئىككىمىز تەڭ بۆلۈشۈۋالساق بولىدىغۇ.

— بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئۈلۈشىنى ئايرىپ ئېلىپ قويۇپ، سەپەر چوڭ بولۇپ ئەقلىنى تاپقاندا، مانا ماۋۇ ئاتاڭدىن ساڭا تەككەن مىراس، دەپ چىرايلىق قولىغا تاپشۇرغىنىمىز دۇرۇس.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى بارات — سەپەرنىڭ ئۈلۈشىنىمۇ ماڭا قېتىۋەت، سەپەرنى مەن ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلىمەن.

— بۇ گەپچە سەن ئاتمىش ئالتە تىللا ئالىسەن، مەن ئاران ئوتتۇز ئۈچنى ئالامدىمەن؟

— شۇنداق بولىدۇ - دە!

— بولمايدۇ، سەن ئۇنىڭ ھەققىنى خەجلەپ قويىسەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى مەن ئۆزۈم بېقىپ تەربىيلەي.

— شۇنداق قىل، ئۇكىمىزنى بېقىپ ئالىدىغان ساۋابنى ساڭا ئۆتەنەي، ئەمما، ئالتۇننى تەڭ بۆلۈشىمىز.

— پاھ، نېمىدېگەن ئۇستاتلىق بۇ - ھە! سەن باقساڭ ئۈلۈشنى ئۆزۈڭگە قېتىۋېلىپ باققۇدەكسەن، مەن باقسام ھېچنېمە ئالمىغۇدەكمەن، ئۇنداقتا سەپەرنىڭ ھەققى نەگە كېتىدۇ؟ . . . مەن ئاتمىش ئالتە تىللا ئالىمەن، ساڭا ئوتتۇز ئۈچى قالىدۇ.

— پاھ، سەنچۇ؟ . . . سەن ئۇنى باقمەن دەپ قويۇپ ئۇنىڭ ھەققىنى خەجلىۋالماسەنكەن؟

— ئۇنداق بولسىچۇ مۇنداق قىلايلى، تىللالارنى تەڭ ئۈچكە

بۆلۈپ، سەپەرنىڭ ھەققىنى ئايرىپ ئېلىپ قويايلى. يۇرتقا يېتىپ بارغاندا تىللانى خالىس بىر موييسىپىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزايلى، سەپەر چوڭ بولغاندا شۇ كىشىنىڭ قولىدىن ئۆز ھەققىنى تاپشۇرۇۋالسۇن. ئەمدىغۇ باشقا گېپىڭ يوقتۇ؟

ئاكا ـ ئۇكا ھەر ئىككىلىسى جىمىپ كەتتى. سەپەر ھېچنېمىدىن بىخەتەر تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى. ئەگەر بۇ كىچىككىنە بالىغىمۇ ئالتۇنلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى بېرىۋېتىدىغان ئىش بولسا، ئۆمەرنىڭ ئاچماقچى بولغان گەزمال دۇكانلىرىغا تەسىر يېتەتتى. باراتنىڭ ئالماقچى بولغان خوتۇنلىرىنىڭمۇ سانى كەم بولاتتى.

— بىز نېمىدەپ سەپەرگىمۇ بىر ئۈلۈش ھەق بەرگۈدەكمىز، ئۇ دېگەن باشقا بىر خوتۇننىڭ بالىسى تۇرسا؟— دېدى بارات.

— باشقا خوتۇندىن بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاتامنىڭ پۇشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپەرنىڭ ئانىسى بىزنىمۇ جاپايىمىزنى تارتىپ چوڭ قىلغان...

— بىز ئۇنى يەلكىمىزگە مىندۈرۈپ قاغىلىق باغدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتۇق. چوڭ بولغاندا ئۇ بىزگە رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك!— دەپ ئاكىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى بارات.

ئۇلار يەنە ئۇزاققىچە جىمىپ قېلىشتى، سەپەر توغرىسىدىكى خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇلار توقسان توققۇز تىللارنىڭ جېدىلىنى بىردەملىككە ئۇنتۇدى. توقسەن توققۇز تىللانىڭ بىرى كەم بولۇشى ئانچە چوڭ گەپ ئەمەس، قەدىمىي ھېكايىلەردە ئېيتىلغىنىدەك، توقسان توققۇزنى بەرگەن خۇدايىم ئەلۋەتتە يەنە بىرىنىمۇ بېرىدۇ. ئەمما، مۇنۇ ئۇخلاۋاتقان سەپەرنىڭ تىللالارنىڭ نەق ئۈچتىن بىرىنى ئەكېتىشى چوڭ خەۋپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇ كىچىك بالىنى قاچانغىچە يەلكىسىگە مىندۈرۈپ

كۆتۇرۇپ يۇرىدۇ؟ . . . ئۆمەر بىلەن بارات ئويلىغانسېرى سەپەرنىڭ ئۆزلىرى ئۇچۇن ئوشۇقچە يۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئالتۇن دېگەن بۇ سېرىق نىجىس ئۆز يالتىراشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقلىنى بولغاپ، ۋىجدانىنى خىرەلەشتۇرمەكتە ئىدى. . .

— ھەي، بىز نېمىشقا ئۇنى شۇ قاغىلىق باغقىلا تاشلاپ كەلمىگەن بولغىدۇق،— دېدى بارات.

— ياخشىسى ئۇ تۇغۇلمىغان بولسا بوپتىكەن، — دېدى ئۆمەر.

— ھېلىمۇ بولسا ئۇنى تاشلاپ قاچايلى،— دېدى بارات ئىچى قارىلىق بىلەن.

— مۇشۇ چۆل - جەزىرىگىمۇ؟!

— شۇنداق، مۇشۇ يەرگىلا قويۇپ كېتەيلى، قارا، ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ.

— بۇ گېپىڭمۇ توغرىدەك قىلىدۇ،— دەپ قوشۇلدى ئۆمەر، ـ ئەگەر خۇدا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان بولسا، مۇشۇ يەردىمۇ بىر سەۋەب بىلەن ئۆسۈپ چوڭ بولۇۋېرىدۇ؛ مۇدابا ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا يارالغان بولسا، بىز كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمىز بىلەنمۇ بەرىبىر ئۆلۈپ قالىدۇ.

ئۇلار قىلماقچى بولغان جىنايىتى ئۇچۇن ئۆز ۋىجدانىنى ئالدايدىغان ئاشۇنداق بىر پەتىۋانى توقۇپ چىقىشتى - دە، چېچىلىپ ياتقان تىللالارنى يىغىپ تېرە خالتىغا قايتا سېلىپ، ئۇجمە تۈۋىدىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ يىراقلاپ كېتىشتى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# خۇدا بەرگەن ھەمراھ

سەپەر ئويغىنىپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىغا قارىدى. ئېگىز دە كۆك ئاسمان، ئۇنىڭ ئاستىدا ئۇجمە يوپۇرماقلىرى كۆرۈندى. ھەممە ياق جىمىپ كەتكەن بولۇپ، ئاكىلىرىنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ئاڭلانمايتتى. سەپەر ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئاكىلىرىنى ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈردى. ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. سەپەرنى يالغۇزلۇق ۋەھىمىسى ۋە قورقۇنچلۇق باستى - دە، ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى.

«ئاكا، ئاكا!»

ئۇنىڭ كۈچەپ ۋارقىراشلىرىغا ھېچ تەرەپتىن جاۋاب بولمىدى. ئەتراپتىن چۈشنىڭ تىنچىقى كەتمىگەن بولۇپ، ئىسسىقتىن پايانسىز چۆل ھۇۋۇلداپ تۇراتتى، بالا ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ، يەنە بۇ ئەتراپقا بىردىنبىر سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇجمىنىڭ ئاستىغا قايتىپ كېلەتتى. بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاكىلىرىنى، يالغۇزلۇقتىن ئۇنتۇپ قېلىپ، سەكرەپ يۈرگەن چېكەتكىلەر، تىرىشىپ ئوزۇق توشۇۋاتقان چۈمۈلىلەرگە قاراپ تۇرۇپ قالاتتى. ئۇجمە تېرىپ يەيتتى. بىلەيدەك سىلىق دۈمبىلىرىنى پارقىرىتىپ غىل - پال ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كەسلەنچۈكلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتەتتى - دە، يەنە يىغلاشقا باشلايتتى.

«ئاكا، ئاكا!...»

بارغانسېرى ئۈجمە سايىسى ئۈزىراپ، كۆن غەربكە قىيسىيىشقا باشلىدى. سەپەرنىڭ «ئاكا، ئاكا!» دەپ ۋارقىرىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى كەڭ بوشلۇققا يېيىلىپ، قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. سەپەرنىڭ يىغلاۋېرىپ ياشلىرى قۇرىدى. شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئېشەكلىك كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ساقاللىق كەلگەن بۇ ئادەم ئېشىكىنى دېۋىتىپ، قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئېشىكى خوجايىنىنىڭ پەيزىنى بۇزماسلىققا تىرىشقاندەك ئۇششاق چامداپ، سىلىق يورغىلايتتى. ئېشەكنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپئاق چاڭ تۇتۇندەك يېيىلىپ ئارقىدا قالاتتى... ئېشەك تۇيۇقسىز توختاپ بوۋاينىڭ ناخشىسىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ ھەيران بولۇپ ئېشىكىگە قارىدى. ئېشەك قانداقتۇر بىر چاغلاردا بۇ يولدىن ئۆتكەن چىشى بۇرادىرىنىڭ تېزىكىنى پۇراپ ئۇنىڭدىن ئالغان لەززىتىنى پۈتۈن بەدىنىگە سىڭدۈرمەكچى بولۇپ تۇمشۇقىنى ئاسمانغا كۆتۈرمەكتە ئىدى. بوۋاينىڭ نېمىلەردۇر غودۇڭشىپ، ئېشەكنى ئۇرماقچى بولۇپ كۆتۈرگەن قوللىرى ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن كىمدۇر بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلغانىدى. ئېشەكمۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلغىنىچە ئالدىغا تىكىلىپ تۇراتتى.

«ئاكا!... ئاكا!...»

ئەمدى بوۋاي ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلدى. «بۇ چۆلدە، كونا تۈگمەننىڭ قېشىدا نېمىنىڭ ئاۋازى بۇ؟ خۇداغا ئامانەت، بۇ يەردە ئەزەلدىن تەكشى جاي بولمايدىغان، بىزنى، ئىنس - جىن چاقىرىۋاتمايدىغاندۇر؟!...» دەپ پىچىرلىدى بوۋاي ئۆز - ئۆزىگە.

«ئاكا!... ئاكا!...»

«ياق، بۇ بىر كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىغا ئوخشامدۇ قانداق؟» دېدى بوۋاي. قولىنى سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ تۆت

ئەتراپىغا قارىدى. كونا تۈگمەن تەرەپتە بىرىنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. «بۇ كۆپكۈندۈزدە نەنىڭ جىنى، ئادەم بولسا كېرەك» دېدى - دە، ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇرىدى.

«ئاكا. . . ئاكا!...»

بوۋاي كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق پەرق ئەتتى - دە، ئېشىكىنى تېقىمداپ ئىتتىكلەتتى.

سەپەر يىراقتا پەيدا بولغان قارا نەرسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەم قورقاتتى، ھەم يېنىدا كىم بولسۇن بىر كىمنىڭ بولۇشىنى ئىزدەيتتى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئېشەكلىك ئادەمنى كۆرۈپ يىغىسىنى توختاتتى. ئۇمىد بىلەن ئالدىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يۈز - كۆزىنى ھۆللىگەن، ۋارقىراۋېرىپ ئۇنى پۇتۇپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى. ئاق يۈزلۈك كەلگەن، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدا ياش تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان بۇ بالا شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە ئوماق ئىدى. بوۋاي ئوچۇق دالادا - كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ مۆجىزىگە ھەيران بولدى. «بۇ ئادەمسىز دەشتتە، كونا تۈگمەن يېنىدا، نېمە قىلىپ يۈرگەن بالا بۇ؟!. . . »

بوۋاي ئېشەكتىن ئىرغىپ چۈشۈپ بالىغا قۇچاق ئاچتى. سەپەر بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

— يىغلىما، ئوغلۇم، كىمنىڭ بالىسى سەن؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

بالا بوۋاينىڭ سوئاللىرىغا چۈشىنىكسىز جاۋاب بەردى. ئۇ قانداقتۇر بۇ يەرگە ئۆزىنى ئويناتقىلى ئەكەلگەن ئاكىلىرى، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە دۈگىلەك بىر نەرسىنى ساناشقانلىرى، كېيىن نېمىلەردۇر دەپ ۋارقىراشقانلىرى، ئۆزىنىڭ ئۇجمە يېگەنلىكى، كېيىن ئۇخلاپ قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى.

— سېنى كۆتۈرگەن ئاكىلىرىڭ قېنى؟ ھە، سەن ئۇخلاپ قاپسەنمۇ؟ سەن ئۇجمە يېۋاتقاندا ئۇلار نېمىنى تالاشقان؟. . .

توختا، ئۇلار سېرىق، مانا مۇنداق دۈگىلەك نەرسىلەرنى ساناشتىمۇ؟ . . . توققۇز، توققۇز، دەپ ۋارقىراشقانمۇ؟ . . .

بوۋاي بالىدىن شۇنداق سوئاللارنى سوراپ، ئۇنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلاشمايدىغان گەپلىرىدىن بىر مەزمۇن چىقارغاندەك بولدى. بالا ئىسسىق ۋە يۇمشاق قورساقلىرىنى بوۋاينىڭ تىزىغا تەگكۈزۈپ، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ساقىلىنى ئوينايتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ قورقۇنچىسىنى ئۇنتۇغانىدى. ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ساقاللىرى بىلەن، ئۇ قاغىلىق باغدا چېغىدا ھەر كۈنى قوينىغا كىرىپ ياتىدىغان ئاتىسىنى ئەسلىتەتتى.

— ئېھتىمال سېنىڭ ئاكىلىرىڭ بۇ چۆلدە كېتىۋېتىپ… بەلكىم، دەل مۇشۇ ئەسكى تۈگمەنىڭ ئىچىدىن ياكى بۇ قېرى ئۈجمە ئاستىدىن نۇرغۇن ئالتۇنلارنى تېپىۋالغان بولسا كېرەك. ئالتۇن ئۇ شۇنداق ئىنساننىڭ ئەقلىنى ئىلەشتۇرۇپ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ، ئېسىنى خىرەلەشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇشاللىقىدا ئۇلار سېنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپ قالغاندۇر،— دەپ مۇلاھىزىسىنى داۋام قىلاتتى بوۋاي چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن بالىنىڭ ياش يۇقى يۈزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — سەن قانداق قىلىپ ئۇخلاپ قالغانىدىڭ؟ ئۆزۈڭ ئۇخلاپ قالدىڭمۇ ياكى ئاكىلىرىڭ پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويدىمۇ؟ ياكى بولمىسا سىلەرنىڭ ھەممىڭلانى بىرەرسى ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئاكىلىرىڭنىڭ تېپىۋالغان نەرسىسىنى ئەكەتتىمۇ؟… ئۇنداقتا، ئاكىلىرىڭمۇ مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى كېرەكتىغۇ؟ يورۇ بىز قاراپ باقايلى.

بوۋاي بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كونا تۈگمەننىڭ ئەتراپىنى تولۇق بىر ئايلىنىپ چىقتى. يىراق - يېقىندا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بالا توختىماي ئاكىلىرىنىڭ گېپىنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىر نېمىنى توققۇز، توققۇز دەپ سانىغىنىنى ئېيتاتتى،

تۆرۈپلا ئېسەدەپ كېتەتتى.
— كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئوغلۇم، مانا مەن سېنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپتۇمەنغۇ،— دەيتتى بوۋاي، سېنىڭ توققۇز، توققۇزلا دېگىنىڭگە قارىغاندا، ئاكىلىرىڭ تېپىۋالغان نەرسىلەر بەلكى توققۇز تىللا ياكى ئىككى توققۇز ئون سەككىز تىللادۇر، ياكى بولمىسا توققۇز يۈز، توققۇز مىڭ تىللادۇر. . . سەن بىلمەيسەن، بۇ توققۇز تولىمۇ ئۇلۇغ سان، قارا، بىز ھەممىمىز ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىن توققۇز ئاي، توققۇز كۈنلۈك مۇددەتنى توشقۇزۇپ، ئاندىن يورۇق دۇنياغا چۈشىمىز. ھەرقانچە ئۇلۇغ شاھلارغىمۇ پەقەت توققۇز تەزىملا قىلىمىز. ھەممە نېمىسى تەل كىشىلەرنى «توققۇزى تەل» دەيمىز. ئۇنى تەل بولۇشـــى پەقەت ئۇلۇغ تەڭرىگىلا خاس. . . بەلكىم، سېنىڭ قورسىقىڭ ئاچقاندۇر؟
— سۇ!— دەپ قۇرىغان لەۋلىرىنى يالىدى سەپەر.
— ئېسىم قۇرۇسۇن!— دەپ ئېشىكى تەرەپكە بۇرۇلدى بوۋاي.
بوۋاي خۇرجۇندىن ياغاچ چۆچەكنى ئېلىـــپ، ئېشەك ئۈستىدىكى تۇلۇمدىن سۇ قۇيدى ۋە بالىنىڭ قولىغا يەنە بىر پارچە نان تۇتقۇزدى. بالا ئېلىپ قالغان سۇنى تەشنالىق بىـــلەن سۈمۈردى. ئاندىن قولىدىكى ناننى ئىشتىھا بىلەن يېيىـــشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايـــىغا ئەمدى ئاپتاپتەك ئوچۇق كۈلكە يامرىغانىدى. ئۇ تولىمۇ يېقىملىق، كىشىنىڭ مەستلىكـــى كەلگۈدەك ئوغۇل ئىدى.
«كىم بىلىدۇ،— دەپ ئويلىدى بوۋاي، — بۇ بالا خۇدا مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى نەزەرگە ئېلىپ ئاسمانىنـــىڭ ئۆزىدىن ئالدىمغا تاشلاپ بەرگەن بىر ھەمراھدۇر. مەن ئۇنى ئەكېتىشىم لازىم. ھېلىلا كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشىدۇ. بۇ يەردە بالىنىڭ قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىشى ياكى ئۇنى چۆلنىڭ بۆرە-قاپلانلىرى يەپ قويۇشى مۇمكىن...»

— قانداق، ئوغلۇم، مېنىڭ بىلەن كېتەمسەن؟ ئاكىلىرىڭنىڭ ئېسىگە كەلسە، ئۆزلىرى كېلىپ ئىزدەپ تاپار، بولمىسا سەن مېنىڭ ئوغلۇم بولىسەن، بولامدۇ؟ ... يۈرۈ!

بالا بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى-دە، ئىشەكنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. بوۋاي ئىشەكنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچلۈكنى باشقىدىن تۈزەپ، ئاۋۋال بالىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مىنگۈزدى، ئارقىسىغا ئۆزى مىندى، سەپەر شۇ تاپتا ھەممىنى ئېسىدىن چىقارغان بولۇپ، ئىشەككە مىنگەنگە خۇشال ئىدى. بۇ ئاجايىپ ھايۋاننىڭ ئۇششاق قەدەم ئېلىپ كىشىنى تەكشى تەۋرىتىپ مېڭىشى، تۈرۈپ-تۈرۈپ ئۇزۇن قۇلاقلىرىنىڭ بىرىنى ئېگىز، بىرىنى پەس قىلىپ مىدىرلىتىپ قويۇشلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يىراققا سوزۇلغان چۆل يولى سوزۇلۇپ ياتاتتى. كونا تۈگمەن ۋە قېرى ئۈجمە بولسا بارغانسېرى يىراقتا قالماقتا ئىدى.

بوۋاينىڭ كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە ئىللىق بىر ئېقىم داۋالغۇيتتى. ئۇ ئاغزى بېسىلماي بالىغا پاراڭ قىلىپ ماڭماقتا ئىدى.

— خۇدا قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ، دېگەن مانا شۇ. مەن قېرىپ، ساڭا ئوخشاش بىر ھەمراھقا تەشنا بولۇپ يۈرگىنىمگە ئۇزۇن يىللار بولدى. ھەر نامىزىمدا خۇدادىن تىلەيتتىم. ياراتقان ئىگەم تەلەپكارلارنى نائۈمىد قويمايدۇ. مانا بۈگۈن تەلىپىم ئىجاۋەت بوپتۇ. . . راست، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمىدى؟

بالا بوۋاينىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىدى. ئىشەكنىڭ بىر خىل تەۋرىنىپ مېڭىشى بىلەن ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يېتىپ، بوۋاينىڭ قورسىقىغا بېشىنى تىرىگىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى.

— بوپتۇ، — دەيتتى بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —

بولمىسا سېنىڭ ئىسمىڭنى «چۆل يىگىت» دەپ قويايلى. چۈنكى سەن ماڭا مۇشۇ چۆلدە ئۇچرىدىڭ. . . بىزنىڭ بۇ چۆل مۆجىزىلەرگە باي، بەلكىم سېنىڭ ئاكىلىرىڭ بۇ چۆلدە قانداقتۇر بىر غايىبانە خەزىنىلەرگە يولۇقۇپ ئەقلىنى يوقاتقاندۇر؟ ئۇ بايلىق شۇنچە كۆپ بولۇپ، ئۇلار «توققۇز، توققۇز» دەپ ساناپمۇ تۈگىتەلمەي قېلىشقاندۇر؟ ئادەملەر مۇنداق تاسادىپەن بايلىققا يولۇققاندا بەزىدە خۇدانىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. . . ياكى سېنىڭ ئاكىلىرىڭ ياشراق بولسا چىرايلىق بىرەر چوكاننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىپ قالدىمۇيە؟ خوتۇنلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئېزىتقۇ ... بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇۋاتقان ئىشلار دېگىنە. تەقدىر بىر سەۋەبلەرنى قىلىپ سېنى ئاكاڭدىن ئايرىدى، يەنە بىر سەۋەبلەر بىلەن ئىككىمىزنى بىر-بىرىمىزگە ئۇچراشتۇردى. بولمىسا نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئېشىكىم دەل كونا تۈگمەننىڭ يېنىغا كەلگەندە توختاپ قالىدۇ ۋە مەن قانداق قىلىپ شۇنچە يىراقتىن سېنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ قالىمەن ...

شۇنداق قىلىپ، ئېشەكلىك بوۋاي سەپەرنىڭ ئىسمىنى «چۆل يىگىت» قويدى. بوۋاي ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ چۆللۈكلەردە ئۇۋچىلىق قىلىپ، بازارغا ئوتۇن ئەكىرىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلغانىدى. مۇشۇ ئەتراپتا - چۆل يوللىرى كېسىشىدىغان بىر يەردە ھازىر ئۇنىڭ بىر چايخانىسى بار ئىدى. چايخانا ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك يوغىنىغان ئۈچ تۈپ توغراق يېنىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، كىشىلەر ئۇ يەرنى «ئۈچتوغراق» دەپ ئاتىشاتتى. توغراقلارنىڭ يوپۇرماقلىرى بوۋاينىڭ چايخانىسى ئەتراپىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئوتۇنچىلار، چۆل يوللىرىدىن ئاندا - ساندا ئۆتۈپ تۇرىدىغان يولۇچىلار بۇ يەردە توختاپ، ئۇلاغلىرىنىڭ تۆشباغلىرىنى بوشىتىپ ئوتقا قويۇپ،

چاي ئىچىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

بۇ ئەتراپتىكى شالاڭ ئۆسكەن توغراقلار بىر زامانلاردا بۇ جايدا شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان ئېقىن سۇلارنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ھازىر بولسا ئەتراپ پايانسىز قۇملۇققا ئايلانغانىدى. جىرا ـ قاپتاللاردا يەنە قومۇش، جىغان، تىۋىلغا، يۇلغۇن، قوڭغۇراق تىكەنلەر ئۈچراپ قالاتتى. بوۋاينىڭ چايخانىسى يېنىدىكى باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە مۆجىزىدەك بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بار ئىدى. بۇلاقنىڭ سۈيى ئەتراپتىكى قۇمغا سىڭىپ كېتەتتى. بۇلاق ئەتراپىدىكى نەملەشكەن يەرلەردىن كۆكلەپ چىققان ياش توغراق نوتىلىرى، ئۆششاق يولغۇن شاخلىرى بۇلاق سۈيىنى توراپ، ئۇنى توپا ـ چاڭ ۋە يات كۆزلەردىن ساقلاپ قالاتتى. تومۇز كۈنلىرى بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى شۇنچىلىك مۇزدەك ۋە تەملىك ئىدى. بوۋاينىڭ ئاشۇ بۇلاق سۈيىدە قايناتقان چېيىنى ئىچكەن يولۇچى بىر ئولتۇرۇشىدا بىرقانچە چەينەكنى بىكار قىلىپ، تەرلىرىنى ئېرتىپ، بۇكلۇككە تاشلانغان كىگىزدە بىر دەم يانپاشلاپ كۆز يۇماتتى ـ دە، كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ پەيدەك يېپيېنىك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بەزى كۈنلىرى كەچ قالغان يولۇچىلار بوۋاينىڭ چايخانىسىدا قونۇپمۇ قالاتتى.

ھېلىلا چاي ئىچىپ ماڭغان يولۇچىلارنىڭ قاچا ـ قۇچىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان موماي يىراقتىن ئىشەكلىك كېلىۋاتقان بوۋىيىنى كۆرۈپ يول ئۈستىگە چىقتى. بوۋاي يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئولتۇرغان كىچىك بالىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئىختىيارسىز قورۇق باسقان يۈزلىرىگە كۆلكە يۈگۈردى. بىر زامانلاردا بوۋاي ـ موماينىڭمۇ بىر قىز، بىر ئوغلى بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوغلىنى قاراچېچەك ئەكەتتى. قىزى بويىغا يەتكەندە بىر كەمبەغەل يىگىتكە ياتلىق بولدى. قىزى بىلەن كۈيئوغلى دەسلەپتە ئۇلارنى پات ـ پات يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. كېيىن كۈيئوغلى تىرىكچىلىك ئىزدەپ ئائىلىسىنى ئېلىپ يىراقلارغا كېتىپ قالدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار

يالغۇز ئىدى.
— ۋاي خۇدايىمەي! — دەپ بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈردى موماي،- بۇ كىمنىڭ بالىسى، نېمانچە تاتلىق؟ توختىسىلا، ئاۋايلىسىلا، بالىنى مەن ئالاي.
موماي سەپەرنى قۇچاقلاپ ئېلىپ يەرگە قويدى. سەپەر قاپقارا، نەمخۇش كۆزلىرى بىلەن بۇ مېھرىبان ئادەملەرگە ھېيىقماي قارايتتى.
— بۇ كىمنىڭ بالىسى؟ — دەپ سورىدى موماي بالىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ.
— خۇدايىم بەرگەن، خۇدايىم بەرگەن، خوتۇن، قېنى چېيىڭنى تەييارلا، تىقىشتۇرۇپ قويغان تاتلىقلىرىڭنى، مېغىز - قاقلىرىڭنى چىقار.
— چاي تەييار، خۇدايىم توۋا، زادى نېمە دەيدىغانلا، بۇ زادى كىمنىڭ بالىسى؟
— خۇدايىم بەرگەن، دېدىمغۇ! — دېدى بوۋاي سەپەرنى كۆتۈرۈپ كىلىپ كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ تۇرۇپ، — خۇدايىم بەرگەندىن كېيىن بىزنىڭ بالىمىز بولىدۇ - دە!
— خۇدايىم بەرگەن، خۇدايىم بەرگەنلا دەيدۇغۇ ماۋۇ ئادەم، ھېلىمۇ خۇدايىم قانداق بەردى ئۇقتۇرۇپراق دېمەمدىلا.
— يولدا شۇنداق كېلىۋېتىپ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. يېقىنلاپ بېرىپ قارىسام، كونا تۈگمەننىڭ يېنىدىكى ئۆجمە سايىسىدە مۇشۇ ئوغۇل تۇرۇپتۇ، خۇدايىم بەردى دېگەن شۇ.
— ۋاي خۇدايىمەي ماۋۇ ئادەم خەقنىڭ بالىسىنى كۆتۈرۈپلا كەلگەن ئوخشىمامدۇ، بالىنىڭ ئانىسى شۇ تاپتا قانچىلىك سەكپارە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟!...
— نېمىدەپ ۋايسايسىغاندۇر ماۋۇ خوتۇن، مېنىڭ سىڭىلچىلىك ئەقلىم يوقمىدى؟...
— ئەمىسە سىلىگە بىكاردىن - بىكارغىلا ئۇچراپ قالىدىغان بالا نەدە تۇرۇپتىكەن؟
— دەۋاتىمەنغۇ، كونا تۈگمەننىڭ يېنىدا يىغلاپ

تۇرۇپتىكەن. ئۇ ئەتراپتا نەدىمۇ ئادەم بولسۇن، بەلكى بىرەر كارۋاندىن ئېزىپ چۈشۈپ قالغاندۇر ياكى بىــــرەرى تاشلاپ كەتكەندۇر؛ مەيلى ئەمەسمۇ، ئىگىسى چىقىپ قالسا سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىمىز، بولمىسا ئوغۇل بىزنىڭ.

— بوپتۇ، خاپا بولمىسىلا،— دېدى موماي ئۆزىنىــــڭ چېچەكتە ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىنى ئەسلىگىنىچە بالىغا مەستلىكى كېلىپ قاراپ، — بۇ ئوغۇل بىزنىڭ رەھمەتلىك تۆمۈرخانغا شۇنداق ئوخشايدىكەن، بالىنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟

— ئىسمىنى بىلمىدىم، بابا مەن يولدا كېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا «چۆل يىگىت» دەپ ئىسىم قويۇپ قويدۇم.

— قويسىلا، شۇمۇ ئىسىم بوپتۇمۇ،— دېدى موماي، — ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەمرا قويايلى.

— «چۆل يىگىت» دېگىنىمنىــــڭ سەۋەبــــى،— دەپ چۈشەندۈردى بوۋاي مومىيىغا، — ماڭا ئۇ چۆلدە ئۇچرىدى، ئۇ يەنە مۇشۇ چۆلدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ...

چايخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇلغان كونا ساندۇقتىن مېغىز قاقلارنى ئېلىپ داستىخانغا تۆكۈۋاتقان موماي «چۆل يىگىت» دېگەن ئىسمىغا زادىلا رازى بولمىدى.

— ھەمراھ بولسۇن!— دەيتتى ئۇ،- خۇدايىم بۇيرۇپ، بۇ بالىنىڭ ئىگىسى چىقماي قالسىلا قېرىغاندا ئۇ بىزگە ھەمراھ بولىدۇ.

—قوي بولدى، «چۆل يىگىت» دېدىمۇ «چۆل يىگىت!» - دېدى بوۋاي تەرسالىق بىلەن.

بۇ تالاش - تارتىش بىلەن بوۋاي بىــــلەن موماي يەنە قىزىرىشىپ قالغىلى تاسلا قالدى. سەپەر بولسا موماي تۆككەن تاتلىقلارغا بەھۇزۇر ئېغىز تېگىشكە باشلىغانىدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

# ناتونۇش شەھەر

سەپەر ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئۆيىدە تاتلىقلار بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئاكىلىرى يول ئۈستىدە كېتىپ باراتتى. ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىدەك جېدەللەپ ئەمەس، بىر توختاپ، بىر مېڭىپ، بىر ـ بىرىگە قول سىلكىپ قىزىرىشىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار ئەمدى خانىنىڭ لەشكەرلىرى ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كېلىپ تۇتۇپ كېتەرمىكىن، دېگەن ئەندىشىنى ئۇنتۇشقانىدى. كىم بىر تىللانى ئوشۇق ئېلىش كېرەك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىماي تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى. سەپەرنى تاشلاپ يولغا چىقىش بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا «تىللا سېلىنغان خالتىنى كىم كۆتۈرىدۇ» دېگەن جېدەل باشلاندى.

— ئەكەل خالتىنى مەن كۆتۈرىمەن،— دېدى بارات.

— بولدى، ئۆزۈم كۆتۈرۈۋېرەي،— دېدى ئۆمەر.

— مەن كۆتۈرسەم نېمە بولغۇدەك؟

— مەن دېگەن سېنىڭ ئاكاڭ، خالتىنى قاغىلىق باغدىكى كۆمۈكلۈك جايدىن دەسلەپتە ئۆزۈم كولىۋالغان. شۇ يەردىن باشلاپ ئۆزۈم كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىمەن.

— سەن خالتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا مەنمۇ سەپەرنى يۈدۈپ ماڭغانتىمغۇ؟ ئەكەل، ئەمدى خالتىنى مەنمۇ بىردەم كۆتۈرۈپ ماڭاي.

ئەسكى تۈگمەن يېنىغا تاشلاپ كەتكەن ئىنىسىنىڭ نامى تىلغا

ئېلىنىشى بىلەن ئۆمەر جىمىپ كەتتى. چۆل - جەزىرىدە يالغۇز قالغان سەبىي بالىنى ئەسكە ئېلىش قانداقلا بولسۇن ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ئازابلايتتى.

— بولدىلا، يوقىلاڭ ئىشنى تالىشىۋەرمىگىنە، — دېدى ئۇ، — بۇ خالتىنىڭ ھېچقانچە ئېغىرى يوق، ئۆزۈم كۆتۈرۈۋېرەي.

— مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن! — دېدى بارات.

— نېمىشقا ئىشەنمىگۈدەكسەن؟ تىللالارنى ساناپ قويدۇقغۇ؟ بىرى كەم بولسا مانا مەن جاۋابكار.

— سېنىڭ قولۇڭدا تۇرۇپ تىللالارنىڭ توقسان توققۇز بولۇپ قالغىنىغا تېخىچە ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، يەنە بىر مەنزىلگە بارغۇچە قانچىسى كېمىيىپ كېتىدۇ...

— ئەمىسە قانچە بولماقچىدى، قانچە؟ ئېيتىپ باققىنە!

— ئېيتتىمغۇ، يۈز بولسا توغرا بولاتتى.

— ھەي، نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان نېمىسەن؟ ئۆزى توقسان توققۇز تۇرسا، قانداق قىلىپ يۈز بولىدۇ؟ تىللالىرىڭ مېنىڭ قوينۇمدا تۇرۇپ تۇغامدۇيە؟! — دەپ تېرىكتى ئۆمەر.

— ئەسلىدە بىز تىللالارنى يەردىن كولىۋالغاندىلا ساناپ قويساق بولغانىكەن. سەن ئۇنى ئالمان - تالمانلا قوينۇڭغا سالدىڭ.

— ھەي جېنىم ئۇكام، ئۇ چاغدا ھەممىمىز جاننى پاتراق قۇتۇلدۇرىغاننىڭ كويىدا ئىدۇق. خالتىنىڭ ئىچىدىكىنى ساناپ ئولتۇرۇش كىمنىڭ ئېسىگە كېلىپتۇ، راست ئېيتتىڭ، ساناپ قويغان بولساق توغرا بولغانىكەن.

— سانىمايلا قوينۇڭغا سالغىنىڭدا بىر غەرەز بار - دە!

ئۆمەر ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى.

— كەل، تىللالارنى ھېلىمۇ بولسا يەنە باشقىدىن ساناپ قويايلى، كېيىن تۆھمەتنىڭچىقىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۆمەر.

— ساندۇقتۇ توقسان توققۇز، — دېدى بارات، — بەلكىم سەن بىرەر تىللانى باشقا بىر يېرىڭگە تىقىۋالغانسەن.

— قىپقىزىل تۆھمەت! — دەپ قويىنىدىن خالتىنى ئېلىپ غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتى ئۆمەر، — كەل مېنى ئاختۇرۇۋال! يېنىمدىن سۇنۇق يارماقمۇ تاپالمىساڭ قانداق قىلىسەن؟

— ئۇنى مەن تېپىۋالمىدىغان يەرگە تىقمايسەن - دە! — دېدى بارات خاتىرجەم هالدا.

— كىم بىلىدۇ، — دېدى ئۆمەر يەردىكى خالتىنى ئېڭىشىپ ئېلىپ تۇرۇپ، - ئۇ بىر تىللانى بەلكىم سەن ئۆزۈڭ تىقىۋالغانسەن.

— قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا! — دەپ ناله قىلدى بارات، — مانا قىزىق گەپ. بۇ خالتىنى سەن ماڭا بۇرجىكىنىمۇ تۇتقۇزماي كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ، مەن ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال تىللانى ئايرىۋېلىپ يانچۇقۇمغا سېلىۋالىمەنمۇ؟ . . . ئەگەر شۇنداق ئەپسۇن ئوقۇش قولۇمدىن كېلىدىغان بولسا، خالتاڭنى قۇرۇقداپلا قويغان بولمايتتىممۇ؟!

— مانا - مانا! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۆمەر، - هەي نىيىتى يامان پەس، ئەزەلدىن سېنىڭ كۆڭلۈڭ قارا، راست، قولۇڭدىن كەلگەن بولسا هەممىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالغان بولاتتىڭ.

— ئەمىسە، ئۆزۈڭ دەپ باققىنە، مەن قانداق قىلىپ بىر تىللانى ئېلىۋالالايتتىم؟

— دېسەم - دېمىسەم، هېلىقى ئەسكى تۈگمەن يېنىدا، تىللالارنى خالتىدىن تۆكۈپ ساناۋاتقان چېغىمىزدىنلا بىر تىللانى جايلاشقا ئۈلگۈرگەنسەن؟

— ئەمىسە، مېنى ئاختۇر! — دەپ قوللىرىنى كەڭ يېيىپ، ئاكىسىنىڭ ئالدىنى توسۇدى بارات.

— ئاختۇرمايمەن! — دەپ ئىنىسىنىڭ مەيدىسىنى ئىتتەردى

ئۆمەر، — بەلكىم سەن ئۇ بىر تىللانى ئاللىبۇرۇن يۇتۇۋالغانسەن، خالىي بىر جايدا ئۇنى نىجاسەت بىلەن بىللە چىقىرىپ، ياغاچ بىلەن مالتىلاپ ئېلىپ يانچۇقۇڭغا سالارسەن.

. .

—توپۇ!—دەپ يەرگە تۆكۈردى بارات كۆڭلى ئېلىشىپ،— بولدى توختا، تىللارنى هازىرلا بۆلۈشۈۋېلىپ، هەرقايسىمىز ئۆز تېگىشلىكىمىزنى ئۆزىمىز كۆتۈرىمىز.

— كەل، مەنمۇ سەن بىلەن ئىتتەك تالىشىپ يۇرۇشتىن جاق تويدۇم!

لېكىن، ئۇلار هەرقانداق قىلىپمۇ توقسان توققۇز تىللانى تەڭ ئىككىگە بۆلەلمەيتتى ۋە بىرەرىنىڭ بىر تال تىللانى ئوشۇق ئېلىشىغىمۇ يول قويۇشمايتتى. ئۇلار تالاش - تارتىش ئىچىدە يولىنى داۋام قىلاتتى. يىراقتىن بىرەر يولۇچىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك بولسا جىمىپ قېلىشاتتى - دە، يولۇچى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەنسىرەپ ئارقا - كەينىگە قارىۋېتىپ، يەنە جېدىلىنى باشلىشاتتى.

ئۇلار شۇ هالەتتە ئۇزاق يول بېسىشتى. كۈن ئولتۇرۇپ، غەربكە توپلانغان بۇلۇتلار ئۇستىدە قۇياشنىڭ قىپقىزىل نۇرلىرى قېتىپ قالدى. ئەتراپقا كەچكى گۇگۇم ئۆز پەردىسىنى يېيىپ جاهان قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلارغا ناتونۇش بىر شەھەرنىڭ ئېگىز سېپىللىرى كۆرۈندى. ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ، گۇمبۇرلىگەن توپ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ تاقالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئاكا-ئۇكا يول ئۇستىدە قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— مانا!— دېدى بارات.

— نېمە بولدى؟

— شەهەر دەرۋازىسى تاقالدى، توپ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ھەممىنى قىلغان سەن، — دېدى ئۆمەر، — يولدا جىدەللەشكەننىڭ ئورنىدا ئىتتىكرەك ماڭغان بولساق، بۇ ئاي - دالادا قالماس ئىدۇق.

— ھەممىنى قىلغان ئۆزۈڭ، شۇ بىر تىللانى تىقمۇالمىغان بولساڭ. . .

— توختا! — دەپ ئۇكىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ئۆمەر، - بىز يولدىن ئېزىپ كەتتۇقمۇ قانداق؟

— مەن نەدىن بىلەي، مەن ساڭا ئەگىشىپ ماڭدىم.

— سەن تىللانىڭ جېدىلىنى قىلىپ كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ قايسى يوللارغا ئەگىپ كېتىپ قالغىنىمىزنى بىلمەي قالغان ئوخشايمەن. بىغەملەر شەھىرىگە بارىدىغان يولدا مۇنداق شەھەر بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

— ئاۋۋال تىللانى ساق - سالامەت بىر بۆلۈشۈۋالايلى، - دېدى بارات، — يانچۇقتا پۇللا بولسا يۇرتنى يەنە ئىزدەپ سوراپ تېپىۋالىمىز.

بۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسى سىرتىدا كەچ قالغان يولۇچىلار ئۇچۇن سېلىنغان ساراي، ئاشخانىلار بار ئىدى. ئاكا - ئۇكا يېنىدىكى تىللالاردىن ئەنسىرەپ ئادەم كۆپ يەرگە بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئۇلار مۇشۇ ئوچۇقچىلىقتا تۈنەپ، ئەتە سەھەردە، شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەنلا شەھەرگە كىرىۋېلىشنى ئويلاشتى. ئۇلار يەنە شەھەرگە كىرىشنىڭ ئالدىدا تىللالار ئۈستىدىكى ماجىرالىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ئالتۇنلارنى ئۆز بەلباغلىرىغا تۈگۈپ مېڭىشى كېرەك ئىدى.

ئۇلار يولدىن چىقىپ، قانداقتۇر بىر چاتقاللىقلار ئىچىگە ئۆزىگە ئورۇن ھازىرلاشتى. ھەر ئىككىلىسى ئۇخلاپ قېلىشتىن قورقاتتى. ئۇلار قانداقتۇر بىر ئوغرى ياكى قاراقچىنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىنى بۇلاپ كېتىشتىن ئەمەس، بىر - بىرىدىن ئەنسىرىشىپ

قالغانىدى. يول ھاردۇقى بىلەن قورساقنىڭ ئاچلىقى قوشۇلۇپ ھەر ئىككىلىسىنى قىيناشقا باشلىدى. ئۇلارنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا مۈگدەك باساتتى. بارات ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، خالتىنى ئېلىپ قېچىشىدىن قورقۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ، بېسىپ كېلىۋاتقان مۈگدەكنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۆمەرمۇ ئۇخلىيالمىغانىدى.

— ئەتە مەن ساڭا قىرىق توققۇز تىللانى ساناپ بېرىمەن، ـ دېدى ئۆمەر ئىنىسىغا.

— ئۆزۈڭ ئەللىكنى ئالىسەن؟!

— گېپىمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىمىسەن بەتنىيەت! مەنمۇ قىرىق توققۇزنى ئالىمەن، يەنە بىر تىللانى بىز شەھەرگە كىرىپ، پارچە پۇلغا ئالماشتۇرۇپ بۆلۈشۈۋالىمىز، ئىككىمىزنىڭ قېرىنداشلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ. سەن مېنى ئىككىنچى ئاكام دەپ ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما.

— سەن مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ قاچىسەن.

— ئادەم ئەمەس ئىت! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئۆمەر، — كەل، ئىشەنمىسەڭ بۇ خالتىنى ھەر ئىككىمىز تەڭ تۇتۇپ ياتايلى.

ئۇلار تىللا سېلىنغان تېرە خالتىنى بەلباغلىرىنىڭ ئۇچىغا تەڭ باغلاپ، ھەربىرى يەنە ئۇ خالتىنى ئاستىدىن قوللىرى بىلەن مەھكەم بېسىپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى.

تاڭ سەھەردە، شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى توپلار گۈمۈرۈلۈپ ئېتىلىشى بىلەن تەڭ ئۆمەر بىلەن بارات كۆزلىرىنى ئېچىشتى ـ دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

ھەر ئىككىلىسىنىڭ بەلباغلىرىنىڭ ئۇچى كېسىلگەن، ھېلىقى تېرە خالتا تىللالار بىلەن نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. ئۆمەر بىلەن بارات ئالاقزادە بولۇپ ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ،

يەنە ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىشتى. يېقىن ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ياتقان يەرنىڭ ئەتراپىدا بىرەر گۇمانلىق ئىزمۇ يوق ئىدى. سەھەرنىڭ سالقىنىدا پۈتۈن ئەتراپ جىمجىت سۈكۈتتە ياتاتتى.

— خالتا قېنى؟ مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئۇنى نەگە يوقاتتىڭ؟— دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەر.

— تىللالارنى سەن قاغىلىق باغدىن چىققاندىن بېرى باغرىڭغا مەھكەم بېسىپ كېلىۋاتاتتىڭغۇ؟ يەنە ئىزا تارتماي مەندىن بۇرۇن گۆركىرەيسەنغۇ؟ ... ئۇنى نەگە يوقاتتىڭ!؟ — دەپ ئاكىسىدىنمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى بارات.

— مەن ئۇنى قوينۇمدا بىر ئوبدان ساقلاپ، مۇشۇ يەرگىچە سالامەت يەتكۈزۈپ كەلگەنىدىم، كېچە سېنىڭ: «ساڭا ئىشەنمەيمەن، خالتىنى ئىككىمىز تەڭ تۇتۇپ ياتىمىز» دېگىنىڭدە باشقا گەپ بار ئىكەن — دە!

— نېمە دېدىڭ!؟

بارات ئېتىلىپ كەلگىنىچە ئاكىسىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئىككىيلەن تەڭ ياقىلىشىپ كەتتى. بارات ئاكىسىنىڭ گاھ بىقىنىغا، گاھ قورسىقىغا مۇشت ئاتاتتى. ئۆمەر باراتتىن پاكارراق بولغان بىلەن ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ قاۋۇل ئىدى. ئاچچىقىدا ئۇ ئىنىسىنى بىرنەچچە قېتىم بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتتى. بىر چاغدا ئۇلار نەپسى بوغۇلۇپ، ھېرىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. نېرىراقتىكى يولدا ھېلىلا شەھەر دەرۋازىسىدىن چىققان بىر توپ كارۋانلار يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. تۆگىلەر سالماقلىق قەدەم ئېلىپ، ئەتراپقا كولدۇرمىلىرىنىڭ ئاۋازىنى قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى... ئاكا - ئۇكىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئېغىر جىمجىتلىق باسقانىدى. ھەر ئىككىلىسى ئويلىنىپ، تىللالارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە بىرەرىنىڭ ئالمىغانلىقىنى جەزم قىلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىم

بولسۇن بىرەرى تىللالارنى ئالغان بولسا، ئۆزىمۇ بۇ يەردىن ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغان بولاتتــــى. . . ئۇنداق بولسا خالتا قەيەرگە غايىب بولدى؟ ئۇنى ئىنس - جىن ئەكەتتىمۇ، ئادەممۇ؟

. . . ھەممىگە سەۋەب بولغان ئۇيقۇ، غەپلەت ئۇيقۇسى!

— نېمىشقا ئاتام ھايات ۋاقتىدىلا بۇ تىللالارنى ئۆز قولى بىلەن بۆلۈپ بېرىۋەتمىگەن بولغـــــدى، — دەپ ئارىدىكــــى جىمجىتلىقنى بۇزدى باراتى، — ئۇ چاغدا بىز ھەرقايىسىمىز ئۆزىمىزگە تېگىشلىكىنى قويىنىمىزغا سېلىپ مەھكەم ساقلىغان بولاتتۇق. قېرىنداشلارمۇ ئازارلاشمايتتۇق.

— ئاتامنى گۇناھقا شېرىك قىلما! — دېدى ئۆمەر، — ھەممە ئەيىب ئۆزىمىزدە، شۇ ئالتۇنلاردا كىچىك سەپەرنىڭمۇ ھەققى بار ئىدى، بىز ئالىكۆڭۈللۈك قىلىپ، نارەسىدىنى چۆلگە تاشلىۋەتتۇق، خۇدا بىزنى جازالىدى. . .

ئاكا - ئۇكا ئىككىلىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. ئورنىدىن قايتا قوپۇشۇپ ئەتراپنــى يەنە ئىـــــزدەشتۇردى. ئۇلارنـــــڭ قورساقلىرى ئېچىپ، بىقىنلىرىغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئەمدى قانچە ھەسرەت چەككەن بىلەنمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەيتتى. يىراقتا شاۋقۇنلۇق، ناتونۇش بىر شەھەر ئۇلارنى ئۆز قوينىغا چاقىرماقتا ئىدى.

— سەنمۇ ئەجەپ قىلىپ كەتتىڭ، — دېدى ئۆمەر، — بىر تىللانى كەم ئالغىنىڭغا نېمە بولاتتى. بىز كېچىلا بۇ پۇللارنى بۆلۈشۈۋېلىپ، شەھەر دەرۋازىسى يېنىدىكى بىـــــرەر سارايغا چۈشۈپ ياتقان بولساق بولاتتى، مانا ئەمدى ھەممىدىن قۇرۇق قالدۇق.

— شۇنداق قىلىش لازىملىقىنى بىلگەن ئادەم نېمىشقا ئۆزۈڭ بىر تىللانى كەم ئالمىدىڭ؟ — دەپ ئۆكتە قوپتى باراتى.

— بولدى، بولدى، ئەمدى يوق نەرسىنى تالاشمايلـــى، — دېدى ئۆمەر.

ئاغزىدا شۇنداق دېيىشسىمۇ، ئۇرۇنسىز تالاش - تارتىش بىلەن تىللالارنى ئوغرىغا بېرىپ قويغىنىغا ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى. «بىر تىللا كەم ئالغىنىمغا نېمە بولاتتى-ھە! - دەپ ئۆكۈنەتتى ئۆمەر، — ناھايىتى مەن ئاچقان دۇكىنىمغا بىر تىللالىق مالنى كەمراق سالغان بولاتتىم...»؛ «بىر تىللا ئۈچۈن ئەجەبمۇ پەسلىك قىلىپ كېتىپتىمەن، - دەپ خىيال قىلاتتى بارات، — بىر تىللا كەم بولسا قانچىلىك ئىش ئىدى. ناھايىتى مەن تۆت خوتۇنىنىڭ ئورنىغا ئۈچىنى، ئىككىنى ياكى دەسلەپتە بىرنى ئېلىپ تۇرغان بولاتتىم...»

ئۇلارنىڭ بارلىق شېرىن خىياللىرى توزغاقتەك ئۇچۇپ كەتتى.

— ئەمدى ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى، بىز چىقىشالمىغۇدەكمىز! — دەپ چاپىنىنىڭ پېشىدىكى توپىلارنى ئەتەي ئاكىسىغا يەتكۈدەك قىلىپ قاتتىق قاقتى بارات.

— مەنمۇ سېنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈشكە خۇشتار ئەمەس، - دېدى ئۆمەر، —قېنى سېنىڭ شەھەردە بىرەر يېرىڭگە تىقىشتۇرۇۋالغان پۇللىرىڭنى خەجلەپ باققىنىڭنى كۆرۈپ باقاي.

— كۆرىمىز،— دېدى بارات، — تېخى تىللالار ئۆزۈڭنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ قالامدۇ تېخى!...

ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە باتنىغىنىچە مېڭىپ چوڭ يولغا چىقتى. ئالدىدىكى بىر ئاچا يولغا كەلگەندە ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كېتىشتى. بۇ ئىككى يول شەھەرنىڭ ئالدى - ئارقا دەرۋازىلىرىغا تۇتىشىدىغان - يەنىلا بىر شەھەرگە كىرىدىغان يول ئىدى.

## يىگىرمىنچى باب

# قورسقىم ئاچ ئىدى

ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە قېيىداپ ئالدى - ئارقا دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن بۇ شەھەر چۆللۈكتىكى يەنە بىر ئاۋات شەھەرلەردىن ئىدى. شەھەر ئەتراپى مۇنبەت ئېتىزلار، باغلار، تولۇپ ئاقىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر ۋە يىراقلاردىكى يېزا-قىشلاقلارغا ئەكېتىدىغان يوللار بىلەن قورشالغانىدى. هارۋىلار مېڭىۋېرىپ كاداڭلاشتۇرۇۋەتكەن يوللاردىن پۇرقىراپ توپا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. يول بويى ئۆسكەن چىغىرتماق، ياۋا كەندىر ۋە يوغان يوپۇرماقلىق تىكەنلىك ئوتلارنى يىل بويى قېلىن چاڭ بېسىپ تۇراتتى. شەھەر بازىرىنىڭ هەربىر كوچىسى — ناۋايلار كوچىسى، ئاشپەزلەر كوچىسى، موزدۇز، ياغاچچى، جۇۋازچى ... دېگەندەك خىلمۇ خىل كاسىپلارنىڭ رەستىلىرىگە بۆلۈنگەنىدى. بۇ كوچىلاردىن ئۆتكەندە ئىسسىق نان، كاۋاپ، زاسۇي، ئاشمانتا، ئوخشىغان پولۇلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئاچ قورساقلارنى غولدۇرلىتىۋېتەتتى.

ئۆمەر شەھەرگە كىرىپ، شەھەر كوچىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن سانسىز مۇساپىرلارنىڭ قاتارىغا قېتىلىپ كەتتى. بۇ شەھەرنىڭ بايلىرى باي، كەمبەغەللىرى تولىمۇ نامرات ئىدى. ئۆمەر بىر ۋاخلىق قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن هەرقانداق خىزمەتنى قىلىشتىن باش تارتمىدى. هەرنېمە بولسا خۇدا ئۇنى كۆچلۈك ۋە چىدامىلىق ياراتقانىدى. بەزى ئۇ ئاشپەزلەرنىڭ

ئوتۇننى يېرىپ، ئوچىقىغا ئوت قالىدى. قايسىبىر سودىگەرلەرنىڭ ئالغان ماللىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن شەھەر كوچىلىرىدا كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ سودىگەرلەر چۈشكەن سارايلارغا يەتكۈزۈپ بەردى. بەزىدە قايسىبىر يەر ئىگىسىنىڭ لېيىنى ئېتىپ، كېسەكىنى قۇيۇپ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغمۇ قارىشىپ بېرەتتى. ئىشقىلىپ ئۇ ھەرقانداق ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى قىلىشتىن قاچمايتتى. ئەمما ئىش ھەممە ۋاقىت تېپىلىپ تۇرمايتتى، بەزىدە ئۇ كۈنلەپ ئاچمۇ قالاتتى.

پۈل تاپقان كۈنلىرى كەچلىكلىرى ئۆمەر چايخانىلارنىڭ يۇمشاق كىگىز تاشلانغان سۇپىلىرىدا سوزۇلۇپ يېتىپ، ئۆزىگە ئوخشاش مۇساپىرلارنىڭ قىزىق پاراڭلىرىغا قۇلاق سالغىنىچە ئۇخلاپ قالاتتى. بەزىدە ئۇنىڭغا گۈلەخلەردە، مازارلىقتىكى گۈمبەزلەر ئىچىدە ياكى قانداقتۇر بىر ئوچۇقچىلىقلاردا تۈنەشكە توغرا كېلەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ كۆپىنچە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايتتى. قەيەردىدۇر بىر يەردىكى ئىسسىق چايخانىلاردا تۈنەپ كۆيۈپ تۇرغان چىراغلار پاراسلاپ ئۇچقۇن چاچاتتى. ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەر، مەسچىتلەرنىڭ كۆككە سوزۇلغان پەشتاقلىرى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆمەرنىڭ بېشى ئۈستىدە بولسا سانسىز يۇلتۇزلار ئاجىز نۇر چاچاتتى. ئۆمەر ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆرۈلۈپ ھېلىقى ئۈستى ئوچۇق زىندان ـ قاغىلىق باغدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇ يەردە گەرچە ئەركىنلىك بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ يەيدىغانغا بىرنەرسە بار ئىدى. ھازىر بولسا ئۆمەردە ئەركىنلىك بار، يەيدىغان نان يوق ئىدى... بەزىدە ئۆمەر ئاتىسىنى، كىچىك ئىنىسى سەپەرنى چۈشەپ قالاتتى - دە، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. مېجەزى ئوسال ئىنىسى باراتمۇ كۆز ئالدىغا كېلەتتى. باراتنى ئويلىسىلا جۇدۇنى ئۆرلەيتتى.

«سەپەرنى تاشلاپ كېتىش توغرىسىدا دەسلەپتە ئېغىز ئاچقانمۇ شۇ، — دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — بىچارە بالىنى چۆلگىلا تاشلاپ قويدۇق، مانا، خۇدا بىزنىڭ جاجىمىزنىمۇ بەردى». يەنە بەزى كۈنلىرى ئۆمەر كونا تۇگمەنگە قايتىپ بېرىپ، سەپەرنى ئىزدەپ بېقىشنى خىيالىغا كەلتۈرەتتى. لېكىن ئۇنىڭدا ئارقىسىغا قايتقۇدەك مادار يوق ئىدى...

بۈگۈنمۇ ئۆمەر ئىش ئىزدەپ ئادەملەر توپى ئىچىدە چايقىلىپ يۈرەتتى. قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئۇ ئاشخانىلاردىن كېلىۋاتقان مەززىلىك پۇراق، ئادەملەرنىڭ بەدىنىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق تەر ھىدى، توپا - چاڭ ھەممىنى تۇكۇرۇكىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىگە يۇتاتتى. بازار بولسا ئۆزىنىڭ ۋاڭ - چۇڭى بىلەن ئېغىر گۈرۈلدەيتتى. ئالارمەن - ساتارمەنلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى قۇلاق-مېڭىنى يەپ، ئۆمەرنىڭ بېشىنى ئايلاندۇراتتى. مىس يارماقلار، كۈمۈچ تەڭگىلەر، ساپ ئالتۇن تىللالار قولدىن - قولغا ئۆتۈپ جىرىڭلايتتى. ئۆمەرنىڭ يانچۇقى بولسا قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ قوينىغا سېلىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئەكەلگەن تىللالارنىڭ نەق مۇشۇ قاغىش تەگكۈر شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە غايىب بولغانلىقى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلاتتى.

«ئادەم ئەمەس جوھۇت! — دەپ تىللايتتى ئۇ ئىچىدە ئىنىسى باراتنى، — بىر تىللانى كەم ئالغىنىڭغا ئۆلەتتىڭمۇ؟... بىر تىللانى تالىشىپ توققۇز تىللادىن قۇرۇق قالدۇق. بەلكىم، سەنمۇ بىر يەردە ماڭا ئوخشاش ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتقانسەن...»

ئۆمەر شۇنداق خىياللار بىلەن ئايلىنىپ بازار چېتىدىكى بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. نېرىراقتا دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇپ ئولىشىۋالغان ئادەملەر بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى. ئارقىدا تۇرغانلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىشاتتى. ئۇ يەردە بىرەر قىزىقچىلىق

بولۇۋاتسا كېرەك، ئۆمەر قىستىلىپ يۈرۈپ ئادەملەر توپىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بويۇنلىرى بوقىنىڭ بوينىدەك تۇرۇلۇپ كەتكەن يوغان بىر ئادەم توپىلىق يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، «قېنى، يەنە قايسىڭ چىقىسەن!» دەپ ۋارقىراپ، ئالدىدىكى توپىنى هە دەپ ئاسمانغا سورۇيتتى.

— بۇ ئادەم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟— دەپ هەيران بولدى ئۆمەر.

لېكىن، ئۇنىڭ سوئالىغا هېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئەتراپىدىكى هەممە ئادەم چۇۋۇلدىشىپ:

— قېنى كىم بار؟

— كىم چىقىدۇ!— دەپ ۋارقىرىشاتتى، هاياجاندىن كۆپۈپ قىزىرىشاتتى.

— ئۇ نېمە ئادەم؟— دەپ سورىدى ئۆمەر يېنىدا تۇرغان بىرەيلەننى نوقۇپ تۇرۇپ. هېلىقى كىشى ئۆمەرگە ئەجەبلىنىپ قارىدى ـ دە:

— سەن ئۇنى تونۇمامسەن؟— دېدى.

— تونۇمايدىكەنمەن،— دېدى ئۆمەر، — مەن بۇ شەهەرلىك ئەمەسمەن.

— قادىر قاۋان دېگەن پالۋان شۇ بولىدۇ.

— ئۇ نېمىشقا توپا سورۇپ ئولتۇرىدۇ؟

— نېمىشقا توپا سورۇپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان چېلىشچى چىقمىدى ـ دە— دېدى هېلىقى كىشى مەغرۇرلىنىپ، — باياتىن بېرى ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچنى يىقىتتى.

— ئۈچنى يىقىتسا توپا سورۇيدىغان گەپمۇ؟

— بۇ يەرنىڭ قائىدىسى شۇ. مەيداندا قالغان چېلىشچى «يەنە قايسىڭ بار!» دەپ توپا سورۇيدۇ. قانچە باتۇر بولسا توپىنى شۇنچە ئېگىز ئاتىدۇ.

نېرىراقتىكى سايىۋەن ئاستىدا شەهەرنىڭ بايلىرى ئاچچىق

دەملەنگەن چاينى ئىچىپ، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇراتتى. سايىۋەننىڭ ئالدىدا بىر كىشى ئۆرە تۇرۇۋېلىپ كوچىنىڭ بارچە ۋارقىرىماقتا ئىدى.

— قېنى، قادىرغا تەڭ كېلەلەيدىغان يەنە كىم بار؟ كىم يەڭسە ئون تىللا تارتۇق ئالىدۇ، ئون تىللا!... ئون بەش تىللا! ... كىم چىقىدۇ، مانا يىگىرمە تىللا! كىم قادىرنىڭ يېنىنى يەرگە تەگكۈزسە بىكارغىلا يىگىرمە تىللاغا ئىگە بولىدۇ!...

ئۆمەرنىڭ قورسىقى ئاچلىقتىن غولدۇرلايتتى. «يىگىرمە تىللا ھە!— دەپ ئويلايتتى ئۇ، — يىگىرمە تىللا بىلەن نەچچە ئاي تويغۇچە تاماق يەپ، يۇرتقىمۇ يېتىۋالغىلى بولاتتى. نېمىلا بولسا بولسۇن، غەيرەت قىلىپ بىر تۇتۇشۇپ باقايمۇ يە!»

ئۆمەر بالا ۋاقتىدىن تارتىپ چېلىشىپ ئۆگەنگەنىدى. تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغىنى يوق ئىدى. مۇنۇ باش - كۆزىگە توپا چېچىپ ئولتۇرغان قاۋاننىڭ خېلى بىڭسى باردۇر ھەقىچان، بولمىسا توپىنى مۇنچە ئېگىز ئاتماس ئىدى... زادى قانچىلىك كارامىتى باردۇر ئۇنىڭ... خەپ، قورساقنىڭ ئاچلىقىچۇ تېخى!...

ھېلىقى دەيدەيچىسى ئادەملەرنى چېلىشقا چۇشۇشكە قىزىقتۇرۇپ، بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ سانىنى ئاشۇرماقتا ئىدى.

— قېنى، ھەي خالايىق، شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئىچىدىن تۇزەكرەك بىر ئوغۇل بالا چىقمامدۇ!؟... مانا ئوتتۇز بەش تىللا! قىرىق تىللا!، ھەي، ئاڭلىمىدىم دېمە خالايىق، قىرىق تىللا... قادىر پالۋانمۇ ئادەمغۇ! ئاراڭلاردىن تەۋەككۈل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشقۇدەك يەنە بىر ئەزىمەت چىقمامدۇ؟... قۇلىقىڭنى مەن تەرەپكە تۇتۇپ ئاڭلا خالايىق، مانا قىرىق بەش تىللا!... قىرىق بەش تىللاغا قول يەتكۈزسەڭ دۇنيانىڭ ھەممە مەينەتچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ بەگلەردەك ھۇزۇر سۇرسەن!... قىرىق بەش تىللا، قۇلىقىڭلار پاڭ بولۇپ قالدىمۇ، قىرىق بەش!

...

دەيدەيچى قاراپ تۇرغانلانىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ قولىدىكى بىر ئوچۇم تىللانى شاراقلىتىپ ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا تۆكەتتى. قادىر قاۋاننىڭ ئاتقان توپىسى بارغانسېرى ئېگىز ئۆرلەيتتى.

— مانا، ھۇرمەتلىك بايلىرىمىز ئالىقىنىنى تېخىمۇ كەڭ ئاچتى!— دەپ ۋارقىرىدى دەيدەيچى. تولا ۋارقىراۋېرىپ ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ چىرقىراپ قالغانىدى، — كىم يەڭسە، نىزامباي نەق مەيداندىلا قولىغا ئەللىك تىللا ساناپ بەرمەكچى، ئەللىكتىللا!...

«ئەللىك تىللا!— دەپ ھاياجاندىن چوڭقۇر نەپەس ئالدى ئۆمەر، — ئەللىك تىللا دېگەن ھېلىقى ئاتامدىن قالغان تىللالارنىڭ يېرىمىدىن كۆپ ئەمەسمۇ؟ بارات ئىككىمىز قىرىق توققۇزغا رازى بولماي ئەللىكنى ئالىمەن، دەپ ھەممە تىللادىن قۇرۇق قالمىغانمىدۇق - ھە!... قولدىن كەتكەن ئەللىك تىللانى خۇدايىم مۇشۇ يەردىلا قايتۇرۇپ بېرىۋەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس. . . يېڭىلىپ قالسام ناھايىتى مەيداندىن شەرمەندە بولۇپ چىقىپ كېتەرمەن. بۇ يەردە مېنى كىم تونۇيتتى... يىقىلغان پۇل تۆلەيدىغانمۇ ئىش بارمۇ يە!؟»

ئۆمەر يېنىدىكى كىشىدىن سوراپ كۆردى.

— مەيدانغا چۈشكەن ئادەم يېڭىلىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

— قانداق بولاتتى، يېڭىلىپ قالساڭ مەيداندىن سۆڭگۈچۈڭنى سۆرەپ قايتىپ چىقىسەن. ئۆلۈك - تىرىكىڭگە ئۆزۈڭ ئىگە.

— ئۇتتۇرغان پۇلنى قايتۇرىدىغان ئىش يوقتۇ؟

— ئاڭلاۋاتقانسەن، پۇلنى نىزامباي تۆلەيدۇ، ئۇ شەھىرىمىزدىكى كاتتا بايلارنىڭ بىرى. ئەللىك تىللا دېگەن ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىتى...، - سۆزلەۋاتقان ئادەم تۈيۈقسىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ ئۆمەرگە بېشىدىن - ئايىغىچە بىر

قاردى - دە، - خېلى قاۋۇل يىگىت كۆرۈنسەن، بىر تەلەي سىناپ باقامسەن - يە؟ ئاڭلاۋاتقانسەن، ئۇتساڭ ئەللىك تىللا بىردەمدىلا جىرىڭلاپ يانچۇقۇڭغا چۈشىدۇ،— دېدى.

— بىر تۇتۇشۇپ باقاي دەيمەن،— دېدى ئۆمەر، — سەل قورقۇۋاتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆمەرنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى. قىزىقچىلىق كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ تۇرغان ئادەملەر ئۇنى:

— قېنى، بىر تەلەي سىناپ باقامسەن!

— قورقما، يىقىلساڭ يەر كۆتۈرىدۇ.

— ئۇتقانغا ئەللىك تىللا - ھە! ...،— دەپ دەيدەيگە سالغىلى تۇردى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— مانا، بۇ يەردە بىر يىگىت مەيدانغا چۈشمەكچى!— دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ھە، مانا! خۇداغا شۈكرى،— دەپ تولۇلدى ئوتتۇرىدىكى دەيدەيچى، — ئەللىك تىللا نىزامباينىڭ يانچۇقىغا قايتىپ چۈشۈپ كېتەمدىكىن، دەپ بەك ئەندىشە قىلغانىدىم. ئەللىك تىللانىڭ ئىگىسى چىقتى؛ قېنى يىگىت، مەيدانغا كەل!

ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئادەمنى يەرگە ئۇرغان قادىر قاۋان بىلەن ئېلىشىشقا تەۋەككۇل قىلغان قايسى نوچىدۇر، دەپ سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇرغان بايلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. ئەمدى مەيدانغا چۈشمەيمۇ بولمايتتى. ھەممىنىڭ كۆزى ئۆمەرگە تىكىلگەنىدى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ ئارقىسىدىن ئىتتىرىۋىدى، دېگەندەك ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى.

— قېنى، ھە ئوغۇل بالا قورقما!

— مەدەتنى ئىگەمدىن تىلە!

كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىقاس - چۇقانلىرى ئىچىدە ئۆمەر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ توپا سورۇپ ئولتۇرغان پالۋاننىڭ ئالدىغا

باردى. پۈتۈن مەيدان جىمجىت سۈكۈتكە چۆكتى. قادىر قاۋان ئالدىدا تۇرغان چېلىشچىنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا مەيىن تۈك چىققان بىر خام سويما ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئەمما، مۇنداقلارنى سەل چاغلاشقىمۇ بولمايتتى. مۇنداق ياشلىق قۇرامىغا يەتكەن بەدەندە قارا كۈچ بولىدۇ. قادىر ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپ ھەيۋە قىلدى.

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟

— بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن.

— خوتۇنۇڭ بىلەن خوشلىشىپ كەلدىڭمۇ؟

— مېنىڭ خوتۇنۇم يوق.

— ھە، تېخى بالا ئىكەنسەن، ماڭ بېرىپ ئاناڭدىن رازىلىق ئېلىپ كەل!

— ئاناممۇ يوق.

— جاندىن تويغان بىر يالاڭتۆشمەن، دېگىنە!

— تولا يوغان سۆزلىمەي ئورنۇڭدىن قوپمامسەن!

قادىر قاۋان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ باش - كۆزىدىن توپا قۇيۇلۇپ تۇراتتى. قادىر سۇدىن چىققان ئىتتەك ئۆزىنى بىر سىلكىشتۇردى - دە، ئېتىلىپ بېرىپ ئۆمەر بىلەن بەل تۇتۇشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ قىقاس - چۇقانى باشلاندى.

— تاشلا!

— يەرگە ئات!

— ھاي يىگىت، بوش كەلمە!

ئۇلار خېلىغىچە مۇرىلىرى بىلەن بىر - بىرىنى ئالدى. كەينىگە ئىتتىرىشىپ، توپىلىق يەردە پىرقىراشقا باشلىدى. قادىر قاۋان ئۆمەرنىڭ بېلىدىن قورۇپ ئالدىغا تارتىپ، تۇيۇقسىز بېشىغا كۆتۈردى - دە، يەرگە ئاتتى. ئۆمەر يەرگە ئۆرە پېتى تىككىدە چۈشتى.

ھەممىنىڭ ئاغزىدىن تەڭ چىققان «ئوھوي!» دېگەن ئېغىر

تىنىق گۇرۇلدەشكە ئايلىنىپ توختاپ قالدى. قاۋان ئېتىلىپ كېلىپ، ئۆمەرنى ئىككىنچى قېتىم بېشى ئۇستىگە ئالدى - دە، يەنە ئاتتى. بۇ قېتىممۇ ئۆمەر يەرگە تىككىدە چۈشۈپ ئۆرە تۇرۇپ قالدى. ئۈچىنچى قېتىم تۇتۇشقاندا ئۆمەر قاۋاننى بېلىدىن ئەپلىك تۇتۇۋالدى. قاۋان بولسا ئۆز كۈچىنى خېلىلا خورىتىپ ھاسىراپ قالغانىدى. ئۆمەر بار غەيرەتنى يىغىپ، «ياپىرىم!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قاۋاننى يەردىن يۇلۇۋالدى.

— ئاپىرىن يىگىت! — دەپ چۇقان سېلىشتى ئەپراپتىكىلەر.

— قاراڭلار، قاراڭلار، ئەنە ئۇ بەلدىن ئېلىپ باشقا كۆتۈردى.

— كىم كىمنى كۆتۈردى؟ — دەپ سورايتتى ئارقىدا تۇرۇپ قالغانلار پۇتىنىڭ ئۇچىدا يۇنداپ.

— ھېلىقى يىگىت قاۋاننى كۆتۈردى.

— بېشىچە قوي!

— ئاتاڭغا رەھمەت يىگىت! . . .

ئۆمەر قادىر قاۋاننى بېشىدا پىرقىراتماقتا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ يوغان مەخلۇقنى يەرگە ئېتىشقا مادارى يەتمەيتتى.

— ئوغۇل بالا بولساڭ ئاتماسەن! ؟ — دەيتتى قاۋان ئۆمەرنىڭ بېشى ئۇستىدە تۇرۇپ، — يائاللا، سەن چېلىشچى ئەمەس، خوجايىنىڭنىڭ بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆگەنگەن مەدىكار ئوخشايسەن...

ئۆمەرنىڭ شۇ يوغان گەۋدىسىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئېلىشىنىڭ ئۆزى چوڭ جاسارەت ئىدى. ئۇنى يەرگە ئېتىشقا ماغدۇرى يەتمەيۋاتاتتى. قاۋان بولسا ئىككى قولى بىلەن ئۆمەرنىڭ بېشىنى چىڭ قاماللىۋالغانىدى. بارغانسېرى ئۆمەرنىڭ تىزلىرى ئېگىلىپ، بېلى پۈكۈلۈپ كەتتى. قادىر قاۋان ئۇنى بېسىپ ئۇستىگە يىقىلدى.

— يارايسەن، يارايسەن! — دېدى قادىر قاۋان ئاستىدا قالغان ئۆمەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، دولىسىغا ئۇرۇپ، — خېلى غەيرىتىڭ بار ئىكەن.

ئۆمەر ئارزۇ قىلغان ئەللىك تىللا يەنە خەقنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۆمەر دەلدەڭشىپ ماڭغىنىچە چەتكە چىقىپ، بىر تامغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپقۇدەكمۇ ماغدۇرى قالمىغانىدى. مەيداندىكى ئادەملەر بىر - بىرلەپ تارقىشىۋاتاتتى... تۇيۇقسىز ئۇنى بىرى چاقىرىپ قالدى.

— هاي، نېمە ئادەمسەن؟

ئۆمەر بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئات ئۈستىدە تۇرغان سۆلەتلىك بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئويناقلاپ تۇرغان قومۇش قۇلاق ئارغىماق، خىلمۇ خىل كۆزلەر قۇيۇلغان قىممەت باهالىق ئېگەر - جابدۇق، مەخمەل يوپۇق، نەقىش ساپلىق چىرايلىق ئۆرۈلگەن قامچا ۋە كۈمۈش ئۈزۈڭگىلەر بۇ ئادەمنىڭ ناهايىتى باي كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ تامنى تىرەپ ئورنىدىن تۇردى ئۆمەر.

باي ئۇنى تونۇپ قالدى.

— سەن هازىر چېلىشقا چۈشكەن يىگىت ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، باي ئاكا.

— ئەجەب ئۇنى يەرگە ئاتالمىدىڭا؟

— قورسىقىم ئاچ ئىدى.

— قورسىقى ئاچ تۇرۇپمۇ چېلىشقا چۈشكەن بارمۇ؟

— ئامىتىم كېلىپ قالسا ئازراق پۇللۇق بولۇپ قالارمەنمىكىن، دېگەنتىم.

— ئامەت! — دەپ كۈلدى باي، — ئامەت قوغلاشقاندىن قاچىدۇ.

— شۇنداق، باي ئاكا.
— ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمسەن؟
— ئىشلەمچىمەن، باي ئاكا، قىلغۇزغۇدەك ئىش - پىشلىرىڭىز يوقمىدى؟
— ئۆزۈڭ قەيەرلىكسەن؟
— بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن.
— ئوغرىلىق قىلمايدىغانسەن؟
— يوقسۇ، سىلىدەك ئۇلۇغلارنىڭ ئىشىغا هارام نىيەت بىلەن قول سېلىشتىن خۇدا ئۆزى نېرى قىلسۇن!
— ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن، مېنى تونۇمسەن؟
— تونۇمايدىكەنمەن.
— بۇ شەھەردە مېنى نىزامباي دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق، بىلىپ قوي!
— مۇشۇ سۆلەتلىرىدىنلا سىلىنىڭ كاتتا دۆلەتمەن ئادەم ئىكەنلىكلىرىنى پەملەپ بولدۇم. بىر ئاتىدارچىلىق قىلسىلا، هېچنېمەم يوق يېتىممەن.
— بولىدۇ، كۆچۈڭ باردەك قىلىدۇ، ياخشى ئىشلىسەڭ مېنىڭدە دائىملىق ئىشلەپ قالىسەن. ئاۋۋال كۈنلۈك ئىشلەپ باق. قېنى، هەققىڭگە قانچە تەلەپ قىلىسەن؟
— قورسىقىمغا ئۈچ ۋاخ يېگۇدەك بىر نەرسە بەرسىلە، يېتىپ - قوپىدىغان ئورنۇملا بولسا بولىدۇ، ئارتۇق نەرسە تەلەپمۇ قىلمايمەن.
— ياخشى گەپ، قېنى ئارقامدىن ماڭ!
ئۆمەر، باينىڭ ئارغىمىقىنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭلار ئىچىدە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شەهەرنىڭ ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرى بىلەن كەتتى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئايىم

نىزامباينىڭ شەھەر سىرتىدا كاتتا بىر بېغى بار ئىدى. بۇ باغدا ئالما، ئانار، نەشپۈت، شاپتۇل، ئەنجۇر، ئۈزۈم دېگەندەك، مۇشۇ يۇرتتا ئۆسەلەيدىغان مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىلى تېپىلاتتى. بۇ باغدا نىزامباينىڭ چوڭ خوتۇنى ئايىم تۇراتتى. باغنىڭ بىر تەرىپىدە چوڭ خوتۇن ئۇچۇن سېلىنغان پېشايۋانلىق ئايۋان بار ئىدى. بۇ ھەشەمەتلىك قورۇلۇشنىڭ ئەتراپىنى گۈللۈكلەر ئوراپ تۇراتتى. ھەممە نەرسە شۇنچىلىك پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆۋرۈكلىرىگە نەقىشلەر چېكىلگەن چىرايلىق بىر شىپاڭ، شىپاڭ يېنىدا چوڭ بىر كۆل بار ئىدى. بۇ يەردىكى سالقىنلىق ۋە تازا ھاۋا، كۆل بويىدىكى ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەر يېشىل ئوتلار بىلەن قاپلانغان كۆل سۈيىنى سۈزۈك ۋە مۇزدەك ساقلايتتى. باغنىڭ مېۋىلىرى سېۋەتلەرگە قاچىلىنىپ ھەپتىدە بىر قېتىم شەھەر ئىچىدىكى نىزامباينىڭ باشقا ئۆيلىرىگە، ئېشىپ قالغانلىرى باققاللارنىڭ دۇكانلىرىغا توشۇلاتتى. باغقا قارايدىغان ئىشچان باغۋەن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈچتىن قالغان بولۇپ، ئەمدى ئۇ باغ يوللىرىدىكى ئوتلارنى يۇلۇش، مېۋىلەرنى ئۇلاش - چاتاش، ۋاقتى- ۋاقتىدا سۇ قويۇش، گۈللەرنى پەرۋىش قىلىش، تاملارنىڭ شورلىرىنى ئېتىش، چۈشكەن مېۋىلەرنى يىغىش دېگەندەك تۈگىمەس ئىشلارغا ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى. نىزامباي

ئۆمەرنى ئەنە شۇ ئىشلارغا ياردەمگە ئەكەلگەنىدى.

ئۆمەر بۇ يەردە كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. قېرى باغۋەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى مېھرىبان ئادەملەردىن ئىدى. باغۋەن باغنىڭ بىر بۇرجىكىگە سېلىنغان ئاددىي ئۆيدە تۇراتتى. ئۆمەرنىڭ تامىقى ئۇلار بىلەن بىللە بولدى. باغۋەن بوۋاي ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كەتمەن، گۈرجەك، كونا سېۋەت، ئۈزۈم نوتىلىرىنى باغلايدىغان چىگىلەر، پالتا، قايچا دېگەندەك نەرسىلەر قويۇلغان ئۆينى بىكارلاپ، ئۆمەرگە ياتاق ئۆي قىلىپ بەردى. باغۋەننىڭ ئۆمۈر بويى تىنىم تاپماي ئىشلەپ مۇكچىيىپ كەتكەن ئايالى ئۆمەر تۇرىدىغان ئۆينى سۈپۈرۈپ تازىلاپ، قۇراق سېلىپ تىككەن پاكىز يوتقان - كۆرپىلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار بۇ ياش يىگىتنىڭ پەيدا بولغانلىقتىن ناھايىتى خۇرسەن ئىدى. ئۆمەر ئۇلارنى باغدىكى نۇرغۇن ئېغىر - يېنىك ئىشلاردىن ئازاد قىلاتتى.

ئۆمەر ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئوقۇپ تۇرىدىغان بەش ۋاخ نامىزىنى يەنە باشلىۋالدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر قوپۇپ، تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئۆتەپ، چاي ۋاقتىغىچە يەنە باغدا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بولاتتى. ھەر جۈمە كۈنى قېرى باغۋەنگە ئەگىشىپ بېرىپ مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى چوڭ مەسچىتتە جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ كېلەتتى. بۇ ئادەتلىرى بىلەن ئۇ باغۋەننىڭ ئائىلىسىگە ۋە نىزامبايغا يېقىپ قالدى. باي ئۇنى يىللىقچى قىلىپ ياللىۋالدى. ئۇنىڭغا تامىقىنى بېرىشتىن باشقا، ھەر يىلى يازلىق - قىشلىق ئىككى قۇر كىيىم، ئازراق ئىش ھەققىمۇ بېرىشكە توختام تۈزۈلدى.

ئۆز تۇرمۇشىنىڭ يولغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەر خۇداغا شۈكرى ئېيتاتتى. ئۈستى ئوچۇق زىنداندىكى ۋە بۇ شەھەردە ئىش تاپالماي ئاچ - توق يۈرگەن چاغلىرىدىكىگە قارىغاندا، بۇ يەردە ئۇ ئۆزىنى جەننەتتە ياشاۋاتقاندەك ھېس

قىلاتتى. بەزىدە بۇ باغ ئۆزىنىڭ سالقىنلىقى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، گۇللەرنى ئايلىنىپ يۈرگەن ھەرىلەرنىڭ غوڭۇلداشلىرى، كېپىنەكلەرنىڭ پەرۋاز قىلىشلىرىغا چۆمۈلۈپ شۇنچىلىك گۈزەل بولۇپ كېتەتتىكى، بۇ باغنى بىنا قىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلىگەن نىزامباينىڭ ئۆزىمۇ بۇ گۈزەللىكلەردىن بەھرە ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم ئىدى. باي باغقا كەمدىن كەم كېلەتتى. ئۇ قەيەرلەردىدۇر ئۆزىنىڭ سودا ئىشى بىلەن پالاقلاپ، تېرە، يۇڭ، گەزماللىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. خوتۇنلىرى ئارىسىدىكى تۈگىمەس ماجىرالار، سودىدىكى پايدا - زىيان ئىشلىرى بىلەن ئازاب چېكىپ يۈرەتتى. ئەگەر باينى ھوزۇرلىنىدۇ دېسە، ئۇ پەقەت بۇ كاتتا باغنىڭ ئۆز نامىدا ئىكەنلىكىدىنلا ھوزۇرلىناتتى.

تۇرمۇشتا شۇنداق ئىشلارمۇ بولىدۇكى، بەزى ئادەملەر كۆركەم سارايلارنى ياسىتىپ، ئۇنى ئېسىل گىلەم، ئۆي جابدۇقلىرى بىلەن تولدۇرۇپ قويۇپ، بۇ سارايلارنى پاسكىنا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ تۆۋەنگە يەنە ئاشخانا ئۆيلەرنى ياسىتىدۇ ۋە ئۆمرىنىڭ تولىسىنى ئەنە شۇ سارايلاغا يانداپ سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەردە ئۆتكۈزىدۇ. بايلار نام - شۆھرەت ئۈچۈن سالدۇرغان ئاجايىپ بىنالارنىڭ ئۆمرى ھامان ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمرىدىن ئۇزۇن بولىدۇ. شۇ كاتتا سارايلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرسىڭىز، ھەقىقىي ھوزۇرنى ئالغانلار شۇ ئۆيلەرنى ياساتقۇچىلار ئەمەس، باشقا بىرلىرى بولۇپ چىقىدۇ... ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلارنى سالدۇرغان پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ھالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر. ئۇنىڭغا شۇ مېھمانخانىلاردا يېتىش پۇرسىتى يىلىغا بىرنەچچە قېتىملا بولىدۇ ياكى مەڭگۈ بولمايدۇ. ئۇ يەرنىڭ ھەر كۈنىدىكى قەنتىنى باشقىلار چاقىدۇ.

ئۆمەر باغدا ئىشلەپ يۈرۈپ باغنىڭ ھوزۇرىنى سۈرەتتى.

پېشىپ يېتىلگەن ئەڭ شېرىن مېۋىلەرگە بىرىنچى بولۇپ ئېغىز تېگەتتى. قۇشلارنىڭ ئاۋازى، گۈللەرنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئاۋۇتاتتى. ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ سارغايغان چىرايىغا قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قورساق بېقىش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇلغان ھېسسىياتلار، ياشلىق سېزىملىرى قايتا يېتىلىشكە باشلىدى.

بەزىدە ئۆمەرگە باغقا سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن باغدىن چىقىپ، تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ، يىراقتىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىغىچە بېرىشقا توغرا كېلەتتى. دەرۋازىسى قىيا ئوچۇق تۇرغان ھويلىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۈزۈم باراڭلىرى ئاستىدىكى سۇپىلاردا ئولتۇرۇپ، چىنىنىڭ كۆتىكىدىكى ئوسما سۈيىگە پەلكۈچلىرىنى چىلاپ ئوسما قويۇۋاتقان قىزلار چېلىقىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ كېتەتتى. بەزىدە يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا پۈركەنجىلىك چوكانلار ئۇچرايتتى. ئۇلارنىڭ جامالى چۈمبەل بىلەن يېپىلغان بولسىمۇ، يەنە ئۇلارنىڭ تولغىنىپ مېڭىشلىرى، پۈركەنجىنىڭ بىر بۇرجىكىنى نازاكەت بىلەن چىمدىپ تۇتقان خىنە قويۇلغان نازۇك بارماقلىرى ئۆمەردە تاتلىق سېزىملارنى قالدۇراتتى. ئۆستەڭدىن قاپاقلارغا سۇ ئەكېلىۋاتقان قىزلارنى كۆرگەندە، ئۆمەرگە بۇ گۈزەل قىزلارنىڭ كۈندە قارايغان ئاياغلىرىدا سانسىز قوڭغۇراقلار جاراڭلاۋاتقاندەك، ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن توپىلىق يوللارغا گۈللەر تۆكۈلۈپ، ئەتراپقا كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق تارقىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بەزىدە ئۇ قېرى باغۋەننىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى باراڭ ئاستىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، باغنىڭ تېمى ئارقىسىدىكى كوچا تەرەپتىن قىزلارنىڭ كۈلكىلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۆمەر يېۋاتقان تامىقىنى ئۇنتۇپ، ئىختىيارسىز تام ئارقىسىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ قالاتتى. موماي بىلەن بوۋاي

بولسا بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ كۈلۈمسىرىشەتتى.

— هە، ئالدىرىما، ئوغلۇم، — دەيتتى باغۋەن، — ئوبدان ئىشلەپ، تاپقان پۇللىرىڭنى زايە قىلماي يىغقىن، مۇشۇ ئەتراپتا ئوبدان ئادەملەرنىڭ چىرايلىق قىزلىرى بار. ھەرقانداق كىشى سېنىڭدەك يالغۇز يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىشقا جان دەپ ماقۇل بولىدۇ...

ئۆمەر مۇنداق چاغلاردا ۋىلىلدە قىزىراتتى - دە، باغۋەننىڭ ياخشى تىلىكىگە كۆڭلىدە خۇشال بولۇپ، كەتمىنىنى ئېلىپ باغقا قاراپ كېتىپ قالاتتى. باغ ئىچى ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. قۇياش نۇرىدا يوپۇرماقلار تېخىمۇ يېشىل، ئاسمان تېخىمۇ كۆپكۆك، گۈللەر تېخىمۇ رەڭدار جۇلالىنىۋاتقاندەك، ھايات ئۇنىڭغا تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئېچىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

نىزامباينىڭ بۇ چوڭ بېغىدا تۇرىدىغان ئايالىنى ھەممە ھۆرمەتلەپ «ئايىم» دېيىشەتتى. ئايىم تولۇق قامەتلىك، گەپ-سۆزى جايىدا، ئاپئاق، سۈزۈك مەڭزلىرىدىن قىزىللىقى كەتمىگەن كېلىشىملىك خوتۇن ئىدى. ئۇ، باينىڭ تېخى نىزامباي ئاتىلىپ شەھەرگە تونۇلمىغان ۋاقتىدا ئالغان تۇنجى ئايالى بولۇپ، ئايىمنىڭ ئاتىسى شەھەردىكى پۇلدارلاردىن ئىدى. نىزامباي كېيىن، تېرە، يۇڭ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ قېيىن ئاتىسىنىڭ يۆلىشى بىلەن تېزلا بېيىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلاردىن تېرە - يۇڭ يىغىدىغان مەخسۇس ئادەملىرى، بىرقانچە يەردە خۇرۇم، شاۋرۇن ئىشلەيدىغان ئىشخانىلىرى بار ئىدى. ھازىر نىزامباينىڭ سودا - سېتىق دائىرىسى يۇڭ - تېرىلەردىن ھالقىپ، ماتا - چەكمەن، گەزمال، ئالتۇن - كۈمۈش سودىلىرىغىچە بېرىپ يەتكەنىدى. نىزامباي ئۆزىنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن دائىملا ئالدىراش يۈرەتتى. پايدا چىقىدىغان بىرەر پۇرسەت، بىرەر يوچۇقنىمۇ

قولدىن بەرمەيتتى. نىزامباي ئۆزى بىر ئاز ئەيمىنىپ ھۆرمەت قىلىدىغان قېيىن ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئايىمنىڭ ئۈستىگە ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ خوتۇن ئالدى. خوتۇنلىرى ئۈچۈن شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئايرىم - ئايرىم جايلارنى سالدۇردى. ئايىمنى بولسا پېشايۋانلىق ئايۋانلارنى ياستىپ مۇشۇ باغقا كۆچۈرۈپ قويدى. ئىككى چاكار ئايال بۇ يەردە ئايىمنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئاش - تامىقىنى ئېتىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. باي ئايىمنى خىراجەتتىن قىسمايتتى، چوڭ باغ ئايىمنىڭ ھەرقانچە يايراپ، ئەركىن يۈرۈشىگە يېتەتتى. لېكىن، ئايال كىشى ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ-دە! ؟ ئايىم نىزامبايدىن يەنە مۇھەببەت تەلەپ قىلاتتى، باي بولسا ئۇنىڭغا ئېشىنالماس بولۇپ قالغانىدى.

دەسلەپكى چاغلاردا نىزامباي باغقا ئايدا بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ قونۇپ كېتىپ يۈردى. كېيىن - كېيىن ئاياغ باسماس بولدى. ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ تۈگىمەس سودا - سېتىق ئىشلىرى، قايسىبىر سودىگەرنىڭ ۋەدە قىلغان چەكمەنلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كەلمىگەنلىكى، خۇرۇم ئىشلىگۈچى ئۇستىلارنى ئوبدانراق رازى قىلىش ئۈچۈن خۇرۇملارنى يىراققا توشۇپ ياخشى پۇل قىلىش لازىملىقى، شەھەر بايلىرى بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىلەر، بەگلەرگە تاپشۇرىدىغان سوۋغا - سالام ۋە يەنە قانداقتۇر بىر دەۋا ئىشلىرى توغرىسىدا ئايىمغا ئەسكەرتىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئېيتاتتى. ئەمما، ئايىمنىڭ نەزەرىدە بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق بىر باھانە ئىدى. ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۈندۈزى پۈتتۈرسە بولىدىغانلىقىنى ئايىم ئوبدان بىلەتتى. نىزامباينىڭ كېچىلىك ۋاقىتلىرى ياش خوتۇنلىرى بىلەن ئۆتەتتى. بۇلارنى ئويلىسا ئايىمنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى.

يالغۇزلۇقتا ئۇزۇن كېچىلەرنى تاڭغا ئۇلىماق ناھايىتى

قىيىن ئىدى، ئايىم قىلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە يېتىپ نىزامباينىڭ ئۆزىنى ئەركىلەتكەن چاغلىرىنى، دائىما ئۇنىڭ قېشىدا بولغان كۈنلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئانچە باياشات بولمىسىمۇ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەنىدى. نىزامباي ئايىمنى ئەتىگىنى خاپا قىلىپ قويۇپ كەتسە، كەچلىكى كېلىپ كۆڭلىنى ئالاتتى. بۇ باغدا ھازىر مېۋە- چېۋىلەر تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، نىزامباي ئۆز قولى بىلەن ئەكېلىپ سۇنىدىغان بىر تال ئالمىغا يەتمەيتتى؛ ئاشپەز خوتۇنلار ھەر خىل تاماقلارنى ئېتىپ ئالدىغا قويسىمۇ، يەنە نىزامباي ياغلىقىغا تۈگۈپ بازاردىن ئەكېلىدىغان بىرقانچە دانە سامسىنىڭ لەززىتى باشقىچە ئىدى…

ئايىم خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئالتۇن جابدۇقلىرىنى يىپەك ياغلىققا تۈگۈپ، ئىسسىقتۇ - سوۋۇقتۇ ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئالدىغا قاتراپ يۈردى. نىزامباي تاسادىپىي ئۇنىڭ يېنىدا بولۇپ قالىدىغان كۈنلەردە ئۇ ئىسسىقتۇ ئوقۇلغان ناۋاتلارنى سېلىپ ئۇنىڭغا چاي دەملەيتتى. باي پەي ياستۇقلارغا بېشىنى قويۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمغۇدەك بولسا ئايىم قاراڭغۇ باغدىكى ساراڭ باخشى، يار كوچىدىكى ئاقساق خوتۇن ئۆگىتىپ قويغان ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا ھۈرەتتى. مۇشۇنداق بىھۇدە ئاۋارىچىلىكلەر بىلەن ئايىمنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن جابدۇق، تەڭگە - تىللالىرى قانداقتۇر رەمباللار، ئىسسىقتۇ قىلىدىغان خوتۇنلار، ئەپسۇن ئوقۇپ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنى يۇڭۇزلانغان پىتى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەلەيدۇ، دەپ داڭقى چىققان سېھىرگەرلەرنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى. لېكىن، بۇ پالاقلاشلارنىڭ نەتىجىسى ئەكسىچە بولۇپ؛ نىزامباينىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئايىم تەرەپكە يەتمەس بولۇپ قالدى. «ھەي جادۇگەرلەر! — دەپ قاغىيتتى ئايىم ئىچىدە نىزامباينىڭ باشقا خوتۇنلىرىنى، — سىلەرنىڭ ھىيلە - مىكىرىڭلار مېنىڭكىدىن

ئۆزۈڭگە ئەپسۇنلىرىڭ ئۇقۇتقان ئېشىپ كېتىۋاتسا كېرەك. نامرات بىرەر نېمىشقىمۇ ئايىم: بەزىدە «... ! يېنىپ ئۆلۈشەرسەن دەپمۇ بولغىدىم، قالمىغان بولۇپ ئايالى دېھقاننىڭ ياكى كاسىپ ئۆيلەردە قىيسىق بۇلۇڭىدىكى بىر باغنىڭ چېكەتتى. ھەسرەت چۈنكى كېلەتتى. ھەۋىسى مومىيىغا باغۋەننىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ۋە خۇشاللىق تۇرمۇشتىكى قېرىپ، تەڭ بولسىمۇ نامرات ئۇلار كېتىۋاتاتتى. ئۆتۈپ تارتىپ تەڭ ئېغىرچىلىقلارنى قالدى. بولۇپ بېرىدىغان تەن تەقدىرىگە ئۆز ئايىم بارا - بارا

يەتكەن چامى نىزامبايلىمىدى، يالغۇز ئالغانلار خوتۇن تۆت ئايىم ئۈستىگە ئۇنىڭ ئالىدۇ. خوتۇن تۆت مۇسۇلمان ھەرقانداق باشقا باينىڭ بېرەلمىدى. تۇغۇپ پەرزەنت بىرەر نىزامبايغا ئۇلارنىڭ بولۇپ، جەلپدار ۋە ياش خوتۇنلىرى كىچىك ئىدى. بار پەرزەنتى ئىككىدىن بىر - نىزامباينىڭ ھەربىرىدىن بىلدۈرۈپ، قانائىتىنى - شۈكرى خۇداغا كۈننى ئەمدى ئايىم بالىسى ئۆتكۈزەتتى. جايىنامازدا بىلەن ناماز ۋاخ بەش كېيىن بايدىن بولۇپ يامىنى كۈننىڭ ياخشى بولمىغانلىقتىن ئايىمغا يىغاتتى. كۈمۈش - ئالتۇن دەپ بولىدۇ، لازىمى قالسام يېتىپ ئۆمۈر بىر ئۇنىڭ دۇنيالارمۇ - مىراس تەگكەن ئاتىسىدىن - يېتىم ئايىم رامىزانلاردا - روزا ئاشاتتى. يېتىپ يېيىشىگە ئىنئام پۇل مەسچىتلەرگە بېرەتتى. سادىغا غېرىبلارغا يېسىر، پاراڭلىشىپ پېشايۋاندا بىلەن ئاياللار ئىشلەمچى باغدىكى قىلاتتى. ئاياللىرىنىڭ مۇسۇلمان ئۇلارغا چاغلىرىدا قالغان ئولتۇرۇپ ئىشلار، دۇنيالىقتىكى - بۇ دۇنيا ئۇ بۇرچى، تېگىشلىك ئۆتەشكە شۇڭا، بېرەتتى. قىلىپ كىتابخانلىق ھەققىدە راھەتلەر ۋە ئازاب ئۇلۇغلۇقىنىڭ ۋە پاكلىق ئايىم نەزەرىدە ئاياللارنىڭ ئىشلەمچى تېخى ئايىم قىلىۋېرىپ ۋەزخانلىقلارنى ئاشۇنداق ئىدى. نەمۇنىسى خېلى قېرىپ ئۆزىنى قارىماي، كەلگىنىگە ياشلارغا قىرىق ئەمدىلا بولۇپ قىلىدىغان ھېس ئاياللاردەك قالغان بېرىپ ياشلارغا

قالغانىدى. ئەتراپتىكى ئاياللار شۇ خىسلەتلىرى ئۈچۈن ئۇنى «گۆھەر بانۇم» دېگەن ئىسمى بىلەن چاقىرماي، ھۆرمەت بىلەن «ئايىم» دېيىشەتتى.

بۇ باغدا ياش ئىشلەمچى ئۆمەر پەيدا بولۇشى بىلەن، ئايىمنىڭ كۆڭلىدىكى سەۋرى - تاقەت تۇزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ھېسسىياتلىرى قايتا باش كۆتۈرۈپ پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى. بۇ خۇددى ئۆچۈپ قېلىشقا ھازىر بولۇپ تۇتەپ تۇرغان ئوتنى تۇيۇقسىز كەلگەن بىر شامال قايتا يالقۇنجىتىۋەتكەندەك بىر ئىش بولدى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# جېنىم قوزام

ئۆمەر ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئايىمنىڭ ئاشخانىسىدىكى يوغان تۇڭنى كۆلنىڭ سۈزۈك ۋە مۇزدەك سۈيى بىلەن تولدۇراتتى. ئاندىن يەر ئاغدۇراتتى، مېۋىلەرنى تېرەتتى. ئىشلەۋېتىپ غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ قوياتتى. ھارغاندا يېشىل چۆپلەر ئۈستىدە ئالقىنىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئاسمانغا قارىغىنىچە خىيالغا كېتەتتى. ئۇ خىيالىدا كىچىكىدە ئويناپ چوڭ بولغان كوچىلارنى، ئاتىسىنى، ئالەمنىڭ قايسىبىر چېتىدە قالغان قاغىلىق باغنى، ئىنىلىرى بارات بىلەن سەپەرنى كۆرەتتى. بەزىدە ئۇ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى يوغان يوتىسىغىچە تۈرۈۋېتىپ، ئېچىقلارنى ئېچىپ، ئېرىقلارغا سۇ باشلايتتى. ئايۋاننىڭ ئەتراپىدىكى گۈللۈكلەرگە، ئانار، ئۈزۈملەرگە سۇ تۇتاتتى.

ئۆمەرنىڭ دائىم شۇنداق كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ، باغنىڭ يوپۇرماقلار سايە تاشلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقلىرى ۋە ياكى قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقلىرىدا يۇگۇرۇپ يۈرگىنىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقلىرى ياكى ئوچۇق قالغان مەيدىلىرىدىن بۆرتۈپ چىققان بولجۇڭ گۆشلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا پېشايۋانغا چىقىپ قالغان ئايىم بۇ ئىشلەمچىگە ئىختىيارسىز قاراپ تۇرۇپ قالاتتى - دە، تەسۋى سىيرىۋاتقان قوللىرى توختاپ، ئوقۇۋاتقان ئايەتلىرىدىن ئېزىپ كېتەتتى. ئۇ يەنە دەرھال ئېسىنى يىغىپ، تەسۋىسىنى ئىتتىك - ئىتتىك سىيرىپ: «خۇدا، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!» دەپ پىچىرلىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى.

ئۆمەر ئايىمنى كۆرگەندە ۋىللىدە قىزىرىپ، بېشىنى يەردىن ئېگىز كۆتۈرمەي سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ دوغىلاق يىگىتنىڭ تومپىيىپ چىققان مۇسكۇللىرى، كەڭ مەيدىسىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان مەيىن تۈكلەر، ئۇنىڭ مەزمۇت دەسسەپ گۇرسۇلدەپ مېڭىشلىرى يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياشلىق ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنى نامايىش قىلىپ تۇراتتى. يىگىت بارا - بارا ئۆز سىياقى بىلەن ئايىمنىڭ كۆز ئالدىدىن كېچە - كۈندۈز كەتمەي، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ بىئاراملىق ئايىم ئۈچۈن ناھايىتى يېقىملىق بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغان سېزىملىرىنى غىدىقلاپ، ئۇنى قانداقتۇر بىر گۇناھنى سادىر قىلىشقا قۇترىتاتتى. «تۇۋا! — دەيتتى ئايىم ئۆز - ئۆزىگە، - مەن نېمە بولۇۋاتىمەن ئۆزى؟... بۇنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ ئىشى! ...»

ئايىم شەيتاننى ئۆزىدىن قاچۇرۇشقا قانچە تىرىشسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىدىن نېرى بولالمايتتى. ئايىم ئەنە شۇنداق ئۆزىنى پاك تۇتۇش ئازابى بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزۈشنى خالاش تىلىكى

ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشتا ھالسىزلىنىپ كەتتى. ئۇ بەزى كېچىلىرىنى كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇۋېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ماموق چۈشەك ئۈستىدە قىيپالىغاچ يېتىپ بەدەنلىرىنى سىيلايتتى. ئۇنىڭ بەدىنى قاشتېشىدەك سوزۇك، بالا تۇغمىغان ۋە تۇرمۇشنىڭ جاپالىرىغا چېلىقمىغان بولغاچقا تېخى ساغلام ۋە چىڭ ئىدى. نىزامبايىنىڭ ئۆزىنى ناھايىتىمۇ ئەتىگەن تاشلىۋەتكىنىگە ئىچ - ئىچىدىن ئاغرىناتتى.

ئەمدى ئايىم ئايۋان ئالدىدىن ئالدىراش ئۆتۈپ قالىدىغان ئىشلەمچى يىگىتنى چاقىرتىۋېلىپ، پات - پات گەپكە سالىدىغان بولۇپ قالدى. مۇنداق چاغلاردا ئۆمەر ھۆرمەت بىلەن قول قوشتۇرۇپ يىراقتا تۇرۇپلا:

— لەببەي، ئايىم ئاچا، — دەيتتى.

— بېرى كەل، يىگىت، مەن سەندىن گەپ سورايمەن، — دەيتتى ئايىم.

ئۆمەر قورۇنغان ھالدا پېشايۋانغا يېقىنلاپ، يەردىن باش كۆتۈرمەي ئايىمنىڭ ئىش بۇيرۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئايىم ئۇنى زادىلا ئىشقا بۇيرۇمايتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋال ھەققىدىكى گەپلەرنى سورايتتى.

— قەيەرلىكسەن؟

— مەن بۇ شەھەرگە يىراقتىن كەلدىم، مۇساپىرمەن.

— ئاتا - ئاناڭ كىم؟ ئۇلار قەيەردە؟

— ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، يېتىممەن.

ئۆمەر گەپنى ئۈزارتماي، ئىتتىكرەك ئىشقا بېرىش ئۈچۈن سوئاللارغا شۇنداق كالتىلا جاۋاب بېرەتتى. ئايىم بولسا گەپنى سوزۇپ، ئۇنى ئۇزاقراق تۇتۇپ قېلىشقا تىرىشاتتى. بەزىدە ئۆمەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايىمغا قارىغان چاغلىرىدا بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىدە يېنىپ تۇرغان ئوتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتەتتى ۋە ھەيران بولاتتى. ئايىمنىڭ كۆزلىرىدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان بۇ

يالقۇننىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇ چۈشەنمەيتتى.

— يېتىممەن دېگىن، ۋاي بىچارە! — دەپ ئىچ ئاغرىتاتتى ئايىم، — ئۆرۈق - تۇغقىنىڭمۇ يوقمۇ؟

— ھېچنېمەم يوق، — دەيتتى ئۆمەر. ئۇ ئىنىلىرى سەپەر بىلەن باراتنى دەرھال ئېسىگە ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نامىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا كۆڭلى تارتمايتتى.

— ئۆيلەنمىگەنمۇ سەن؟

ئۆمەر قۇلاقلىرىغىنىچە قىزىرىپ كەتتى.

— كەمبەغەلمەن، ئۆيلىنىشكە نەدە پۇل! — دەپ يەرگە قارىدى ئۇ.

— ۋاي بايقۇشەي، ماڭا قارا، مەن ئۆزۈڭنىڭ ئاچىسى ئورنىدىكى قېرىندىشىڭ، بىرەر نەرسە كېرەك بولسا تارتىنماي يېنىمغا كىر!

— رەھمەت، ئايىم ئاچا، ھېچنېمە كېرەك ئەمەس. باغدا باياشات، ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، قورسىقىم توق...

— ھەي ئەخمەق، ئادەم دېگەننىڭ قورسىقى تويسىلا ھېسابمۇ؟ ساڭا باشقا لازىملىق بىرنېمىلەرنى سېتىۋېلىشقا پۇل لازىم بولىدىغاندۇ؟ قارا، ئۇستۇڭدىكى كىيىملىرىڭ كونىراپ چىرىپ كېتىپتۇ. كېرەك نەرسە بولسا تارتىنماي، ئۇدۇللا ئالدىمغا كىرىپ ئېيتىۋەر...

ئايىمنىڭ تۆت - بەش يىلدىن بېرى قول تەگمىگەن پەرداز قۇتىلىرىنىڭ ئەمدى پات - پات ئاغزى ئېچىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قاشلىرىنى تېرىپ، قاپاقلىرىنىڭ ئاستىغا سۈرمە تارتىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس گىرىم قىلاتتى. ياش ۋاقتىدا ياقتۇرۇپ كىيىدىغان يىپەك كۆڭلەكلىرىنى كىيىپ، تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلەتتى. كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان ئۇششاق قورۇقلارنى ئۇزاق ئۇۋۇلايتتى. لېكىن، ئىشلەمچى يىگىت بىرنەرسە كېرەك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا

كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ تولىمۇ تارتىنچاق، يۈرەكسىز ئىدى. ئايىم كۈتۈپ - كۈتۈپ، ئىشلەمچى يىگىت كىرمىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ساراڭدەك قىلىقلىرىغا ئۆزى ئاچچىق كۈلەتتى. يەنە توۋا قىلىپ، نامىزىنى ئوقۇپ، تەسۋىسىنى سىيراتتى... ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئايىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئىستەكلەر يەنە يالقۇنجاپ ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇشقا باشلايتتى. ئايىمنىڭ تارتىنچاق، قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرىدىغان ئەشۇ يىگىتنى باغرىغا باسقۇسى، ئانىلارچە مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلاپ باش - كۆزىنى سىيلىغۇسى كېلەتتى.

بىر كۈنى ئايىم ئۆمەرنى ئاشپەز خوتۇن ئارقىلىق ئالدىغا چاقىرتتى. بۇ تومۇزنىڭ پېشىن نامىزىدىن كېيىن بولىدىغان تازا تىنچىق ۋاقىت ئىدى. مۇنداق ۋاقىتتا باغنىڭ ئېگىز دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كۆل بويىدىن باشقا ھەممىلا يېرى تىككىدە چۈشۈپ قىزىتىپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ تۇراتتى. قۇشلار يوپۇرماقلار ئارىسىغا مۆكۈنۈپ، ھەلقەملىرىنى لىپىلدىتىپ دەم ئېلىشاتتى. باغدىكى چاكارلار بىردەم بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىنى قاراڭغۇ قىلىپ كىرىپ كېتىشەتتى. ئۆمەر كۆل بويىدىكى شىپاڭدا، بورا ئۈستىدە يېتىپ ھاردۇق ئالاتتى. ئاشپەز خوتۇن ئۆمەرنى ئەنە شۇ كۆل بويىدىن ئىزدەپ تاپتى. ئۆمەرنى ئېگىز ئايۋاننىڭ پەلەمپەيلىرى ئالدىغىچە باشلاپ كېلىپ:

— ئىچكىرىگە، ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ساراي ئۆيگە كىرگىن، ئايىم شۇ يەردە، — دېدى - دە، كېتىپ قالدى.

ئۆمەر پۇتىدىكى چورۇقنى تۆۋەنگە سېلىپ قويۇپ، پەلەمپەيلەردىن پېشايۋانغا كۆتۈرۈلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن بىر زال پەيدا بولدى. گىلەم تاشلانغان زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە كىچىك ئىشىكلەر بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر

ئىشىكنىڭ قاناتلىرى ئوچۇق تۇراتتى. ئۆمەرنىڭ بۇ باغدا ئىشلەۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، قاپقاقلىق دېرىزە، نەقىشلىق تۈۋرۈكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ ئايۋانغا قەدەم بېسىشى بىرىنچى قېتىم ئىدى. بۇ ئۆي ئۆز ھەيۋىتى بىلەن كىشىگە ئوردا سارايلىرىنى ئەسلىتەتتى.

ئۆمەر زالنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلانغان ھۆل پالاسقا پۇتىنى پاكىز سۈرتۈپ، يۇمشاق پاياندار ئۈستىدە مېڭىپ كەتتى، ئوچۇق تۇرغان ئىشىك ئالدىدا توختاپ، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ يۆتىلىپ قويدى. بۇ ئۆينىڭ كەڭ دېرىزىلىرى، يېرىم چۈشۈرۈلگەن دۇخاۋا پەردىلەر، تاملارغا تارتىلغان رەڭلىك گىلەملەر كىرمەكچى بولغان كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى.

— ئىچكىرىگە كىر! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

شۇ چاغدا ئۆمەر بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئىشىكى قىيا ئېچىقلىق تۇرغان يەنە بىر خاس ھۇجرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. ئايىمنىڭ ئاۋازى ئەنە شۇ تەرەپتىن چىققانىدى. ئۆمەر يەرگە تاشلانغان قىلىن گىلەملەرنى ئەيمىنىپ دەسسەپ ئۆتۈپ، خاس ھۇجرىنىڭ بوسۇغىسىدىلا تۇرۇپ قالدى. بۇ ئۆينىڭ تولۇق چۈشۈرۈۋېتىلگەن يىپەك پەردىلىرى ئۆيئىچىنى سىرلىق گۇڭگالىققا چۆمدۈرگەنىدى. ئەنبەر ۋە گۈلمېيىنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ تۆرىدە قات - قات سېلىنغان قىلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە ئايىم نېپىز ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا يېرىم يالىڭاچ ياتاتتى.

— كەل! — دېدى ئايىم ماموق ياستۇقلاردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

— نېمە خىزمەتلىرى بار ئىدى، ئايىم ئاچا؟ — دەپ يەرگە قارىدى ئۆمەر.

— مانا، ئىككى كۈن بولدى ساقلىقىم يوق، كىرىپ يوقلاپ قويامۇ دېمىدىڭ.

— مەن. . . مەن خەۋەرسىز ئىكەنمەن.
ئايىمنىڭ كۆڭلىدە شۇ تاپتىمۇ، شۇ گۇناھلىق ئىشنى قىلىش كېرەكمۇ، قىلماسلىق كېرەكمۇ؟ دېگەن خىيال كۈرەش قىلاتتى. قورقۇشتىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئۈششاق تىترەك باسقانىدى.
— كەل. . . قېشىمغا يېقىنراق كەل...قورۇنما...پۇت-قوللىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرىدۇ، بىر تۇتۇپ قويغىن.
ئۆمەر ئايىمنىڭ ئايغى يېنىغا كېلىپ يۈكۈندى-دە، ئۇنىڭ يالىڭاچ تۇرغان ئاپئاق پۇتىغا ئۆزىنىڭ قاداقلاشقان قوللىرىنى ئۇزاتتى. يىگىتنىڭ قولى بەدىنىگە تېگىشى بىلەن ئايىم ئۆزىدىكى بارلىق ئىككىلىنىشلەرنى يوقاتتى. ئۇمەرنى كاپلا قىلىپ تۇتۇپ، قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى.
— ئايىم ئاچا، ئۇنداق قىلمىسىلا... يامان بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىسىلا!...
— جېنىم قوزام!...
ئۆمەر ئايىمنىڭ كۈچلۈك قۇچاقلاشلىرى بىلەن ئوتلۇق سۆيۈشلىرى ئىچىدە نەپەس ئالالماي بوشىشىپ كەتتى...

خاس ھۇجرىدا ئايىم بىلەن بولغان غەلىتە مۇناسىۋەت تۇنجى قېتىم سادىر بولغاندا ئۆمەر ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. ئۇزۇنغىچە ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى باسالمىدى. چېلىش مەيدانىدىن چىقىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغاندا نىزامباينىڭ: ئوغرى ئەمەستۇرسەن؟ بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدىغان بولساڭ بوينۇڭنى ئۇزۇپ تاشلايمەن! دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولاتتى. ئۇنىڭ قىلغىنى ئوغرىلىقتىنمۇ ئېغىر خىيانەت ئىدى. ئۇ بىرقانچە كۈنگىچە باغدىكى ئىشلەمچى ئاياللارغا، باغۋەن ئائىلىسىدىكى بوۋاي بىلەن مومايغا خۇدۇكسىنىپ تىكىلىپ قارىيالمىدى. كۆڭلىدە ئىككىنچى مۇنداق

غەيرىي ئىشنى قىلماسلىققا ۋەدە بەردى.

لېكىن، ئەتراپتىكى ھەممە نېمە ئىلگىرىكىدەكلا بولۇپ، قورققۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. يەنە قۇشلار سايراپ تۇراتتى. ئايۋان ئالدىدىكى گۈللۈكلەردە رەڭمۇرەڭ گۈللەر قۇياشقا يۈزلىنىپ ئېچىلىشاتتى. چېچەكلەرنى كېپىنەكلەر ئەگىشەتتى. باغ ئىچىدىكى ئاياغ يوللارنى توغرا كېسىپ چۈمۈلىلەر ئالدىراش ئۆتۈشەتتى. پىشقان مېۋىلەر ئىلگىرىكىدەكلا توكۇلداپ تۆۋەنگە چۈشۈشەتتى، تەبىئەت — قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان جىمى نەرسە ئۆز پېتىچە بولۇپ، ھېچنېمە ئۆزگەرمىگەنىدى. پەقەت ئۆمەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىلا كۆتۈلمىگەن دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە ئەنسىز داۋالغۇپ تۇراتتى...باغۇەن بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئۆمەرگە بۇرۇنقىدەكلا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، ھەر قېتىملىق چاي ئۈستىگە ئۇنى بىرەر كەمبەغەلنىڭ چىرايلىق قىزىغا ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدىكى ئارزۇلىرىنى ئېيتىشاتتى. ئايىمغا خىزمەت قىلىدىغان چاكارلارمۇ گۇماندىن نېرى ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئايىم ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقى، سېخىيلىقى، ۋاقتى - ۋاقتىدا قىلىپ بېرىدىغان كىتابخانلىقى بىلەن ناھايىتىمۇ يۇكسەك ئورۇندا تۇراتتى.

ئىككىنچى قېتىم ئايىم ئۆمەرنى چاقىرىشقا ئاشپەز خوتۇننى ئەۋەتمەي ئۆزى باردى. ئۆمەر مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەن بىر ئالما شېخىغا تىرەك قويۇۋاتقانىدى. ئۇ ئايىمنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قىزاردى. ئايىم ئۇنىڭغا بوگۇن كېچە قېشىغا كېلىشنى تاپىلاپ كېتىپ قالدى. ئۆمەر ئايىمنىڭ سۆزىگە قارشى ھېچنېمە دېيەلمىدى. شۇ كۇنى ئۇ كۈن بويى دەككە - دۈككىدە يۈردى. «ئەڭ ياخشىسى بارمىغىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلايتتى ئۇ. پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ھەممە ئۇيقۇغا چۆككەندە ئۇ تېخى كۆز يۇممىغانىدى. ئاخىرى ئورنىدىن تۇردى - دە، شەپە چىقارماي مېڭىپ، ئايىمنىڭ ئۆگەتكىنىچە ئايۋانىنىڭ ئارقا

دېرىزىسى تەرەپكە ئۆتتى. ئۇ يەردە ئىچكىرىكى خاس ھۇجرىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزىسى قىيا ئېچىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۆي ئىچىدىن مىس شامدانلاردا تۇتەپ كۆيۈپ تۇرغان شاملارنىڭ يورۇقى سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆمەرنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇراتتى. ئۇ قاپقاق يېنىغا يېقىنلىشىشى بىلەنلا دېرىزە تولۇق ئېچىلدى. يۇقىرىدىن ئايىمنىڭ ئۇنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن سۇنغان ئاپئاق بىلەكلىرى كۆرۈندى.

شۇنداق چاقىرىشلار پات - پات تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئايىم باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىلاجى بار خاھىشىنى تىزگىنلەيتتى. بولالمىغان چاغلىرىدىلا ئۆمەرنى چاقىراتتى. ۋەدىلەشكەن كېچە ئۆمەرنى ئايىم دېرىزە تۈۋىدە ئويغاق ئولتۇرۇپ كۈتەتتى. ئۇنى قىزغىن سۆيۈشلەر بىلەن قوينىغا ئالاتتى. ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن بېرىلەتتى. نازاكەتلىك ئەركىلەش، نالە قىلىش، مېھرىبانلارچە باش - كۆزىنى سىيلاشلار بىلەن يىگىتنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. سەھەرگە يېقىن، ئايىم يەنە ھېلىقى دېرىزىدىن ئۆمەرنى چىقىرىۋېتىپ، يۇيۇنۇپ جاينامازدا ئولتۇرۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ خۇدادىن گۇناھىنى تىلەيتتى. «خۇدا ماڭا بۇ ئوتنى ئۆزۈڭ سالدىڭ، ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، بەندىلىرىڭنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلمىغىن!» دەپ يېلىناتتى. ئايىم ئاللانىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى، خۇدايىمدىن بۇ دۇنيادا، بەندىلەر ئالدىدا رەسۋا قىلماسلىقىنىلا تىلەيتتى. ئۆزىنىڭ يىگىتكە بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۇ دۇنياغا بارغاندا مەڭگۈ ئازاپ چەكسىمۇ رازىدەك قىلاتتى. جەينىمازدىن تۇرغاندا ئۇ دائىم ئۆزىنى پاكلىنىپ، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

ئۆمەر بارا - بارا ئايىمغا ئۆگىنىپ قالدى. ئۇ ئايىمنىڭ ئۆيىدە تۇنەپ چىققان كۈنلىرى سەھەردە مېۋە تەرگەن، گۈللەرگە سۇ تۇتقان قىياپەتتە ئايۋاننىڭ ئارقىسىدىكى دېرىزە ئەتراپىغا

كېلىپ، ئۇ يەردە سۇنغان، دەسسەلگەن ئوت - چۆپلەرنى تۈزەشتۈرەتتى. ئايىم بىلەن ئۆتكەن دەككە - دۈككىلىك، ئەمما تولىمۇ شېرىن كېچىنى ئۇزاققىچە ئۇنتۇمايتتى. بەزى چاغلاردا ئايىمنىڭ تېزرەك چاقىرىشىنى كۆڭلى تارتىپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، ۋايىغا يەتكەن بىر ئەر ئىدى - دە، ئۇ شۇ ياشقا كېلىپ ئۇنىڭ ئاياللار دۇنياسىدا كۆرگىنى ئايىمنىڭ ئاشۇ ئىللىق قوينى ئىدى. گەرچە ئۇ، سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ئېچىق بېشىغا قاراپ ماڭغاندا، باغنىڭ شورلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن تام تۆپىسىگە چىققاندا، باغۋەن بىلەن جۈمە نامىزىغا كېتىپ بارغان چاغلىرىدا يوللاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياش قىز-چوكانلارنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى قول يەتمەس ئېگىزلىكتىكى ئاچچىق ئۈزۈملەر ئىدى. باغنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى غېرىبخانىدا يالغۇز تۈگۈلۈپ ياتقانغا قارىغاندا ئايىمنىڭ يېنىدا — پەي چۈشۈكلەر ئۈستىدە ئىغناپ يېتىش ئاجايىپ راھەت ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. ئايىم ئۇنى مېھرى بىلەن پەپىلەپ قوينىغا ئالاتتى. تاتلىق پىچىرلاش، نازلىق خۇلقلار بىلەن زېرىكتۈرمەيتتى، كۆڭۈل قويۇپ يۇيۇپ، ئېغىر ئەمگەكتىن قالغان توپا - چاڭلىرىنى تازىلايتتى.

ئايىم روھى كۆتۈرۈپ تېتىكلىشىپ كەتتى. ئۇ چاكارلارغا ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپرەك سېخىيلىق بىلەن پۇل بېرەتتى. ئاياللارنى يىغىپ كىتابخانلىق قىلغاندا، گەپ ئارىسىغا ئانچە - مۇنچە چاقچاقلارنىمۇ قىستۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆمەر بولسا ئىلگىرىكىدەك ئۇنچىقماسلىق بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى نىزامباينىڭ ۋە باغۋەننىڭ كۈتكىنىدىن ئارتۇق بەجا كەلتۈرەتتى. ھەممىدىن ھەيران قالارلىقى، نىزامباينىڭ ئۆمەرگە بولغان مۇئامىلىسىمۇ ئىلگىرىكىدىن مۇلايىملىشىپ قالدى. نىزامباي باغدا پەيدا بولۇپ قالغان چاغلاردا ئايىم ئىشلەمچى يىگىتنىڭ ئىشچانلىقى، ياۋاشلىقى، يۈزىنىڭ تۆۋەنلىكى

توغرىسىدىكى ماختاشلارنى توپتوغرىلا ئېيتاتتى. ئايىمنىڭ بۇ سۆزلىرى نىزامباينىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق بىر شەك تۇغدۇرمايتتى. چۈنكى ئۇ يېڭى ئىشلەمچىنىڭ تەرىپىنى باغۋەننىڭ، باشقا چاكارلارنىڭمۇ ئاغزىدىن ئاڭلايتتى. ئايىم يەنە بايغا يېڭى ئىشلەمچىگە بېرىدىغان ھەقنى كۆپەيتىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرەتتى، ئۆمەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئايىمنىڭ پۇل خەجلىگىنىگە قارىغاندا نىزامباينىڭ پۇل خەجلىگىنى ياخشىراق ئىدى. باي بولسا ئايىمنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۆزىنىڭ شۇنچە كاتتا باي بولۇشىدا شۇ چوڭ خوتۇننىڭ ئاتىسىنىڭ كۆپ ئەجرى بارلىقىنى ئۇنتۇمىغاچقا، ئايىمنىڭ سۆزىنى يېرمايتتى.

— بولىدۇ! — دېدى نىزامباي بىر كۈنى ئايىمنىڭ داستىخانىدا ئاچچىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ، — مەن ئۇنىڭغا بېرىدىغان ھەقنى كۆپەيتەي، يەنە بىر قۇر يېڭى كىيىم-كېچەك قىلىپ بېرەيلى... يەنە بىرگەپ بۇ ئوغۇلنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش زۆرۈر ئىدى. چوپچوڭلا بولۇپ قالغان يىگىتنىڭ بويتاق يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس- دە!؟... مانا مەن شۇ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمەن، — دېدى باي ئايىمنىڭ ئۆزىنى بەزىدە «بېخىل» دەپ ئەيىبلەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ:

— شۇڭا، دەماللىققا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ياردەم قىلمىغانىدىم. باغۋەن قېرىپ قالدى، شۇ يىگىتنى ئۆيلەپ، مۇشۇ باغدا دائىملىق ئىشلەشكە ئېلىپ قالايمىكىن دەۋاتىمەن.

مۇنداق گەپلەر ئايىمنى خۇشال قىلاتتى ۋە نېمىشقىدۇر يەنە خىيالغا سېلىپ قوياتتى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# سودىگەرنىڭ خوتۇنى

ئۆمەرنىڭ ئىنىسى بارات ماڭغان يول يولۇچىلارنى شەھەرنىڭ ئىككىنچى بىر دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ باراتتى. بارات دەرۋازىغا يېتىپ بارمايلا ئۇنىڭغا شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئادەم ئۇچراشتى. ھېلىقى ئادەمنىڭ بىر قولىدا ئىتلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان بىر تاياق تۇراتتى، يەنە بىر قولى بىلەن دۈمبىسىگە يۈدۈۋالغان تاغارنىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىيىۋالغان ئۇزۇن يەكتىكىنى مەھكەم ئوراپ چىگىۋالغان بەلبېغىدا قانداقتۇر بىر ھايۋاننىڭ قارا مۈڭگۈزى، يوغان قولۇلە قېپى، چەت - چۆرىلىرى تىتىلىپ كەتكەن كونا بىر پالنامەكىتاب دېگەندەك نەرسىلەر قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ مۇكەممەل بىر كەسپىي دىۋانە ئىكەنلىكى تۇرقىدىنلا مەلۇم ئىدى. بۇ دىۋانە ئۇستىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن قولىدىكى ياغاچنى ھاسا قىلىپ تايىنىپ، ھاسىراپ، ئارانلا قەدەم ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىر يولۇچىنى ۋارقىراپ توختىتىپ، تاغىرى ئىچىدىكى شەھەردىن تىلەپ يىغقان كونا - ياغانلارنى ساتماقچى بولاتتى. دىۋانە باراتنى يىراقتىنلا كۆرۈپ، يول بويىدىكى بىر قارىياغاچنىڭ سايىسىگە كېلىپ توختىدى. مۈرىسىدىكى تاغارنى يەرگە قويدى - دە، بېلىنى رۇسلاپ، باراتنى چاقىردى:

— ھوي بالامۇي، نېمە ئادەمسەن؟

— يولۇچىمەن، — دېدى بارات.

— قېنى بۇياققا، بۇ ياققا بىر كېلىپ كەت!

— رەنجىمە، تاغا، مەندە ساڭا سادىغا قىلغۇدەك پۇچۇق يارماقمۇ يوق.

— مەن سەندىن سەدىقە سوراۋاتقىنىم يوققۇ، بىلىپ قوي. مەن پەيشەنبە كۈندىن باشقا كۈنى سەدىقە تىلىمەيمەن.

— ئەمىسە نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدى بارات ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ.

— كىيىملىرىڭ نېمانچە كونا؟ بىزنىڭ دىۋانىلەر مەھەللىسىنىڭ دىۋانىلىرىدىن ئەمەستۇرسەن ياكى ئۇ يەردىكى بىرەر دىۋانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بىرنېمىسىنىڭ بىرنېمىسى بولامسەن؟

— يوقسۇ، تاغا، مەن يىراقتىن كېلىۋاتقان مۇساپىرمەن.

— شەھەرگە نېمىگە كېتىۋاتىسەن؟

— ئىش ئىزدەپ.

— قارا، ئۆزۈڭ ياپياشلا تۇرسەنۇ، ئۇستۇڭدىكى كىيىملىرىڭ يىرتىلىپ قارىغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. بىرەرى بىلەن تارتىشماق ئوينىدىڭمۇ قانداق؟... ئورۇقلۇقۇڭدىن مەڭزىڭنىڭ ئۇستىخانلىرى تېشىغا تېپىپ چىقاي دەپ قاپتۇ. چىرايىڭچۇ، چىرايىڭ نېمانچە سېرىق؟ ياكى سەنمۇ بىزنىڭ دىۋانە مەھەللىسىنىڭ دىۋانىلىرىگە ئوخشاش يۈزۈڭگە ئەتەي ئەسكى تامنىڭ توپىسىنى سۈرتۈۋالدىڭمۇ؟... مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن شەھەرگە كىرسەڭ كىم ساڭا ئىش بېرىدۇ؟ سېنى تىلەمچى ياكى ئوغرى دەپ گۇمان قىلىشى ياكى ياش تۇرۇپلا مۇنداق ئەسكى كىيىملەردە يۈرگىنىڭگە قاراپ ئۇچىغا چىققان ھورۇن ئوخشايدۇ دەپ قېلىشى چوقۇم. تېخى ئەقلىڭنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قېلىشىمۇ تۇرغان گەپ...

دىۋانە شۇنداق ئاغزى بېسىلماي ۋاتىلداپ كەتتى.

— تاغا! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى بارات، — نېمە گېپىڭ بار ئىدى، چاپسانراق ئېيت، ئالدىرايمەن.

— ئالدىرىغان شەيتاننىڭ ئىشى. يېقىنراق كەلمەمسەن، ئەتىگەندە ماڭا يولۇققىنىڭنى خىزىرغا يولۇقتۇم دەپ چۈشىنىۋەر.

دىۋانە تاغىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاپقۇتلىرى ئاجراپ كىيگۈدەك ھالى قالمىغان ئەسكى ئاياغلار، گىرۋەكلىرى تىتىلىپ كەتكەن كونا دوپپا، قاپقارا كىرنىڭ دەستىدىن ئەسلى رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن كىيىم - كېچەك، پۇرلىشىپ كەتكەن سەللە، يەنە قانداقتۇر بىر ئەسكى - تۈسكىلەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئەتراپقا يايغىلى تۇردى.

— بولدى، ئاۋارە بولما، تاغا، — دەپ مېڭىشقا تەمشەلدى بارات، — ساڭا ئېيتتىمغۇ، مەندە پۇل يوق.

— توختا! — دېدى دىۋانە، — ھېچ بولمىغاندا سەن مۇنۇ چاپان - ئىشتاننى بولسىمۇ ئېلىپ قالغىن، تىقىشتۇرۇپ قويغان پۇلۇڭنى قورقماي چىقار، بولاڭچىدىن قورقۇپ ئەسكى كىيىملەرگە ئورنىۋالغان ھارامزادىلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن. بىزنىڭ دىۋانىلەر مەھەللىسىدىكى دىۋانىلەرنى كۆرسەڭ كىيىملىرى سېنىڭكىدىنمۇ جۇل - جۇل، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنداق بېيىپ كەتتىكى، يىغقان پۇللىرىنىڭ سانىنى ئۆزلىرى ئۇقمايدۇ، مانا، غوجەك دىۋانىنىڭ ئۈچ يەردە قورۇ - جايى بار، ئۈستى - ئۈستىگە تۆت خوتۇن ئالدى. مېنىڭ تېخى ئىككىلا يەردە قورۇ - جايىم، ئۈچلا خوتۇنۇم بار... نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ قولۇڭغا ئېلىپ كۆرۈپ باق، ساڭا ئوخشاش ئېگىز بوي ئادەمگە لايىق، تېخى يېڭىلا تۇرغىنىنى كۆرۈۋاتقانسەن؟ ئۇنى ماڭا تۈنۈگۈن بىر سودىگەرنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى سەدىقە قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئەڭ ئۇلۇغ ئايەتلەرنى ئوقۇپ دۇئا قىلدىم.

— دېدىمغۇ، مېنىڭ پۇلۇم يوق، ھەقـــچان سەن بۇ نېمىلىرىڭنى بىكارغا بەرمەيسەن.

— راست پۇلۇڭ يوقمۇ؟— دەپ باراتقا باشتىن - ئاياغ بىر قارىۋالدى دىۋانە، — بوپتۇ، بىكارغا بولسىمۇ ئال، يۇكۇم ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىسۇن... ئەمما، مېنى ئۇنتۇپ قالما. شۇ تاپتا مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن كەلگۈسىڭنى قىياس قىلىپ تۇرۇپتىمەن. سەن ياشسەن، خۇدا ئامىتىڭنى بېرىپ قالسا تېخى بېيىپمۇ كېتىسەن. شۇ چاغدا، خۇدا بۇيرۇسا بىز يەنە ئۇچرىشىپمۇ قالىمىز. مېنى ئۇنتۇپ قالما، چاپان، ئۆتۈكلەرنىڭ پۇلىنى مەن سەندىن شۇ چاغدا ئۇندۇرۇۋالىمەن. ئۇ چاغدا ئىنسابىڭغا بېقىپ كۆپرەك بېرەرسەن...

دىۋانە شۇنداق ئاغزى بېسىلماي ۋاتىلداپ تۇرۇپ باراتقا ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن سودىگەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دۇئالار بەدىلىگە كەلگەن كىيىملىرىنى كىيگۈزدى. بارات دىۋانىنىڭ ئەسكى - تۈسكىلىرى ئارىسىدىن يەنە يېڭىراق بىر دوپپا، سودىگەرلەر باغلايدىغان بىر رەڭلىك بەلباغنى تاللىۋالدى. بۇ كىيىملەر باراتنى راستتىنلا خېلى ئىسكەتكە كىرگۈزدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ سودىسى تازا يۈرۈشۈپ كەتمىگەن بىر ئېلىپساتارغا ياكى بولمىسا، سودىگەرلەرنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان چاپارمەنلەرگە ئوخشاپ قالدى.

— ئال، خالىغىنىڭنى تاللىۋال،— دەپ توختىماي سۆزلەيتتى دىۋانە، — ماڭا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆيگە يەتكۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ يەردە مۇنداق كونا - يېڭى نەرسىلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

— ساڭا رەھمەت، تاغا!— دېدى بارات.

دىۋانە باراتنىڭ باش - ئايىغىغا يەنە بىر قاراپ رازى بولغاندەك بولدى - دە:

— ئەمدى يولۇڭغا ماڭساڭمۇ بولىدۇ،— دېدى ئۇ قالغان

نەرسىلەرنى تاغىرىغا نىقتاپ تىقىپ تۇرۇپ، — مانا ئەمدى ھەقىقىي بىر بايۋەچچىگە ئوخشىدىڭ، بايۋەچچىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ يېگەن - ئىچكىنى چىرايىغا چىقمايدىغان ساڭا ئوخشاش تويا چىرايلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ...
بارات مۇنداق بىكارغا نەرسە بېرىدىغان دىۋانىگە ئۇچراشتۇرغىنى ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى ئېيتىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇردى.

شەھەرنىڭ بارات كىرگەن دەرۋازىسى ئەتراپىدا مەيزابخانىلار، قىمار سورۇنلىرى، چوڭ تاماكا چېكىپ نەغمە - ناۋا قىلىشىدىغان مەيدانلار جايلاشقانىدى. قاتار كەتكەن ئاشخانىلاردىن ھەر خىل تاماقلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلەتتى. ئوچاقلاردا چاراسلاپ ئوت كۆيۈپ، يوغان داش قازانلاردا پۇرۇقلاپ گۆش قاينايتتى. شورپا سورۇپ ئولتۇرغان سېمىز ئاشپەز ئۈستىدە ماي دانچىلىرى ۋىلىلداپ تۇرغان شورپىلارنى ئاپقۇر چىنىلەرگە ئۇسسۇيتتى. باراتنىڭ ئاشۇ شورپىغا بىرەر پارچە قاتتىق ناننى بولسىمۇ بىر چىلاپ يېۋالغۇسى بار ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ ھەممە يانچۇقى قۇرۇق ئىدى. ئۇ ئاشخانىلارنىڭ نەملەشكەن تورۇسلىرىنى ئەگىپ چىقىۋاتقان قويۇق بۇسنى ئىچىگە يۇتقىنىچە ئادەملەرگە ئۇرۇپ - سوقۇلۇپ مەيداننى كېسىپ ئۆتتى. ئاندىن مەقسەتسىزلا بىر كوچىغا بۇرۇلدى.
«كۈنىمۇ كەچ كىرەي دەپ قالدى،— دەپ ئويلايتتى ئۇ، — مانا، بىر كۈن بازار چۆگىلەپتىمەن. مۇنداق بىكاردىن بىكار يول ماڭغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ . . . ئەگەر يەنە بىر كۈن مۇشۇنداق قورساقتا ھېچنېمە يېمەي پىرقىراپ يۈرىدىغان بولسام چوقۇم يىقىلىپ قالىمەن. . . رەھمەتلىك دادام بىزنى مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە قالمىسۇن دەپ ھېلىقى تىللالارنى بىزگە مىراس قالدۇرغان بولغىيتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن يۈز تىللانى ساق

قالدۇرماي، بىرى كەم يۈز تىللا ساقلاپ قويغاندۇ؟ . . . ياق، بىر تىللانى چوقۇم ھېلىقى ئۈمەر دېگەن كاززاپ تىقىۋالدى... بوپتۇ، تىللا توقسان توققۇزمۇ بولسۇن دەيلى، ئۇ ئاكام بولغاندىن كېيىن ماڭا ئەللىك تىللا بېرىشى كېرەك ــ دە! . . . ئەللىك تىللا يانچۇقتا بولغان بولسا، ئاۋۋال ھېلىقى شورپا سورۇپ ئولتۇرغان ئاشپەزنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ بىر كاللەك پىششىق گۆش بىلەن بىر چىنە شورپا سېتىۋالاتتىم. يۇمشاق ناننى شورپىغا تەككۈزۈپ يەپ، ئاندىن گۆشنى تىتىپ...»

ئارقا تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ:

— ھەي ئادەم، ھەي ئادەم! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى باراتنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندەك قىلدى.

«مېنى بىرەرى چاقىرىۋاتامدۇ نېمە؟— دېدى بارات ئىچىدە. ئۇ ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالىنى بۆلۈپ ئارقىغا قاراشقا ئېرىندى، ــ ياقلا، مېنى بۇ شەھەردە كىم تونۇيتتى. باشقا بىرەرنى چاقىرىۋاتسا كېرەك. . . شورپىغا ناننى چىلاپ يېۋېلىپ، ئاندىن گۆشكە تۇتۇش قىلسام تويۇپ قالغان قورساققا گۆش تازا مەززىلىك تېتىمايدۇغۇ دەيمەن؟ ئاۋۋال گۆشنى تازا مەززە قىلىپ يەپ، ئاندىن چالا قالغان يېرىگە شورپا بىلەن نان يېسەم بولغۇدەك ...»

— ھوي ئادەم، مەن سىلىنى چاقىرىۋاتىمەن، — دېگەن ئايالنىڭ ئاۋازى باراتنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا ئاڭلاندى.

«يانچۇقىدا ئەللىك تىللا شاراقشىپ تۇرغان ئادەم شورپىغا نان چىلاپ يەپ ئولتۇرسا كۆلكىلىك ئىش بولمامدۇ، — دەپ خىيالىنى داۋام قىلاتتى بارات — ئەڭ ياخشىسى مەيزاپخانىلارنىڭ بىرەرىگە كىرىپ، گۆش باستۇرۇپ پولۇ بۇيرۇتۇپ، شاراب بىلەن مەززە قىلغان تۈزۈك، ئاندىن كۆرپىدە يانپاشلاپ يېتىپ، سازەندىلەرنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاپ، ئۇسسۇلچى خېنىملارنىڭ بەللىرىنى تولغاپ ناينىاقسىغانلىرىنى كۆرىدىغان گەپ...»

— ھوي ئادەم!

كىمدۇر بىرى ئارقىسىدىن كېلىپ باراتنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلىدى. بارات چۆچۈپ ئارقىسىغا قاراپ، ئالدىدا تۇرغان پۈركەنچىلىك بىر ئايالنى كۆردى. ئايال يۈزىگىمۇ قېلىن چۈمبەل تاتىۋالغانىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئايال باراتقا قاراپ، — ياپپاشلا بىر يىگىت ئىكەنلىغۇ، ئارقىلىرىدىن قاراپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىمگە ئوخشىتىپ، ئېسىمنى بىلمەي يۈگۈرۈپتىمەن. ئۇستىلىرىدىكى كىيىم - كېچەك، مۇنۇ بەلباغ، دوپپىلىرىچۇ. توۋا خۇدايىم، ئادەمگىمۇ ئادەم شۇنداق ئوخشايدىكىنا!...

«ئالجىپ قالغان خوتۇنمۇ بۇ نېمە؟— دەپ ئويلاپ قالدى بارات، — ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى كوچىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟... ھە راست، ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى ئەڭ ئۇلۇغ دۇئالارگە تېگىشىۋەتكەن تۇل خوتۇن مۇشۇمۇيە؟!». دەپ ئۇستىدىكى كىيىم- كېچەكلەرنى ھېلىقى دىۋانىنىڭ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى بارات.

— توۋا، قول سېلىپ مېڭىشلىرىنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى ئېيتايمۇ،— دېدى ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئالدىراش بولمىسىلا ئۆيۈمگە بېرىپ بىر چىنە چېيىمنى ئىچىپ كەتسىلە، رەھمەتلىك ئېرىمغا چاي سۇنغاندەك بولۇپ كۆڭلۈم خۇش بولۇپ قالسۇن.

قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى بىقىنىغا چاپلىشىپ كەتكەن بارات ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىچىدە خۇشال بولدى. «كىم بىلىدۇ،— دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ياراتقان ئىگەمدىن ماڭا كېلىدىغان ئامەت بەلكىم مۇشۇ خوتۇننىڭ ئۆيىدىن باشلىنار... سودىگەرنىڭ خوتۇنى بولغاندىن كېيىن ھەقىچان بۇ بىر ساھىبجامال خوتۇندۇر. ئۇنىڭ ئېرىدىن قالغان تۈگىمەس

بىساتىمۇ باردۇر. كونىلار «تۇل خوتۇن، پۇل خوتۇن» دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە. ئېپى كېلىپ قالسا بۇگۈنلا ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىپ ئىندەككە كەلتۈرىمەن. ئاندىن سودىگەردىن قالغان ھەممە بايلىق مېنىڭ بولىدۇ، دېگەن گەپ...»

— خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كەتتىڭلىغۇ؟— دېدى ئايال، — يۇرسىلە، ئۆيمۇ يىراق ئەمەس.

— مەن سىلىنى تونۇمىسام،— دېدى بارات. ئالدىراپلا ئەگىشىپ ماڭسام بۇ خوتۇن باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دېگەن خىيالدا جىم تۇرۇۋالدى.

— تونۇمىسىلا، تونۇشىمىز.

— يات ئەرنى ئۆيلىرىگە باشلاپ بارسىلا خەق نېمە دەر؟

— ئوھۇش، مەن بىر يالغۇز، تۇل خوتۇن، خەق نېمە دەيتتى، يۇرسىلە، تارتىنمىسىلا.

بارات ئايالغا ئەگىشىپ شەھەرنىڭ ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرى بىلەن ئۇزاق ماڭدى. ئايال باراتنى ئايرىلىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. يولنىڭ ئاخىرى ئۇلارنى بىر كۆلنىڭ بويىغا ئاچىقتى. كۆلنىڭ ئەتراپى دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغانىدى. كۆلدىن سۇ ئالىدىغان تەرەپتە يوغان دەرۋازىلىق بىر ھويلا تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئارقىسىدا دېھقانلارنىڭ كۆكتات تېرىيدىغان ئېتىزلىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى. يىراقتا قۇياش ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرىنى بۇلۇتلار ئۈستىدە قالدۇرۇپ ئاستا - ئاستا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ياپيېشىل لەش باسقان كۆل سۈيى دەرەخلەر ئاستىدا جىمجىت ئۇخلاۋاتقاندەك تۇرغانىدى. ئۈگدەيتتى.

— مانا كەلدۇق!— دېدى ئايال كۆل بويىدىكى قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختاپ. ئۇ پۇركەنجىسىنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ، ئۇزاق ئاختۇرۇپ بىر تىزىق ئاچقۇچنى ئالدى-دە، قۇلۇپقا سالدى. دەرۋازا ھەسرەتلىك غىچىلداپ قىيا

ئېچىلدى. ئايال باراتنى ھويلىغا باشلاپ، دەرۋازىنى مەھكەم ياپتى- دە، ئىچىدىن يەنە قۇلۇپنى بېسۋەتتى.

ھويلىنىڭ ئىچى ھېچنېمە يوق ئاپئاقچىلىقلا ئىدى. نېرىدا قاتار قىلىپ سېلىنغان بىرنەچچە ئېغىز ئۆي تۇراتتى. ئۆيلەر ئۆز ۋاقتىدىكى ئىسكەتىنى يوقىتىپ كونىرىغان، ئۈستىگە سالغان ياغاچلىرى چىرىپ قارىداپ، ئۆگزىنىڭ توپىسىنى كۆتۈرەلمەي بىر تەرەپكە قىيسىپ كەتكەنىدى.

— ئەر كىشى يوق ئۆي نېمە بولماقچى دەيدىلا؟— دەپ چۈشەندۈردى ئايال،- ئېرىم بار چاغلاردا بۇ ئۆيلەر شەھەردىكى ئەڭ چىرايلىق ئۆيلەردىن ئىدى. مېھمان بولۇپ كېلىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. رەھمەتلىك تولىمۇ سېخىي ئادەم ئىدى. ھەر پەيشەنبە كۈنى كۆل بويىغا قازان ئېسىپ يۇرتقا نەزىر بېرەتتى. . . ئىككى قىزىم بار ئىدى. ئۇلارمۇ ئەرگە تېگىپ كېتىپ قېلىشتى. ئۇزۇن يىلدىن بېرى ئۆزۈم يالغۇز، ھېچ ئىشقا ئۇلگۈرەلمەيمەن. . .

ئايال سۆزلىگىنىچە قۇلۇپلارنى ئېچىپ، باراتنى ئۆيگە باشلىدى، ئۆيئىچىدىكى قەدىمي چىنە، قاچا، گىلەملەر، قېلىن يېكەنداز، يوتقان - كۆرپىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى دۆلەتمەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

«ھەقىچان بۇ خوتۇننىڭ ئېرىدىن قالغان خېلى كۆپ ئالتۇن-كۈمۈشلىرى بار،— دەپ ئويلىدى بارات، — بولمىسا ئۇ نېمىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ. ھويلىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆكتاتلىق ئېتىزلار، ھېلىقى چوڭ كۆلمۇ مۇشۇ خوتۇنغا تەۋە بولسا كېرەك ... ئۇنىڭ دەرۋازىنى ئىچىدىن قولۇپلىغىنىغا قارىغاندا مېنى قوندۇرۇپ قېلىش نىيىتى باردەك قىلىدۇ. بىر كېچىلا قونۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالسام خەزىنىنىڭ ئاغزى ماڭا ئېچىلدى دېگەن سۆز...»

بارات خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئۈستىدىن

پۈركەنجىسى بىلەن چۈمبىلىنى ئېلىپ تاشلىغان ئايالغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېشى ئاتمىش بىلەن يەتمىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېرى خوتۇن تۇراتتى. باراتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. بۇ خوتۇننىڭ قېشىغا قويغان دەمدەك ئوسمىسى، يۈزىگە سۈركىگەن ئۇپا - ئەڭلىكلىرى كىشىنىڭ تېخىمۇ قۇسقۇسىنى كەلتۈرەتتى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟— دېدى خوتۇن باراتنى سەنلەپ، — قېنى، يۇقىرى ئۆت.

ئايال باراتنىڭ ئاستىغا قوشلاپ كۆرپە تاشلىدى. ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ساقلانغىنىغا كەم دېگەندە ئون يىل بولاي دېگەن ھەسەل، كۆكىرىپ كەتكەن ماي، قۇرتلىغان جىگدە - قاق، قېتىپ داراڭلاپ كەتكەن توقاچلارنى ئاچىقتى. ئاندىن بەللىرىنى تولغاپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ چاي تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدى. بارات ئۆزىنىڭ بىر قاغدالما دەللىگە ئۇچراپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. بۇ خوتۇنغا قارىغانسېرى ئۇنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشەتتى. «مېنى نېمە قارا بېسىپ بۇ خوتۇننى ئەگىشىپ بۇ ئۆيگە كېلىپ قالغاندىمەن، — دەيتتى بارات ئىچىدە، — بۇ دەللىنىڭ دەرۋازىنى قۇلۇپلىۋالغىنىنى قارىمامدىغان. ئۇ مېنى كېچىچە نېمە قىلار...»

— نېمىگە خوتۇن كىشىدەك نازلىنىپ ئولتۇرىسەن؟ — دېدى ئايال چاينى تەييارلاپ، باراتقا سۈركىلىپ دېگۈدەك يېقىن ئولتۇرۇپ، — قاتتىق ناننى چايغا چىلا يۇمشايدۇ. ھەسەل، مايلاردىن ئېلىپ قورسىقىڭنى تويغۇز.

شۇ تاپتا بارات ھېچنېمە يېمەيلا غىققىدە بولۇپ قالغانىدى.

— مەن كېتىۋالايمىكىن؟— دېدى ئۇ.

— نەگە كېتەتتىڭ؟— دېدى ئايال، — قورقما، مەن ئادەم يېمەيمەن. بارىدىغان يېرىڭ يوق مۇساپىرلىقىڭ چىرايىڭدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. ئىسسىق ئورۇندا

يېتىپ كۆڭلۈكنى ئېچىپ كەت.

— ئىككىمىز كۆڭۈل ئېچىشساق توغرا بولماس؟

— توغرا بولمايدىغان نەرى باركەن؟ . . . تۇل خوتۇننىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ قويساڭ ساۋاب بولىدۇ. مېنى قېرى كۆرۈۋاتامسەن - يە؟ ۋاي - ي، نېمىسىنى ئېيتاي، ئەردىن ئايرىلغىنىمغا ئوتتۇز يىل بوپتۇ، بىر چاغلاردا مەنمۇ قالتىس چوكان ئىدىم. ئىشىك ئالدىمدىن ئەر خەق ئەگىپ كېتەلمەيتتى. سىنىڭ ياش چوكانلىرىڭمۇ بىر كۈنى قېرىپ مېنىڭدىن بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ... يالغۇزلۇقتا زېرىكىمەن، ئېرىمنى سېغىنىمەن، گۇناھلىرىمنى خۇدا ئۆزى كەچۈرەر، ساڭا ئوشۇق تەلىپىم يوق. بىر كېچىلا قونۇپ كەت.

قېرى خوتۇن باراتقا سۈركىشىپ يېلىناتتى، نازلىناتتى. تالاغا ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. باراتقا بۇ ئۆيدە قونۇپ قالماقتىن باشقىمۇ ئىلاج يوق ئىدى. خوتۇن ئالدىراپ داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئورۇن سالدى - دە، باراتنى يوتقانغا تارتىپ سالجىدەك يېپىشتى. قېرى خوتۇننىڭ يوتقان ئىچىدىكى ئۆز يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان قىلىقلىرى، غەلىتە ئىڭراپ پۇشۇلداشلىرى باراتنىڭ تېخىمۇ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ يىرگىنچلىك بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىشكە باشلىدى.

— نەگە؟— دېدى خوتۇن يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ. ئۇنىڭ يالغان چېچى سىيرىلىپ ياستۇقنىڭ بىر چېتىگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، تاقىربېشى ئېچىلىپ قالغان، چىرايى تېخىمۇ سەتلىشىپ چۆچەكلەردىكى يالماۋۇز مومايغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— مەن قايتاي،— دېدى بارات.

— توختا!— دېدى خوتۇن، — ئۇستۇڭدىكى كىيىملەرنى سېلىپ قويۇپ كەت.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟!

— ئۇ كىيىملەرنىڭ ماڭا لازىمى بار. رەھمەتلىك ئېرىمنىڭ

بۇ كىيىملىرىنى يەنە ھېلىقى دىۋانىگە سادىغا قىلىمەن. ئۇ ئېرىمغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. خۇدادىن گۇناھلىرىمغا ئەپۇ سورايدۇ. ئاندىن بۇ كىيىملەرنى ئاپىرىپ ساتقا ئوخشاش يەنە بىر غېرىپ- مۇساپىرغا بېرىدۇ...

— ئاندىن سەن ئۇ كىيىملەرنى كىيگەن مۇساپىرنى بازاردا تونۇۋېلىپ «رەھمەتلىك ئېرىمغا ئەجەب ئوخشايدىكەنلا» دەپ ئۆيۈڭگە باشلاپ كېلىسەن،— دەپ خوتۇننىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بارات.

— ھەبەللى،— دېدى خوتۇن، — خېلى ئەقىللىق يىگىت كۆرۈنىسەن. قېرىغاندا كۇنۇم مانا شۇنىڭغا قالدى.

— گۇناھقا پېتىپ قېلىشىڭدىن قورقمامسەن؟

— بىر ئاخۇنۇم مېنىڭدىن ئون تىللا ئېلىپ: تۇل خوتۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ كىيىمىنى ئۇستىگە ساپقان ئەر بىلەن زىنا قىلسا ھالال بولىدۇ» دەپ پەتىۋا قىلىپ بەرگەن. گۇناھىم بولسا شۇنىڭغا ھېساب.

— مەن بۇ كىيىملەرنى ساتقا سېلىپ بېرىۋەتسەم تالاغا يالىڭاچ چىقىپ كېتەمدىمەن! ؟— دەپ ۋارقىرىۋەتتى بارات ئاچچىقىدا.

— يالىڭاچ چىقىپ كېتىشتىن قورقساڭ تالاغا چىقما. مېنىڭ سېنى ئۆلگۇچە باققۇچىلىكىم بار.

بارات ئۆيدىن ئېتىلغىنىچە قېچىپ چىقىپ ھويلىدە بىر دەقىقە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. دەرۋازىدا يوغان قارا قۇلۇپ ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ تامغا ئېسىلىپ ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. قېرى خوتۇننىڭ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ:

— ۋاي ئوغرى، رەھمەتلىك ئېرىمنىڭ كىيىملىرىنى قويۇپ كەت، كىيىملىرىنى...،— دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بارات ئىككىنچى قېتىم كەينىگە داجىپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ تامغا ئېسىلدى - دە، ھويلىنىڭ ئۇ تەرىپىگە گۇپپىدە چۈشتى. ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇپ، كىيىملىرىنىڭ توپىسىنىمۇ قاقماي قاچتى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# سىرلىق ھويلا

بارات شۇ قاچقىنىچە كۆل بويىدىكى ھويلىدىن يىراقلاپ بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ توختىدى. مۇزدەك سۇدا يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىدىكى توپا - تۇماننى قاقتى. «رەھمەتلىك سودىگەرنىڭ بۇ لەنتى كىيىملىرى ماڭا يەنە بىر پېشكەللىك تېپىپ بېرەرمۇ؟— دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ياق، ئەمدى ئۇ قېرى دەللە ماڭا بىرەر يەردە ئېسىلىدىغان بولسا يۈزىگە تۈكۈرۈپ، ئۆزىنى رەسۋا قىلىمەن. ئىشقىلىپ، ئادەم كۆپرەك يەردە يۈرگىنىم ياخشى».

باراتنىڭ پۇت - قولىدا جان يوق ئىدى. قېرى خوتۇن ئۇنى كېچىچە ئاۋارە قىلغاچقا، خالىيراق بىر جاينى تېپىپ تازا بىر ئۇخلىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇ يەنە ئەگرى - بۈگرى كوچىلار بىلەن مېڭىپ بازار ئىچىگە يېتىپ كەلدى. ھۈنەرۋەنلەر، سودا - سېتىقچىلار دۇكانلىرىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، دۇكان ئېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. بارات ماڭغىنىچە كەڭ بىر كوچىغا كىرىپ قالدى. بۇ كوچىغا چوڭ - كىچىك سارايلار ئورۇنلاشقانىدى. سارايلار ئىچىدە ئاددىي ھۇجرىلار، بايلار چۈشىدىغان ئالاھىدە ئۆيلەر، مال چۈشۈرىدىغان كەڭ

لاپاسلار بار ئىدى. سارايىنىڭ ئارقىسىدىكى ئات - ئۇلاغ تۇرىدىغان ھويلىلارغا بولسا ئۇزۇن ئوقۇرلار سېلىنغانىدى. بۇ يەردىكى موم ياغاچلارنى خىلمۇ خىل يۇرتلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر تولا مال باغلاۋېرىپ سىلىقلىتىۋەتكەنىدى. بارات چەتتىرەك جايلاشقان بىر دەڭگە كىرىپ كەلدى. بۇ دەڭ كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولغاچقا خېرىدارى كەمرەك دەڭلەردىن ئىدى. شۇنىڭغا لايىق ھۇجرىلاردىكى يوتقان - كۆرپىلەرمۇ ئاددىيراق، باھاسىمۇ ئەرزان ئىدى. بارات بىر ئامال قىلىپ مۇشۇ دەڭدىن بىرەر ھۇجرا ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلماقچى بولدى.

بارات دەڭجاغا ئۆزىنى بىر سودىگەرنىڭ مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ مال ئالماقچى بولغان خىزمەتكارى، دەپ تونۇشتۇردى. تاماق ۋە ياتاق پۇللىرىنى خوجايىنى ماللىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندە بىراقلا ۋە بەلكىم ئوشۇقى بىلەن تۆلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭسىزمۇ نۇرغۇن ھۇجرىلار بوش تۇرغاچقا دەڭجا ماقۇل بولدى ۋە ئۇنىڭغا قاتاردىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىنى ئېچىپ بەردى. باراتنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملىرى، يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزلىرى ئۇنىڭدا گۇمانغا ئورۇن قويمىغانىدى.

بارات ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا ناشتا قىلىپ، دەڭدىن خۇددى ئۆز سودىگەرلىرىگە كېرەكلىك ماللارنى كۆرۈپ، سۆزلىشىپ قويماقچى بولغان ئادەمدەك مېڭىپ چىقىپ كېتەتتى. كۈن بويى شەھەرنى ئارىلايتتى. چۆلدىكى بۇ چوڭ شەھەر ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۆزىنىڭ غەرب بىلەن شەرققە قارىغان دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ، سانسىزلىغان كارۋانلار، سەھرالاردىن ئۇلاغلىق ۋە پىيادە كېلىۋاتقان دېھقانلار، ئوتۇنچىلار، مەدىكارلارنى قوبۇل قىلاتتى. بۇ ئادەملەر شەھەر ئىچىدىكى

ئوقەتچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ بازار رەستىلىرىدە سەلدەك ئاقاتتى. ئادەملەرنىڭ شاۋقۇنىدىن شەھەر كۈن بويى ئېغىر گۇرۇلدەيتتى. كەچكە يېقىن شەھەر دەرۋازىلىرىدىن يەنە يېڭى تېڭىقلارنى ئارتقان كارۋانلار، نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىپ يېنىكلىگەن دېھقانلار، ئوتۇنچىلار ئالدىراپ چىقىپ كېتىشەتتى.

بارات قانچە قېدىرىپمۇ، شەھەر ئىچىدىن تەر ئاققۇزماي پۇل تاپقىلى بولىدىغان بىرەر يوچۇقنى كۆرمىدى. ئۇ ھەر كۈنى دەڭگە ھەر خىل يالغانلارنى توقۇپ قايتاتتى. «بۇ شەھەرنىڭ كوزىلىرى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن،— دەيتتى ئۇ دەڭجاغا، — پالانى كوچىدىكى كوزىچىلارغا ئىككى يۈز جۈپ گۈل قاچا، ھېجىر - تاۋاق، كۈپلەرنى بۇيرۇتۇپ قويدۇم. ئەلۋەتتە كۈپلەرنى قۇرۇق ئەكەتمەيمىز. ئۇنىڭ ئىچىگە ئانار شەربىتى ياكى ئەنجۈر مۇراببباسى…»، «بۇ يەرنىڭ پاختىلىرىمۇ ئەرزاندەك تۇرىدۇ، - دەيتتى ئىككىنچى كۈنى ئۇ، — بولسا يىگىرمە - ئوتتۇز تاي پاختا ئېلىپ ماڭساقمۇ بولغۇدەك…»

ساددا دەڭجاغا باراتنىڭ بۇ شەھەرنى ماختاپ قىلغان سۆزلىرى ياقاتتى. باراتقا بۇ شەھەردىن چىققىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرىنى، سۈپىتىنى، قايسى ماللارنىڭ مەشھۇرلۇقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بارات ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شەھەر ھەققىدىكى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىپ، ئەتىسى ئۇنى دەڭجانىڭ ئۆزىگە سۆزلەپ بېرەتتى. «بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇق مېۋىلىرىمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ،— دەيتتى ئۇ، — خوجايىنىنىڭ قانچىلىك ئۇلاغ بىلەن كېلىشىگە قارايمەن. ئەگەر بوش ئۇلاغ بولسا يەنە بىرنەچچە تاغار گۈلە، چىلان، ياڭاق ئالساقمۇ بولىدۇ …»

بىر كۈنى بارات ئۆزى چۈشكەن دەڭگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردىكى قىمار مەيدانىنى بايقاپ قالدى. بۇ شەھەرنىڭ بىكارچىلىرى، قىمارۋاز، چېكەرمەنلىرى بۇ يەردىكى چوڭ مەيدانغا يىغىلىشاتتى. چايچىلار، چىلىمچىلەر تۆت ئوشۇق، شىشخال ئويناۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلاتتى. دو مەيدانىغا قەغەز پۇللار، كۈمۈش تەڭگىلەر ۋە بەزىدە نەق ئالتۇن تىللالار جىرىڭلاپ تۆكۈلۈپ، قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتەتتى - دە، يەنە بىردەمدىلا قايسىبىر ئامەتلىك قىمارۋازنىڭ قولىغا ئۆتۈپ غايىب بولاتتى. بەزى كېچىلىرى بۇ يەردىن قانچە بايۋەچچىلەر ھەممە ۋەسلىدىن ئايرىلىپ، ساراڭدەك دەلدەڭشىپ چىقىپ كېتەتتى؛ ئامىتى كەلگەن قايسىبىر يالاڭتۆش بىردەمدىلا يېڭى بايۋەچچىگە ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ ئەتراپتا يەنە قىمارۋازنىڭ تەر تۆكمەي تاپقان پۇللىرىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئېچىپ قويۇلغان ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرى، مەيخانا، مەيخانىلارنىڭ ئارقىسىدا يەنە قانداقتۇر مەخپىي ھۇجرىلار بار ئىدى. بۇ ئەتراپنى ئوغرى، قاراقچى، قىمارۋاز، چېكەرمەنلەر ئۆز جەننىتى ھېسابلىشاتتى. مەيخانىلارنىڭ ئارقىسىدىكى ھۇجرىلارنىڭ پەنجىرىلىرىدىن ئۇسسۇلچى خېنىملارنىڭ چىراغ يورۇقىدا ئەلەڭشىگەن كۆلەڭگىلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان نەغمە-ناۋاداپ، ساتار، غېجەكلەرنىڭ ھەسرەتلىك نالىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ناخشا ئاۋازلىرى تاڭ يورۇغىچە بېسىلمايتتى.

بارات بۇ مەيداندىكى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كىملەرنىڭدۇ قويۇنلىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقان پۇللارغا قاراپ ھەيران بولاتتى. بەزىدە ئۇنىڭغىمۇ قانداقتۇر بىر تەلىيى كەلگەن مەرد قىمارۋاز

ئۆلەشتۆرگەن چوتاردىن ئازراق تېگىپ قالاتتى. مۇنداق كۈنلىرى بارات بازاردىن مېۋە - چېۋە، سامسا، پەرمۇدىلەرنى ئېلىپ ياغلىقىغا تۈگۈپ ھۇجرىسىغا قايتاتتى ۋە دەڭجانى ئۆز داستىخىنىغا چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ دەڭنىڭ غورىگىل تامىقىغىلا قاراپ قالماي، بازاردىمۇ يېتەرلىك تاماقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. «بۈگۈن يۈز پارچە گىلەمنى سۆزلىشىپ دۇكاننىڭ ئايرىم بىر يېرىگە باسقۇزۇپ قويدۇم، — دەيتتى ئۇ ھېچقانداق خىجىل بولمايلا، — سودىگەر يېتىپ كەلسە، شۇ گىلەملەرنىلا ئېلىپ ماڭساقمۇ ئوبدان پايدا قالىدۇ...» قانداقتۇر يۈز پارچە گىلەم، نەچچە يۈز جۈپ كوزا، تاي - تاي پاختىلار ئۈستىدە گەپ بولۇۋاتقاندا، دەڭجا ئەرزىمەس تاماق پۇلى بىلەن ھۇجرا ھەققىدىن ئەنسىرەشنى ئۆزىگە ئوشۇقچە بىلەتتى. بارات بولسا خۇدانىڭ ئۇلۇغ قىسمىتىنىڭ نۇرى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ چۈشىدىغانلىقىغا، بىر كۈنى بىرەر تاسادىپىيلىك يۈز بېرىپ تۈگىمەس دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ تۇيغۇسى مۇشۇنداق بىر ئېھتىمالنىڭ چىنلىققا ئايلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەندەك قىلاتتى.

بىر كۈنى بارات مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تازا قىزىۋاتقان بىر قىمارغا قاراپ تۇراتتى. پۇللار بىر ھەمياندىن يەنە بىر ھەميانغا ئۇچۇپ چۈشمەكتە ئىدى. تازا ئامەتى كېلىۋاتقان بىر قىمارۋازنىڭ پۇللىرى يانچۇق، ھەميانلىرىدىن تېشىپ، ئالدىغا دۆۋىلەنمەكتە ئىدى. تۆت ئوشۇق ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن ئون نەچچە رەت كەلگەنىدى. ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ جىددىيلەشكەن-

لىكتىن نەپسى قىسىلىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىشىۋاتاتتى. ئۇتتۇرۇۋاتقانلار ئۇتتۇرغانسېرى تېخىمۇ قىزىپ، قوللىرىنى ئىشتانلىرىنىڭ ئالدىقانداق بىر يەرلىرىگە تىقىپ، ئېھتىيات ئۇچۇن ئايرىپ قويغان پۇللىرىنىمۇ چىقارماقتا ئىدى.

— يائاللا!— دەۋەتتى ئولاشقان كىشىلەرنىڭ دۈمبىسىدىن بويىنىنى سوزۇپ قاراپ تۇرغان بارات، — بۇ خەق مۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تېپىشىدىغاندۇ!؟

— سەن تېخى ئۇقمامسەن؟— دەپ ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال قويدى يېنىدا تۇرغان بىرەيلەن.

— ئۇقمايدىكەنمەن.

— ئوغرىلايدۇ.

— ئوغرىلايدۇ!؟

— ھە، ئوغرىلايدۇ.

— نەدىن ئوغرىلايدۇ، شۇنچىۋالا پۇلنى ئوغرىنىۋالغۇچە پۇلنىڭ ئىگىسى نىمە ئىش قىلىدۇ؟ بۇ شەھەرنى گۈزەت قىلىدىغان ساقچى، ساقچىلارنى نازارەت قىلىدىغان ھاكىم يوقمۇ؟

— سەن ياقا يۇرتلۇق ئوخشىمامسەن؟— دېدى ھېلىقى كىشى، — پاھ، بىزنىڭ ھاكىمنىڭ ئاچچىقىنى بىردېمە، ئوغرى تۇتۇلۇپ قالسا بىرىنچى قېتىمدا سول قولى، ئىككىنچى قېتىمدا ئوڭ قولى، ئۈچىنچى قېتىمدا كاللىسى كېسىلىدۇ. ئوغرىنى مال ئىگىسى ئۆزى تۇتۇۋالسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ سورىقى بولمايدۇ. لېكىن ئاغىنە، ئوغرىلىق قىلغان ئادەم ئۇلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوغرىلىمايدۇ - دە!

— يا قۇدرەت!— دەۋەتتى بارات، — قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا دۇنيانى بىر كېچىدىلا تويدۇرماي ئوغرىلىۋالغىلى

بولىدىغاندۇ؟

— ئاۋۇ كۆزلىرى يوغان قىمارۋازنىڭ ئىشتانبېغىغا چىگىۋالغان ئىنچىكە، ياپىلاق تۆمۈرنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ چۈشەندۈردى ھېلىقى كىشى، — پاھ، ئۇ ئاجايىپ بىر خاسىيەتلىك ئاچقۇچ، كېرەك بولغاندا ئۇ ھەرقانداق مەھكەم قۇلۇپنى شالاققىدە ئېچىۋېتەلەيدۇ. . . قارا، قارا، ئۇنىڭ ئاتقان ئوشۇقى يەنە ئالچۇ چۈشتى. ئۇ قىماردىمۇ ئامەتلىك، لېكىن بىلىپ قوي، ئامەت دېگەندە ئىشەنچ يوق، ئوغرىلىقنى ئۇ ئامىتى قاچقان چاغلاردا قىلىدۇ. شەھەردىكى ھەممە بايلار ھەر ۋاقىت نامىزىدا ئۇنىڭغا قىماردا ئەمەتلىك بولۇشنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. بولمىسا ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي.

— ئاۋۇ كىشىنى قارا، بىچارە نۇرغۇن پۇل ئۇتتۇرۇۋەتتى، - دېدى بارات.

— مۇنۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇتتۇرۇۋاتقان بايقۇشنى دەمسەن؟ توغرا ئېيتتىڭ، بۈگۈن ئۇنىڭدىن ئامەت قېچىپتۇ. ئۆتكەن ھەپتە ئۇ تازا ئۇتقانىدى. كۆردۈڭمۇ، ئۇنىڭ پاقالچاقلىرى سېنىڭكىدىنمۇ ئۇزۇن، ئۇ ئاشۇ ئۇزۇن پۇتلىرى بىلەن ھەرقانداق تامدىن ئارتىلىپ، خالىغان ھويلىسىغا چۈشەلەيدۇ. بايقىدىڭمۇ، ئۇ ئوشۇقنى سول قولىدا ئېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ قولى بىزنىڭ ئادىل ھاكىمىمىز تەرىپىدىن كېسىپ تاشلانغان. ئۇنىڭ دەستىدىن بايلار ئۆيىنىڭ تېمى ئۇستىگە ھەر يىلى يېڭىدىن كۇمۇلاچ قويۇپ ئېگىزلىتىشكە مەجبۇر...

— ئاۋۇ، ئارىلىقتا قىسىلىپ ئولتۇرغان ۋىجىككىنە ئاغىنىچۇ، ئۇ مۇشۇ ئاكىلىرىنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ جان باقسا كېرەك؟ — دەپ سورىدى بارات.

— نېمە دېدىڭ! ؟ ئۇ دېگەن مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ مەشھۇر يانچۇقچى، قارا، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى ئاياللارنىڭكىدەك زىلۋا، ئېڭەكلىرىدە ساقال - بۇرۇت دېگەننىڭ دېدارىمۇ يوق، تۇغما كۇسا. سەن بازاردىكى ئادەملەرنىڭ يانچۇقلىرىدىكى پۇللارنى ئۇنىڭ پۇللىرى دەپ ھېسابلاۋەر. پۇل لازىم بولغاندا ئۇ پۈركەنجىدىن بىرنى ئارتىپ، يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ، ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ بازاردا پەيدا بولىدۇ. بازاردىكى يۈزلىگەن خوتۇنلارنىڭ ئىچىدىن قېنى سەن ئۇنى قانداق پەرق قىلالايسەنكىن؟ ... ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ، ھەممىسىنىڭ يانچۇقىنى بىر دەمدىلا قۇرۇقداپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ساغرىلىرىنى ئويىنىتىپ، نازلىنىپ ماڭىدىغان بولسا، مەنمەن دېگەن بايۋەچچىمۇ ئېسىنى يوقىتىپ ئەگىشىپ ماڭىدۇ. خالىيراق يەرگە بارغاندا ئۇ ناز قىلىپ بايۋەچچىگە سۆركەلگىلى تۇرىدۇ. ئىنچىكە، ئۇزۇن بارماقلىرى بىردەمدىلا بايۋەچچىنىڭ ھەممە يانچۇقىغا قاتراپ ئۈلگۈرىدۇ. . . مانا، مۇنۇ تاۋكاغا كۆمۈش تەڭگىلەرنى شاراقشىتىپ تۆكۈۋاتقان شاپ بۇرۇتنى كۆرۈپ قوي. ئۇنى ھەقىقىي قاراقچى دېسەڭ بولىدۇ، چۆل يوللىرىدا كارۋانلارنى توسۇپ بۇلايدۇ. ئۇخلاپ قالغان، غەپلەت باسقانلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ماللىرىنى ئېلىپ قاچىدۇ. .

«يارەببىم! — دەۋەتتى ئىچىدە بارات، — بابا بىزنىڭ ئالتۇنلىرىمىزنىمۇ يولدا ئەنە شۇنداق قاراقچىلار بابلىغانىكەن - دە! شۇ چاغدا ئاكا - ئۇكا بىرەرىمىز ئويغىنىپ مىدىرلاپلا قالغان بولساق كاللىمىزدىنمۇ ئايرىلىدىغان چېغىمىز. . . كىم بىلىدۇ، مۇشۇ تاۋكانى قىزىتىۋاتقان پۇللار ئىچىدە بىزنىڭ تىللالىرىمىزمۇ

باردۇر بەلكىم؟ . . . »
تۇيۇقسىز باراتنىڭ كاللىسىدا: «باشقىلار مېنىڭكىنى ئوغرىلىۋالسا بولىدىكەنۇ، مەن باشقىلارنىڭكىنى ئوغرىلىسام نېمىشقا بولمىغۇدەك،— دېگەن خىيال يالت قىلىپ چاقنىدى - دە، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، — مېنىڭ پۈتۈم ئاۋۇ ئوغرىنىڭكىدىن قىسقىراق بولسا نېمە بوپتۇ. ناھايىتى مەن سەل پاكارراق تاملاردىن ئارتىلىپ، ئازراق نەرسە يۇدۇپ چىقارمەن. ئىشقىلىپ، ئاچ يۈرگەندىن ياخشىراق! ...»
ئەتىسىدىن باشلاپ بارات بازار تارقىلىشى بىلەنلا بازار مەيدانىنى، بوش قالغان رەستىلەرنى ئايلاندى. كوچىلاردا ئىتلار قاتراپ، ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىكى سۆڭەك ۋە باشقا تاشلاندۇق نەرسىلەرنى تالىشىپ بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشاتتى. دۇكانلارنىڭ قېلىن تاختاي ئىشىكلىرى مەھكەم ئېتىلگەن بولۇپ، ئۈستىدىن پولات قۇلۇپلار سېلىنغانىدى. بەزى ئىشىكلەردە يەنە قانداقتۇر تاقاقلار، ئالماپ باغلىۋېتىلگەن تۆمۈر زەنجىرلەر ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى بارلىق قۇلۇپلارنى شاراقشىتىپ ئېچىۋېتىدىغان خاسىيەتلىك ئاچقۇچ بولسا باراتتا يوق ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا رەستىلەر بېشىغا قاراۋۇللارنىڭ گۈلخانلىرى يېقىلاتتى. ئۇلار ۋاقتى - ۋاقتىدا كالتەكلىرىنى تاقىلدىتىپ دۇكانلار ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى، كۆزەتچىلەرنىڭ ئايىغى تاكى تاڭ يورۇپ، كوچىلاردا يولۇچىلار پەيدا بولغۇچە بېسىلمايتتى. مۇنداق ئەھۋالدا تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ئوغرىلارنىڭ پۇت - قولىنى كېسىدىغان شەھەر بېگىنىڭ ئالدىغا ئۆز ئايىغى بىلەن بارغانغا باراۋەر ئىدى.
يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بارات بازار ئەتراپىدىكى

مەھەللىلەرنى ئارىلاشقا باشلىدى. پاكار - پاكار تاملار بىلەن قورشالغان كەمبەللەر مەھەللىلىرىدىن بارات ئىتتىكلا ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ يەردىكى ئۆيلەر شۇنچىلىك كۆرۈمسىز، ھويلا - ئاراملارنىڭ تاملىرى پاكار، دەرۋازىلىرى قاغجىراپ قىيسايغان، بەزى ھويلىلارنىڭ دەرۋازا تاملىرىمۇ يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكۈدەك نەرسىمۇ يوق ئىدى. ھويلىلاردا يالىڭاچ بالىلار يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى. ھويلىنىڭ كۆلەڭگە چۈشكەن يەرلىرىدە ئولتۇرغان ھالسىز موماي‌لار چاق ئېگىرىشەتتى. ئورۇق بوۋاقلار ئانىسىنىڭ سۈتى يوق كۆكسىنى كۆچەپ شورايتتى. بۇ ئۆيلەرگە كىرگەن ئادەملەر بىرنەرسە ئېلىپ ئەمەس، بىر نەرسە بېرىپ چىقسا بولاتتى.

بايلار، سودىگەرلەر تۇرۇشلۇق مەھەللىلەرنىڭ ھويلا تاملىرى بىر - بىرىدىن ئېگىز بولۇپ، ئۇ ئېگىز تاملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە بېخىل بايلار يەنە تىكەنلەرنى سانجىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىغانىدى. ئېگىز تاملار ئوتتۇرىسىدىكى كۈن چۈشمەس كوچىلار دائىم جىمجىت تۇراتتى. ئۇ يەردە كېتىپ بارغان كىشىگە پەقەت ئاسماننىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى ياكى بىرەر پارچە ئاق بۇلۇتلا كۆرۈنەتتى. مۇستەھكەم دەرۋازىلاردا بولسا ئېغىر تۆمۈر ھالقىلار ئېسىلىپ تۇراتتى. گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، بارات مۇنداق كوچىلاردا ھېچنېمىگە قارىمىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھەممىگە ئىنچىكە سەپسېلىپ ئۆتەتتى. «ئەشۇ دائىما مەھكەم يېپىقلىق تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك دەرۋازىلارنىڭ ئىچىدە نېمە ئالامەتلەر باردۇر؟— دەپ خىيال قىلاتتى بارات، — ئۇ يەردە بەلكىم ھېسابسىز دۇنيالار چېچىلىپ ياتىدىغاندۇر. شۇنىڭ بىلەن

بىللە مەككار بايلار يەنە ئۇ يەرگە ئاچچىقى يامان كۆزەتچىلەر بىلەن ئېينقتەك يوغان ئىتلارنىمۇ باغلاپ قويغاندۇر؟… ياق، ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ ھەرگىز تەۋەككۇل قىلىشقا بولمايدۇ…»

«ئەلۋەتتە، تېشىدىن قۇلۇپ سېلىنغان ھويلىلارغا ئارتىلىپ چۇشۇش كېرەك! — دېگەن بىر پىكىر كەلدى باراتنىڭ كاللىسىغا بىر كۇنى، — تېشىدىن قۇلۇپ سېلىنىدىمۇ، ھويلا ئىچىدە ئادەم يوق دېگەن گەپ. تامدىن ئارتىلىپ، ئىچىگە ئامان - ئېسەن چۇشۇۋالساڭلا، ئۇ يەردە بەھۇزۇر ساياھەت قىلىپ يۇرۇۋېرىسەن! »

كىشىنى تەقەززا قىلىپ ھارغۇزۇۋېتىدىغان ئۇزاق كۆزىتىشلەردىن كېيىن، بارات ئەنە شۇنداق دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇرىدىغان بىر ئۆينى بايقاپ قالدى. بۇ ھويلىنىڭ ئېگىز تاملىرى ئۇستىگە ئەتىگىنى - ئاخشىمى قىزغۇچ كۇن نۇرى چۇشەتتى. ھويلا ئالدىدىكى تار كوچىغا بولسا كۇن تىكلەشكەندىلا بىردەم كۇن نۇرى چۇشتى - دە، ئاندىن ئۇ يەردە يەنە دائىملىق تىنچىق كۆلەڭگە ھۆكۈم سۇرەتتى. بارات نىشان قىلغان قورۇنىڭ ياڭاق ياغاچىدىن نەقىشلەپ ئىشلىگەن يوغان دەرۋازىسى بار ئىدى. تام ئۇستىگە كەپتەرلەر قونۇپ گۇگۇلدىشاتتى. كوچا تەرەپتە ئۆسكەن يوغان بىر تۇپ قاپاق تېرەك شاخلىرىنى تام ئۇستىگە ئارتىپ ھويلا تەرەپكە ئۇچ تارتقانىدى. بۇ تېرەك ۋە ئۇنىڭ قويۇق شاخلىرى باراتنىڭ تامدىن ئارتىلىشىغا ياردەم قىلىشقا، كوچىدا تۇيۇقسىز ئادەم پەيدا بولغۇدەك بولسا ئۇنى قويۇق يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا يوشۇرۇپ قېلىشقا ۋەدە قىلىپ تۇرغاندەك كۆرۇنەتتى.

ھېلىقى ھويلىدىن ھەر كۇنى ئەتىگەنلىكى چار ساقال،

چىرايى سۆرۈن، ئاقساپ ماڭىدىغان بىر ئادەم چىقاتتى - دە، دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىلىرىغا يوغان شادا قولۇپنى بىسىپ، ئۇنى مەھكەم ئېتىلدىمۇ يوق؟ دەپ يەنە بىرنەچچە سىلكىپ قويۇپ، بازارغا قاراپ ماڭاتتى. يول يۈرگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقساقلىقىنى بىلىندۈرمەسلىككە شۇنچە تىرىشىمۇ، ئۇستىدىكى قىممەت باھالىق ئۆزۈن تون ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ قالالمايتتى. بازارنىڭ تازا قايناق يېرىدە بۇ ئادەمنىڭ بىر گەزمال دۇكىنى بار ئىدى. ئۇنىڭ دۇكىنىدا ھىندى باسمىلىرى، خوتەن ئەتلىسى، قەشقەرنىڭ چەكمەن، سەگەزلىرىگىچە سودا بولاتتى. چۈشتە باشقا دۇكاننىڭ خوجايىنلىرى چايخانىلاردىن قىزىق چاي ئالدۇرۇپ، پەتنۇستىكى پىستە، بادام، مېغىزلار بىلەن تاماقلانسا، بۇ ئادەم ئۆيدىن ئېلىپ بارغان قاتتىق ناننى غاجىلاپ سودىسىنى قىلىۋېرەتتى. بازار تارقىغاندا بەزى سودىگەرلەر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ مەشرەپ - ئولتۇرۇشلارغا قاراپ ماڭاتتى. بەزىلىرى ھېلىلا دۇكاندا سىرلىق پىچىرلىشىپ بىرمۇنچە مالنى پۇل ئالماي كۆتۈرتۈپ قويغان سەتەڭنىڭ ئۆيىگە راۋان بولاتتى. ھېلىقى كىشى بولسا دۇكىنىنى ئالدىرىماي تاقاپ يەنە قولۇپلارنى بىرنەچچە قېتىم تارتىپ كۆرۈپ، پۇتىنى سۆرەپ ئاقساقلاپ ماڭغىنىچە كۆكتات، مېۋە - چېۋە بازىرىغا كېلەتتى. ئۇ يەردە ئۆزۈندىن - ئۆزۈن سودىلىشىپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ خالتىسىغا تىققاندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى. دەرۋازىدىكى مىس قولۇپنى ئۇزاق ھەپىلىشىپ ئاچاتتى-دە، دەرۋازىنى گۈپپىدە يېپىپ كىرىپ كېتىپ، تاكى ئەتىسى ئەتىگەنگىچە كۆرۈنمەيتتى.

«ئەجەپ ئىش - ھە! — دەپ ھەيران بولاتتى بارات، — بۇ

ئادەم شۇنچە يوغان قورۇدا ئۆزى يالغۇز تۇرامدىغاندۇ؟ نېمىشقا هويلا ئىچىدىن باشقا بىرەر جاننىڭ ئاۋازى چىقمايدۇ؟ ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىمۇ يوقمىدۇ؟ بۇ ئادەم شۇنداق يېگانىلا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆيلىرى مال - دۇنيا بىلەن تىنىپ كەتكەندۇر؟ بەلكىم ئۇ ئۆزىدىكى جىسمانىي ئەيىبلەر تۈپەيلى ئايال جىنسقا يېقىن يولىماسلىققا قەسەم قىلغان بىر ئادەمدۇر. . . ئەگەر ئۇ هويلىدا يالغۇز بولسا، بازاردىن هەر كۈنى ئەكېلىدىغان شۇنچە كۆپ يېمەكلىكلەرنى نېمە قىلىدۇ؟ . . .»

ئويلىغانسېرى بۇ هويلا باراتقا شۇنچە سىرلىق ۋە ئاجايىپ بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. سىرلىق نەرسە قانچە سىرلىق بولغانسېرى كىشىنى شۇنچە جەلپ قىلىدۇ. بارات كۈندۈزى - سودىگەر بازاردا تازا قىزىق سودا قىلىۋاتقان پەيتتە بۇ هويلىغا چۈشۈپ كۆرۈش قارارىغا كەلدى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# سۆيۈملۈك قاراقچى

بارات ئاقساق سودىگەرنىڭ هەرىكەتلىرىنى بىرنەچچە كۈن كۆزەتتى، بۇگۈنمۇ سودىگەرنىڭ دۇكىنى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. كۈن ئۆرلىگەنسېرى بازاردا خېرىدارلار كۆپىيىپ، دۇكانلارنىڭ سودىسى قىزىماقتا ئىدى. ئاقساق سودىگەر پوكەي ئارقىسىدا تۇرۇپ دۇكانغا كىرگەن هەربىر خېرىدارغا ماللىرىنى

ئېلىپ كۆرسەتتى. پۈركەنجىلىك خېنىملارغا گۈللۈك چىتلاردىن گەزلەيتتى. يەنە كىملەر بىلەنمۇ ماتا - چەكمەنلەرنىڭ باھاسى ئۈستىدە ئۇزاق قىزىشىپ سودىلىشاتتى. كۈن پېشىنگە يېقىنلاشتى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ياقتىكى ئىشلىرى باراتقا بەش قولدەك ئايان ئىدى. بىردەمدىن كېيىن بۇ سودىگەر ئۆيىدىن ئەكەلگەن قاتتىق نانلىرىنى قاچىغا چىلاپ قويىدۇ. نان ئىۋىپ سەل يۇمشىغاندىن كېيىن ئۇنى ئالدىراش ھالدا قوشۇقلاپ - قوشۇقلاپ ئاغزىغا سېلىپ بىر پەستىلا تۈگىتىدۇ؛ كىرگەن خېرىدارلارغا مال سېتىشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. شۇ تەرىقىدە سودىسىنى يەنە تاكى بازار تارقىلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئايىغى بېسىلغۇچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاندىن پۇللىرىنى ساناپ قويىنىغا سېلىپ، دۇكاننى مەھكەم قۇلۇپلاپ بېرىپ كۆكتات بازىرىدىن نەرسە - كېرەكلەرنى ئالىدۇ. ھازىردىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، سودىگەرنىڭ ئۆيىگە قايتىشىغا تېخى يېرىم كۈندىن ئوشۇق ۋاقىت بار. بۇ ۋاقىت باراتنىڭ ھېلىقى سىرلىق ھويلىغا چۈشۈپ زىيارەت قىلىپ چىقىشىغا تولۇق يېتىدۇ.

بارات بازاردىن سودىگەرنىڭ ھويلىسى جايلاشقان كوچىغا ئۇچقاندەك قايتىپ كەلدى. ئېگىز تاملار ئارىسىغا قىستىلىپ قالغان تار كوچىدىن تېخى ئەتىگەننىڭ سالقىنى كەتمىگەن بولۇپ، جىمجىت ۋە تىنچ ئىدى. بارات ئۇياق - بۇيىقىغا بىر قارىۋەتتى-دە، سودىگەرنىڭ تېمى يېنىدىكى قاپاق تېرەككە مايمۇندەك يامىشىپ چىقىپ كەتتى. تېرەكنىڭ ھويلا تەرەپكە سوزۇلغان چوڭ شېخىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ تام ئۈستىگە چۈشتى. تۆۋەندە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇتىدەك چىرايلىق بىر ھويلا تۇراتتى. بارات ھەيران بولدى. ھويلىدىكى ھەممە نەرسە شۇنچىلىك پاكىز ۋە

رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. ئوڭ تەرەپكە كۈنگەيگە قارىتىپ ئېگىز پېشايۋانلىق ئۆيلەر سېلىنغانىدى. ئۆينىڭ ئىشىك- دېرىزە، تۈۋرۈكلىرىگە ئەڭ ماھىر ئۇستىلارغا نەقىش چەككۈزگەنىدى. كەڭ پېششىق خىشلار يېيىتىلغان ھويلىدىكى تەشتەكلەردە قىپقىزىل گۈللەر تاۋلىنىپ تۇراتتى. پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ قارشى تەرىپىدە ئۇزۇن كەتكەن لاپاس بولۇپ، لاپاس ئاستىغا چوڭ - كىچىك كۆپلەر، تاي - تاي ماللار رەتلىك قويۇلغانىدى. بارات ھويلىنىڭ مۇنداق پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغىنىغا قاراپ، ئۆيدە چوقۇم بىرەر ئايال كىشى ياكى خىزمەتچى بولسا كېرەك، دەپ جەزم قىلدى. ئەگەر ئۇ ھويلىغا چۈشۈۋالسىلا، ئۇ يەردە بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشىنىڭ كارى چاغلىق ئىدى.

بارات ھويلىغا لاپاسنىڭ تۈۋرۈكىگە يامىشىپ سىيرىلىپ چۈشمەكچى بولۇپ، مۈشۈكتەك ئۆمىلەپ لاپاس تەرەپكە ئۆتتى…

ئاقساق سودىگەرنىڭ ئىسمى نىياز ئىدى. بۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلەردە ئۇنىڭ ئايالى ئايجامال تۇراتتى. ئايجامال ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئايدەك جامالى بار گۈزەللەردىن ئىدى. ئاقساق سودىگەر بۇ شەھەرگە ئۆزىنىڭ بايلىقى ياكى بېخىللىقى بىلەن ئەمەس، ئايالللارغا بولغان قاتتىق قوللۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئايجامال نىيازنىڭ ئۈچىنچى ئايالى ئىدى. نىيازنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئايالىنىڭ بىرى نىيازنىڭ بېخىللىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقان گۇمانخور، كۆنلەمچىلىكىنىڭ دەردىنى ھارغۇچە تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئىككىنچىسى بولسا قېچىپ كېتىپلا قۇتۇلغانىدى. نىياز ئۇلارنىڭ ھېچقايسىدىن بالا يۈزى

كۆرمىدى. ئايجامال بۇ شەھەردىكى بىر ئۆلىمانىڭ قىزى بولۇپ، نىياز بۇ گۈزەلنى ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ كۈچى بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. نىياز بۇ ياش خوتۇنىنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك خۇشامەت قىلاتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىپ ھەر كۈنى بازاردىن نازۇ نېمەت، مېۋە - چېۋىلەرنى توشۇيتتى. قوشلاپ كىيىم - كېچەكلەرنى تىكتۈرۈپ بېرەتتى ۋە پات - پات ئالتۇن جابدۇق، زىبۇ زىننەتلەرنى سوۋغا قىلىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ خوتۇنىغا بولغان گۇمانخورلۇقى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئايجامال ياش ۋە گۈزەل، ئۇ بولسا ھەر كۈنى ھەر خىل قۇۋۋەت دورىلىرىنى كاپ ئېتىپ تۇرسىمۇ كۈندىن - كۈنگە قېرىپ، جىسمانىي ئەيىبلىرى بارغانسېرى ئاشكارىلىنىپ، كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. نىياز خوتۇنىنى مەستۇرە ھالەتتە تۇتاتتى. ئايجامالنىڭ يات ئەرلەرگە قاراپ قويۇشىغىمۇ، ئەر خەقلەرنىڭ ئايجامالغا كۆز سېلىشىغىمۇ يول قويمايتتى. بازارغا ماڭغاندا ئۇ دەرۋازىنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ قويۇشنى زادى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئايجامالنىڭ ئاتا - ئانىسى نىيازنىڭ ئۆز قىزىنى شۇنداق قاتتىق تۇتۇشىنى ھەقلىق دەپ قارايتتى.

ئايجامال بۇ ياسىداق ھويلىدا خۇددى ئالتۇن قەپەس ئىچىدىكى بىچارە قۇشتەك ياشايتتى. قەپەس ھەرقانچە كۆركەم بولسىمۇ، قۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوق. قۇشنىڭ قەپەس ئىچىدە توختىماي پىرقىراپ، بىتاقەت بولۇپ چۇرۇقلىغىنى خۇشال بولۇپ سايرىغىنى ئەمەس ئادەملەرنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن، شۇنچە كەڭ جاھاننى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدا پەرۋاز قىلىش ئەركىدىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن خۇداغا

قىلغان نالىسى...

ئايجامالنىڭ ئۆيدىن چىقسا ھەر كۈنى كۆرىدىغىنى ئېگىز تام، ئالىقاندەك بىر پارچە ئاسمان، شۇ تاملارغا شېخىنى ئارتىپ تۇرغان قاپاق تېرەك ئىدى. ئايجامالغا باھارنىڭ كېلىپ - كېتىۋاتقانلىقىنى، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشىنى شۇ تېرەكنىڭ ياپراقلىرى خەۋەر قىلاتتى. ھەر باھاردا ئۇ پۇتىلا چىقىراتتى. پوتىلار تۆكۈلۈپ ئۇ يەردە سۇس يېشىل تەڭگىلەر پەيدا بولاتتى. ئاندىن يوپۇرماقلار بارغانسېرى يېيىلىپ ئەتراپقا قويۇق كۆلەڭگە تاشلايتتى، بىر كۈنلەرگە بارغاندا يەنە بۇ يوپۇرماقلار ئالتۇندەك سارغىيىپ، ھويلىغا غازاڭ بولۇپ تۆكۈلەتتى، سېپىلدەك ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بۇ ھويلىدا تۇرغان ئادەمگە قۇياش ناھايىتى كېچىكىپ چىقىپ، بالدۇرلا ئولتۇرۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. بەتبەشىرە قىرىنىڭ قوينىدا ئەسىر بولۇپ ياتىدىغان كېچە بولسا تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلاتتى.

نىياز ئايجامالنى تام تۆپىسىگە قونغان قۇشلار، گۈللەرنى ئەگىپ يۈرگەن كېپىنەكلەردىنمۇ كۈنلەشكە تەييار ئىدى. «خوش، سەن بۇ قۇشلارنىڭ ياكى ئاۋۇ يارىماس كېپىنەكلەرنىڭ جۈپلىشىپ يۈرگىنىگە نېمانچە قاراپ كېتىسەن؟ — دەيتتى نىياز ھەسەتخورلۇق بىلەن ئايجامالغا، — ئايال كىشى ئۈچۈن ئۇنداق نەرسىلەرگە نەزەر سېلىش ئېغىر گۇناھ، ئۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭگە يامان خىياللارنى سالىدۇ!» نىياز ھەرگىزمۇ ئۆيگە مېھمان چاقىرمايتتى ۋە مېھمانغىمۇ بارمايتتى. پەقەت ھېيت - ئايەم، ھارپا كۈنلىرىلا خوتۇنىنىڭ قاتتىق تۇرۇۋېلىپ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئاندىن ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باراتتى. مۇنداق چاغلاردا نىياز ئايجامالنى قېلىن چۈمبەل ۋە چۈمبەردىلەرگە

پۈركۈيتتى. ئاندىن ئۇنى دېرىزىلىرىگە پەردە تارتىلغان مەپىگە چىقىرىپ، ئۆزى يېنىدا مەھكەم ئولتۇرۇپ باراتتى.
ئايجامالنىڭ ئاتىسى خېلى كۆپ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، قىزىنىڭ خەت - ساۋاتىنى ئۆزى چىقارغانىدى. بۇ كىشى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭدىن بىر دۇۋە كىتابلاردىن باشقا ھېچقانچە دۇنيا قالمىدى. ئايجامالنىڭ ئاتىسى ئېرىدىن قالغان كىتابلارنى يالداما سۇپىتىدە ناھايىتى پاكىز ساقلايتتى. ئايجامال ھەر قېتىم ئۇ ئۆيگە بارغاندا ئاتىسىنىڭ كىتابلىرى ئىچىدىن ئۆزىگە كېرەكلىكلىرىنى تاللاپ ئەكېلەتتى. ئۇنىڭ ئەكەلگەن كىتابلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىران، ئىراق، شام، ھىندىستان ۋە يەنە قانداقتۇر يىراق بىر مەملىكەتلەردە يۈز بەرگەن ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار، مۇھەببەت ۋەقەلىكلىرى توغرىسىدا ھېكايە قىلاتتى. ئايجامال يەنە بىر قېتىم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئايەملەپ كەلگۈچە ئۇنىڭغا ئەنە شۇ كىتابلار ھەمراھ بولاتتى. ئۇ ئەنە شۇ كىتابلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، شۇ كىتابلارغا ئۆز ھالىنى ئېيتاتتى، شۇ كىتابلاردىن ئۆزىگە تەسەللى تاپاتتى. نىياز ساۋاتسىز ئادەم بولغاچقا، ئەرەب يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىلا مۇقەددەس دەپ تونۇيتتى، ئۇلارنى ئوقۇپ تۇرۇشنى ساۋابلىق ئىش دەپ بىلگەچكە، ئايالىنىڭ مۇنداق كىتابلارنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇغانلىقىغا خۇش بولاتتى. پەقەت بەزى چاغلاردىلا ئۇ ئايالىغا: شۇ ئىشىڭغا ھەيرانمەن، سەن بەزىدە بۇ ئۇلۇغ كىتابلارنى بىتەرەت تۇتۇپ قويىسەن. بۇنداقتا... دەپ بىر تالاي ۋايسايتتى. ئايجامال بولسا ساۋاتسىز سودىگەرنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىگە ئىچىدە كۈلەتتى.
كېيىنكى كۈنلەردە ئايجامال ئاشىق - مەشۇقلار

تۇغرىسىدىكى كىتابلارغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىكى، ئەمدى
ئۇنىڭغا ئىلگىرى دوزاخ بىلىنگەن بۇ ھويلىمۇ ئانچە زېرىكىشلىك
تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پۈتۈنلەي باشقا بىر دۇنيادا،
ئۆزى كىتابلاردا ئوقۇپ، خىيالىي تەسەۋۋۇرىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋال-
غان يېڭى ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەر ئىلكىدە تۇراتتى؛ قېرى، زەئىپ
ئېرىنىڭ قوينىدا يېتىپمۇ ئۆز خىيالىدىكى ئالەمدە ياشايتتى.

ئايجامال بەزىدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ
باللىق ھاياتى ئۆتكەن مەھەللىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.
تام تۈۋىدە چېچەكلەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان جىگدىلەر،
كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرىدىغان يوپۇرماقلار خىيالىدىن ئۆتەتتى.
ئۇلارنىڭ ھويلىسىنىڭ ئارقىسىدىلا كىچىككىنە ئانارلىق باغچىسى
بولۇپ، باغنىڭ پاكار تاملىرىدىن يىراقتىكى ئېتىزلار، لايقىپ
ئاقىدىغان ئۆستەڭ، قىرغاقلىرىدا مامكاپ گۈللىرى ئېچىلىپ
كېتىدىغان ئېرىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باغ ئىچى بولسا يۇمشاق
چىم بىلەن قاپلانغانىدى. ئايجامال تام تۈۋىدە جىگدە دەرىخىگە
يۆلىنىپ تۇرۇپ قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان كەڭ تەبىئەتكە
ھاياجاندا قارايتتى. ئېتىز يوللىرىدا كېتىپ بارغان بۇرۇتلىرى
خەت تارتقان سۇباتلىق يىگىتلەرنى ئېنىق كۆرەتتى. ئۆي
تەرەپتىن بىرەرى چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزىنى جىگدە يېلىمى
يىغىۋاتقان قىياپەتكە سېلىۋالاتتى. يىراقتىن كەتمەن كۆتۈرۈپ
ئۆتىدىغان شۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان
يىگىتىمۇ بار ئىدى... ئەمما، بۇ يىگىت ئاخىرىدا ناھايىتى
يۈرەكسىزلىك قىلدى. ئايجامالنى ئانىسى ئۆزىدىن نەچچە ئون
ياش چوڭ بىر ئاقساق قېرىغا بەرمەكچى بولغاندا، قىز شۇ
ئانارلىق باغنىڭ تېمى يېنىدا ئۆز يىگىتىگە يىغلاپ تۇرۇپ

تاشلانغان ۋە يىگىتتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشنى، يىراقلارغا باشلاپ كېتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. يىگىت قىز ئېلىپ قاچقانلار ئۈستىدە بولىدىغان ئېغىر جازالارنى ئويلاپ تىترەپ كەتتى- دە، ئىككىلىنچلەپ كەلمىدى. قىزنىڭ يىگىتتىن قاتتىق كۆڭلى قالدى. بۇ ئالەمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ۋاپاسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندى- دە، تەقدىرگە تەن بەردى... ئۇ ئوقۇغان كىتابلاردا بولسا ئاجايىپ پالۋانلار، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھاياتىدىن كېچىدىغان قايتماس مەردلەر، قورقۇمسىز قاراقچىلار، ئۆز مەشۇقىنىڭ دىدارىنى ئىزدەپ ئالەمنى كېزىپ يۈرگەن ئاشىقلار تەسۋىرلىنەتتى. ئايجامال ئۆز خىيالىدا قاچانلا بولسۇن، شۇنداق يۈرەكلىك بىر يىگىتنىڭ مۇشۇ ھويلىنىڭ ئېگىز تاملىرىدىن ھالقىپ چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئايجامال ھەر كۈنى كۆڭۈل قويۇپ ياسىناتتى، قاشلىرىغا ئوسما، تىرناقلىرىغا خېنە قوياتتى. يۈزلىرىگە ئەڭلىك سۈركەيتتى. يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ، زىبۇ- زىننەتلەرنى تاقايتتى، ئۈستىگە خۇش پۇراق گۈل مېيى چاچاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئاقساق، قېرى ئېرىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەمەس، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىدىغان غايىبانە يىگىتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قىلاتتى. نىياز ئۇنىڭ مۇنچە چىرايلىق ياسىنىۋالغىنىغا قاراپ بەزىدە ۋايساپمۇ كېتەتتى.

— سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى مۇنچە ئوشۇق پەردازلىۋالدىڭ؟ - دەپ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ تۇرغان دەھشەتلىك گۇمان بىلەن ئايالىغا تىكىلەتتى نىياز، — بەلكىم سەن چۈشۈڭدە بىرەر يىگىتنى كۆرۈپ يۈرىدىغانسەن ياكى خىيالىڭدا بولسىمۇ بىرەر

ناپاك بىلەن بىللە بولىدىغانسەن؟...ياكى بولمىسا، شوتىنى قويۇپ ئۆگزىلەرگە يامىشىپ، كوچا - كويلارغا كۆز سىلىپ يۈرىدىغانسەن؟

— ۋاي - ۋۇي، نەدىكى بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانلا! — دەپ ئەركىلەيتتى ئايجامال نىيازغا، — شوتىغا بىر بالداق چىقسامۇ بېشىم قايىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى سىلى ئۈچۈن، سىلىنى بازاردىكى خوتۇنلار ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن، دەپ كۆڭۈللىرىنى ئىزدەپ...

— ئوشۇقچە، ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىك! — دەپ غۇدۇڭشىيتتى نىياز، — خۇداغا شۈكرى، مەن كوچىدىكى ئۇنداق كەلسە - كەلمەس خوتۇنلارنىڭ ئارقىسىدىن پالاقلاپ يۈرىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس، زىبۇ زىننەتلەرسىزمۇ سەن ماڭا سۆيۈملۈكسەن. ئوسما - خېنىلەرنى بىكار زايە قىلىپسەن. ئەگلىك بىلەن يۈز مېيىنى بۇنچە كۆپ ئىشلەتمە، ھازىر بۇ نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ.

شۇنداق كوتۇلداشلار بىلەن نىياز پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ شۇ كۈندىكى سودىدىن چۈشكەن پۇللارنى سانايتتى. ساپ ئالتۇنلارنى ئايرىم كومزەكلەرگە سېلىپ قەيەرلەرگىدۇر كۆمەتتى.

بارات سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈش ئۈچۈن بىرەر ئەپلىكرەك جاينى ئىزدەپ يۈرگەندە، ئايجامال ئۆيدە ئىدى. ئۇ يۇمشاق گىلەم ئۈستىگە مامۇق ياستۇقلارغا تايىنىپ يېتىپ ئاشىق- مەشۇقلار توغرىسىدىكى يەنە بىر كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتاتتى. كىتابتا قانداقتۇر بىر قاراقچى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كېنىزىكىنى ئوغرىلاپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، شاھ

ئوردىسىنى پاراكەندىچىلىككە سالماقتا ئىدى. ئايجامالنىڭ نەزەرىدە مانا بۇ قاراقچى ھەقىقىي ئەر ئىدى. ئۇ شاھنىڭ ھەرىمىگە يېتىپ بارىدىغان يولدىكى قاراۋۇللارنى بىر - بىرلەپ يىقىتىپ، ئۆزىنىڭ مەشۇقى قامالغان ھۇجرىغا شىپىرلاپ كەلمەكتە ئىدى...

شۇ چاغدا ھويلىغا گۇرۇ قىلىپ بىر نەرسە چۈشكەندەك بولدى. ئايجامال چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ھويلىدا بىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك بولدى.

بارات لاپاسىنىڭ تۈۋرۈكىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ھويلىغا ئوڭۇشلۇق سىيرىلىپ چۈشۈۋالغانىدى. ئەمدى ئۇ بۇ ھويلىنىڭ ئېگىز تاملىرىدىن قانداق ھالقىپ چىقىپ كېتىش توغرىسىدا غەم قىلمىسىمۇ بولاتتى. لاپاس ئاستىغا ئۇزۇن بىر شوتا ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. لېكىن، بارات شوتىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، پېشايۋانلىق ئۆي تەرەپكە قاراپلا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۆينىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئالدىدا بىر ساھىبجامال ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

باراتنىڭ پىكرى چىگىشلىنىپ كەتتى. «بۇ ئايال نېمانچە چىرايلىق؟...ئۇ سىرتى قۇلۇپلاقلىق بۇ ھويلىدا نېمە قىلىدۇ؟ بۇ ھېلىقى ئاقساق سودىگەرنىڭ ئايالىمىدۇر، قىزىمىدۇر؟... ھويلىغا ئوغرى چۈشكەندە ئۇ قورقۇپ ۋارقىراپ كەتمەي نېمىشقا كۈلۈپ تۇرىدۇ؟... ياكى بۇمۇ ھېلىقى رەھمەتلىك ئېرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى دەسمايە قىلىپ بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن قېرى دەللىدەك ياش چوكاننىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ھېيلىگەر خوتۇنمۇ؟... ياق، ئۇ راستىنلا ياش ۋە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. قارىغاندا ئۇ مېنى مۇشۇ تۈۋرۈكتىن پات - پات

سىيرىلىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىر ئويناشلىرىغا ئوخشىتىۋاتسا كېرەك... ئەگەر بۇ ھويلىدا مۇشۇ ئايالدىن باشقا بىرەر جان بولمىسا، بىر خوتۇن كىشىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەك تەس ئەمەس!...» شۇ خىياللار بىلەن بارات قورقۇنچىسىنى بېسىۋالدى، ھەممە ئوغرىلار شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىۋالغۇچە ناھايىتى قورقىشىدۇ، كىرىۋالغاندىن كېيىنلا ئۆينىڭ ئىگىسى شۇ.

شۇ تاپتا ھويلىدا پەيدا بولۇپ قالغان ئېگىز بوي، قارا قاشلىرى ئاستىدا قوي كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتنى ئايجامال ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى ئۆزى تەشنالىق بىلەن كۈتكەن باتۇرنىڭ ئۆزى دەپ بىلدى. ئايجامالنىڭ نەزەرىدە يىگىت تۇۋرۇكتىن سىيرىلىپ چۈشمىدى. بۇلۇتلاردىن ھالقىپ يېتىپ كەلدى. ئۆز نىگارىغا يېتىش ئۈچۈن تالاي مۈشكۈللەرنى يېڭىپ، قانلىق جەڭلەرنى قىلدى. بولمىسا ئۇ شۇنچە چوڭ شەھەردىكى ئايجامال تۇرغان بۇ كىچىككىنە ھويلىنى قانداق تېپىپ كېلەلەيدۇ؟ بۇ ئېگىز تاملاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقچە پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار. بەزىدە تۇرمۇشتىكى ئىشلار كىتابلارغا يېزىلىدۇ. بەزىدە كىتابتىكى ئىشلار تۇرمۇشتىمۇ يۈز بېرىدۇ... ئايجامال خىيالىدىكى شۇ يىگىتنى كېچىلا چۈشىدە كۆرگەن، ئۇنىڭ بۇگۈن كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى كۆڭلىگە ئايان بولغان. شۇڭا ئۇ ئەتىگەنلا ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيگەن، قويۇق بوستان چاچلىرىنى چۇۋۇپ ئارقىغا تاشلاپ ئەينەك ئالدىدا ئۇزاق پەردازلانغانىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان يىگىتكە قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— قېنى قىممەتلىك مېھمان ئۆيگە كىر! . . . مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ مەن سېنى مۇشۇ يەردە ئۆز ۋۇندىن بىرى كۈتۈپ تۇرغان. سەن كېچىكتىڭ. . .

«يائاللا!» بارات بۇ چوكاننىڭ ئەقلىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىگە سەل گۇمانلىنىپ قالدى. تەۋەككۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بارات پېشايۋان ئۇستىگە چىققىشى بىلەن، ئايجامال ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى. بۇ پۈتۈنلەي گىلەم ۋە ئېسىل جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن ئازادە ۋە سالقىن ئۆي ئىدى. ئايجامال بوسۇغىدىلا باراتنى ئۆزىگە تارتتى. ئاپئاق بىلەكلىرىنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە تاشلاپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈپ ئۇنى قىزغىن سۆيۈشكە باشلىدى.

— سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟ جىنمۇ سەن، ئادەممۇ سەن؟ - دەيتتى بارات ئايالنىڭ چوكۇلدىتىپ سۆيۈشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— مەن ئادەممەن، سودىگەر نىيازنىڭ خوتۇنىمەن!— دەپ پىچىرلايتتى ئايجامال ھاياجاندا.

— سەن مېنى ئۆزۈڭنىڭ بىرەر ئويناشلىرىغا ئوخشىتىپ قالدىڭغۇ دەيمەن؟ بىلەمسەن، مەن ئوغرىمەن!

— بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن،— دەيتتى ئايجامال تىترەك ئاۋاز بىلەن،— سەن ئوغرىسەن، مەن كۈتكەن سۆيۈملۈك قاراقچىسەن!

— سېنىڭ ئەقلىڭ جايىدىدۇر؟

— خۇداغا شۈكرى، بۇ تۆت تامنىڭ ئىچىگە سولىنىپ ئولتۇرۇپ تېخى ئەقلىمدىن ئازغۇدەك بولمىدىم. خۇداغا نالەم يەتتى. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى، ساڭا ئوخشاش يۈرەكلىك

يىگىتنىڭ تاملاردىن ئارتىلىپ چۈشۈپ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلىشىنى تىلەيتتىم. مانا بۈگۈن خۇدا ئۆزى سېنى ماڭا يەتكۈزدى.

ئايجامال پىچىرلاپ تۇرۇپ، ئوتلۇق قۇچاقلاشلار بىلەن ئۆز لېۋىنى باراتنىڭ لېۋىگە باساتتى. بۇ ھېسسىياتقا تولغان سۆيۈشلەر باراتنى تېز چۆكتۈردى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ، زېرىكىپ ياتقان بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئۇنىڭ سۆيۈشلىرىگە سۆيۈش بىلەن جاۋاب قايتۇردى

...

ئايجامال باراتنى ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىردى. قاتمۇ - قات يېكەندازلار ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ئالدىغا نازۇ - نېمەتلەرنى تىزدى. بارات بىر تەرەپتىن ھەسەل، مۇراببالارغا يۇمشاق ناننى پاتۇرۇپ، قىزىق چاي بىلەن يۇتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆيئىچىگە سەپسالاتتى. يوغان تۆگە ساندۇقلار، ئىشكاپلارغا تىزىلغان جانان چىنىلەر، ئويۇقلارغا قويۇلغان قەدىمكى زاماننىڭ پىڭلىرى، كۈمۈش قاچا - قومۇچلار، مىس ئاپتۇۋىلار قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان ئۆيئىچىدە سۇس پارقىرايتتى.

— ئۈستۈڭدىكى كىيىملىرىڭ نېمانچە ئۆڭۈپ كەتكەن؟— دەپ باراتنىڭ ئۈچىلىرىنى سىلايتتى ئايجامال، — سەن شاھزادىلەردەك كىيىنىپ يۈرۈشۈڭ كېرەك...

— چۈشىنىۋاتامسەن؟ مەن شاھزادىمۇ، يەنە باشقا بىر نېمىمۇ ئەمەس، ئوغرىمەن. سېنى بوغۇپلا قويغان بولاتتىم، لېكىن سەن مېنى مېھماندوستلۇق بىلەن كۈتۈۋالدىڭ. ئۆيىگە چۈشكەن ئوغرى بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرىدىغان خوجايىننى مەن بۈگۈن كۆردۈم، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىڭنى چىرايلىقچە ئالدىمغا

تۆك. مەن بۇ يەردىن تېزرەك كېتمۇالاي!

— ئوغرى بولساڭ مېنىمۇ ئوغرىلاپ كەت، قانچە يىراققا ئەكەتسەڭ شۇنچە ياخشى.

— مەن ئادەم ئوغرىلىمايمەن، ماڭا جىرىڭلاپ تۇرىدىغان تەڭگىلەر لازىم.

— ئېرىمنىڭ دۇنيالىرىنى سەن كەچ كىرگىچىمۇ ئىزدەپ تاپالمايسەن، ئوھۇي، ئۇ شۇنداق ھىلىگەر، شۇنداق بېخىلكى، قويۇۋەر. ئالتۇن - كۈمۈش سالغان كومزەكلىرىنى ئۇ مەن ئۇخلاپ قالغاندا نەلەرگىدۇر كۆمىدۇ. ئەمما، مەن سېنى ئۆز دۇنيايىم بىلەن رازى قىلىمەن...

باغلاقتا تۇرغان ئىت تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كېتىدۇ، قەپەستە تۇرغان قۇش ئەركىنلىككە ھەممىدىن بەك تەشنا بولىدۇ، ... ئايجامال باراتقا تاشلاندى. ئۇنىڭ تەلپى شۇنچىلىك كۈچلۈك، قۇچىقى ھۇزۇر ۋە ئىسسىق، قۇچاقلاشلىرى مەھكەم ئىدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرى باراتنى قايتا ئىسكەنجىگە ئېلىپ بوشاشتۇرۇۋەتتى.

— مەن قايتىپ كېتەي، — دېدى بارات بىر چاغدا ھالسىز ئاۋازدا، — ئېرىڭ كېلىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ!؟ ماڭا بېرىدىغىنىڭنى بەر، ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن.

— مانا، بۇنى ئال! — دەپ ئايجامال باراتقا بىر ھەميانى سۇندى، — ئانچە كۆپ بەرمىدىم، كېرەك بولغاندا يەنە بۈگۈنكىدەك تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئوغرىلاپ كەت. پات - پات شۇنداق ئوغرىلىققا چۈشۈپ تۇرۇشۇڭنى خالايمەن.

ئۇلار تامغا شوتا قويۇشتى. ئايجامال شوتا يېنىدا يەنە ئۆز خىيالىدىكى شاھزادىسى بىلەن سۆيۈپ خوشلاشتى. ئۇنىڭ

كۆڭلىرىدىكى كۆچلۈك تەشنالىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان ئوتلار تېخى ئۆچمىگەنىدى. ئايالنىڭ بەدەنلىرىدىكى ئىللىقلىق، ئىسسىق نەپەس ئۇزاققىچە باراتنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىمىدى.

بارات ئايجامالنىڭ بەرگەن پۇلىنى خەجلەپ ئۆزىگە بىر قۇر يارىشىملىق كىيىم - كېچەك، خۇرۇم ئۆتۈك، يېڭى بەلباغلارنى سېتىۋالدى، دەڭجانىڭ بارلىق ھەقلىرىنى تۆلەپ تۈگەتتى.

— كارۋىنىمىز بۇ يەرگە ھازىرچە كەلمەيدىغان بوپتۇ، - دەپ چۈشەندۈردى بارات دەڭجاغا ئەھۋالنى، — خوجايىن ماڭا خىراجەت ئەۋەتىپتۇ. يەنە بىر - ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۆزىمۇ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ سودىگەر دېگەن خەقنىڭ قارارى يوق. نەدە پايدا كۆپ بولسا، شۇ يەرگە ئاۋۋال يۈگۈرۈيدۇ. مەن يەنە كۈتىدىغان بولدۇم.

— مەيلى ئەمەسمۇ، — دەيتتى دەڭجا، — خوجايىنىڭىز كەلگۈچە كۈتۈڭ، بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىڭىز دەپ بىلىۋېرىڭ!

دەڭجا ئۈچۈن ئۆز ماللىرى بىلەن ئالىقاياقلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن خوجايىنىنىڭ قايتىپ كېلىش - كەلمەسلىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت باراتتىن ياتاق ۋە تاماق پۇللىرىنى تولۇق ئېلىپ تۇرسىلا رازى ئىدى.

ئاز ئۆتمەيلا باراتنىڭ يانچۇقى قۇرۇقدىلىپ، ئۇنىڭ ئاچ - توق يۈرىدىغان كۈنلىرى يەنە باشلاندى. دەڭنىڭ داق بۇگلۈكىدە يېتىپ، قورسىقى ئاچلىقتىن غولدۇرلىغانسېرى ئۇ ئايجامالنىڭ داستىخىنىدا ئىسراپ بولۇپ ئېشىپ قالغان نازۇ نېمەتلەرنى، ئايالنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرى، قىزغىن قۇچاقلاشلىرىنى سېغىناتتى. ئاخىرى ئۇ: نېمە ئۈچۈن ئۇ بىچارە چوكان ئۇ يەردە

سولىنىپ يېتىپ ئاھ ئۇرىدىكەن، مەن بۇ يەردە پۇلغا زار بولۇپ ئاچ يۈرمەنكەن، دەپ ئويلىدى - دە، ئايجامالنىڭ قېشىغا يەنە بېرىشقا قارار قىلدى.

ئىككىنچى قېتىمدىمۇ ئايجامال باراتنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالدى. ياخشى تاماقلار بىلەن مېھمان قىلدى. نىيازنىڭ تىقىپ قويغان شارابلىرىنى تېپىپ ئىچىشتى. مەستچىلىكتە ئايجامال قىپيالىڭاچ بولۇپ ئۇسسۇللارنى ئويناپ باراتنا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. خوشلىشىش ۋاقتىدا ئايجامال باراتقا يەنە بىر ھەپتە يەتكۈدەك خىراجەت بەردى.

— كۆپ بەرمىدىم، كەلمەي قالىسەن،— دېيتتى ئايجامال نازلىق كۈلۈمسىرەش بىلەن، — پۇلۇڭ تۈگىگەندە يەنە كېلىپ ئوغرىلاپ كەت! ئىلاھىم، سېنىڭ ماڭا مەڭگۈ ھاجىتىڭ چۈشۈپ تۇرسۇن!...

راست دېگەندەك، ئايجامالنىڭ بەرگەن پۇلى باراتقا بىر ھەپتىگە ئارانلا يېتەتتى. ئاندىن بارات ئاقساق سودىگەرنىڭ ھويلىسى يېنىدىكى قاپاق تېرەككە يامىشىشقا يەنە مەجبۇر بولاتتى. ۋەدىلەشكەن كۈنى ئايجامال ھويلىنىڭ ئىچىگە شوتا قويۇپ قوياتتى. بارا - بارا بارات ئايجامالغا ئۆگىنىپ قالدى. بەزىدە ئۇ پۇل ئۇچۇنلا ئەمەس، ئۆزىگە تەشنا بولۇپ تەلمۈرۈپ تۇرغان چوكاننى سېغىنىپمۇ قاپاق تېرەككە يامىشاتتى...

— مەن ئەمدى بۇ يەرگە كېلەلمەيمەن!— دېدى بىر كۈنى بارات ئايجامالنىڭ چۈشىكىدە يېتىپ.

— نېمىشقا؟— دەپ چۆچۈپ كەتتى ئايجامال ھالسىز قوللىرى بىلەن باراتقا ئېسىلىپ تۇرۇپ.

— بىلەمسەن؟ مەن ھەر قېتىم بۇ ھويلىغا چۈشىدىغان چاغدا، دەككە - دۈككىچىلىكتە كۆرمىگەننى كۆرىمەن، ئاۋۋال

بازارغا بېرىپ نىيازنىڭ دۇكىنىنى ئاچقان - ئاچمىغانلىقىغا قارايمەن. نىيازنىڭ سودا قىلىپ تۇرغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن بۇ ياققا قاراپ يۈگۈرىمەن. بۇ كوچىنىڭ ئىككى بېشىدا ئالاقزادە بولۇپ بىر هازا مېڭىپ، تېرەككە يامىشىدىغان ئەپلىك پەيتنى كۈتىمەن، تۇفۇ، شۇمۇ كۈن بوپتۇمۇ؟! قايتىدىغان ۋاقتىمدا ئىشىم تېخىمۇ تەس، تام تۆپىسىگە چىقىپ بولغان چاغدا، كوچىدا تاسادىپىي بىرەر ئادەم كېتىپ بارغان بولسا، قاپاق تېرەكنىڭ ئۈستىدە، يوپۇرماقلارنىڭ دالدىسىدا هۇقۇشتەك تۈگۈلۈنۈپ ئولتۇرىمەن… بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى، مېنى بۇ ئەتراپتىكى قۇلۇم - قوشنىلار كۆرۈپ قېلىشى ياكى بولمىسا سېنىڭ ئېرىڭ قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن كۈندۈزدىلا ئۆيگە قايتىپ، نەق ئۈستىمىزدىن چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىنغۇ؟!... ئەگەر شۇنداق بىرەر پالاكەت يۈز بېرىدىغان بولسا، مېنىڭ پۇت - قولۇمنى چاناپ تاشلىشىدۇ، سېنىڭ يۈزلىرىڭگە قازان كۈيىسىنى سۈركەپ، ئېشەككە تەتۈر مىنگۈزۈپ سازايى قىلىپ، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!...

ئايجامال ئويلىنىپ قالدى. مۇنداق ئوغرىلىقچە مۇهەببەتلىشىشنىڭ خەۋپىنى ئۇ ئۆزىمۇ هېس قىلغانىدى. نىياز بەزىدە بىرنەرسىدىن گۇمانلانغاندەك قىلىپ: «نېمىشقا سەن بۈگۈن مۇنچە خۇشال؟... بۇ ئۆيدىكى مېۋە - چېۋە، مۇراببالار نېمانچە تېز تۈگەۋاتىدۇ؟ سەن شۇنچە ئىشتىهالىق بولۇپ كېتىۋاتامسەن - هە؟!» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى. ئايجامال بۇ سوئاللارغا خىيالىغا كەلگەن بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بېرىپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئەمما، ئۇ هىيلىگەر ئاقساقنى بىر ئۆمۈر ئالداپ ئۆتۈش مۇمكىنمۇ!؟

— مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!— دېدى ئايجامال.

— نېمە دەۋاتىسەن؟— دەپ چۆچۈپ كەتتى بارات.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— كىمنى؟
— نىياز دېگەن قېرىنى.
— ئەگەر ئېرىڭنى ئۆلتۈرۈشكە رازى بولساڭ، ئۇنى سەن ئەمەس، مەن ئۆلتۈرسەم بولىدۇ. مانا، بۈگۈنلا مېنى بىر يەرگە مۆكتۈرۈپ قويىسەن. كەچتە نىياز كېلىپ دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا مەن ئۇنى بوغۇپ قويىمەن.
— مۇنداق ئۆلتۈرۈش خەتەرلىك!— دېدى ئايجامال، — ئەگەر ئۇ شۇنداق تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ قالسا قۇلۇم - قوشنىلاردا گۇمان پەيدا بولىدۇ.
— ئەمىسە، قانداق قىلساق بولىدۇ؟
— سەن ماڭا بازاردىكى دورىپۇرۇشلاردىن ئاستىراق تەسىر قىلىدىغان زەھەر تېپىپ ئەكېلىپ بەر. مەن ئۇنى نىيازنىڭ تامىقىغا قوشۇپ بېرىمەن. ئۇ ئاستا - ئاستا ھالسىزلىنىپ ئۆلسۇن. قېرى ئادەم مۇشۇنداق ئۆلۈپ كەتسە ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ. بۇ چىرايلىق ھويلا، مال - مۈلۈك ۋە مەن ھەممىمىز ساڭا تەئەللۇق بولىمىز. نىيازنىڭ نەزىر - چىراغلىرى ئۆتۈپ بولغاندا، سەن ماڭا ئادەم كىرگۈزسەن، بىز جامائەت ئالدىدا ئوچۇق - ئاشكارا نىكاھلىنىمىز. نىياز كۆمگەن دۇنيالار بىزگە ئۆلگۈچە يېتىپ ئاشىدۇ.
— ئەقلىڭگە ئاپىرىن!— دېدى بارات — يىراق بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن خېلىلا ۋاقىت كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.
ئايجامال ئۆزى ئويلاپ تاپقان ئەقىلگە ئۆزى خۇش بولۇپ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.
— سەۋرى قىل، يىگىتىم!— دەپ باراتقا ئەركىلەپ سۆركەلدى ئۇ، — سەۋرى قاچىسىنىڭ تېگى ھالاۋەت. كىتابلارغا شۇنداق يېزىلغان. سەن زەھەرنى تېپىپ كەل، قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بەر!... ئەمما، بىر شەرت، بىز توي قىلغاندىن كېيىن سەن مېنى مەڭگۈ تاشلاپ كەتمەيدىغانغا قەسەم بېرىسەن.
— قەسەم بېرىمەن! — دېدى بارات.

# III قىسىم

# چۆل ئوغلى

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

# ئۈچ تۈپ توغراق

ئاردىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. زادى قانچىلىق ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنچىكە ھېسابلاپمۇ كۆرمىدى. ۋاقىت ئۇ شۇنداق نەرسە، ھېچكىم ھېسابلاپ ئۇنىڭ چېكىگە يېتەلمەيدۇ؛ ھېسابلىمىساڭمۇ كۆزگە كۆرۈنمەي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. لېكىن، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە، ھەربىر تۈپ گىياھ، تاغۇ تاش، چوڭ-كىچىك ھاياتلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ۋاقىتنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ... چۆل يىگىتى ئەمدى بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ، چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەزان چىللاپ قويغان «سەپەر» دېگەن ئىسمى ھېچكىمنىڭمۇ ئېسىدە قالمىغانىدى، ھەممە ئۇنى «چۆل يىگىت» دەپ چاقىرىشاتتى.

بۇ ئۇزۇن يىللار ئىچىدە باھار قۇشلىرى چۆل ئاسمىنىدىن قانچە - قانچە رەت ئۇچۇپ ئۆتتى. چۆل يوللىرىدا قانچە كارۋانلارنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى ياڭراپ، تالاي يولۇچىلار يىراقلارغا ئۇزاپ كېتىشتى. قۇملۇقلار ئۈستىدىن سانسىز بورانلار ئۇچۇپ ئۆتۈپ، قۇم بارخانلىرى قانچە قېتىملاپ ئۆز ئورنىنى يۆتكەشتى. كىملەردۇر يىغلاپ، كىملەردۇر كۈلۈپ، كىملەردۇر تۇغۇلۇپ، كىملەردۇر ئالەمدىن ئۆتتى. كۆك ئاسماندىن قانچە يۇلتۇزلار ئېقىپ چۈشتى. لېكىن، ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ چايخانىسى ئالدىدىكى ئۈچ تۈپ توغراق ئىلگىرىكىدەكلا

ئەتراپىغا سالقىن سايە تاشلاپ، يەنە ئۆز ئورنىدا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ يىللاردا ئەتراپنى قۇم بېسىپ، كارۋان يوللىرى يىراققا سوزۇلۇپ كەتكەچكە چايخانا ئىلگىرىكىدىن چۆللىشىپ قالغانىدى. پەقەت شۇ ئەتراپتىكى جاڭگاللاردىن ئوتۇن ئاچىقىدىغان ئوتۇنچىلار، يولدىن ئازغان يولۇچىلار، قارچىغىلىرىنى بىلەكلىرىگە قوندۇرۇپ ئارىلاپ پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئوۋچىلار، قانداقتۇر بىر دىۋانە، ئاشىق، كەچ قالغان جاھانكەزدىلەر بۇ يەرگە چۈشۈپ، ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، قونۇپ، چاي ئىچىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

ئوتۇنچى بوۋاي ئوسمان بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا مومىينى ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ ئىچىگە — ئوغلىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلدى. ھازىر ئۇنىڭغا ئوبدانلا قېرىلىق يەتكەن، بەللىرى مۈكچەيگەنىدى. يىراق - يېقىننىڭ ئىشىنى چۆل يىگىت بېجىرەتتى. بوۋاي تاڭ سەھەردە قوپۇپ ئوچاق ئەتراپىدا ئاۋارە بولاتتى، چەينەكلەردىكى تۈنۈگۈندىن ئېشىپ قالغان چايلارنى تۆكۈپ، شاملارنى تازىلايتتى. قارىداپ كەتكەن يوغان مىس چۆگۈننى ئوتقا قوياتتى. ئۇ شەھەرنىڭ چايچىلىرىدەك چاينى ھەرگىزمۇ ئالدىن دەملەپ قويمايتتى. پەقەت يىراقتىن يولۇچىلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ، ئۇلاغلىرىنىڭ بېشىنى بۇ تەرەپكە بۇرۇغاندىلا چەينەكلىرىگە يېڭى چاي سېلىپ، قايناق سۇ بىلەن لىقلاپ، ئوتقا يېقىنلاشتۇراتتى. ئۇنىڭ ساندۇقلىرىدا بولسا ئەڭ پۇراقلىق چايلار ساقلىناتتى. ئۇنىڭ دەملىگەن چېيى ئىلگىرىكىدەكلا لەززەتلىك بولۇپ، ئىچكەن ئادەمنى تەرلىتىپ، يۈزلىرىگە قان يۈگۈرتۈپ ھاردۇقىنى چىقىراتتى.

چۆل يىگىت يېتىلىپ ئوبدانلا بوي تارتقان بولۇپ، ئۇنىڭ يۇمران، ئاپئاق تېرىلىرى چۆل ئاپتىپىدا كۆيۈپ مىس رەڭگىگە كىرگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، بۇلاقتىن سۇ ئەكىلىپ كۈپلەرنى تولدۇراتتى. ئاندىن ئارغامچا، پالتىلىرىنى

ئېشەككە ئارتىپ، ئوتۇن ئەكېلىش ئۈچۈن چۆلنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭاتتى. چايخانىنىڭ ئارقىسىدا ئۇ توشۇپ كەلگەن ئوتۇنلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بوۋاي بۇ ئوتۇنلارنى چاي قاينىتىشقا ئىشلىتىپ، ئاشقىنىنى ئوتۇنچىلارغا ئەرزان باھادىلا بېرىۋېتەتتى. ئاتا - بالىنىڭ تىرىكچىلىكى ئەنە شۇنداق داۋام قىلاتتى.

ئوتۇنغا ماڭغان چۆل يېڭىت يول بويى ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپتىكى ھەممە نېمە تونۇش ۋە يېقىملىق ئىدى. ياشلىق ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭى ئىستەك، يېڭى تۇيغۇ، يېڭى تەلپۈنۈشلەرنى ئۆستۈرەتتى. ئادەمسىز بۇ چۆلدە تەبىئەتنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرۈۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلىرىنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇ تېخى چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى. چۆل يېگىت ئۆز يولىدا ئۇچراشقان ھەربىر تۈپ گىياھ، جان - جانىۋارلار بىلەن غايىبانە پاراڭلىشىپ ئۆتەتتى. چۆل ئۇنىڭ ئانىسى، ۋەتىنى، كۆڭۈل خۇشى ئىدى.

چۆلنىڭ گۈزەللىكىنى پەقەت چۆل پەرزەنتلىرىلا بىلىدۇ. ياراتقان ئىگەم ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە ئۆزىگە خاس كۆركەملىك بەخش ئەتكەن، بۇ تونۇردەك كۆيۈپ تۇرغان قۇملۇقلاردىمۇ يەنە قىزىق قۇم تەكتىگە قەيسەرلىك بىلەن يىلتىز تارتىپ باراقسان بولۇپ تۇرغان ياپيېشىــــل توغراقلىـــقلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. خورجۇنىنى مۇرىسىگە ئارىپ يىراقلاردىن كېلىۋاتقان يولۇچى توغراقلىقتا سايىداپ ئولتۇرغىنىدا، قەيەردىندۇر سالقىن چۆل شامىلى پەيدا بولۇپ ئۇنى يەلپۈپ ئۆتىدۇ - دە، يولۇچــىنى جەننەتنىڭ ھۆزۈرىنى سۈرىدۇ… بۇ يەردە يەنە قىپقىزىل گۈللەپ تۇرغان يۇلغۇنلار، تىكەنلىك ياۋا ئوتلار، چېچەكلەپ تۇرغان دالا گۈللىرى، پۆپۈكلىرىنى يېنىك ئىغاڭلىتىپ تۇرغان قومۇشلار ئۇچرايدۇ. چۆل ئوتلىرىنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا، ئۇلار ئانچە مۇنچە تامچىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان چۆل يامغۇرىدىن سۇ ئىچىپ بىخلىنىپ، قاقاس چۆلگە بىر مەزگىل بولسىمۇ يېشىللىق بەخش

ئېتىدۇ - دە، ئاندىن ئالدىراشلىق بىلەن ئۇرۇق تۇتۇپ، ئۆز ئۇرۇقلىرىنى يەنە قۇملار ئارىسىغا چېچىۋېتىپ ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ ئۇرۇقلارنى چۆل شاماللىرى بەزىدە يىراقلارغا ئەكېتىدۇ. كۆزگە كۆرۈنمەس ئۇرۇقلار چۈشكەن يېرىدە خۇددى ئاشىقنىڭ يۇرىكىدىكى مۇھەببەت ئوتىدەك، قىزنىڭ قەلبىدىكى مەخپىي سىردەك، بىخلىنىدىغان يەنە بىر پۇرسەتنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ ياتىدۇ... چۆل ئادەملىرىنىڭ مىجەزىمۇ سۇسىز جەزىرىلەردە كۆكلەپ تۇرغان ئاشۇ تىكەنلىك ئوتلارنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. راھەتلىك باغلار، شەھەرنىڭ سالقىن سارايلىرىدا يىللاپ ئاپتاپ كۆرمىگەن لەشتەك ئاق چىرايلارنى بۇ يەردە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. چۆل ئادەملىرىنىڭ چىرايى قۇياشتا چاقناپ مىستەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆڭۈپ ئاشۇ قۇملارنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قالغان؛ قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزىق تەپتى، ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇرغان چۆل شاماللىرى جاھىللىق، قوپاللىق، مەردانىلىك، ساددىلىقتەك خىسلەتلەرنى ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن... شۇنداق، بۇ يەردە تەبىئەت ھېچبىر ھاياتلىقنى پەپىلىمەيدۇ؛ ھەممە نېمە ئۆزىنىڭ قايتماس، ئېگىلمەس روھىغا تايىنىپلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ!...

چۆل يىگىت بەزىدە خىيالغا چۈشۈپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە ياۋا مېۋىلەر بىلەن جاڭگاللىشىپ كەتكەن بىر تاشلاندۇق باغ، كارىۋاتتا ياتقان بوۋاي، ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئاكىلىرى كەلگەندەك بولاتتىيۇ، يەنە بۇ ئەسلىمە چۈشتەك خىرەلىشىپ كېتەتتى.

— ئوغلۇم، ئەمدى ساڭا مۇلايىم بىر قىز لازىم ئىدى، — دەيتتى ئوسمان بوۋاي قۇرامىغا يېتىپ قالغان چۆل يىگىتكە زوقلىنىپ قاراپ، — مەن سېنىڭدىن كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ئوتۇنچىلىق قىلغان. شۇڭا مېنى بىلگەنلەر ھازىرغىچە ئوتۇنچى

ئوسمان دېيىشىدۇ. كېيىن، ياخشى نىيەتلىك بىر كىشى ئۆز
قىزىنى ماڭا نىكاھلاپ قويدى ۋە مۇشۇ بۇلاقنىڭ يېنىغا، ئۈچ
تۈپ توغراقنىڭ ئاستىغا بىر چايخانا ئېچىشنى مەسلىھەت بەردى.
شۇنداق قىلىپ بۇ يەرگە چايخانا ئاچتىم. ئايالىم جاپايىمنى
ئەللىك يىلدىن ئوشۇق تارتتى. ئاخىرىدا ئۆز قولۇمدا جان
ئۈزدى. ئوغلۇم بىلەن مومىيىمنى مۇشۇ ئەتراپتىكى توغراقلىقتا
كۆمدۈم. شۇڭلاشقا، مۇشۇ چۆللۈكتىن، كونا چايخانىدىن نېرى
كەتكۈم كەلمەيدۇ. ئاللانىڭ رەھمىتى چەكسىز، قارا، ئاخىرىدا
خۇدايىم ئىككىمىزنى بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ قىلدى. ئاللا—
ئاجىزلار ئۈچۈن پاسىبان، كەچ قالغانلار ئۈچۈن پاناھ! ھەر
نامىزىمدا ئاللاغا شۈكرى ئېيتىمەن، سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن دۇئا
قىلىمەن. بىراق، بۇ ئەتراپتا بىز ئىشىك قېقىپ كىرگۈدەك
قىزلىق ئۆيلەر يوق. باشقا يۇرتنىڭ قىزلىرى بۇ چۆلنىڭ
جاپاسىغا چىدىمايدۇ. خۇدا بىر يەردىن بەختىڭنى ئېيتار! . . .

بوۋاينىڭ مۇنداق سۆزلىرىنى چۆل يىگىت قىزارغان ھالدا،
شېرىن بىر تۇيغۇغا چۆمۈپ ئاڭلايتتى.

چۆل يىگىتنى ھەممىدىنمۇ چايخانىدا قونۇپ قالىدىغان
يولۇچىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ناھايىتى قىزىقتۇراتتى. يىراقتىن
كەلگەن ياكى يىراقلارغا سەپەر قىلىپ كېتىۋاتقان بۇ ئاجايىپ
كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى دۇنيا ئۇنىڭغا تولىمۇ
چەكسىز ۋە سىرلىق بىلىنەتتى. بۇ يەردە قونغان ئوتۇنچىلار جان
باقماقنىڭ كۈندىن - كۈنگە تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، شەھەردە
ئوتۇننىڭ باھاسى چۈشۈپ، سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنىڭ
قىممەتلەپ كېتىۋاتقىنى ئۈستىدە دەرد تۆكۈشەتتى. بەزىدە بۇ
يەردە ساپايى، خۇرجۇنلىرىنى كۆتۈرگەن دىۋانىلەر، ئاشىقلار،
داپ ۋە خەنجەرلەرنى تاغارغا سېلىپ يۇدۇۋالغان باخشى، رەمباللار
كېلىپ تۈنەپ قالاتتى. ئۇلار قەيەردىندۇر بىر يەردە ئىككى
باشلىق بىر ئەجدىھانىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ۋە پۈتۈن بىر

شەھەرنىڭ ئادەملىرىنى تىرىكلا يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى، كىمدۇر بىرىنىڭ جاڭگالدىكى يوغان بىر قارا تاشنى ئۆز ئورنىدىن يۆتكەپ قويۇش بىلەن قارا بوران پەيدا بولۇپ، شۇ ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ئۆي - ماكان، تەرگەن زىرائەتلىرىنى ئاسمانغا ئۇچۇرتۇپ كەتكەنلىكى، ۋەھاكازالار توغرىسىدا سۆزلىشەتتى.

چۆل يوللىرىدا پات - پات پەيدا بولۇپ قالىدىغان تەۋەككۇلچىلەر، جاھانكەزدىلەرنىڭ گەپلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. ئۇلار مۇشۇ پايانسىز قۇملۇقلارنىڭ قەيەردىدۇر بىر يېرىدە قۇم دۆۋىلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمىي شەھەرلەر، تۈگمەس بايلىق بىلەن تولغان خەزىنىلەر ھەققىدە قىزىشىپ سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەنە شۇنداق سىرلىق خەزىنىلەرنى ئىزدەپ چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكىنىچە قايتىپ چىقالمايتتى - دە، دېرەكسىز غايىب بولۇشاتتى. يەنە بۇ كونا چايخانىدا بەزىدە كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان ئۇنچىقماس كىشىلەر قونۇپ ئۆتەتتى، كۆپىنچە ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە پەيدا بولۇشاتتى - دە، ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ ئۇزاپ كېتىشەتتى. چايخانا ئالدىدىكى ئۈچ تۈپ توغراق ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۈچۈن بەلگە ئىدى. چايخانىدا يەنە يېڭى - يېڭى مېھمانلار كېلىپ چاي ئىچىشەتتى ۋە يېڭى - يېڭى ۋەقەلەر ھەققىدە ھېكايىلەر باشلىناتتى. مۇنداق ھېكايىلەر ئەسلىدە راست بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەردىن باشلانغان بولسىمۇ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش بىلەن ئۇنىڭغا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ مۇبالىغىلەشكەن خىياللىرى ئارىلىشىپ، ئاخىرىدا ناھايىتىمۇ قىزىقارلىق ئەپسانىلەرگە ئايلىنىپ كېتەتتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# «بىغەملەر شەھىرى» ھەققىدە يېڭى رىۋايەتلەر

ھەممىدىنمۇ چۆل يىگىتنى «بىغەملەر شەھىرى» توغرىسىدىكى پاراڭلار بەك قىزىقتۇراتتى. كىشىلەرمۇ شۇ چۆلنىڭ قايسىبىر يېرىدە ئىلگىرى «بىغەملەر شەھىرى» دەپ نام ئالغان ئاۋات بىر شەھەرنىڭ بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىشاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: ئۇ شەھەرنىڭ سېپىللىرىمۇ، ھەتتا ھويلا-ئاراملىرىنىڭ تاملىرىمۇ بولمىغانىكەن. ئۇ يەرنىڭ كىشىلىرى قۇۋۇلۇق - شۇملۇقنى، ئوغرىلىق قىلىشنى بىلمەيدىكەن. خان - پادىشاھ، لەشكەر دېگەنلەرنىمۇ تونۇمايدىكەن. يەيدىغان - ئىچىدىغاننىڭ باياشاتلىقىدىن ئۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئويناپ - كۈلۈپ، ناھايىتىمۇ بىغەم ياشىغانىكەن. كېيىن بۇ شەھەرنى ياۋلار بېسىپ كىرىپ ۋەيران قىلىپتۇ. ئۇ يەردىكى مال - دۇنيانىڭ كۆپلۈكىنى ئاڭلاپ مىڭلاپ دىۋانىلەر، ئاچ - يالىڭاچ قالغان ئادەملەر ئېقىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا شەھەر چۆللىشىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى قۇم بېسىپ، ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى جىن - ئالۋاستى، ئېزىتقۇلارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇمىش...

«بىغەملەر شەھىرى» ھەققىدە گەپ بولۇنسىلا يولۇچىلار ئىختىيارسىز قىزىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشەتتى.

«شۇ بىغەملەر شەھىرىگە يېقىن بىر جايدا كېتىۋاتسام، —

دەپ ھېكايە قىلاتتى يولۇچىلارنىڭ بىرى، — كۆزۈمگە چىراغلىرى يېنىپ تۇرغان بىر شەھەر كۆرۈندى. يائاللا، ھېلىقى بىغەملەر شەھىرى دېگىنى شۇ بولمىسۇن، دەپ شەھەرنى يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم. قارىسام، چەتتە بىر يەردە پەنجىرىلىرىدىن چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان ئۆي كۆرۈندى. ئۇلاغلىرىمنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇرۇدۇم. ئۆينىڭ ئەتراپى بۇكىمدە دەرەخلىك ئىكەن. مۇشۇ يەردە دەم ئېلىپ كېتەي، دەپ ئۇلاغلىرىمنى ئوتقا قويۇۋېتىپ تۇراتتىم، ئۆيئىچىدىن ئاياللارنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ بېرىپ پەنجىرىدىن قارىسام، ئۆينىڭ ئىچى شۇنچە چىرايلىق بېزىلىپتۇ، تاملاردا گىلەم، ئۈچ خوتۇن قېلىن يېكەنداز كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— بۇ سودىگەر دېگەن خەققە پۇل بولسىلا بولدى،— دەپ گېپىنى داۋام قىلدى بىر خوتۇن، — مانا، مېنىڭ ئېرىم سودا بىلەن چىقىپ كەتكىلى ئايدىن ئاشتى. ھەر كۈنى يولىغا قارايمەن، شۇمۇ كۈن بوپتۇمۇ؟!...

— سېنىڭكىگە ئاي بوپتۇ،— دېدى ئىككىنچىسى، — مېنىڭكى ئۆيدىن يوقالغىنىغا يىل بولاي دەپ قالدى. تايىنلىق ئۇ خەق خىيالىغا كەلگەن بىر يەردە ئۇچرىغان بىر پاسكىنا بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتىدىغاندۇر، بىز بۇ يەردە ئۇ خەقنىڭ يولىغا تەشنا...

بۇ گەپلەرنى مەن پەنجىرە يېنىدا ئاڭلاپ تۇرىمەن.

— ئوھۇش، يوق ئەرلىرىڭلارنىڭ ئارزۇسىنى قىلىپ ئاغزىڭلارنى تاتلىق ئەتمەڭلار!... شۇ تاپتا خۇدايىم ئالدىمىزغا بىرەر ئەر كىشىنى ئەۋەتسىمىغۇ!— دېدى ئۈچىنچىسى.

— قارىغۇ، جىرتاق بولسىمۇ مەيلىتى،— دەپ قوشۇلدى بىرى.

— ئەگەر غايىبتىن شۇنداق بىر مېھمان كېلىپ قالغۇدەك

بولسا كىمنىڭ ئۆيىدە قونىدۇ؟— دەپ سوراپ قالدى يەنە بىرى.

— ئەلۋەتتە مېنىڭكىدە ياتىدۇ، ئۆتكەندە بىرى كېلىپ سىنىڭكىگە چۈشمىگەنمىتى! ؟— دېدى ئىككىنچىسى.

— ئەمدى نۆۋەت مېنىڭ بولىدۇ، سەنلەردە ئىنساپ دېگەن بارمۇ! ؟— دەپ چاچراپ ئورنىدىن قوپتى ئۈچىنچىسى.

شۇنىڭ بىلەن بىر چىرايلىق پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان خوتۇنلار بىر - بىرى بىلەن چاچلىشىپ كەتتى.

— هاي بولدى قىلىڭلار! — دەپ ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويدۇم. خوتۇنلار مېنىڭ بېشىمدىن- ئايىغىمغىچە قارىشىپ هەيران بولدى.

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ يەرگە نەدىن كېلىپقالدىڭ؟

— دەپ سوراشتى.

— مەن يولۇچىمەن، بىرەر قونالغۇ ئىزدەپ بۇ تەرەپكە بۇرۇلغانىدىم، ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ نېمە گەپكىن دەپ كىرىشىم، — دېدىم.

— ئوبدان بوپتۇ، بىزمۇ يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ ئولتۇراتتۇق. قېنى يۇقىرىغا ئۆت، بىللە كۆڭۈل ئېچىشىپ بۇ زېرىكەرلىك تۈننى تاڭغا ئۇلايلى. ئاندىن سەنمۇ ئۆز يولۇڭغا راۋان بول، — دېدى خوتۇنلار.

ئۇلار مېنى تۆردىكى يېكەنداز ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بېلىمگە پەي ياستۇقلارنى قويدى. ئالدىمغا داستىخان سېلىپ، نازۇ نېمەت دېگىنىڭنى تىزىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن شاراب ئىچتۇق، شاراب كەيپ قىلغانسېرى كۆزۈمگە بۇ خوتۇنلار بىر- بىرىدىن گۈزەل كۆرۈنگىلى تۇردى.

— مەن بىر يولۇچىمەن، بۇ كېچە سىلەر بىلەن بىر داستىخاندا بىللە بولۇشنى تەقدىر نېسىپ قىپتۇ. بۇ چۆللەردە يۈرۈپ ئايال زاتىنى كۆرمىگىنىمگىمۇ ئۇزۇن بولغانىكەن. ئەيىب كۆرمىسەڭلار، ئاراڭلاردىكى بىرەرىڭلار بىلەن خالىيدا بىللە

بولسام، سودىگەر خەق دېگەننىڭ نەدە كۈن كەچ كىرسە ئۆيى شۇ. تەلپىمنى يەردە قويمىساڭلار! — دەپ ئۆتۈندۈم. خوتۇنلار كۈلۈشتى. ئارىدىن بىرى:

— بۇ ئۈچىمىز بىر - بىرىمىزگە كۈندەش، قېنى ئۆزۈڭ ئېيت كىمنى كۆڭلۈڭ تارتىدۇ؟ — دېدى.

قارىسام، بۇ خوتۇنلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق. بىرىنىڭ بەدىنى قاشتېشىدەك سۈزۈك، يەنە بىرى قارا قۇمچاق، مېھرى ئىسسىق، ھەممىدىن ياش بىرىنىڭ بولسا نېپىز شايى كۆڭلەكتە چىرايلىق يوتىلىرى، كېلىشكەن بەدەنلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇ. قايسىسىنى تاللىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدىم.

— بولمىسا بىز چېلىشايلى، — دېدى يەنە بىرى، — سەن كىمنى يىقىتىۋالساڭ شۇ سېنىڭ بولسۇن!

— ئەگەر ئۈچىلىڭلارنى يىقىتىۋالسامچۇ؟ — دېدىم.

— ھە، ئۈچىلىمىزنى يىقىتىۋالساڭ، بۈگۈن كېچە نۆۋەت بىلەن خىزمىتىڭدە بولايلى، — دېدى..

چېلىشىشقا چۈشتۇق، دەسلەپتە ھېلىقى شايى كۆڭلەك بىلەن تۇتۇشتۇم. جانىۋارنىڭ بەدەنلىرى شۇنداق يۇمشاق، بېلىمگە چىرماشقان قوللىرى ئۈزۈم تېلىدەك ئەۋرىشىم. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئايىغى چۆيۈن ئېسىۋالغاندەك ئېغىر. يەردىن زادىلا يۇلۇۋالالمىدىم. بىر چاغدا ئۇ مېنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئاتتى. ئىككىنچىسىگىمۇ تەڭ كېلەلمىدىم. ئۈچىنچىسى تۇتۇشا - تۇتۇشمايلا بېشىمدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىۋەتتى. خوتۇنلار قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ. يىقىلغان يېرىمدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ:

— كېلىڭلار بولمىدى، باشقىدىن! دەيمەن. يەنە تۇتۇشىمەن. يەنە يىقىلىمەن. ناھايىتى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى خوتۇنلار بىلەن تاڭ ئاتقۇچە

چىلشىپ ھالىمدىن كېتىپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، تاڭ يورۇپ كېتىپتۇ. ھېلىقى يەردە نە شەھەر، نە ئۆي بولسۇن؟ ئەتراپ چەكسىز قۇملۇق. ئاخشام قورسىقىمغا بىر نەرسە يېگەندەكمۇ ئەمەسمەن. ئۇلاغلارنىڭ قورساقلىرىمۇ ئىچىپ بىقىنلىرىغا چاپلىشىپ كېتىپتۇ. قورققىنىمدىن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئۇلاغلارنى ھەيدەپ قاچتىم.»

«مەن سىلەرگە كېچىككىنە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي،- دەپ گەپ باشلايتتى ئىككىنچى بىر مېھمان، — سەن ئۈچ خوتۇننى ئۇچراتقان شۇ ئەتراپ راستتىنلا تەكشى ئەمەس ئوخشايدۇ. بىر كۈنى كەچكە يېقىن، ماشىنمۇ نەق شۇ يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى. سەل ئەيمىنىپ كېتىپ باراتتىم، بىرىنىڭ «ھەي تاش!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلانغاندەك قىلدى. مېنى بىرى چاقىرىۋاتامدۇ نېمە؟ دەپ ھەيران بولۇپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتىمەن. «تاش، تاش!» دېگەن ئاۋاز قايتا - قايتا ئاڭلاندى. ماڭە - ماڭە بىر ئەسكى تۈگمەننىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدىم. قارىسام، تۈگمەننىڭ ئالدىدا بىر سەتەڭ چوكان ئولتۇرۇپتۇ. ئۆمرۈمدە مۇنداق كېلىشكەن خوتۇننى كۆرمىگەنىكەنمەن.

— مېنى سىلى چاقىردىلىمۇ؟— دەپ سورىدىم.

— ھە، مەن چاقىرغان،— دەپ تاتلىق كۈلدى.

— نېمە گەپتى؟ — دېسەم.

— ماۋۇ تۈگمەنگە ئۇگۇت ئەكېلىۋىدىم، تۈگمەندە ئادەم يوق ئىكەن. قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى قورقۇۋاتىمەن، ماڭا بىر كېچە ھەمراھ بولغان بولسىلا، — دېدى.

— ھەمراھ بولسام بولاي! — دېدىم.

ھېلىقى چوكان مېنى تۈگمەنگە باشلاپ كىردى. قاش - كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، ئەتراپىمدا پىرقىراپ قاقاقلاپ كۈلگىلى

تۇردى. نېمە بولغىنىمنى ئۇقمايمەن. ئۇنىڭ چىرايىغا مەپتۇن بولۇپ، كېچىچە تۇگمەن تېشىنى چۆرۈپ چىقىپتىمەن. ھېرىپ زادىلا ھالىم قالمىدى. بىر چاغدا ھېلىقى چوكانغا:
— خېنىم، تاڭمۇ ئاتاي دەپ قالدى، بىردەم ياتمايلىمۇ؟ - دېدىم. چوكان:
— بوپتۇ، ياتساق ياتايلى، — دېدى.
شۇنداق كۆڭۈللۈك قوچاقلىشىپ ياتتۇق. سەھەردە ئويغىنىپ قارىسام، بىر بەتبەشىرە قېرىنى قوچاقلاپ يېتىپتىمەن. چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە بىر قارىسام، يېنىمدا ياتقىنى بىر ساھىبجامال ئايال ئىكەن. ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي يېنىك نەپەس ئېلىپ ئۇخلاپ يېتىپتۇ. ئېڭىشىپ قارىسام كۆزۈمگە يەنە شۇنداق بىر ئالۋاستى خوتۇن كۆرۈندى.
«يا ئاللا، بۇ نېمە كارامەت، كۆزۈم تورلىشىپ بىر قانداق بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ دەپ كۆزۈمنى ئۇۋۇلىدىم. ھېلىقى چوكاننىڭ ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆتۈپ تازا زەن سالدىم. بايا بۇ چوكاننىڭ ئىككى يۈزى بارئىكەن. بىر تەرەپتىن قارىساڭ تولۇن ئاينىڭ ئۆزى، يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ قارىساڭ كىشىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدۇ. شۇ قاچقىنىمچە چوڭ يولغا قاراپ توختىماي يۈگۈرۈپتىمەن... ھېلىقى چۆچەكلەردىكى ئىككى يۈزلۈك ئالۋاستى دېگەن شۇ ئوخشايدۇ.»

«بىر كۈنى شۇ چۆلدە ئېشەكلىك كېتىپ بېرىپ مۇگدەپ قاپتۇمەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلايتتى يەنە بىرەيلەن، — بىر چاغدا كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، ئالدىمدا بىر ئادەم كېتىپ بېرىپتۇ. ياندىشىپ بېرىپ قارىسام، بىر كۆزى ئالىغاي، يۈزى چوقۇر، تازىمۇ كۆرۈمسىز بىر نېمە ئىكەن. تېنىم شۈركۈنگەندەك بولدى. ئېشىكىمنى دېۋىتىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتسام:
— ھوي، ئاداشۇي، ئېشىكىڭ سۆڭەك غاجىلامدۇ؟ —

دەيدۇ، نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئالجوقا دەپ:
— مېنىڭ ئېشىكىم سۆڭەك غاجىلايدىغان ئىتمىدى؟ ئۆزۈڭ نېمە ئادەمسەن؟ نېمانداق كېلىش ـ پەخش گەپ قىلىسەن؟— دەپ قايناپ كېتىپتىمەن. ھېلىقى چوقۇر گەپلىرىمنى قايتىلىغىنىمۇ ئېلىپ قويماي:
— ئەمىسە ئۆزۈڭ تاش يەمسەن؟ — دەيدۇ.
بىر ساراڭغا ئۇچرىغان ئوخشايمەن، دەپ گەپمۇ قىلماي مېڭىۋەردىم. قارىسام، ئېشىكىم ھەرقانچە قامچىلىساممۇ قەدىمى ئاستىلاپ، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. نېمە ئالامەتتۇ بۇ؟ دەپ ئارقامغا قارىسام، ھېلىقى چوقۇر يول ئۈستىدە كۆرۈنمەيدۇ. ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقىدا يوغان بىر تاش چىگىكلىك تۇرىدۇ. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، ئېشەكتىن ئىرغىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىكى تاشنى ئېلىپ يىراققا ئاتتىم. تاش يەرگە پاققىدە چۈشۈشى بىلەن، ئېشەك مېنىمۇ تاشلاپ تىكىراڭشىپ چېپىپ كەتتى. شۇنداق قارىسام، ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى چوقۇر بىر ئوبدان مىنىۋاپتۇ، ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، سەت ھىجىيىپ كېتىپ بارىدۇ.
— توختا، ھەي نا ئىنساپ! قانداق نېمىسەن؟ بىراۋنىڭ ئېشىكىنى نەگە ئېلىپ بارماقچىدىڭ؟ — دەپ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. يېتىشىپ بېرىپ چاپىنىنىڭ ئارقا پېشىدىن تۇتۇپ بىر تارتىپتىكەنمەن، گۈپپىدە قىلىپ ئوڭدىسىغا ئالدىمغىلا چۈشتى. ئېشەكمۇ جايىدا توختاپ قالدى. ھېلىقى چوقۇر خارقىراپ توپىدا ياتتى. بىردەمدىلا، ئاسماندىن چۈشكەندەك يېنىمدا بىر ئازازۇل خوتۇن پەيدا بولدى، كەلگەنچە ياقامغا ئېسىلىپ:
— ۋاي خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر ئوغرى! سەن مېنىڭ دوستۇمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەنغۇ؟!... ۋاي ۋاپادار دوستۇم، ۋاي چىرايلىق دوستۇم، ساڭا كۆز تەگدىغۇ دوستۇم، ئەمدى مەن بۇ يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى قانداق تارتارمەن دوستۇم! — دەپ

يىغىنى سالدى.

نېمە بالاغا قالغاندىمەن، دەپ ھېلىقى خوتۇنغا بولغان ئەھۋالنى چۈشەندۈرگىلى تۇردۇم. ھېلىقى بىشەم خوتۇن:

— بۇ ئادەمغۇ ئۆلۈپتۇ، ئەمدى مەن بۇ چۆل - جەزىرىدە كىم بىلەن مۆڭدىشىپ كۈننى كەچ قىلىمەن، ئۇزاق كېچىلەرنى قانداق قىلىپ تاڭغا ئۇلاشتۇرىمەن؟ ئەمدى سەن ماڭا خوتۇن بول! — دەيدۇ.

نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ساراڭ خوتۇن؟ دەپ قاراپلا قالدىم.

— نېمە دەۋاتىسەن؟... ماڭا خوتۇن بول دەۋاتامسەن، ئەر بول دەۋاتامسەن؟ — دېسەم.

— خوتۇن بول! — دەيدۇ.

قارىسام ھېلىقى مېنىڭدەك ئىككى ئەرنىڭ بەستى بار، تازىمۇ يوغان خوتۇن ئىكەن. قورقىنىمدىن پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى.

— تۈزۈك گەپ قىلسىلا، خېنىم، خوتۇن كىشى خوتۇن ئالغاننى نەدە كۆرگەن؟! — دېدىم. ھېلىقى خوتۇن ئەيمەنمىدى:

— ماۋۇ ئادەمگە ئون نەچچە يىل خوتۇن بولغانتىم، ئەمدى سېنى بىر نەچچە يىل بولسىمۇ خوتۇن قىلىپ باقاي دەيمەنا! — دېدى.

— يوقىلاڭ گەپنى قىلمىسىلا، قانچە پۇل دېسىلە بېرەي، مېنى يولدىن قويمىسىلا، ئىشىم ئالدىراش، - دېدىم. يانچۇقلىرىمنى ئۆرۈپ - قېقىپ، بار پۇلۇمنى قولىغا بەردىم.

— ئەمىسە، ئېشەكىڭمۇ تاشلاپ كەت! — دېدى.

ئېشەكىمنى تاشلاپلا، قۇتۇلغىنىمغا خۇشال بولۇپ يۈگۈردۈم. بىر يەرگە بېرىپ ئارقامغا قاراپ، ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. قارىسام ھىلىقى ئەر - خوتۇن ئىككىسى سەت ھېجىيىشىپ ئېشەكىنىڭ ئۈستىگە مىنىشىۋاپتۇ. بىچارە ئېشىكىمنىڭ بېلى ئېگىلىپ يەرگە تېگەيلا دەپ قاپتۇ...»

«ئېشەكنىڭ گېپىنى قىلساڭلار بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى،— دەپ سۆزلەپ كەتتى يەنە بىرەيلەن، — بىر كۈنى، ھېلىقى سىلەر پارىكىنى قىلىۋاتقان چۆلنىڭ ئەتراپىدا پىيادە كېتىۋاتاتتىم. بىر ئېشەككە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۆمرۈمدە مۇنداق چىرايلىق ئېشەكنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. ھېچكىم يوق چۆلدە تېزەك پۇراپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۆزۈممۇ پىيادە مېڭىپ، ھېرىپ ئۆلەي دېگەنتىم، بىرەرسىنىڭ كارۋىنىدىن ئايرىلىپ قالغان ئېشەك ئوخشايدۇ، ئىگىسى ئۇچراپ قالسا بېرىۋېتەرمەن، بۇ چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالمىسۇن، دەپ مىنىۋالدىم، شۇنچىلىك سىلىق مېڭىشى بار ئېشەك ئىكەن دېمەمسىلەر، خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك ھۇزۇرلاندىم. ئازراق مېڭىپلا كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولدى. بىر چاغدا:

— چۈشمەمسەن، ئۆيگە كەلدۇق! — دېگەن ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم. پۇزۇر ياسالغان بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇق. ھېلى ماڭا گەپ قىلغان كىمكىن؟ دەپ ئەتراپىمغا قارىسام، ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ.

— سېنى دەۋاتىمەن، چۈشمەمسەن! — دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. قارىسام، ئاستىمدىكى ئېشەك گەپ قىلىۋاتقانىكەن. قورققىنىمدىن ئېشەكنىڭ ئۈستىدىن ئۆزۈمنى يەرگە ئاتتىم. ئۆيدىن بىر چىرايلىق خوتۇن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ۋاي، مېھمان كېلىپ قاپتىكەنغۇ! — دەپ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، — بىر يەرلىرى ئاغرىمىغاندۇ؟ — دەپ كىيىملىرىمنى قېقىپ ئۆيگە باشلىدى.

بىر ئېشەككە، بىر ھېلىقى خوتۇنغا قاراپ، ئىتتىكلا ئۆيگە كىرىۋالدىم. خوتۇن ئالدىمغا تۈرلۈك تائاملارنى تىزىۋەتتى. سەل ئېسىمنى يىغىپ:

— ئەجەب مېھماندوست ئايال ئىكەنلا، كىمنىڭ مەزلۇمى سىلى؟ — دەپ سورىدىم. ھېلىقى خوتۇن:

— ھېلى ئۆزلىرى مېنىپ كەلگەن ئېشەكباينىڭ خوتۇنى بولىمەن! — دېمەسما، يېۋاتقان نەرسەم گېلىمدىلا توختاپ قالدى. چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— مەن قايتاي! — دېدىم. ھېلىقى خوتۇن ئايىغىمغا ئۆزىنى تاشلاپ:

— بۇ چۆلدە ماڭا ئادەم دىدارىنى كۆرۈش يىلدا بىر - ئىككى قېتىملا نېسىپ بولىدۇ. ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، قونۇپ قالسىلا! — دەپ يېلىنغىلى تۇردى.

تالاغا قارىسام ئېشەكباي ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا تۇرۇپتۇ. ئىلاجسىز قونۇپ قالدىم. ئۇقسام: ھېلىقى ئېشەك ئەسلىدە ناھايىتى ئۇستا باخشى ئىكەن. جىنلار بىلەن ھەپىلىشىۋېرىپ ئاخىرى ئۆزى ئېشەككە ئايلىنىپ كېتىپتىكەن. ئۇنىڭ بىچارە خوتۇنى ئېشەكنىڭ دىدارىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشتىن بىزار بولۇپ، ئىنساننى تەلەپ قىلىپ يىغلىغاندا، ئېشەكباي يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەردىن بىرەرىنى باشلاپ كېلىپ، خوتۇنىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدىكەن. شۇ كېچە ھېلىقى خوتۇن خۇشاللىقىدا قىلمىغان قىلىق تاپالماي قالدى. كېچىچە كۆز يۇماي خىزمىتىمدە بولدى. ئەتىسى ئېشەكباي يەنە مېنى دۈمبىسىگە ئېلىپ يولغا ئاچىقىپ قويدى. نەچچە يىللاردىن كېيىن، يەنە ھېلىقى يەردىن ئۆتۈپ قالدىم. بىچارە خوتۇن ئېسىمگە كېلىپ، ئېشەكباينىڭ ئۆيى تەرەپكە باردىم. شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېلىقى ئۆينى تاپالمىدىم، ھەممە يەرنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ...»

«بىغەملەر شەھىرىگە كېتىدىغان يول ئۈستىدىكى يوغان قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە جۇۋاز چۆرىگەن توختى قىزىقنى بىلەمسىلەر؟ — دېدى بىر يولۇچى بىر كۈنى، — ۋاھ، رەھمەتلىك ماي دېگەننى شۇنداق سۈزۈك تارتاتتىكى، خام ئىچ-

سەگمۇ بولۇۋېرەتتى. شۇڭا دېھقانلار جوۋاز چەت يەردە بولسىمۇ، قىچا- زىغىرلىرىنى ئېرىنمەي شۇ يەرگە ئاپىرىپ تارتىپ كېلەتتى. رەھمەتلىك قىزىق گەپلەرگە ئەجەب ئۇستا ئىدى، ماي تارتقۇزغىلى بارغانلارنى كۈلدۈرۈپ ئۈچىيىنى ئۈزۈۋېتەتتى.

بىر كۈنى كېچىسى شۇ جوۋازخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇمەن. توختى قىزىق رەھمەتلىك ئۆلۈپ كېتىپ، بۇ جوۋاز قىيسىيىپ، ۋەيران بولۇپ، جىندىخانىغا ئوخشاپ قالغانىكەن. قولاق سالسام، جوۋازخانىدىن قىقاس - چۇقان، كىملەرنىڭدۇر قاقاقلاپ كۈلۈشكەن، ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ نېمە كارامەتتۇ؟ دەپ ھەيران بولۇپ، ئاستا بېرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىسام، ۋاھ، نېمىنى كۆرنۈك دېمەمسىلەر؟ جوۋازخانىنىڭ ئىچى قىيپالىڭاچ ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، توختى قىزىق ئۆلارنىڭ بىرقانچىسىنى جوۋازغا قېتىۋاپتۇ... دەۋاتىمەنغۇ، ھەممىسىلا ئاندىن تۇغمىلا ھالدا... ھېلىقى ماتانى كەم گەزلەپ بېرىدىغان ئىبراھىم ماتا، ئانىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن روزى خۇمپەر، ئوتتۇز ئىككى قېتىم ئەرگە تېگىپ چىققان پاتەم يانغاق، نىياز سۇتخور، يەنە قانداقتۇر مەن تونۇيدىغان - تونۇمايدىغان ئەرلەر، ئاياللار... بەزىلىرى جوۋازخانىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. كۈلۈۋاتقانلىرىمۇ، يىغلاۋاتقانلىرىمۇ بار. توۋا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر ئەمەسمىدى؟ دەپ ياقامنى تۇتتۇم؛ سەپسالسام، جوۋازنىڭ ئاستىدىكى چېلەككە ماي ئەمەس، قىپقىزىل قان ساقىپ چۈشۈۋېتىپتۇ. ئوتتۇرىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن بىرنەچچەيلەن:

— مانا بۇ پالانى باينىڭ خوتۇنى ئىززەتخان، ئېرى يوق چاغدا ئۆيىگە مالىيىنى ئەكىرىۋېلىپ نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلمىغان. . .

— ماۋۇ ئىككى ئەر خەقنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان بەتقىلىقلىرىچۇ…، — دېيىشىپ، بىر خوتۇن بىلەن ئىككى ئەرنى قىپيالىڭاچ پېتى جۇۋازغا كۆتۈرۈپ باستى.

جۇۋازنىڭ ئوق ياغىچىنىڭ غىچىرلاپ چۆگىلەپ، ھېلىقىلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنىڭ قاراسلاپ سۇنغىنىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى.

— ماۋۇ كىشىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى بىرى.

قارىسام، بىرنەچچىسى مەھەللىمىزنىڭ ئىلگىرىكى سۆلەتلىك ئىمامى رەھمەتلىك سادىق ھەزرەتنى تۇتۇپ تۇرۇشقانىكەن.

— ھە، ئۇنىمۇ سالايلى؟ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆيىگە خەتمىقۇرئان قىلىپ قويىمەن، دەپ بېرىپ، تۇل قالغان خوتۇنلار بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىشمىغان، ھە، ھۇ! — دېيىشىپ سادىق ھەزرەتنى كۆتۈرمەكچى بولۇشتى. سادىق ھەزرەت:

— شۇنداق، شۇنداق!… بولدى، ئۆزۈملا چۈشەي، — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يالىڭاچ پېتى جۇۋازنىڭ ئىچىگە چۈشتى.

ئەتراپتىكىلەر ھەدەپ چۇقان سېلىشىۋاتىدۇ، توختى قىزىق كۇلۇپ:

— مانا، ئۇ دۇنياغا بېرىپ، دوزاختا كۆيۈپ ئازاب تارتقىنىڭلاردىن مېنىڭ جۇۋازخانامدىلا پاكلىنىپ كەتكىنىڭلار جاھان ئىش بولدى! — دېدى خۇشال ۋارقىراپ.

يۇگۈرگىنىمچە مەھەللىگە كېلىپ، كۆرگەنلىرىمنى مەھەللىنىڭ يېڭى ئىمامىغا سۆزلەپ بەردىم:

— تەقسىر، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن رەھمەتلىك سادىق ھەزرزەتنىمۇ شۇ يەردە كۆردۈم. بەندىچىلىكتە گۇناھتىن خالىي بولالمايدىكەنمىز، ھېچكىم چوڭ سۆزلىمىسە بولىدىكەن. بۇ دۇنيادا قىلغان - ئەتكەنلىرىمىزنىڭ سورىقى دەل توختى

قىزنىڭ جۇۋازخانىسىدىلا بولۇۋېتىپتۇ، — دېدىم. يېڭى ئىمام:
— سەن سادىق ھەزرەتكە تىل تەگكۈزگۈچى بولدۇڭمۇ؟ يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ قوغلاپ چىقاردى.
— ئىشەنمىسىلە، ئۆزلىرى بېرىپ قاراپ باقسىلا! — دەپ غودۇڭشىپ قايتىپ چىقتىم. يېڭى ئىمام:
— خەپ، ئەتە بامدات نامىزىدا دەررىگە بېرىپ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمىسەم! — دەپ ۋارقىراپ قالدى.
يا قۇدرەت! ئەتىسى يېڭى ئىمام ئۆزى قانداق بولدى، دېمەمسىلەر، سەھەردىلا يېڭى ئىمام بىر كۆزىگە لاتا باغلاپ كوچىدا پىرقىراپ يۈرىدۇ. ئۇقساق، بۇ ئىمام مېنى تىللاپ چىقىرىۋېتىپ، بۇ بەچچىغەر راست ئېيتامدۇ، يالغان ئېيتامدۇ؟ دەپ گۇمان بىلەن ئاستا جۇۋازخانىغا بېرىپ مارىلاپتۇ. قارىسا راست، جۇۋازخانىنىڭ ئىچى قىزىپ كەتكەن، سادىق ھەزرەت تېخىچە جۇۋازنىڭ ئىچىدە چۆگىلەۋاتقۇدەك. ئىمام ئۇلۇغ ئايەتلەرنى ئوقۇپ ھەدەپ سۈپكۈچلەپتۇ. ئايەت كۈچىنى كۆرسەتتى بولغاي ئېھتىمالىم، جۇۋاز ئېغىرلىشىپ، جۇۋاز چۆرۈۋاتقانلار پۇتىنى ئالالماي قاپتۇ. ئەتراپتىكى يالىڭاچلار نېمە گەپ بۇ! - دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. توختى قىزىق:
— بىزنىڭ ئىشىمىزنى كۆزىتىۋاتقان يات كۆز بارمۇ قانداق؟ چىقىپ قاراپ بېقىڭلارچۇ! — دەپتۇ.
ھېلىقى يالىڭاچلار ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپلا ئىمامنى تۇتۇۋاپتۇ. ئاللا، توۋا! دېگىنىگە ئۇنىماي سۆرەپ كىرىپ جۇۋازغا قېتىپ، جۇۋاز چۆرۈتۈپتۇ، ئىمام كېچىچە جۇۋاز چۆرۈپ، ھېچ ھالى قالماي يىقىلىپ قاپتۇ. سەھەردە ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، ئەتراپىدا ھېچكىم يوق، توختى قىزنىڭ كونا جۇۋازخانىسىدا ئۆزى يالغۇز ياتقۇدەك. شۇنىڭدىن بېرى بىچارە ئىمام بىر كۆزىگە ياغلىق تېڭىۋېلىپ بىكار تۇرماي پىرقىرايدىغان بولۇپ قالدى...»

— «بىغەملەر» شەھىرى توغرىسىدىكى يېڭى گەپلەرنى ئاڭلامسىلەر؟ — دېدى بىر كۈنى بىر سودىگەرسۈپەت ئادەم چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، — يىراق بىر يەردىن مال ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم. بىغەملەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر چۆلدىن يالغۇز ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى. كېتىۋاتىمەن، كېتىۋاتىمەن، بۇ ئۇزۇن چۆلنىڭ ئايىغى كۆرۈنەي دېمەيدۇ. بىر چاغدا قارىسام، ئالدىمدا بىر ئايال يولنىڭ چېتىدە بوپا تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. چاچلىرى قوڭۇر، ئاق سېرىق كەلگەن، ناھايىتى كېلىشىملىك چوكان ئىكەن. مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى. كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— چۆلدە يالغۇز مېڭىشتىن ئەيمەندىم، ئۇلاغلىرىنىڭ بىرەرىگە مىندۈرۈۋالسىلا، سىلىگە ھەمراھ بولسام، — دېدى.

چۆل دېگەندە ھەمراھ بولۇپ ماڭايلى، دېگەن ئادەمگە «ياق» دېگىلى بولمايدۇ.

— بولىدۇ! — دېدىم. يۈكى يېنىكرەك بىر ئۇلاغقا مىندۈرۈپ قويدۇم.

ھېلىقى ئايال يول بويى شېرىن گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلۈمنى كۆتۈردى. بىر چاغدا كۈلكە بىلەن، ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىن ماڭا قىيا بېقىپ:

— باي ئاكا، ئۆيلىرىدىن ئايرىلغانلىرىغىمۇ ئۇزۇن جاھان بولغاندۇر؟ مانا، بۇ چۆلدە ئىككىمىز يالغۇز كېتىۋېتىپتىمىز، ئاۋۇ چولاق توغراقنىڭ سايىسىدە توختاپ بىردەم كۆڭۈل ئاچساق، — دېدى.

— مەن خوتۇن، بالا - چاقىلىرىم بار ئادەم، ئەھلى مۇسۇلمانمەن، مېنى مۇنداق گۇناھلىق ئىشلارغا باشلىما، يەنە مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلساڭ يولدا تاشلاپ كېتىمەن! — دېدىم.

قارىسام، بۇ ئايالنىڭ تەلمۈرۈپ قاراشلىرى جاننى ئالىدۇ. كۈلكىسى شۇنچە مۇلايىم. چىرايىمۇ ئاجايىپ يېقىشلىق. بىر

تۇرۇپ: بۇ ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان شىەيتاننىڭ ئۆزىمۇ قانداق؟... نېمىشقىمۇ ئۇنى ئۇلاغقا مىندۇرۇۋالغاندىمەن، — دەپ قالدىم.

چوكان جىمىپ كەتتى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا، مېنى ئالدىمىزدىكى «ئالدى - قويدى» بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىۋەتسىلىمىغۇ، — دېدى.

— ئالدى - قويدى دېگىنىڭ قانداق بازار ئۇ؟ - دەپ ھەيران بولدۇم.

— ۋاي، سىلى سودىگەر تۇرۇپ تېخىچە «ئالدى - قويدى» بازىرىنى ئۇقمامدىلا؟ — دەپ مەندىن بەتتەر ھەيران بولدى ھېلىقى چوكان، — بىزنىڭ بۇ يەردە شۇنداق بىر بازار بار، بازار كۈنى ئۇ يەرگە ئەرگە تېگىدىغان تول خوتۇن، خوتۇن ئالىدىغان بويتاق، ئاجرىشىدىغان ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى يىغىلىدۇ. بەزىلىرى خوتۇن ئالىدۇ، خوتۇن قويىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى ئەردىن چىقىدۇ، ئەرگە تېگىدۇ. مانا بۈگۈن شەنبە، تازا بازار بولىدىغان كۈن، بەزى ماللىرىنى شۇ يەردە پايدىسىغىمۇ سېتىپ قالارلا. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى شۇ بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋەتسىلە! — دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى.

نېمىدەپ ئالجىۋاتقاندۇر ماۋۇ خوتۇن، دەپ ھەيران بولدۇم. ئاچچىقىمدا:

— مەن ئاپىرىپ سېتىۋەتمىسەممۇ، ئەرگە تەگكۈڭ كەلگەن بولسا، ئۆزۈڭ بېرىپ بىرسىگە تېگىۋەرمەمسەن! — دېدىم.

— سىلى ئۇقمايدىلا، ئۇ يەردە ئېرى يوق سالتاڭ خوتۇنلارنى ئانچە پۇلغا ئالمايدۇ، ئالسىمۇ ئۆيىگە ئاپىرىپ خورلاپ، ناھايىتى ئېغىر ئىشلارغا سالىدۇ. قانچە چوڭ مۆتىۋەر، باي سودىگەرلەرنىڭ خوتۇنى بولسا شۇنچە قىممەتكە سېتىۋالىدۇ. ماڭا بىر ياخشىلىق قىلسىلا، ساتقان پۇل يەنە ئۆزلىرىدە نەق قالسۇن! — دېدى ئۇ.

بىلىسىلەر، بىز سودىگەر خەق دېگەن پايدا تېگىدىغان ئىش بولسا ھېچنېمىدىن قايتمايمىز. ئىچىمدە: بۇمۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن. خۇددى يولدا تېپىۋالغان نەرسىنى سېتىپ، پۇلىنى يانچۇققا سالغاندەكلا بىر ئىشقۇ بۇ!… بوپتۇ، «ئالدى - قويدى» دېگەن بازىرىنى بولسىمۇ بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدىم. چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ، ھېلىقى چوكان باشلىغان بازار تەرەپكە ماڭدۇق.

ئۇزاق ماڭمايلا كەڭ بىر كۆلنىڭ بويىدىن چىقىپ قالدۇق. كۆل بويى ئەتراپى دەرەخلىق چوڭ بىر بازار مەيدانى ئىكەن. ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار، بودىستلار، ئاتەشپەرەسلەر دەمىسىلەر، قارا تەنلىك، قوڭۇر تەنلىك دەمىسىلەر، ئەيتاۋۇر، ھەممە تەبىقە، ھەر خىل رەڭدىكى ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرۈپتۇ. خېنىملار، يىگىتلەر، ئاجرىشىدىغانلار، توي قىلىدىغانلار شۇ يەردىلا گەپنى پىشۇرۇشۇپ پۈتۈشىدىغان گەپ ئىكەن. ھەممە ئادەم توپنى ئارىلاپ يىگىتلەر خوتۇنلارنىڭ ساغرىسىغا، خوتۇنلار يىگىتنىڭ بوي - تۇرقىغا قاراپ يۈرىدىكەن. بۇ ئالىيىشىل قىيامەتنى كۆرۈپ كۆزلىرىم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۆمرۈمدە بۇ چۈللۈكتىن قانچە قېتىم ئۆتۈپ، بۇ بۇلۇڭ - بۇچقاقتا مۇشۇنداق بىر غەلىتە بازارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن.

ئۇلاغلارنى بىر چەتكە باغلاپ قويۇپ، ئەمدىلا كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۇرۇۋىدۇق، بىرەيلەن يېنىمغا قىستاپ كېلىپ:

— بۇ خوتۇننى ساتماقچىمۇ؟ — دېدى.

— ساتىمەن! — دېدىم.

— ئۇنداق بولسا، مانا بۇ ياققا! — دەپ بازارنىڭ بىر تەرىپىگە باشلىدى. ئۇ يەردە بىر شىرەنىڭ يېنىدا بىر ئاقساقال ئولتۇرۇپتۇ. يېنىدا قومۇش قەلەملىرىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىككى كاتىپمۇ بار. ھېلىقى بىزنى باشلاپ بارغان ئادەم چوكاننى بىر ئېگىز سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپ، ۋارقىراپ خېرىدار

يىغقىلى تۇردى.

— هاي خالايىق، مانا بۇ يىراقتىن كەلگەن كاتتا بىر سودىگەر، مۇسۇلماننىڭ خوتۇنى. مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ پاكىزلىقىنى ئېيتمىسامىمۇ بىلىسىلەر، سودىگەر سەپەر ئۈستىدە قىينىلىپ قاپتۇ. بۇ گۈزەلنى مۇشۇ يۇرتلاردا قالدۇرۇپ كېتىشكە ئۆزى رازى، قېنى كىم ئاشىدۇ؟ يۈز تەڭگە! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەتراپقا بىر دەمدىلا ئادەم ئولاشتى. ئارىدىن بىرى:

— يۈز ئەللىك! — دېدى.

— ئىككى يۈز! — دېدى ساقاللىق بىرى.

ئارىدىن بىر يىگىت چىقىپ، چوكاننىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ كۆردى — دە:

— ئۈچ يۈز! — دېدى.

كۆڭلۈمدە بۇ چوكاننى شۇ يىگىتكە لايىق كۆرۈپ تۇراتتىم. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭ باھاسى يەنە تۆت يۈز تەڭگىگە ئۆرلەپ كەتتى. ئارىدىن بىرى «بەش يۈز!» دەپ ۋارقىرىدى. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى چوكاننىڭ باھاسى بەش يۈز تەڭگىگە پۈتتى.

— يۈز تەڭگە بازار ھەققى، ئەللىك تەڭگە ئاقساقالغا قالدى، يەنە ئەللىك تەڭگە قەغەز - قەلەم ئالىدىغانلارنىڭ ھەققى. مانا ساڭا تېگىشلىك پۇل...، — دەپ قولۇمغا ئۈچ يۈز تەڭگە كۈمۈشنى ساناپ بەردى ھېلىقى بىزنى باشلاپ كەلگەن ئادەم.

قارىسام، چوكاننى بەش يۈز تەڭگىگە سېتىۋالغان دېۋىدەك يوغان بىر مەلئۇن ئىكەن. ئايال ماڭا قىيالمىغاندەك قىلىپ قاراپ - قاراپ قويۇۋىدى، ئىچىم ئاغرىپ قالدى. «نېمىشقىمۇ يۇرتقا ئەكېتىپ، نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەمرىمگە ئالمىغان بولغىيدىم» دەپ قالدىم. ئايال مەن تەرەپكە تەلپۈنۈپ:

—كەل، ھېچ بولمىغاندا مەن سېنى بىرنى سۆيۈپ قويا!

— دېدى.

مەن ئۈنىڭغا مەگزىمنى تۇتۇپ بەردىم. ساقاللىرىمغا يېپىشىپ تۇرۇپ قاتتىق بىرنى سۆيدى. خوشلاشقىنىمىز شۇ بولدى. نېمە ئىشكىن بىلمەيمەن، ئۇ سۆيگەن مانا بۇ يەر تا بۈگۈنگىچە كۆيۈپ ئاغرىپ تۇرىدۇ...»

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# «ئالۋاستى»

چۆل يىگىت بۈگۈن ئىشكىنى ھەيدەپ چۆل ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا يىراقلاپ قىلىۋاتقان ئۈچ تۈپ توغراق بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئاخىرى قۇم دۆۋىلىرى كەينىدە كۆرۈنمەي قالدى. كېچە چىققان قاتتىق بوراندىن كېيىن چۆل ئاسمىنى يەنە كۆپكۆك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئېگىز قۇم بارخانلىرى، جاڭگاللىشىپ كەتكەن قەدىمىي توغراقلىقلار كۆپ ئۇچرايتتى. چۆل يىگىت ئېشىكى ئۈستىدە چۆل مەنزىرىلىرىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، چايخانىدا قونغان يولۇچىلارنىڭ چۆل يوللىرىدا ئۇچرايدىغان جىن - شاياتۇنلار ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى ئەسكە ئالاتتى. بۇ ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەتلەر يىگىتنىڭ چۆلگە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. كۆز ئالدىدا چەكسىز تاشلىنىپ ياتقان قۇملۇقلار ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدە تېخىمۇ ھەيۋەت، تېخىمۇ سىرلىق تۇس ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالەمنىڭ ئۆزى مۇشۇ قۇملۇق ئىدى... بەزىدە ئۇنىڭغا ئىش بىلەن يىراقتىكى شەھەرگە بېرىپ - كېلىشكە توغرا كېلىپ قالغاندا ئادەملەر بىلەن تولغان شاۋقۇنلۇق شەھەر

ئۇنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى. ئادەملەرنىڭ رەڭدار جۇلالىنىپ ياتقان چەكسىز تەبىئەت قوينىنى، ئوچۇقچىلىقنى، كەڭرى جاھاننى تاشلاپ، سېپىللار بىلەن قورشالغان قىستاڭچىلىققا بېكىنىۋېلىشقىنىنى چۈشەنمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، شەھەر كوچىلىرىدا چۇۋۇلدىشىپ، بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر، جۇۋانلارنىڭ ئۆيلەرنىڭ ئوچۇق قالغان پەنجىرىلىرىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان تەبەسسۇملۇق چىرايلىرى، باغلارنىڭ تېمى يېنىدىكى جىگدىلەردىن يېلىم يىغىۋاتقان ئۇششاق ئۆرۈمە چاچلىق قىزلار ئۇزاققىچە چۆل يىگىتنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالاتتى.

«شەھەر دېگەن يەنە باشقىچە بىر دۇنيا بولسا كېرەك، — دەپ ئويلايتتى چۆل يىگىت، — ئادەملەر گېپىنى قىلىدىغان ‹بىغەملەر شەھىرى› قانداق شەھەر بولغىيتتى؟ بۇ ئاجايىپ شەھەرنىڭ ئورنى قەيەردىدۇر؟ ئۇنى ۋەيران قىلغان كىملەردۇر؟ ... نېمىشقا ئادەملەر جىن - شەيتانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، شەيتانلار يەنە ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالالايدۇ؟... قۇم زادى نېمە؟ ئاشۇ ئەرزىمەس كىچىككىنە قۇم دانچىلىرى قانداق قىلىپ ھەيۋەت شەھەرلەرنى يۇتۇپ كېتەلەيدۇ؟...»

چۆل يىگىت ئېشىكىنى توغراقلىق ئارىسىدىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا توختاتتى. ئەتراپتا بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ ئۆسكەن توغراقلار، قۇرۇپ يىقىلغان توغراق شاخلىرى تولۇپ ياتاتتى. بۇ ئادەتتىكى ئوتۇنچىلارنىڭ قەدىمى ئاز يېتىدىغان بىر جاڭگال ئىدى. چۆل يىگىت توۋۇرغىسىنى ئېلىپ ئېشەكنىڭ بېشىغا كىيدۇرۇپ قويدى (شۇنداق بولغاندا ئېشەكنى باغلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايتتى، ئېشەك خالتىدىكى يېمىنى يەپ بىر جايدا تۇرۇۋېرەتتى). چۆل يىگىت بېلىگە قىستۇرۇقلۇق پالتىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئوتۇن كەسلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى پالتا ـ قىسقا ساپلىق، بىسلىرى چاقناپ تۇرىدىغان،

ئەپچىل ئوتتۇنچىلار پالتىسىدىن ئىدى. بىـــلەكتەك توغراق شاخلىرىنى بىر ئۇرۇشتىلا كېسىپ چۇشۇرەتتى.
بىر دەمدىلا ئېشەكنىڭ ئەتراپىغا قۇرىغان توغراق شاخلىرى، يۇلغۇن يىلتىزلىرى دۆۋىلىنىپ كەتتى. چۆل يىگىت ئېشەكنىڭ بېشىدىكى يەم خالتىسىنى ئېلىۋېتىپ، ئارغامچىلارنى يەشتى. ئوتتۇنلارنى ئېشەككە ئارتىپ، مەھكەم باغلىـــــدى. ئەمدى ئۇ ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئۆز خىياللىرىنى سۈرۈپ ئۆيگە قايتسىلا بولاتتى. ئۇ قۇم ئۇستىدە تۇرغان يەم خالتىسىنى ئېلىش ئۇچۇن ئېڭىشتى ـ دە، نېمىشقىدۇر بەدىنى شۈركەنگەندەك بولدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى توغراقلىقتا ياندىشىپ تۇرغان ئېگىز قۇم دۆڭى ئۇستىدە ئاجايىپ بىر مەخلۇق توپتوغرا ئۇ تۇرغان تۆۋەنلىككە قاراپ تۇراتتى. دۆڭدە تۇرغان بۇ نەرسە ئايال كىشىدەك قىلاتتى. ئۇنىـــــڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى چۆل شامىلى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرماقتا ئىدى. ئۇ پۈتۈنلەي يالىڭاچ ھالەتتە بولۇپ، يانغا سوزۇلغان ئۇزۇن سايىسى بىلەن قوشۇلۇپ كىشىگە ناھايىتىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.
«ئالۋاستى!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى چۆل يىگىت.
ئوتتۇن ئارتىلغان ئېشەك بولسا، دۆڭدە پەيدا بولغان غەلىتە نەرسىدىن ئۇركۇپ، ئالـلـــبۇرۇنلا قۇلاقلىـــرىنــــى دىڭ قىلىۋالغانىدى. چۆل يىگىت قاتتىق ۋارقىرىشى بىـــلەن ئۇ قۇيرۇقىنى ئېگىز قىلىپ، خۇددى بۇيرۇق ئالغان لەشكەردەك، ئۆي تەرەپكە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە چېپىپ كەتتى. چۆل يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۇگۇردى. قاتتىق سىلكىنگەنلىـــكتىـــن ئېشەكنىڭ ئارغامچىلىرى بوشىشـــــپ، ئوتتۇنلار يول بويــــى چېچىلىپ باراتتى. بۇ ئۇزۇن قۇلاق ھارامزادە ئۇستىدىكــــى يۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ بىردەمدە يېپيېڭىلا بولۇپ قالدى-دە، تېخىمۇ ئىتتىك يۇگۇرۇپ كەتتى. چۆل يىگىت ھەرقانچە

تىرىشىپمۇ ئېشىكىگە يېتىشىۋالالمىدى. قۇم دۆۋىگە ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن ئالۋاستى يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن قالماي قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. چۆل يىگىت ئۇنىڭ «پالتا، پالتا» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ ئېنىق ئادەم ئاۋازىغا ئوخشايتتى. چۆل يىگىتنىڭ پۇتلىرى تاش ئاسقاندەك ئېغىرلىشىپ توختاپ قالدى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ ئالۋاستىنىڭمۇ ئۆزىدىن نەچچە ئون قەدەم نېرىدىلا توختىغانلىقىنى كۆردى.

يىگىتنىڭ ئالدىدا گۈزەل بىر قىز، ياق، ئاندىن تۇغما ھالەتتىكى يالىڭاچ بىر ئالۋاستى تۇراتتى. ئۇ پەقەت بەدىنىنىڭ ئۇياتلىق يېرىنىلا قولى بىلەن توسۇۋالغانىدى. ئۇ «پالتا، پالتا! » دەپ ۋارقىراپ، يىگىتنىڭ بېلىدىكى پالتىنى شەرەت قىلاتتى. پالتىنى بەرمىگۈچە ئۇ قايتىپ كەتمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. چۆل يىگىت بېلىدىكى پالتىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، كۈچ بىلەن يىراققا ئاتتى. پالتا قۇياش نۇرىدا ۋاللىدە بىر چاقناپ بېرىپ يىراقتىكى قۇم ئۈستىگە تىككىدە پېتىپ قالدى. ئالۋاستى پالتىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈلۈشى بىلەنلا، چۆل يىگىت يەنە قاچتى.

چۆل يىگىت بوۋايدىن ئۆگەنگەن ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، ئەتراپىغا ئۈرگىنىچە يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭغا ئالۋاستى ھازىرلا ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ پالتىسىدا پارە ـ پارە قىلىۋېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. چۆل يىگىت چايخانىغا يېقىنلاشقاندا، يول ئۈستىگە چىقىپ قاراپ تۇرغان بوۋاينى يىراقتىنلا كۆردى ـ دە، يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. كەينىدە جىن كۆرۈنمەيتتى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى بوۋاي ھەيران بولۇپ، — ئېشەك ئارغامچىلىرىنى سۆرەپ، ئۈستىدە بىر تالمۇ ئوتۇن يوق، چېپىپ كەلگىنىچە ئېغىلغا كىرىپ كەتتى. ئارقىسىدىن كىرسەم، قارا تەرگە چۆمۈپ تىترەپ تۇرۇپتۇ. مانا، ئارقىسىدىن سەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىسەن؟

— ئالۋاستى! — دېدى يىگىت ھاسىرىغىنىچە بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ.

— نېمە ئالۋاستى! ؟

— چۆلدە، جىلغىدىن ئۆتكەن يەردىكى توغراقلىقتىن ئوتۇن ئېلىۋىدىم. ئوتۇنلارنى ئەمدىلا ئېشەككە باغلاپ، ماڭاي دەپ تۇرسام ئۇدۇلۇمدىكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە قاپقارا بىر نەرسە كۆرۈندى. ئېشەك قورققىنىدىن قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ ھەممە نېمىنى تاشلاپ قاچتى، ئارقىدىن مەن يۈگۈردۈم.

— نېمىكەن ئۇ؟

— دېدىمغۇ، ئالۋاستى!

— ئالۋاستى؟... كۈپكۈندۈزدىلا ـ ھە! ؟... بەلكىم سېنىڭ كۆزۈڭگە شۇنداق كۆرۈنگەندۇ؟

— ياق، بوۋا، مەن ئۇنى ئېنىق كۆردۈم. چۇۋۇق چاچلىرى مۈرىسىدىن ئېشىپ چۈشۈپ تۇرىدۇ، كۆزلىرىدىن ئوت يانىدۇ، قىپيالىڭاچ، نەق ئالۋاستىنىڭ ئۆزى. ئۇ مېنى ئارقامدىن خېلى يەرگىچە قالماي قوغلاپ كەلدى. قولاق سالسام، «پالتا، پالتا!» دەپ ۋارقىراۋېتىپتۇ. بىلمىدىكى پالتىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردىم، شۇنىڭ بىلەن قۇتۇلۇپ قالدىم.

— ئۇ پالتىنى نېمە قىلىدىكەن؟

— بىلمىدىم.

بوۋاي ئويلىنىپ قالدى— دە:

— چۆل مۆجىزىلەرگە باي بولىدۇ، — دېدى چۆل يىگىتىنى تىنچلاندۇرۇپ، — بۇ چۆلنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا تۈرلۈك مەشغۇلات بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەملەر بار. ئېھتىمال ساڭا شۇنداق غەيرىي ئادەملەرنىڭ بىرەرى ئۇچراپ قالغاندۇر. قىزىق ئىش، ئۇنىڭغا سېنىڭ پالتاڭ نېمىگە لازىم بولۇپ قېلىۋىدىكىنا، قورقما، چۆل ئادەملىرى بىزگە چېقىلمايدۇ!

چۆل ئوغلى ئېغىلغا كىردى. ئېشەك ئەمدى بايىقى

قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ، يۇمشاق ئوتقا تېگىش قىلغانىدى. چۆل ئوغلى بولسا كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى ئۇزاققىچە باسالمىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ قايتا يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك. پات - پات يول ئۈستىگە چىقىپ، جاڭگال تەرەپكە قاراپ قوياتتى.

شۇ كۈنى چايخانىدا بىر ئوۋچى قونۇپ قالدى. مېھمان بىلەن ئوسمان بوۋاي بۈگۈن بولغان ۋەقە ئۈستىدە ئۇزاق پاراڭلاشتى.

— مەن قېرىدىم،— دېدى بوۋاي، — چۆل ئىچىگە كىرىپ باقمىغىنىمغا خېلى يىللار بولۇپ قاپتۇ. ئاڭلىسام، يېقىندىن بېرى ئۇ يەردە بىر ئالۋاستى پەيدا بولۇپ قاپتۇدەك. مانا بۈگۈن ئۇنى بىزنىڭ چۆل يىگىت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. ئالۋاستى چۆل يىگىتنى قوغلاپ، «پالتا، پالتا!» دەپ ۋارقىراپ، ئۇنىڭ پالتىسىنى سوراپ ئېلىپ قاپتۇ.

— ئەجەب ئىش ھە!—دەپ ھەيران بولدى ئوۋچى، — يېقىندىن بېرى چۆلدە مۇشۇنداق بىر نەرسىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار... بىر كۈنى، ئوۋ قوغلىشىپ يىراقلاپ كېتىپ قاپتىمەن. بىر چاغدا قېلىن بىر توغراقلىق يېنىدىن چىقىپ قالدىم. توغراقلىقنىڭ ئىچىدە يېقىنلا يېنىپ ئۆچكەن بىر گۈلخاننىڭ ئىزىنى بايقىدىم. نېرىدا يەنە بىر كەپە تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە كىم تۇرىدىغاندۇر؟ ئوتۇنچىمۇ ياكى مالچىمۇ؟ ئوتۇنچى بولسا ئۇنىڭ ئۇلاغلىرى قېنى، مالچى بولسا بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ ئوتلاپ يۈرگەن ماللىرى بولۇش كېرەكتىغۇ؟— دەپ ھەيران بولدۇم. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كەپىگە يېقىنلاشتىم. كەپە ئىشىكىگە ئەمدىلا قەدەم قويۇشۇمغا «چاڭ» قىلىپ تەگكەن بىر تەستەك بىلەن ئارقامغا ئۇچۇپ كەتتىم. يېنىمدىن ئادەممۇ، ئالۋاستىمۇ، ئىشقىلىپ بىرنېمە شامالدەك ئۇچۇپ ئۆتۇپ كەتكەندەك بولدى... جاڭگالدىن قايتىپ چىقىپ، شۇ ئەتراپتىكى مالچىلاردىن سۈرۈشتە قىلسام، بۇ يەردە

مۇشۇنداق بىر ئالۋاستىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا خېلى يىل بولۇپ قاپتۇدەك. ئۇ گۈزەل بىر قىز سىياقىدا يۈرەرئىمىش. يۈگۈرسە ھەرقانداق ئۇچقۇر كېيىكلەردىنمۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئۇۋ قىلغان گۆشلىرىنى گۈلخان يېقىپ پىشۇرۇپ يەپ، ئېشىپ قالغانلىرىنى مالچىلارنىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ قويۇپ كېتىدىكەن...

— بۇ گەپچە ئۇ ئالۋاستى ئەمەس ئادەم، — ھۆكۈم قىلدى بوۋاي، — چۆل ئىچىدە «چۆل كىشىلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئايرىم بىر قوۋم بار. ئۇلار سېنىڭ بىلەن ماڭا ئوخشاشلا ئادەم. ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن چۆلدە تەمتىرەپ يۈرىدىغىنىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

چۆل يىگىت چۆلدە ئۇچراشقان ئالۋاستىنى زادىلا خىيالىدىن نېرى قىلالمىدى. چۆلدە ئوتۇنغا بېرىشتىنمۇ قورقۇپ قالدى. نامەلۇم بىر دەككە - دۈككىچىلىك ئۇنى تەشۋىشكە سالاتتى. كېچىلىرى ھېلىقى ئالۋاستى چاچلىرى چۇۋۇق، ناھايىتىمۇ بەتبەشىرە ھالەتتە، بەزىدە بولسا چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈزەل بىر قىز سۈرىتىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى. ئېھتىمال ئۇ ھېلىقى چۆچەكلەردىكى ھەر خىل قىياپەتكە كىرىۋالالايدىغان، ئادەملەرنى تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ، تاپىنىنى تېشىپ قېنىنى شورايدىغان يالماۋۇز ئالۋاستىنىڭ ئۆزىدۇر ياكى ئۇ بىر پاك پەرىزاتتۇر...

بۈگۈن چايخانىدا بىرنەچچە يولۇچى چاي ئىچىپ ئۆتۈپ كەتتى. كەچتە چايخانىدا قونۇپ قالىدىغان خېرىدارلارمۇ بولمىدى. بوۋاينىڭ بىرقانچە كۈندىن بېرى ساقلىقى يوق ئىدى. ئۇ چايخانا ئىچىدىكى بۈگلۈك ئۈستىگىلا ئورۇن سېلىپ يېتىپ قالدى. تىنچىق ياز كېچىسى ئىدى. چۆل يىگىت ئۆگزىگە ئورۇن سالدى - دە، نېپىز چەكمەن چاپاننى ئۈستىگە تاشلاپ ياتتى. ئۈپۈقنىڭ يىراق بىر سىزىقىدىن ئاستا - ئاستا ئاي كۆتۈرۈلمەكتە

ئىدى. تۆۋەندە بوۋاينىڭ پات - پات يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. . . چۆل يىگىت ھەر كۈندىكىدەك ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ساغۇچ چۆل تىنچ نەپەس ئېلىپ يېيىلىپ ياتاتتى. قەيەرلەردىدۇر يىراق بىر چۆل يولىدىن كەچ قالغان كارۋاننىڭ كولدۇرمىلىرىنىڭ ئاۋازى كېلەتتى.

چۆل يىگىت قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. بىر چاغدا ئۇ يېنىك شىپىرلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى. ئاي ئاللىبۇرۇن تىكلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ بېشىدا پەيدا بولغان سىرلىق بىر كۆلەڭگىنى بايقىدى - دە، قورققىنىدىن تۈگۈلۈنۈپ قالدى، بەدىنى سوغۇق تەرگە چۆمدى، ۋارقىراشقا ھالى يەتمەيتتى، «ئېھتىمال ماڭا قورقۇنچتا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتسا كېرەك» دەپ، غەيرەت قىلىپ ئىككىنچى قېتىم كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى كۆتۈردى. دەل ئۇنىڭ ئالدىدا چۇۋۇق چاچلىرىنى ئارقىغا تاشلىغان گۈزەل بىر قىز ياپيالىڭاچ تۇراتتى. ئۇ ھەتتا ئۇياتلىق يەرلىرىنىمۇ يېپىۋالمىغانىدى. ئاي نۇرى ئۇنىڭ چىرايلىق مۇرىلىرى، چاچلىرى ئۈستىدە ئېنىق سىزىقچە ھاسىل قىلغانىدى.

— قورقما!— دەپ پىچىرلايتتى قىز، — سەن نېمىشقا ئۇتۇنغا بارمىدىڭ؟ . . . مەن ساڭا نۇرغۇن ئوتۇنلارنى يىغىپ قويدۇم.

قىز شۇنداق دېدى - دە، يىراقلاپ، كۆزدىن غايىب بولدى.

چۆل يىگىت ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ يەنە جاڭگالغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۈچىنچى كۈنى تۈن يېرىمىدا قىز يەنە ئۇنىڭ بېشىدا پەيدا وبلدى.

— سەن كىمسەن؟— دېدى چۆچۈپ ئويغانغان چۆل يىگىت،

— سەن ئادەممۇ، جىنمۇ؟ نېمىشقا مېنىڭ ئارقامغا كىرىۋېلىپ، ئارامىمنى قويمايسەن؟

— مەن ئادەممەن، سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئىشەنمەمسەن؟ مانا، مەن سېنى سۆيۈپ قويدۇم.

قىز ئېڭىشىپ چۆل يىگىتنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى. بۇ سۆيۈش يىگىتنى تىنچلاندۇردى. قىزنىڭ لەۋلىرى شۇنچىلىك قىزىق، تىنىقى خۇش پۇراق ئىدى. چۆل يىگىت بىرنېمە دېمەكچى ئىدى، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. بۇ قېتىم قىزنىڭ سىماسى ئۇنىڭ ئالدىدا ناھايىتى روشەن نامايان بولغانىدى. بۇ گۈزەل بەدەن، تىككىدە قامەت، ئايدەك قىيىلىپ چۈشكەن قاشلار، ئۇنىڭ قۇياش تەپتىدە كۆيگەن مۈرىلىرىدە تۈكۈلۈپ تۇرغان ساغۇچ چاچلار يىگىتنىڭ خاتىرىسىگە مەھكەم ئورنىشىپ قالدى.

— نېمىشقا ئورنۇڭدىن تۇرمايسەن؟ نېمىشقا ماڭا ئەگىشىپ ماڭمايسەن؟ — دەيتتى قىز.

— نەگە؟ — دەپ غەيرەت قىلىپ سورىدى چۆل يىگىت.

— قارا، چۆلنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى نېمىدېگەن گۈزەل. مۇنداق ئايدىڭ كېچىدە ئاشىقلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلەمدۇ؟

— مەن ئاشىق ئەمەس - دە!

— توغرا، سەن ئاشىق ئەمەس، سېنىڭ قەلبىڭدە تېخى بىر پارچىمۇ ئوت يالقۇنجىغىنى يوق... بوپتۇ، مەن كەتتىم، پالتاڭ ماڭا يالدانا بولۇپ قالسۇن، ئۇنى ئەكېتىمەن.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دەمسەن؟... سۆزلەپ كەلسەم بۇ بەك ئۇزۇن ھېكايە، سەن بىغەملەر شەھىرى توغرىسىدا ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، ئۇ شۇنداق بىر سىرلىق شەھەرئىمىش، سەن شۇ شەھەرنىڭ ئادىمىمۇ سەن؟

— ياق، ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا ئانام رەھمەتلىك سەپەر ئۈستىدە بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىكەن. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بىللە بېسىپ ئايرىلىپ كېتىپتۇ. كېيىن، مەن مۇشۇ

قۇملۇقلاردا تۇغۇلدۇم. شۇ چۆللۈكلەردە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ بولدۇم. ئانام ھېلىقى ئۆزگە يولدا سەپەرداش بولغان ئادەمنىڭ مېنىڭ ئاتام ئىكەنلىكىنى، ئۇ كىشىنىڭ «بىغەملەر شەھىرى» دېگەن بىر يۇرتنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. ئانامنى مەن يەنە مۇشۇ قۇملۇقلارغا كۆمدۈم. ئىنسان ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، تەكتى - يىلتىزىنى بىلىشى كېرەك - دە؟! ئەمدى بىغەملەر شەھىرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. ماڭدىم، ماڭدىم، ساڭا يولۇقتۇم. قىز بالىغا ئەڭ خەۋپلىكى — يالغۇزلۇق، مەن باتۇر بىر يىگىتنىڭ ئۆزۈمگە ھەمراھ بولۇشنى خالايتتىم. سەن بەك يۈرەكسىز ئىكەنسەن، پالتاڭ بولسىمۇ ماڭا ھەمراھ بولۇپ قالسۇن!

شۇنداق دېدى - دە، قىز يەنە غايىب بولدى. نېمىشقىدۇر چۆل يىگىت ئۆزىنى بۇ ئۆگزىدە ناھايىتىمۇ يالغۇز ۋە غېرىپ ھېس قىلىپ قالدى. سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ يىراقلارغىچە قارىدى. سارغىيىپ ياتقان قۇملۇقلار، يىراقتىكى جاڭگاللار - ھەممە نېمە جىمجىت سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

چۆل يىگىت ئەتىسى ئەتىگەندە ئېشىكىنى ھەيدەپ جاڭگالغا قاراپ ماڭدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن ئەمدى قورقۇنچ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ھاياجانلىناتتى. چۆلدە ھېلىقى قىزنى يەنە بىر قېتىم ئۇچرىتىپ قېلىشنى ئىستەيتتى. چۆل يىگىت قىزنى بىرىنچى قېتىم ئۇچراتقان قېلىن توغراقلىق يېنىدىكى ئوچۇقچىلىققا يېتىپ بېرىپ ھەيران قالدى. كىمدۇر بىرى بۇ يەرگە ناھايىتى نۇرغۇن ئوتۇنلارنى كەسلەپ دۆۋىلىۋەتكەنىدى. بۇ ئوتۇنلارنى ئىككى - ئۈچ كۈن، نەچچە ئون كۈن توشۇپمۇ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئۇ ئوتۇنلارنى ئۈنچىقماي توشۇدى. ھەر قېتىم ئوتۇنغا كەلگەندە ھېلىقى قىز كۆرۈنگەن قۇم دۆڭگە چىقىپ يىراقلارغا قارايتتى. ئۇ ياقتىمۇ يەنە كۆز يەتكۈسىز

قۇملۇق، يەنە شۇنداق دۆڭلەر، توغراقلىقلار كۆزگە تاشلىنىپ
تۇراتتى.
نەچچە كۈندىن بېرى ساقسىزلىقتىن ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ
يۈرگەن بوۋاي چۆل يىگىتىنىڭ چايخانىنىڭ ئارقىسىغا
دۆۋىلىنىۋەتكەن ئوتۇنلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.
— سەن بۇ ئوتۇنلارنى نەدىن ئەكېلىۋاتىسەن؟ — دەپ
سورىدى بوۋاي.
— جاڭگالدىن.
— سەن پالتاڭنى ئالۋاستىغا چۆرۈپ بېرىۋەتكەن
ئەمەسمىدىڭ؟ بۇلارنى نېمىدە كەسلەپ كېلىۋاتىسەن؟
— ئۇ ئالۋاستى ئەمەس، گۈزەل بىر قىز، — دېدى چۆل
يىگىت، — ئۇ بىز ئۈچۈن نۇرغۇن ئوتۇنلارنى كەسلەپ قويۇپتۇ،
بوۋا... ئۇ مېنىڭ پالتامنى يالدامىلىقتا سوراپ ئەكەتتى.
— نەگە كەتتى؟
— بىلمەيمەن.
بوۋاي چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان بۇ ئوغلىغا قاراپ
تۇرۇپ قالدى. يېقىندىن بېرى ئۇ چۆل يىگىتتە پەيدا بولغان
ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ يۈرەتتى. دەسلەپتە ئۇ چۆلدىن قورقۇپ
قېچىپ چىققانتى، ئەمدى ئۇ چۆلگە تەلپۈنىدىغان بولۇپ
قالغانىدى.
— بەلكىم، — دېدى بوۋاي، — ئوغلۇم، ساڭا بىرەر
پەرىشتىنىڭ نەزەرى چۈشكەندۇ. ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ
ئىزدە. مېنىڭدىن غەم يېمە. خۇدايا شۈكرى، ھازىرچە ئۆز
ئىشلىرىمغا ئۆزۈم ئۈلگۈرۈپ تۇرۇپتىمەن. خېلى كۈنلەرگە
يەتكۈدەك ئوتۇنلارنى ئەكېلىپ دۆۋىلىۋەتتىڭ. ئېشەككە مىن -
ده، شەھەرمۇ شەھەر، سەھرالارنى بىر ئارىلاپ كەل. شۇنداق
بىر بەختىڭنى ئىزدەيدىغان ياش قۇرامىڭغا يېتىپ قالدىڭ.
بەلكى، شەھەرنىڭ قايسىبىر كوچىلىرىدا ياكى دېھقان

كەپىلىرىنىڭ بىرىدە، سېنىڭ پېشانەڭگە يېزىلغان قىز تەقدىرىنىڭ ئۆزىنى سەن بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇر…
لېكىن، چۆل يىگىت بوۋاينى يالغۇز تاشلاپ كېتەلمەيتتى.

بىر كۈنى، بوۋاي قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى.
— مېنىڭ ھاياتىمنىڭ نېمىشقا مۇشۇ چۆلگە باغلىنىپ قالغانلىقىنى بىلەمسەن، ئوغلۇم؟ — دەپ سورىدى بوۋاي ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئولتۇرغان چۆل يىگىتتىن.
— بىلمىدىم، — دېدى يىگىت.
— بالا ۋاقتىمدا، —دەپ ھېكايە قىلدى بوۋاي، — مەن شەھەردىكى بىر باينىڭ قولىدا ئىشلەيتتىم. باينىڭ سۈيىنى توشۇيتتىم، ھويلا - ئاراملىرىنى سۈپۈرەتتىم، ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم جاڭگالغا كىرىپ ئوتۇن ئاچىقاتتىم. بىر كۈنى، خىيال بىلەن ئېشەكنى ھەيدەپ چۆلگە قانچىلىك ئىچكىرىلەپ كەتكىنىمنى ئۇقماپتىمەن. بىر توغراقلىققا كېلىپ توختىدىم. قۇرۇپ يىقىلغان بىر توغراق كۆتىكىنى كولاپ چىقارماقچى بولۇپ ئۇزاق ھەپىلەشتىم. بىر چاغدا توغراقنىڭ كاۋىكىدا پارقىراپ تۇرغان بىرنەرسىلەر كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى. ھەيران بولۇپ قولۇمنى سېلىۋىدىم، ئالقىنىمغا ساپسېرىق بىرنەچچە تىللا چىقتى. توغراق كاۋىكىدا مۇنداق تىللالار يەنە تولۇپ تۇراتتى. ئالقىنىمدىكى تىللالارنى جايىغا تاشلاپ، كولىغان يېرىمنى ئاستا كۆمۈپ قويدۇم. قايتىپ كېلىپ كۆرگەنلىرىمنى بايغا ئېيتىۋىدىم. ئۇ گېپىمگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئەتىسى ئات - ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ، مېنى ئالدىغا سېلىپ چۆلگە چىقتى. لېكىن مەن بايغا ھېلىقى توغراق كۆتىكىنى كولىغان يېرىمنى زادى كۆرسىتىپ بېرەلمىدىم. كېچىچە شامال چىقىپ قۇم بېسىپ كەتتىمۇ قانداق بولدى، شۇنچە ئىزدىدۇق تاپالمىدۇق. باي: «مېنى ئالدىدىڭ!» دەپ جىلە بولۇپ، مېنى

ئۆرۈپ قوغلىۋەتتى. بايغا يالغان ئېيتمىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن چۆلنى ئەگىپ كېتەلمەي قالدىم. ئوتۇنچىلىق كەسپىم بولۇپ قالدى. ھېلىقى ئالتۇنلار كۆمۈلگەن جاينى ئۇزۇن يىللار ئىزدىدىم، تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ چۆلدە ئۆيلىنىپ، مۇشۇ چۆلدە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، پۈتۈن ئۆمرۈم چۆلدە ئۆتۈپ كەتتى... شۇنداق، ئوغلۇم، بۇ تىمتاس چۆل تولىمۇ سىرلىق. چۆلدە ھەرقانداق مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمىسە، مەن ئىشىنىمەن... ھېلىقى پالتاڭنى ئەكەتكەن قىز پەرىزاتمۇ، ئادەممۇ بەلكىم ئۆزۈڭگىلا مەلۇم... بوپتۇ، سىر ساقلاشنى بىل. چۆل ئۇنچىۋاقماس ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ. سىر ساقلاشنى بىلمىگەن يىگىتنى قىزمۇ قوينىغا ئالمايدۇ...

بۇ بوۋاينىڭ چۆل يىگىتكە قىلغان ئاخىرقى سۆزلىرى بولۇپ قالدى. ئەتىسى بۇ مېھرىبان ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# بىر تال تىللا

چۆلنىڭ گۈزەللىكى يەنە ئۆزگىچە بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇپۇق سىزىقى شۇنچە ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بۇ يەرنىڭ قۇملىرى شۇنچىلىك يۇمشاق ۋە تازا. چەكسىز يېيىلىپ ياتقان قۇملۇقلار كېچىلىرى سىياھدەك قارا كۆرۈنىدۇ، سەھەردە ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا قىزغۇچ تاۋلىنىدۇ، كۈن تىكلەشكەندە بولسا قاردەك يالتىرايدۇ. ئۇنتۇماڭكى، قۇملۇق بىلەن دېڭىز ئەسلى بىر تۇغقان، چۆل

شاماللىرى قۇم يۈزىدە ئۇششاق دولقۇن ئىزىنى قالدۇرىدۇ. يىراقتىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان كارۋانلار كىشىگە يەلكەنلىك كېمىلەرنى ئەسلىتىدۇ. قۇملۇقلار بىر زامانلاردا پايانسىز دېڭىز ئىدى، دېڭىزلارنىڭ ئاستىدىمۇ چەكسىز قۇملۇق... بۇ يەردە قۇياش كۈندۈزلىرى جاننى ئالغۇدەك قىزىتىپ تۇرسىمۇ، كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن يەنە سالقىن كېچىلەر باشلىنىدۇ. قايسىبىر يوللاردىن ئوتۇنچىلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ ۋە بۇ ناخشىلار كىشىنىڭ ئېسىگە ئۇنتۇلغان ئۆتمۈشنى، ئەستىن چىققان خاتىرىلەرنى سالىدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇن تاغ سۇلىرى جىلغىلاردىن ئېقىپ چىقىپ، ياپپېشىل دالالارنى كېسىپ ئۆتۈپ دېڭىزگە قۇيۇلىدۇ. ئەمما، تەكلىماكاندىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريالار بولسا، ئاق باش تاغلاردىن باشلىنىپ، قۇملۇققا كېلىپ سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ شۇنچىلىك سىرلىق ۋە شۇنچىلىك غەلىتە ماكان... قۇملۇقتىكى يوللارنى پەقەت چۆل ئادەملىرىلا پەرق ئېتەلەيدۇ. ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان ئۇلاغ تېزەكلىرى ۋە قاچاندۇر بىر چاغلاردا خەۋپكە ئۇچراپ ئىسسىق جېنىدىن جۇدا بولغان ئادەم، ئۇلاغلارنىڭ ئاقارغان ئۇستىخانلىرى قەدىمي يوللارنىڭ بەلسىدۇر. دولقۇنلۇق سۇدەك داۋالغۇپ تۇرغان قۇم ئېقىنى ھېلىدىن - ھېلىغا يوللارنى كۆمۈپ يولۇچىلارنى ئازغاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ چۆل يوللىرىغا تالاي سەيياھلارنىڭ ئۇستىخانلىرى كۆمۈلگەن، ھەر خىل دىن، ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل ئوي - پىكىردىكى تالاي تەۋەككۇلچىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى يېزىلغان. ئەمما، بۇ يېزىقنى ئوقۇماق ناھايىتىمۇ تەس!...

ھېسسىياتسىز كىشىلەرلا ئاللانىڭ نېمە ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈز، سەھرا بىلەن شەھەر، بوستانلىقلار بىلەن چۆللۈكلەرنى تەڭ ياراتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ... بۇ چۆل - جەزىرىدىكى بولاقلارنىڭ سۈيى شۇنچىلىك تەملىك، چۈنكى سىز يىراقلاردىن

چاڭقاپ كېلىسىز؛ بۇ يەردىكى توغراقلارنىڭ سايىسى شۇنچىلىك سالقىن، چۈنكى، قىزىق چۆل ئاپتىپى سىزنى ئۇنىڭغا ئاشىقتەك تەشنا قىلىدۇ؛ بۇ يەردە ھەمسەپەرنىڭ قىممىتى شۇنچىلىك يۇقىرى، چۈنكى سىزگە بەزىدە كۆنلەپمۇ ئادەم ئۇچرىمايدۇ...

شۇ تاپتا چۆل يولى بىلەن چۆل يىگىت كەلمەكتە ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى بۇ يوللاردا ئۇ تىنىم تاپماي ماڭاتتى. قانداقتۇر بازارلار، مەھەللىلەر، قايناق شەھەرلەردىن ئۆتەتتى، ياش يىگىتكە قايسىبىر كوچا، ئىشىك ئالدى، بۇلاق باشلىرىدا ئۇچرىغان قىزلار تەشنالىق بىلەن نەزەر تاشلايتتى. چۆل يىگىت بولسا توختىماي ئىلگىرىلەيتتى. ئۆزى توغراقلىقتا ئۇچراتقان ۋە كېيىن يوقىتىپ قويغان پەرىشتىسىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ قۇملۇقلاردا مېڭىۋەرگەچكە، رەڭگى ئۆڭۈپ ئاقىرىپ تۇمشۇقى يۇقىرى قاراپ قالغان ئۆتۈكىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئېشىكمۇ بىللە كېلەتتى. ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇندا يىپ - يىڭنە، چاي - تۇز ۋە ئاياللارغا لازىملىق ئۇششاق - چۈششەكلەر بار ئىدى. يول ئۈستىدىكى مەھەللىلەردە ھەپتىلىك بازارلار ئۇچراپ تۇراتتى. ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، قانداقتۇر بىر يېزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئوچۇقچىلىققا تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر يىغىلاتتى. ئاشپەزلەر چېدىرلىرىنى تىكىپ، ئوچاقلىرىغا ئوت ياقاتتى. سودىگەرلەر تازا قۇم ئۈستىگىلا ماللىرىنى يېيىشاتتى. بىردەمدە تاغارلاپ ئاشلىق، مېۋە - چېۋە، ماتا - چەكمەن، ئۆتۈك، دوپپا... ھەممە نېمىنىڭ سودىسى قىزىپ كېتەتتى. ئەتىسىلا قارىسىڭىز، بۇ يەردە تاشلىنىپ قالغان سۆڭەكلەر، مال تېزەكلىرى، چېدىرلارنىڭ قۇرۇق ياغاچلىرىلا چوخچىيىپ قالاتتى - دە، ئىككىنچى بىر يەردە بازار قاينايتتى. چۆل يىگىت شۇنداق بازارلارنىڭ بىرىدە ماللىرىنى ساتاتتى - دە، يەنە قايسىدۇر بىر بازارلاردىن مال ئېلىپ سەپىرىنى داۋام قىلاتتى. ياشانغانلارغا بۇ يىگىت بىر زامانلاردا بۇ چۆل يوللىرىنى ئايلىنىپ يۈرگەن

جاھانكەزدى سۈپۈرگىنى ئەسلىتەتتى.
— قېنى، غەيرەت قىل ئىشىكىم، — دەيتتى چۆل يىگىت، — ئەنە ئاۋۇ قۇم دۆۋىلىرىدىن ھالقىپ كەتسەكلا بۈككىدە تۇغراقلىققا يېتىمىز. ئۇ يەردىكى توغراقلارنىڭ سايىسى شۇنچىلىك ھۇزۇركى قويۇۋەر. ئۇ يەردىكى ساپ ھاۋا، سالقىن شامالنى دېمەمسەن. شاھلارنىڭ خوتۇنلىرى تۇرىدىغان سارايلارمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ خوتۇنلارنىڭ ھۇجرىلىرى ئۇپا - ئەڭلىكنىڭ بۇسى بىلەن بىخسىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن سېنىڭ چىللە پۇراپ تۇرىدىغان ئېغىلىڭ ياخشىراق...
چۆل يىگىت ئادەمسىز بۇ يوللاردا، زېرىككىشتىن ئېشىكى بىلەن ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىپ كېلەتتى. ئېشىكىگە نېمىلەر توغرىسىدىدۇر مۇراجىئەت قىلاتتى. ئېشەك بولسا ئىگىسىگە قارىغاندا ئېغىر - بېسىق كۆرۈنەتتى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بىر خىل يۇرۇش بىلەن خۇددى كەلگۈسىدىكى بولغۇسى بىر چوڭ جەڭ ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان لەشكەر باشلىقىدەك قەدەم باساتتى.
— ھېلىقى چاغدا توغراقلىقتا ئىككىمىزنىڭ قانداق قورقۇپ كەتكىنىمىز ئېسىڭدە باردۇر؟ — دەپ سۆزىنى داۋام قىلاتتى يىگىت، — يائاللا، سەن شۇ چاغدا ئۆلەر - تىرىلىشىڭگە قارىماي شۇنچىلىك قاتتىق يۈگۈردۈڭكى... ياق، ئۇچتۇڭمىكىن دەيمەن. چۈنكى مەن قۇم ئۈستىدە تۇياقلىرىڭنىڭ ئىزلىرىنىمۇ كۆرمەي قالدىم. مېنىڭ قانچىلىك قورققانلىقىمنى سورىمايلا قوي. ھازىر ئويلىسام شۇنچىلىك كۈلكىلىك، مانا شۇ جانان ئەمدى بىز بىلەن قايتا بىر ئۇچراشسا ئىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن باشقىچە پاراڭلىشاتتۇق. ئۇ چاغدا مەن تېخى گۇدەك ئىكەنمەن، ھە، سەنمۇ شۇنداق... غەيرەت قىل. ئالدىمىزدىكى توغراقلىققا يەتكەندە مەن ساڭا ئىككى ئوچۇم قوناق بېرىمەن... ئۇنچىقمايسەنغۇ؟ بىلىمەن، بىلىمەن. شۇ تاپتا ساڭا ئىككى ئوچۇم

قوناقتىن كۆره، بىر يۇتۇم سۇ قىممەتلىكرەك. ئامال قانچە، مېنىڭ گاللىرىممۇ قۇرۇپ كەتتى. چۆلنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى قۇۋ، سۇ چىقىدىغان بۇلاقلارنى يوشۇرۇپ قويۇشىدۇ. ئادەملىرىنى تاپمىغۇچە سۇيىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئوھۇي، ئۇلارنىڭ كۈپلىرىدىكى سۇنىڭ قانچىلىك مۇزدەك ۋە شېرىنلىكىنى دېمەمسەن... غەيرەت قىل، غەيرەتلىك بولغانلارغا مەنزىل يىراق ئەمەس. بوۋام ئەنە شۇنداق دېگەن...

دېگەندەك، ئۇلار ئېگىز بىر قۇم بارخىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈش بىلەنلا، تۆۋەندە يېيىلىپ ياتقان قەدىمىي بىر توغراقلىقنى كۆردى. ئېشەك بايىقى سالاپەتلىك مېڭىشىنى تاشلاپ قەدىمىنى ئىلداملاتتى. چۆل يىگىت قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ توغراقلىققا ئۇلاشتى. بۇ يەردە قۇچاق يەتمەيدىغان قۇۋۋەتلىك توغراقلار بىلەن قۇرۇپ يىقىلغان توغراقلاردىن كۆكلەپ چىققان ياش نوتىلار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.

— گېپىم راستمىكەن؟ — دەپ ئېشىكىگە سوئال قويدى چۆل يىگىت، ئاندىن ئۇ ئېشىكىنى باراقسان بولۇپ شاخ يايغان بىر تۈپ توغراقنىڭ سايىسىگە تارتىپ قويدى، — ئادەملەر مېنى بىكارغا جاھانكەزدى سۇپۇرگىگە ئوخشاتمايدۇ. مەن بۇ توغراقلىقنىڭ پۇرىقىنى يېرىم كۈنلۈك نېرىدا تۇرۇپلا سەزگەن...راست، شۇ جاھانكەزدى سۇپۇرگە دېگىنى قانداق ئادەم بولغىيتتى؟ سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇ ئاجايىپ بىر سەييياھ ئىمىش. ياشانغان مويسىپىتلەر مېنى شۇ كىشىگە، سېنى شۇ كىشىنىڭ ئېشىكىگە ئوخشىتىدىكەن... ئەمدى ساڭا يەنە بىر ھەقىقەتنى ئېيتاي، توغراقلىق بولغانىكەن، يېقىن ئەتراپتا چوقۇم ئادەممۇ بولىدۇ. قېنى، ئاۋۋال سەن گېلىڭغا ئازراق بىر نېمە يېۋال، مەنمۇ پۇت- قولۇمنى سوزۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، بىزگە ئۇچرايدىغان ئادەمنىڭ چىراي - شەكلى، خۇي - پەيلى قانداق؟

بۇنى بىز تېخى بىلمەيمىز، ئىشىنىمەنكى، ئۇ بىزگە كۆپىدىكى ھېلىقى مۆزدەك سۇيىنى ئايمايدۇ.

چۆل يىگىت ئېشىكىنىڭ ئالدىغا ۋەدە قىلغان ئىككى ئوچۇم قونىقىنى تۆكتى. ئاندىن چاپىنىنى توغراق سايىسىگە سېلىپ، ئۆتۈكىنىمۇ يېشىپ تاشلاپ، سوزۇلۇپ ياتتى. كۈن پېشىن ۋاقتىدىن قايرىلغان بولسىمۇ قۇياش قۇملۇقلارنى يەنىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. توغراقلىقنىڭ ئىچى بولسا سالقىن ۋە جىمجىت ئىدى. «شۇ تاپتا قۇشلارمۇ ئۇۋىلىرىدا ئۇگدەپ تۇرسا كېرەك» دەپ ئويلىدى چۆل يىگىت. راھەتلىك بىر شامالنىڭ پەپىلىشىدە ئۇ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

چۆل يىگىت ئويغانغاندا ۋاقىت نامازدىگەردىن ئۆتۈپ، قۇم بارخانلىرىنىڭ سايىسى خېلىلا ئۇزىراپ قالغانىدى. چۆل يىگىت كۆزىنى ئېچىپ، بېشى ئۈستىدىكى توغراق يوپۇرماقلىرىغا كۆز تىكتى. نېپىز بىر قەۋەت قۇم توزانلىرى بىلەن خىرەلىشىپ تۇرغان قويۇق ياپراقلار ئارىسىدىن ئۆتكەن قۇياش نۇرى ھەر تەرەپكە مەشۇتتەك ئۈچ تارتىپ، رەڭمۇ رەڭ جۇلالىناتتى. «ھېلىقى ئېگىز سېپىللارنىڭ ئىچىدە، يۈزلىگەن لەشكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە ياتقان شاھلار،— دەپ مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى چۆل يىگىت، — مانا مۇشۇنداق چىرايلىق نۇرلارنى كۆرۈشتىن مەھرۇم، ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن بايراق ۋە بەختلىكرەك بولسام كېرەك...»

چۆل يىگىت مۇلاھىزىسىنى داۋاملاشتۇرالماي توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزى ئېشىكىگە چۈشكەنىدى. ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى كۆزى مال بىلەن توشقان خۇرجۇن ئاللا قەيەرگىدۇر غايىب بولغانتى. «ئوغرى!» دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى چۆل يىگىت. «ھەي ئېشەك، يەنىلا سەن ئېشەكلىكىڭنى قىلىپسەن ـ دە! بىھۇدە ۋاقىتتا ھاڭراپ جاھاننى

بېشىغا كىيىدىغان ھېلىقى قارغىش تەگكۈر ئاۋازىڭدىن ئۇندىن بىرنى بولسىمۇ ئىشلىتىپ ماڭا ھايت دەپ قويساڭ بولماسمىدى! ؟...»

چۆل يىگىت ئېشەكنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئېشەك چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمگەن بولۇپ، قۇمغا سانجىلىپ تۇرغان ئىنچىكە پۇتلىرى دىرىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

— ئېيتقىنا، سەن نېمىنى كۆردۈڭ؟ نېمىدىن شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭ؟... شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇستۇڭدىن خۇرجۇننى يۇلۇۋالغان ئوغرى ئادەتتىكى بىر ئادەم بولمىسا كېرەك، ئەمىسە ئۇ نېمە؟ جىنمۇ، شەيتانمۇ؟... ياكى سەن ھېلىقى ئالۋاستى قىزنى يەنە كۆردۈڭمۇ؟

چۆل يىگىتنىڭ ئېشىكى ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، ئىنسانغا ئوخشاش سۆزلەشكە ئاجىز ئىدى. پەقەت ئۇ تېخى قورقۇنچ كەتمىگەن ساغۇچ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، قۇلاقلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئېشەكنىڭ ئەتراپىدا ھېچبىر غەيري نەرسىنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيتتى.

— ئەجەب - ھە! سېنىڭ ئۇستۇڭدىكى خۇرجۇن قانات ياساپ ئۇچۇپ كەتكەن بولسا، — دەيتتى چۆل يىگىت، — ئۇنداق بولسا خۇدايىم ئاشۇ ئەرزىمەس خۇرجۇنغا بەرگەن قاناتلارنى نېمىشقا بىزگىمۇ بەرمەيدۇ...

چۆل يىگىت توغراقلىقنىڭ ئەتراپىدىكى قۇم دۆۋىلىرى ئۇستىگە ئۆمىلەپ چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. ھەممە يەر چەكسىز قۇملۇق، ھېچبىر يەردە ئىنىش - جىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. «سۇ!» دەپ ۋارقىرىدى چۆل يىگىت ۋە قۇم دۆڭى ئۇستىدىن دومىلاپ دېگۇدەك چۈشۈپ، ئېشەكنىڭ يېنىغا ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەلدى. خۇداغا شۈكرى، ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا ئېسىپ قويغان تۇلۇم ئۆز ئورنىدا تۇراتتى. تۇلۇمدا

ئۇنىڭ ئېغىر ۋاقىتلاردا ساقلاپ قويغان ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئۇچۇم سۇيى بار ئىدى. چۆل يىگىت تۇلۇمغا ئېغىزىنى تۇتۇپ، ئىللىپ قالغان سۇدىن قانغۇچە بىر ئىچتى - دە، ئاشقىنىنى دوپپىسىغا تۆكۈپ ئېشىكىگە سۇندى. ئېشەك سۇنى قىلىن كالپۇكلىرى بىلەن بىر سۇمۇرۇپلا دوپپىنى قۇرۇقداپ قويدى.

— ھېلىقى ئوغرى مەيلى ئادەم بولسۇن، مەيلى ئىنس - جىن بولسۇن، يەنىلا ئىنسابلىق ئىكەن، —دېدى چۆل يىگىت، — شۇ تاپتا ئىككىمىزگە سۇ بىرنەچچە خورجۇن مالدىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. جېنىمىز ئامانلا بولسا مال دېگەننى يەنە تاپىمىز… توۋا دەيمەن، ئۇستۇڭدىكى ئاشۇ ئەرزىمەس نەرسىلەر ئاسماندىكى پەرىشتىلەرگە ياراپ قالدىمۇ - يە؟ ئوغرى ئۇچۇپ كەلمىگەن بولسا، نېمىشقا بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ ئىزى يوق؟… ئەمدى ئېشىكىم مېنىڭدىن رەنجىمە. بىخۇدلۇقۇڭدىن ئۇستۇڭدىكى خورجۇننى ئوغرىغا بېرىپسەن. شۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا مىنىۋېلىشىم كېرەك. بىز بىرەر بازارغا ياكى مەھەللىگە يېتىپ بېرىپ قىلىدىغان ئىش تاپىمىز. ئۆستۈڭگە بولۇشىچە يۈك ئارتىپ كىرا قىلىپ پۇل تاپىساق بولمايدۇ - دە! تېخى قورسىقىمىزنى تويغۇزۇشىمىز لازىم. ئاندىن مەن يېڭى خورجۇن سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى يەنە مالغا تولدۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىز سەپىرىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇرىمىز. كېلەر قېتىم مەن خورجۇننى بىقىنلىرىڭغا مىخلاپ قويسام بولامدىكىن ياكى ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ قولى تېگىپ كەتسىلا جىرىڭلاپ كېتىدىغان ئۇششاق قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ قويايمۇ يە!… زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، قانداق قىلىپ مېنىڭ خورجۇنۇم ئۇستۇڭدىن قانات ياساپ ئۇچۇپ كەتتى - ھە!؟ ئەگەر خورجۇنۇمنىڭ مۇنداق ئۇچىدىغان كارامىتىنى بىلگەن بولسام، ئۇنىڭ بىر كۆزىگە ئۆزۈم چۇشۇۋالماسمىدىم. . . ئەگەرچەندە سېنىڭ ئىككى بىقىنىڭدا تاسادىپان شۇنداق قاناتلار ئۆسۈپ چىققان بولسا قانداق ياخشى

ئىش بولغان بولاتتى - ھە! ئۇ چاغدا بىز بۇ ئايىغى چىقماس چۆل يوللىرىدىن ئۇچۇپلا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتۇق. ھەممە خالايىق، ھەتتا پادىشاھلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆيلىرىدىن چىقىپ، قوللىرىنى سايىۋەن قىلىپ بىزگە قاراپ ھەۋەس قىلغان بولاتتى. شۇنداق بولغاندا سەن بىغەملەر شەھىرى دېگەن يەرگە قانچە كۈندە ئۇچۇپ بارالايتتىڭ؟...

ئىگىسىنىڭ بۇ تۈگىمەس ۋاتىلداشلىرىغا ئىچى پۇشقان ئېشەك تاقەتسىزلىنىپ ئالدىغا بىر - ئىككى قەدەم تاشلىدى.

— كىتىشكە ئالدىراۋاتامسەن؟ توختاپتۇر، مەن تېخى ئۇستۇڭگە مىنىۋالمىدىمغۇ، شۇ تاپتا كېتىشكە مەن سەندىن بەكرەك ئالدىراۋاتىمەن. بۇ نەس باسقان يەردە يەنە بىردەم تۇرىدىغان بولساق ئۆزىمىزنىمۇ ئوغرىلىتىپ قويىدىغان ئوخشايمىز.

چۆل يىگىت ئېشەككە سەكرەپ مىندى، بىراقتا ئۇنىڭ ئېشەكنى دېۋېتىش ئۇچۇن كېرىلگەن پۇتلىرى ئېشەكنىڭ بىقىنىغا تەگمەيلا توختاپ قالدى. ئۇ بايىلا ئۆزى ياتقان يەردە تۇرغان بىر ياغاچ چۆچەكنى كۆرگەنىدى. چۆچەكنىڭ ئىچىدە بولسا ساپسېرىق بىر تال مېتال كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى.

— توختا، ئېشىكىم! — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز، — بۇ يەردە يۈز بېرىدىغان كارامەتلەر تېخى ئاخىرلاشمىغان ئوخشايدۇ. رەھمەتلىك بوۋام: چۆلدە ھەرقانداق مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، دېگەن... ئاۋۇ ياغاچ چۆچەك نەدىن كېلىپ قالدى؟ ھېلىلا مەن ئۆزۈم شۇ يەردە سوزۇلۇپ ياتمىغانمىدىم؟ چۆچەكنىڭ ئىچىدە پارقىراپ تۇرغىنى نېمە ئۇ؟

چۆل يىگىت ئېشىكىدىن ئاستا چۈشۈپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ، چۆچەكنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى. چۆچەكنىڭ ئىچىدە بىر دانە تىللا ياتاتتى. يىگىت تىللانى قولىغا ئالدى. تىللانىڭ ئېغىر سالمىقى ئۇنىڭ ئالىقىنىنى باستى. تىللانىڭ ئىككى يۈزىدىكى قايسىبىر

زاماندا، قايسىبىر پادىشاھلىقنىڭ باسقان خەتلىرى، غەلىتە سىزىقچىلار چۆل يىگىتكە ناتونۇش ئىدى. بۇ بازارلاردا قاسساپلار، ئاشپەزلەر، سودىگەرلەر ۋە قانداقتۇر بىر خىنىملارنىڭ مايلاشقان، تەرلىگەن قوللىرىدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرگەن تىللالاردىن بولمىغاچقا، پارقىراقلىقى كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— مانا كارامەت! — دېدى چۆل يىگىت. ئۇنىڭ ئەمدى كىمگە مۇراجىئەت قىلىۋاتقىنىنى ئېنىق ئەمەس ئىدى، - خۇرجۇن ئوغرىسى بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا قارا كۆڭۈل بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭدا بەلكىم مۇنداق يېپىيېڭى تىللالار بولسىمۇ، يىپ - يىڭنە، چاي- تۇز يوقتۇر. تىللا قانچە قىممەتلىك بولسىمۇ، ئۇنى قايىنتىپ ئىچكىلى بولمايدۇ - دە!... بىراق، ئۇ مېنىڭ ھەققىمنى مۇنچە مەخپىي يوللار بىلەن بەرمەي، توپتوغرا ئالدىمغا كېلىپ، شۇ تىللانى تەڭلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا خۇرجۇنۇمدىكى بارلىق ماللىرىمنى ئۆز رازىلىقىم بىلەن بەرمەيتتىممۇ ۋە بەلكىم مەن ئېشىكىم بىلەن شۇ ماللارنى نەق ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغىلا يەتكۈزۈپ بەرگەن بولاتتىم... ئېھتىمال ئۇ، جامالىنى كۆرسەتمەيدىغان بىر ساھىبجامالدۇر ياكى نېمە سەۋەبلەر بىلەندۇر چۆللەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بىر مۇساپىردۇر...

چۆل يىگىت قانچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى، تىللانى قوينىغا سېلىپ، ئۈستىدىن تۇتۇپ قويدى.

— ئەمدى، بۇ كارامەت يۈز بەرگەن ئورۇنغا بىر بەلگە قىلىپ قويماق لازىم! —دېدى چۆل يىگىت ئېشىكىگە قاراپ، —سەن رەھمەتلىك بوۋامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ بالا ۋاقتىدا ئۇ ئالتۇنلار تولۇپ تۇرغان بىر توغراق كۆتىكىگە يولۇقۇپ، شۇ يەرگە بىرەر بەلگە قىلىپ قويمىغاچقا، قايتا كېلىپ ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىغان ۋە شۇ ئالتۇنلارنى ئىزدەپ پۈتۈن ئۆمرىنى جاڭگاللاردا ئۆتكۈزگەن...

يىگىت پىچىقىنى سوغۇرۇۋالدى ـ دە، ئالدىدا تۇرغان يوغان توغراقنىڭ غولىغا بىر چەمبىرەك ئويۇپ قويدى.

— يۈر، ئېشىكىم، ئەمدى بىزنىڭ بۇ يەردىن يىراقلىشىش ۋاقتىمىز يەتتى، — دېدى ئۇ ئېشىكىگە قايتا مىنىپ، — كىمىكى كارامەت يۈز بەرگەن يەردە ئوشۇقچە هايال بولىدىكەن، ئۇنى پالاكەت باسىدۇ! بۇ سۆزنى بىزنىڭ چايخانىدا قونۇپ ئۆتكەن بىر سەيياھ ئېيتقانىدى. بىز تېگىشلىك ھەققىمىزنى ئالدۇق، بۇ تىللاغا بىز يەنە بىرقانچە خۇرجۇن مال سېتىۋالالايمىز. ئەمدى سېنىڭ ئۈستۈڭگە قاتتىق ئوتۇن ياكى قانداقتۇر بىر بېخىل سودىگەرلەرنىڭ ئېغىر ماللىرىنى ئارتمايدىغان بولدۇم. مەن ياخشى تاماق يەيمەن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئەڭ مەززىلىك يەملەرنى تۆكۈمەن. قېنى، مېنى سەن يېقىن ئەتراپتىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە يەتكۈز، سەھرانىڭ كىچىك بازارلىرىدىن بىز بۇ قىممەتلىك ئالتۇنىمىزنى ئۆز باھاسىغا سېتىپ ئالالايدىغان سەرراپنى تاپالمايمىز.

ئېشەك، ئىگىسىنىڭ ھەممە گەپلىرىنى چۈشىنىۋالغاندەك، ئۇششاق قەدەم ئېلىپ، سىلىق يورغىلاپ كەتتى.

## ئوتتۇزىنچى باب

# بەختىڭنى ئىزدەيسەن

چۆل يىگىت يولدا بىر قونۇپ، ئىككىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن بىر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. كاسىپلار، ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ چۇقانلىرى بىلەن قىزىپ تۇرغان بازار

مەيداندىن ئۆتۈپ، ئىزدەپ - سوراپ، زەرگەرلەر كوچىسىنى تېپىپ كەلدى. بۇ يەردىكى دۇكانلارنىڭ دېرىزىلىرىگە ھەر خىل قىممەتلىك كۆزلەر قويۇلغان ھالقىلار، ئۈزۈكلەر، ئالتۇن قاداق، زىرە، بىلەزۈكلەر تىزىۋېتىلگەنىدى. كىچىككىنە ئوچاق ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئۇستىلار قولىدىكى ئىنچىكە نەيچە بىلەن ياغاچ كۆمۈرنى پۈۋلەپ چوغلاندۇرۇپ، ئالتۇنلارنى ئېرىتىشاتتى. قىپقىزىل چوغ ئاستىدا ھاسىل بولغان كۆكۈچ يالقۇن ئالتۇن سېلىنغان بوتام ئىچىدە ئالتۇن رەڭ سۇ بولۇپ تاللىرايتتى. قايسىبىر دۇكانلاردا بولسا شاگىرت بالىلار قېلىپتىن چىققان ئالتۇن ئەسۋابلارنى ئېكەكدەپ، تېرىلەرگە سۈركەپ پەردازلىشەتتى. يىپەك پۈركەنجىلەرنى ئارتىپ، قىلدىن توقۇلغان چۈمپەردىلەرنى تارتقان خېنىملار ئۆياق - بۇياققا يورغىلىشىپ، تونۇش دۇكانلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا غايىب بولۇشاتتى. قايسىبىر دۇكانلارنىڭ ئىچىدە بولسا چۈمپەردىلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس قايرىپ، ئاپئاق بارماقلىرى بىلەن ئالتۇن ئەسۋابلارنى چىمدىپ تۇتۇپ كۆرۈۋاتقان پۇلدار سەتەڭلەر كۆزگە چۈشەتتى. زەرگەرلەر بولسا بۇ ساھىبجامالالارنىڭ ئالدىدا خۇشامەتكويلۇق بىلەن ئېگىلىپ، ماللىرىنى ماختاپ پۇل قىلىشاتتى.

چۆل يىگىت كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بىر خالىي دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېشىكىدىن چۈشتى. ئېشەكنى ئىشىك ئالدىغا قالدۇرۇپ، سالام بىلەن دۇكانغا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى ئاپئاق ساقاللىق قېرى ئۇستا ئوچاقنىڭ قىپقىزىل چوغى ۋە پارقىراق ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە قاراۋېرىپ خىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن چۆل يىگىتكە قاراپ. ئۇستىنىڭ تۇرقىدىن ئۆز كەسپىگە پىششىق زەرگەرلەردىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، — خوش ئوغلۇم،

بىر نەرسە لازىممۇ ياكى ساتىدىغان ئالتۇن جابدۇقلىرىڭ بارمۇ؟

— مەن نامرات ئادەممەن، بىساتىمدا مۇشۇ بىر تاللا تىللا بار. ياخشىراق باھادا پۇل تۆلەپ ئېلىپ قالارسەن.

چۆل يىگىت قوينىدىن تىللانى ئېلىپ، ئۇستىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك بولقا، ئامبۇر ۋە نازۇك تارازىلار تۇرغان شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۇستا قوللىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، تىللانى قولىغا ئېلىپ ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆرۈپ قارىدى. ئاندىن تارازىغا سېلىپ تارتىپ كۆردى. تىللا ئۇنىڭ مۆلچەرىدىكىدىنمۇ ئېغىرراق چىقتى. ئۇستا تىللانى ئالقىنىغا ئاغدۇرۇپ، يەنە ئۇزاق سالماقلاپ كۆردى - دە، چۆل يىگىتنىڭ باش - ئايىغىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇستىبېشىنى قېلىن چاڭ باسقان ئاددىي بىر يىگىت تۇراتتى.

— نېمىشقا ئۆرە تۇرىسەن؟ قېنى ئولتۇر! — دېدى ئۇستا ۋە ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، چۆل يىگىتنىڭ ئاستىغا بىر پارچە ياغاق تېرىنى تاشلىدى، — ماڭا ئىشەنسەڭ، شۇ يېشىمغا كەلگۈچە زەرگەرلىك قىلىپتىمەن، بۇ خىلدىكى تىللانى ئۇچراتمىغانىكەنمەن. قارا ئۇنىڭ ساپ ۋە پارقىراقلىقىنى… بۇ قايسى زاماندا، كىملەر قۇيغان تىللا بولغىدى؟… توغرا، سەنمۇ بىلمەيسەن، بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن. كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۇ قۇيۇلغاندىن بېرى خەزىنىدىن چىقىپ باقمىغان تىللادەك قىلىدۇ. سەن نېمىشقا ئۇنىڭدىن پەقەت بىر تاللا ئەكەلدىڭ؟ بۇ تىللا ساقلانغان يەردە يەنە تاغارلاپ ئالتۇن بولۇشى مۇمكىنغۇ؟!

چۆل يىگىت ئۇستىنىڭ گەپلىرىنى ئۇنچىقماي ئاڭلىدى. قېرى ئۇستا ئۇنىڭغا نېمە دەركىن دەپ چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— راستىمنى ئېيتسام، — دېدى چۆل يىگىت، — سېنى ئەجەبلەندۇرۇۋاتقان سوئاللار مېنىمۇ ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇ تىللانى تېپىۋالغان.

— تېپىۋالغان؟ !... قانداق قىلىپ؟ نەدىن تېپىۋالدىڭ؟... ئۇنى كىم چۈشۈرۈپ قويۇپتىكەن؟

— ساڭا نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولىدۇ، ئۇستا،— دېدى چۆل يىگىت،—مېنىڭ ئىسمىم چۆل يىگىت بولىدۇ...

— غەلىتە ئىسىم ئىكەن!— دەپ غودۇڭشىيدى ئۇستا.

— مەن چۆلدە تۇغۇلغان، چۆلدە چوڭ بولغان.

— چىرايىڭدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

— ئەنە ئاۋۇ دېرىزەڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قاپقارا، سىلىق نەرسىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئېشىكىمنىڭ تۇمشۇقى، بۇ ئېشەك مېنىڭ سەپەردىكى ھەمراھىم. ئۇنىڭ بىلەن چۆل يوللىرىنى كېزىپ ماڭىمەن - ماڭىمەن، ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا مېڭىۋاتقانلىقىمنى، نەگە بارىدىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن... ئالدىنقى كۈنى، كۈن تازا قىزىپ تۇرغان مەزگىلدە، ئېشىكىم بىلەن قۇملۇقتىكى بىر توغراقلىق ئىچىدە توختاپ ئارام ئالدىم. يېتىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئويغىنىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام، دەل مەن ياتقان يەردە بىر ياغاچ چۆچەك تۇرىدۇ. چۆچەكنىڭ ئىچىدە مانا مۇشۇ بىر تال تىللا يالتىراپ يېتىپتۇ. ئۇنى ياراتقان ئىگەمنىڭ ماڭا قىلغان ھەدىيىسى دەپ بىلدىم - دە، ئېلىپ قوينۇمغا سالدىم. مانا شۇ تىللا بۈگۈن سېنىڭ ئالىقىنىڭدا تۇرۇپتۇ، بۇ تىللا توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭمۇ بىلىدىغانلىرىم شۇنچىلىكلا.

— ھېلىقى چۆچەكنىچۇ؟ چۆچەكنىمۇ نېمىشقا قوشۇپ ئالمىدىڭ! ؟— دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇستا.

— ئەگەر بىرەرى ساڭا پەتنۇستا ھەدىيە سۇنسا، سەن پەتنۇسنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ قوينۇڭغا سالامتىڭ؟— دەپ ھەيران بولدى چۆل يىگىت.

— لېكىن ئۇ پەتنۇس ئەمەس، چۆچەك - دە!... ئېيتقىنا، سەن كۆرگەن ئۇ چۆچەك قانداق رەڭدە، قانچىلىك چوڭلۇقتا؟

— ۋاي چوڭ دادا! — دېدى چۆل يىگىت، — ئالتۇننى كۆرگەندە ھەممىمىزنىڭ كۆزى تورلىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ؟... مەن چۆچەك ئىچىدىكى تىللانىلا كۆرۈپتىمەن، چۆچەكنىڭ قانداقلىقىغا سەپمۇ سالماپتىمەن.

— ھەي ئېسىت، بىر كالىتە پەملىك قىپسەن - دە! — دەپ ئىچ - ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ ئەپسۇسلاندى ئۇستا، — كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ تىللا تۇغىدىغان ئاجايىپ بىر چۆچەك بولغىدى!

— تىللا تۇغىدىغان! ؟... ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، ئۇستا، چۆچەكمۇ تىللا تۇغامدۇ؟

— ئېچىلىك داستىخىنىم توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟ دۇنيادا شۇنداق داستىخانلار بولغان. ئۇ ئاچقان ۋاقتىڭدا ئېچىلىپ، ئالدىڭنى نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىدۇ... سەن ئۇ چۆچەكنى چۆلدە، بىر توغراقنىڭ ئاستىدا ئۇچراتتىم، دېدىڭما؟ چۆل دېگەندە توغراق دېگەن جىق نېمىغۇ. سەن شۇ چۆچەك ئۇچراشقان يەرگە بىرەر بەلگە قىلىپ قويمىدىڭمۇ؟

— شۇ يەردىكى بىر توغراقنىڭ غولىغا پىچىقىم بىلەن بىر چەمبەر سىزىپ قويدۇم.

— ھەببەللى، بۇ ئىشقا كەلگەندە ئەقلىڭنى بىر ئىشلىتىپسەن. خوش، ئەمدى سەن بۇ بىر تال تىللانى نېمە قىلماي دەيسەن؟ ھالقا، ئۈزۈك ياكى بولمىسا...

— دېدىمغۇ، چوڭ دادا، ماڭا ھېچقانداق زىننەت بۇيۇمىنىڭ لازىمى يوق، ئۆيۈمدە ئۇنىڭغا ھاجەتلىك ئايال كىشىمۇ يوق، ماڭا ھالال باھادا پۇل بەرسەڭ كۇپايە.

— بوپتۇ، مەن بۇ تىللارنىڭغا ئوبدان باھادا پۇل تۆلەي. سەن قايتىپ بېرىپ ھېلىقى سىرلىق چۆچەكنى يەنە ئىزدىگىن. ئۇچراپ قالسا چۆچەكنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ قوينۇڭغا سال. قەسەم

قىلىمەنكى، بايلىققا كۆمۈلۈپ كېتىسەن. تاپقان تىللالىرىڭنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئۆدۈل مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەل. سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن. سەن ئاجايىپ چىرايلىق باغلارنى، پېشايۋانلىق ئايۋانلارنى سېتىۋېلىپ سەرگەردانلىق تۇرمۇشۇڭنى ئاخىرلاشتۇرىسەن... ئۆيلەنمىگەنمەن دېدىڭما؟ پۇلۇڭ بولسا ئەلۋەتتە ئۆيلىنىسەن. مۇسۇلمانلارغا تۆت خوتۇن ئېلىش ھەقلىق. سەن باش ئاغرىقىدىن قورقساڭ بوپتۇ ئۇچنى ياكى ئىككىنى ئال. خالىساڭ مەن ساڭا تونۇشتۇرۇپمۇ قويىمەن. مۇشۇ كوچىدىكى دۇكانلارغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ خېنىملار بار، چىرايىنى كۆرۈپلا ئەقلىڭدىن ئازىسەن.

لېكىن، چۆل يىگىت ئەقلىدىن ئېزىشنى خالىمايتتى. ئۇ زەگەر ئۇستام سۇنغان پۇللارنى ئېلىپ قوينىغا سالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. قېرى ئۇستا ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— شۇنداق قىل، ئوغلۇم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى ئۇستا، — چۆچەكنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي يوشۇرۇپ قويساڭمۇ مەيلى، ئەمما تىللالارنى بولسا مېنىڭ ئالدىمغىلا ئەكەل، ساڭا ئاقيول تىلەيمەن!

— خاتىرجەم بول، چوڭ دادا، — دېدى چۆل يىگىت ئىشىكتىن يولغا چۈشۈپ، — ھېلىقى سىرلىق چۆچەك يەنە ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا مەن ئۇنى ئېلىۋالىمەن. تىللالارنى پەقەت ساڭىلا ئەكېلىپ كۆرسىتىمەن!

چۆل يىگىتنىڭ قارىسى ئادەملەر ئارىسىدا غايىب بولدى.

چۆل يىگىت ئىشىكنى دېۋىتىپ، ئادەملەر بىلەن تولغان بازارغا كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە ئادەملەر بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشەتتى. بىر ـ بىرى بىلەن باھا ـ نەرخ تالىشاتتى. ئالارمەن بىلەن ساتارمەننى كېلىشتۈرمەكچى بولغان دەللاللار «بابەرىكە!» دەپ ۋارقىراپ، كىملەرنىڭدۇر قوللىرىغا پاقىدە

ئۇرۇشاتتى. داس - چېلەك، چاپان، كۆڭلەك، يەل - يېمىش، بۇغداي - قوناق... بۇ بازاردا سودا بولمايدىغان نەرسە كەم ئىدى. بۇ قىقاس - چۇقان ئىچىدە ئىغىر گۈرۈلدەپ تۇرغان بازارغا كىرىشى بىلەنلا چۆل يىگىت ھېلىقى ئالتۇن تۇغىدىغان چۆچەك توغرىسىدىكى گەپلەرنى تامامەن ئۇنتۇپ قالدى. ئۇنىڭغا قېرى زەرگەر ئېيتقاندەك ئايۋان - سارايىنىڭمۇ، باشنى ئاغرىتىدىغان بىرقانچە خوتۇنلارنىڭمۇ لازىمى يوق ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى مال- دۇنيا، ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، شۇ بايلىقنىڭ سادىق كۆزەتچىسىدەك، يېمەي - ئىچمەي ساقلاپ ئۆتۈپ كېتىشنى خالىمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يانچۇقىدا تەقدىر يەتكۈزگەن بىرمۇنچە پۇللار تۇرۇپتۇ. ئەمدى، ئۆزىنىڭ ۋە ئېشىكىنىڭ قورسىقىنى ئوبدان بىر تويغۇزسا، ئاندىن بۇ تىنچىق ۋە ئوشۇقچە شاۋقۇنلۇق قىستاڭ شەھەر بىلەن خوشلىشىپ، يېڭى سەپىرىنى باشلىسا بولىدى. ئوچۇق دالادا قېنىپ نەپەس ئالغىلى بولىدۇ. ئۇ يەردە زىرائەتلەر يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. قىرغاقلىرى يېشىل ئوتلار بىلەن قاپلانغان ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ سۇ ئاقىدۇ، يىراق توغراقلىقلاردىن كاككۇك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. يەنىمۇ يىراقلاردىن بولسا ئۇياخشى كۆرىدىغانچۆلنىڭ ئىسسىق شاملى كېلىدۇ...

چۆل يىگىت بازار يېنىدىكى دەڭلەرنىڭ بىرىگە كېلىپ ئېشىكىنى باغلىدى. ئېشەكنىڭ قورسىقىنى ياخشى تويغۇزۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى دەڭجاغا تاپشۇردى. ئاندىن ئۇستىبېشىدىكى چاڭلارنى ئوبدان قېقىپ، ئۆزىنى ئوبدان تۈزەشتۈرۈپ، بازارنىڭ ئاشپۇزۇللار جايلاشقان تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە تەۋەڭلەردىكى گۆش گىردە، سامسىلار، گۆل چېكىپ پىشۇرغان شىرمەن نانلار كۆزنى ئوينىتاتتى. قورۇما قورۇۋاتقان ئاشپەز ئۇستامىلار ساپلىقنى قازان گىرۋىكىگە ئۇرۇپ نەغمە قىلىۋاتقاندەك رىتىملىق تاراڭلىتاتتى. ئاشخانا خوجايىنلىرى بەس - بەستە ۋارقىرىشىپ مېھمان چاقىراتتى. چۆل

يىگىتنىڭ قورسىقى غولدۇرلاپ بۇ نەغمىگە تەڭكەش قىلغىلى تۇردى. ئۇ قاسقانلىرىدىن پۇرقىراپ ھور چىقىۋاتقان مانتىپەزخانىلارنىڭ بىرىگە بۇرۇلدى. بۇ يەرنىڭ بەش مانتىسىنى بىر ئادەمنىڭ يەپ بولمىقى بىر گەپ ئىدى. چۆل يىگىتنىڭ قورسىقى بولسا ئون - ئون بەش مانتىنى تەلەپ قىلىپ ناغرا چالماقتا ئىدى. چۆل يىگىت بىر نانغا ئون مانتا بۇيرۇپ، خېرىدارلار ئارىسىغا كىرىپ قىستىلىپ ئولتۇردى. يۇمشاق نان ئۈستىگە قويۇلغان نېپىز جىلتىلىق مانتىنىڭ ئۈستىگە قارىمۇچ سېپىپ، جىلتىسىنى تىتىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ مانتىنى ھەربىر چىشلىگەندە، مانتىنىڭ شورپىسى نان ئۈستىگە ئېقىپ چۈشەتتى. ئۇ ئاخىرىدا قىيما گۆشىگە نانىنى يۆگەپ يەپ، قېنىپ چاي ئىچىپ، ئارانلا ئورنىدىن تۇردى.

«ئىلتىپاتىڭغا شۈكرى! — دېدى چۆل يىگىت بەلبېغىنىڭ ئۇچىغا تەرلىرىنى ئېرتىپ مانتىخانىدىن چىقىۋېتىپ، — بۈگۈن مەن بۇ شەھەرنىڭ بازارلىرىنى قانغۇچە ئايلىنىپ، دەڭدە قونۇپ، ئەتە يولغا چىقسام بولىدۇ. تېخى يېڭى خۇرجۇن سېتىۋېلىپ، خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزىنى مالغا تولدۇرىدىغان ئىشىمۇ بار. شۇنداق قىلاي، بۈگۈن بىچارە ئېشىكىممۇ ئوبدانراق بىر دەم ئېلىۋالسۇن!»

چۆل يىگىت بازارلارنى ئارىلاپ بىر ئۆستەڭنىڭ بويىدىن چىقىپ قالدى. ياغاچ كۆۋرۈك يېنىدىكى قېرى بىقىنلىرى كاۋاكشىپ كەتكەن يوغان سۆگەتنىڭ سايىسىدە، يۈزىنى قويۇق ساقال باسقان بىر رەمچى ئۇزۇن يەكتىكىنىڭ پەشلىرىنى ئاستىغا باسۇرۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. رەمچىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان بولۇپ، مۈگدەۋاتقانلىقى ياكى خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر پارچە پالاس ئۈستىدە رەڭدار رەم تاشلىرى چېچىلىپ ياتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، چوڭ دادا! — دەپ سالام بەردى

چۆل يىگىت.
— كەل!— دېدى ـ دە، بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قاراپ قويمىدى رەمچى.
— ماڭا ئاتاپ بىر رەم سېلىپ باقساڭ.
— قەيەرلىكسەن؟
— مەن يىراق چۆلدىن كەلدىم.
— ئىسمىڭ نېمە؟
— ئىسمىم چۆل يىگىت!
رەمچى بوۋاي لاپپىدە كۆزىنى ئېچىپ چۆل يىگىتكە قارىدى.
— چۆل يىگىت!؟... چۆلنىڭ چېكى بولمايدۇ،— دەپ غودۇڭشىدى بوۋاي.
— شۇنداق، مەن شۇ چەكسىز چۆللۈكتە تۇغۇلۇپ شۇ يەردە چوڭ بولغان.
— ئاتاڭ كىم؟
— ئاتامنى بىلمەيمەن، مېنى بىر ئوتۇنچى بوۋاي بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: ئوتۇنچى بوۋامغا مەن خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇچرىغانىكەنمەن. ئۇمۇ مېنىڭدىن: «كىمنىڭ بالىسى سەن؟» دەپ سورىغاندا، قانداقتۇر ئىككى ئاكامنىڭ مېنى كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى، ئۆزۈمنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىمنى، شۇنىڭغا ئوخشاش باش ـ ئايىغى يوق گەپلەرنىلا قىلغانىكەنمەن... رەھمەتلىك بوۋامنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە يىلدىن ئاشتى. مانا مەن ئېشىكىمنىڭ ئۈستىگە ئازغىنە ماللىرىمنى ئارتىپ، چارشەنبە بازىرىدىن پەيشەنبە بازىرىغا، پەيشەنبە بازىرىدىن شەنبە بازىرىغا ئۆتۈپ، بۇ چۆللەرنى توختىماي كېزىمەن. ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا شۇنداق ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقىمنى، نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن.
— ۋاھ، خىسلەتلىك دۇنيا!— دەۋەتتى رەمچى بوۋاي، —

بىر زامانلاردا مۇشۇ چۆللەرنى جاھانكەزدى سۇپۇرگە دەيدىغان بىر سەيياھنىڭمۇ شۇنداق ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟
— بىلىمەن!
— سەن قانداق بىلىسەن؟ - دەپ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى بوۋاينىڭ.
— ئاڭلىغان، — دېدى چۆل يىگىت.
— مانا شۇ جاھانكەزدىنى «ئۇ ھازىر قېرىدى، شۇ تاپتا سېنىڭ ئالدىڭدا ئولتۇرۇپتۇ» دېسەم ئىشىنەمسەن؟
— چاقچاق قىلما، چوڭ دادا، — دېدى چۆل يىگىت، — قېنى رەمىڭنى ئاچ، مەن ئالدىرايمەن.
— سەن تېخى ماڭا نېمە توغرىسىدا رەم ئاچقۇزىدىغانلىقىڭنى ئېيتمىدىڭ.
— مېنىڭ كەلگۈسۈم. . . تەقدىرىم ھەققىدە.
— بىلگۈچى خۇدا، — دېدى رەمچى بوۋاي، — مەن پەقەت قىياسلا قىلالايمەن... قېنى، بىسمىللاھىررەخمانۇررەھىم!
رەمچى پالاس ئۈستىدىكى تاشلارنى يىغىپ قايتا چاچتى.
— ياق! — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى رەمچى چېچىلغان تاشلارغا قاراپ تۇرۇپ، — سەن چۆللەرنى مەقسەتسىزلا كېزىپ يۈرمەيسەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ يىتتۈرگەن بەختىڭنى ئىزدەپ يۈرۈپسەن.
— ئېيتقىنا، مەن بەختىمنى تاپالامدىم؟
— تاپىسەن، چوقۇم تاپىسەن! قېنى قولۇڭنى ماڭا سۇنغىنە.
چۆل يىگىت قولىنى رەمچىگە سۇندى.
— يا قۇدرەت! — دېدى رەمچى بوۋاي يىگىتنىڭ ئالقىنىغا قاراپ، — سېنىڭ ئالقىنىڭدىكى نېمىدېگەن ئاجايىپ سىزىقچىلار بۇ! ... سەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسسەن. سەن كىچىكلىك يولباشچى بولۇشقا لايىق يىگىتسەن. خۇدا شۇ قىسمەتنى ساڭا يولۇقتۇرسا...

تېخى رەمچىنىڭ سۆزى تۈگىمىگەن ۋە چۆل يىگىتمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى ھەزىم قىلىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. دۈپۈرلەپ كەلگەن ئىككى ئاتلىق ئۇلارنىڭ قېشىدا توختىدى - دە، ئاتلىقلار ئاتتىن چۈشكىنىچە كېلىپ چۆل يىگىتنىڭ بېشىغا بىر تاغارنى كىيگۈزدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنى ماتاپ باغلاپ، ئات ئۈستىگە ئارتىشتى ۋە ئاتلىرىنى ئوقتەك چاپتۇرۇپ كەتتى.

چۆل يىگىت ئات ئۈستىدە تېپىرلايتتى، ۋارقىرايتتى.

— مېنى قويۇۋەت! ... نېمە ئادەملەرسىلەر؟ مېنى نەگە ئېلىپ بارماقچى؟...

ھېچكىم ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب قىلمايتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ئات تۇياقلىرىدىن چىققان دۈپۈرلەشلەرلا ئاڭلىناتتى. ئۇ خۇددى بوشلۇقتا ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى.

— خۇدادىن ئۇچۇشنى تىلىگىنىم راست، — دەيتتى چۆل يىگىت، — لېكىن، مەن مۇنداق بېشىمغا تاغار كىيىپ ئۇچسام بولمايدۇ - دە! شۇمۇ ئۇچۇش بوپتۇمۇ، مەن ئەتراپىمدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈشۈم، ئەركىن قانات قېقىپ ئۇچۇشۇم كېرەك ئىدى... ھەي قاراقچىلار، ئاڭلىشىۋاتامسەن؟ مېنى قويۇۋەت!

چۆل يىگىت كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى قېلىن بىر توغراقلىق ئىچىدە كۆردى. ئۈستىدە توغراق يوپۇرماقلىرى، ئۇنىڭمۇ ئۈستىدە كۆپكۆك چۆل ئاسمىنى ئېسىلىپ تۇراتتى. نېرىدا بىر كەپە بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى كەپە ئىشىكىنىڭ يان ياغىچىغا سانجىپ قويۇلغان پالتىغا چۈشتى - دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. بۇ كالتا ساپلىق، بىسلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان پالتا ئۆزىنىڭ پالتىسى ئىدى.

چۆل يىگىت كەپە ئالدىغا بېرىپ توختاپ قالدى. بۇ چۈشىمدۇ، ئوڭىمدۇ؟... كەپە ئىچىدە، يۇمشاق قۇمنىڭ ئۈستىدە، چاچلىرىنى ئەتراپىغا يېيىپ، ھېلىقى جاڭگالدا

ئۇچراشقان، ئۆگزىدە ئۇنىڭغا تۇنجى سۆيۈشنى ھەدىيە قىلغان قىز ياتاتتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا قىپيالىڭاچ ئىدى. يىگىتكە كۈلۈمسىرەپ، تەلمۈرگىنىچە قاراپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئىغىز ئېچىپ گەپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئوشۇقچە ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشەتتى.

— ياخشىمۇ سەن يۈرەكسىز يىگىت، — دېمەكچى بولاتتى قىزنىڭ كۆزلىرى، — مەن سېنى يەنە تېپىۋالدىم!

— مېنى كەچۈر، - دەيتتى يىگىتنىڭ كۆزى، - مەن ئۇ چاغلاردا گۆدەك ئىكەنمەن. سېنى ئۇنتۇيالمىدىم. . .

چۆل يىگىت ئۇنچىقماي، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قىزغا يېقىنلاشتى. قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىز چۆكتى. ئۇنىڭ قۇياش نۇرىدا مەستەك تاۋلانغان بەدەنلىرىنى سىيلىدى. قىزمۇ يىگىتنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى بىر - بىرلەپ سېلىپ تاشلىدى... ئۇلار ئۇنچىقماي مەھكەم قۇچاقلاشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن كۆپكۆك ئاسمان، ساغۇچ قۇملۇق، يېشىل ياپراق، ياخشىلىق، يامانلىق، بايلىق، گادايلىق ۋە شۇ قىيسىق كەپە... ھەممە نېمە غايىب بولۇپ، ئالەم ئۆزىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانا ئۇچراشقان چاغدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي كۆرۈنۈشىگە كۆچتى...

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# ئۆمەرباي ۋە باراتباي

چۆل يىگىتنىڭ تىللاسىنى سېتىۋالغان قېرى زەرگەرنىڭ ئىسمى نۇردۇن ھاجى ئىدى. ھاجىم يىگىتنى ئۇزىتىپ قويۇپ،

ئالدىراپ دۇكانغا كىردى ـ دە، تىللانى يەنە قولىغا ئالدى. «بۇ ئاجايىپ ئالتۇندا نېمە ياساش كېرەك، سىرغىمۇ، ئۈزۈكمۇ؟ ــ... دەپ ئويلىنىپ قالدى ئۇ،ـ بۇ تىللانىڭ شۇ تاپتا ئوتقا چۈشۈپلا سىــــمابتەك ئېرىپ ھەرقانداق زىننەت ئەسۋابىـــغا ئايلىنالىشى چوقۇم. لېكىن بۇ ساپ تىللانى ئېرىشۋېتىـــش ئېچىنىشلىق ئىشتەك قىلىدۇ... ھەببەللى! — دەپ ئۆز ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتتى بىر ھازادىن كېيىن، — مەن بۇ تىللانى ئالدى بىلەن سەرراپ ئۆمەر بايغا بىر كۆرسىتەي، ئەگەر ئۇ ئوبدانراق پۇل تۆلەپ قالسا، ئەمگەك قاتماي شۇنداق ساتقىنىممۇ تۈزۈك، ھېلىقى يىگىت ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك قىلىدۇ. تىللا تۇغىدىغان چۆچەكنى يەنە تېپىۋالسا ئۇ مۇنداق تىللالاردىن يەنە ئەكېلىشى مۇمكىن.»

نۇردۇن ھاجى قوزۇقتىكى ئۈزۈن پەرىجىسىنى ئېلىــپ كىيىپ، پۇتىغا شاقىلداق كەشىسىنى سېپىپ، دۇكاننى ئالدىراپ قۇلۇپلاپ سەرراپ بازىرىغا قاراپ ماڭدى.

سەرراپ بازىرى شەھەرنىڭ ئۈستى يېپىق كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئىدى. ئاپتاپلىق، توپىلىق ۋە ۋاڭ ـ چۇڭلۇق بازاردىن ئۆتۈپ بۇ سەرراپ كوچىسىغا كىرگەن كىشى بۇ يەردە جانغا راھەت بىر سالقىنلىق ۋە جىمجىتلىقنى ھېس قىلىپ ھۇزۇر ئالاتتى. ئالدىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس سۇ سېپىلگەن دۇكانلارنىڭ ئىچىدىكى گىلەم ياكى قىممەت باھالىق تېرىلەرنىڭ ئۈستىدە سودىگەرلەر كېرىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار سودىدا ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈن بىر-بىرىگە سىرلىق تەكەللۇپ ياكى ئاچچىق تەنىلەرنى قىلىشاتتى. ئادەتتە، ياماق چاپانلارنى كىيگەن شەھەر كەمبەغەللىرىنىــــڭ قەدىمى بۇ كوچىغا كەم يېتەتتى. سەرراپ ئۆمەر باينىڭ دۇكىنى مانا شۇ قاتار كەتكەن دۇكانلارنىڭ بىرىدە ئىدى.

ئۆمەرباي ـ ھېلىقى يانتاق ئاقساقالنىڭ چوڭ ئوغلــــى ئۆمەرنىڭ نەق ئۆزى بولۇپ، ئون نەچچە يىللاردىن بېرى تەقدىر

ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى قىلغانىدى. ئۆمەرنىڭ ناتونۇش شەھەرگە كىرىپ، نىزامباي دېگەن كىشىگە يالىنىپ، ئۇنىڭ بېغىدا ئىشلىگەنلىكى ۋە نىزامباينىڭ چوڭ خوتۇنى بىلەن بولغان سىرلىق مۇناسىۋەتلىرى كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم.

ئەگەر تەقدىرنىڭ بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغىسى كەلسە، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تاسادىپىيلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ··· نىزامباي ئاتقا ناھايىتى ھېرىسمەن ئادەم ئىدى. بىر قېتىم ئۇ شاش بىر ئارغىماقنى كۆندۈرۈپ مىنمەكچى بولغاندا، ئاتنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا قېلىپ ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، نىزامباينىڭ باشقا خوتۇنلىرى نىزامبايدىن بولغان باللىرىنىڭ سانىغا قاراپ باينىڭ مۈلكىنى بۆلۈشۈۋېلىپ قانائەت ھاسىل قىلىشتى. ئايىمغا بولسا ئۆزى تۇرۇۋاتقان چوڭ باغ قالغانىدى. ئايىم بۇنىڭغا شۈكرى قىلدى. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن قالغان دۇنياسىمۇ يېتەرلىك ئىدى. پەقەت ئاشۇ باغ ۋە شۇ باغدا ئىشلەۋاتقان يېتىمچى يىگىت بولسىلا كۇپايە ئىدى.

ئايىم نىزامباينىڭ يىل نەزىرىنى تەقەززا بىلەن ئۆتكۈزدى. ئاندىن يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرتىپ مول داستىخان سالدى. ئۆزىنىڭ باغدىكى ئاشۇ مۇساپىرغا ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولغانلىقىنى توغرىدىن - توغرىلا ئېيتتى. داستىخان ئۈستىدىكىلەر بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى - دە، دەرھاللا بۇ ئىشقىمۇ ئۆزىگە لايىق پەتىۋا تېپىشتى. «بىرىنچىدىن، — دېيىشتى ئۇلار، — موسۇلمان مەزلۇمنىڭ تۇل ئولتۇرۇشى ياخشى ئىش ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ئاياللارنىڭ ئۆزىدىن يېشى كىچىك ئەرگە ياتلىق بولۇشى ئۇلۇغلاردىن قالغان بىر ياخشى پەزىلەت.» بۇ پەتىۋانىڭ خاسىيىتى ئۇچۇن يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەربىرى ئايىمنىڭ ئۆيىدىن قويۇنلىرىنى ئوبدانلا تومپايتىپ قايتىشتى.

ئايىم كېيىن ئۆمەرگە سەرراپ بازىرىدىن مانا بۇ دۇكاننى

ئۆتمەيلا ئاز يۈرۈشۈپ سودىسى ئۆمەرنىڭ بەردى. ئېچىپ شەھەرگە ئۆمەرباي بولۇپ تونۇلدى. ھەر ھالدا ئايىم ئىنسابسىز ئۈچۈن تىزگىنلەش ئېرىنى ياش ئىدى. ئەمەس ئاياللاردىن ئۇنىڭغا قۇلىقى يۇمشاق كىچىك خوتۇندىن يەنە بىرنى ئېلىپ بەردى. ئۆمەرنىڭ بۇ كىچىك خوتۇنى ئايىمنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتى، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى.

ئۆمەرباي شۇ تاپتا دۇكىنىدا يۇمشاق ئەيلەنگەن تېرە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كىچە كىچىك خوتۇنى بىلەن بولغان قىزىقچىلىقلارنى ئويلاپ، يېرىم كۈلۈمسىرەپ، يېرىم مۆگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ياخشى تاماق ۋە راھەتتىن قىزارغان گۆشلۈك يۈزلىرى مايلاپ قويغان پومىداندەك پارقىرايتتى. ئالدىدىكى پەتنۇستا بولسا يۇمشاق نان، كۆك كىشمىش، مېغىز ۋە چەينەكتە يېڭىلا كەلتۈرۈلگەن قىزىق چاي تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۆمەرباي،— دەپ كىرىپ كەلدى زەرگەر.

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام، نۇردۇن ھاجىم، — قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە، مانا بۇ ياققا، گىلەمنىڭ ئۈستىگە،— دەپ ئورنىدىن تۇردى ئۆمەر باي.

نۇردۇن ھاجىم ھاسىرىغىنىچە بېرىپ گىلەمنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇردى، قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ بولۇپمۇ، بىر ھازا دېمىنى باسالماي گەپ ئاچمىدى. ئۆمەرباي ئۇنىڭغا پىيالىدە قىزىق چاي سۇندى.

— خوش ھاجىم، قەدەملىرى بۇياققا يېتىپ قاپتۇ، ھېلىقى زاكاز قىلغان ماللار پۈتۈپ قالدىمۇ - قانداق؟

— ھە، ھېلىقى ئالتۇن زىرىلەرنى دەمدىلا؟ يەنە ئازراق پەردىزى قالدى. ئۆزلىرى بىلىدىلا، ئۆمەرباي، ئىشنى قولنىڭ ئۇچىدىلا قىلغان بىلەن بولمايدۇ،— دەپ گەپ باشلىدى نۇردۇن ھاجى.

— شۇنداق، شۇنداق!… ھۈنەرنىڭ جىلىك بولغىنى ياخشى، شۇڭا بىز سىلىنى ئىزدەيمىز - دە.

— بۇگۈن بۇ تەرەپكە كېلىشىمنىڭ سەۋەبى، — دېدى ھاجىم، — مانا بۇ تىللانىڭ بازاردا ئېقىۋاتقان باھاسىنى بىر مۆلچەرلەپ باقسىلا بوپتىكەن.

ئۆمەرباي زەرگەر ئۈستىنىڭ كۆپكۆك تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ تۇرغان ئورۇق قولىدىن كىچىككىنە ياغلىقنى ئالدى. ياغلىقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تىللانى قولىغا ئېلىپ، سىمىزلىكتىن بۇرۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ نەق ئالدىغا ئەكېلىپ سىنجىلاپ قارىدى. ئاندىن تارازىغا سالدى. تارازىنى ئېلىپ، يەنە ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراشتۇردى - دە:

— بۇ تىللانى ئېرىتىپ بۇزۇۋەتسىلە چوڭ ئىسراپچىلىق بولىدۇ، ھاجىم! — دېدى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم.

— ئويلىغانلىرى دۇرۇس. «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئەمەك - دە، — دەپ كۈلدى ئۆمەر باي، — مانا مەن بۇ تىللاغا ھازىرنىڭ ئۆزىدە، ئۆزى بىلەن تەڭ ئالتۇننىڭ باھاسىدىن بىر باراۋەر ئارتۇق پۇل تۆلەيمەن.

ئۆمەرباي پوكەينىڭ ئاستىدىن بىر تېرە خالتىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، شاراقشىتىپ كۈمۈش شەڭگىلەرنى ساناپ زەرگەرگە تەڭلىدى. بۇ پۇل ھاجىم چۆل يىگىتكە بەرگەن پۇلدىن ئۈچ باراۋەر كۆپ ئىدى. ئەلۋەتتە، بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىكى مۇنچىلىك پايدىغا شۈكرى دېمەك لازىم - دە، ھاجىم پۇلنى ئېلىپ، ئۇنچىقماي ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلىشىپ ماڭدى.

نۇردۇن ھاجى كۆزدىن يىراقلىشىشى بىلەنلا ئۆمەربايمۇ ھېلىقى تىللانى يېپەك ياغلىقىغا تۈگۈپ، دۇكاننى ئالدىراپ قۇلۇپلىدى - دە، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆيدە خوتۇنلىرىنىڭ

تاماقتا تۇتقىنىغا ئۇنىماي، تون - سەرپايلىرىنى يەڭگۈشلىدى. چىلان تورۇق ئېتىنى توقۇتۇپ مىنىپ باراتباينىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ شەھەرنىڭ توپىلىق يوللىرى بىلەن ئۇزۇن يۈرۈپ، شەھەر سىرتىدىكى، ئېگىز كۆمۈلاچ تاملار بىلەن قورشالغان بىر چوڭ باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. نەقىشلىك ئېغىر دەرۋازا قىيا ئېچىلىپ، بىر مالاينىڭ بېشى كۆرۈندى.

— باراتباي ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆمەرباي.

— باي ھېلىراقتا قايتىپ كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى مالاي.

— سەرراپ بازىرىدىكى ئۆمەرباي كېلىپتۇ، دەپ خەۋەر قىل، باي بىلەن مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە پاراڭلاشماقچىدىم.

مالاي ئۇزۇندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، ئۆمەرباينىڭ قولىدىن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى - دە:

— مەرھەمەت! باي باغدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دەپ دەرۋازىنى ئاچتى.

بۇ باراتباي دېگىنىمىز، يانتاق ئاقساقالنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئۆمەرنىڭ ئىنىسى بارات ئىدى. باراتنىڭ ئاكىسى ئۆمەر بىلەن ئازارلىشىپ قېيداپ، شەھەرنىڭ باشقا بىر دەرۋازىسى بىلەن كىرىپ كەلگەنلىكى كىتابخانلارغا مەلۇم. تەقدىر ئۇنىمۇ ئاجايىپ قىسمەتلەرگە يولۇقتۇردى. ئۇ ھېلىقى ئاقساق سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ كىتاب مەستانىسى ياش خوتۇنى بىلەن بىرلىشىپ باينى تۇيدۇرماي ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئايجامالنى ئەمرىگە ئالدى. سودىگەرنىڭ پىخسىقلىق بىلەن بىر ئۆمۈر يىغىپ كۆمگەن دۇنيالىرى باراتقا قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھارام بىلەن ھالالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە كوچىلاردا مېڭىپ باقتى. ئايجامالنىڭ ئېرىدىن قالغان دۇنيالارنىڭ ھەممىسىنى قىمارغا سېلىپ بېرىپ،

يەنە قەلەندەرنىڭ كۆنىگە قالغىلى تاسلا قالدى. شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ شەھەردىكى ئوغرى، قىمارۋازلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغان شەھەر بېگى بىلەن تونۇشۇپ قالدى ۋە ئوغرى - قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسىنى ساتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىشلىرى يەنە قايتا يۈرۈشۈپ كەتتى. ھازىر ئۇ شەھەر بېگىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ جاسۇسى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىمۇ قورقاتتى. ئۇنىڭ قانداق يوللار بىلەن بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە بولسا ھېچكىم يېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ھازىر بىرقانچە خوتۇنى ۋە شەھەرنىڭ بىرقانچە يەرلىرىدە چوڭ باغلىق قورۇ - جايلىرى بار ئىدى. ئەمەلدارلار، ھەتتا شەھەر بېگىنىڭ ئۆزىمۇ پات - پات ئۇنىڭ داستىخانىدا مېھمان بولۇپ تۇراتتى.

بارات ھازىر شاپ بۇرۇت، ئېگىز، كېلىشكەن ئادەم بولغانىدى. ئۇنىڭ ياخشى ئاتلارنى مىنىدىغان، خىلمۇ خىل قۇشلارنى باقىدىغان، شەھەردىكى داڭلىق خېنىملار بىلەن بېرىش- كېلىش قىلىدىغان ھەۋەسلىرىدىن باشقا تۇرلۈك ئەللەرنىڭ پۇللىرى، قەدىمكى پادىشاھلىقلارنىڭ تىللالىرىغا بولغان قىزىقىشىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ قولىغا بولسا مۇنداق نەرسىلەر ئوغرى - قىمارۋاز ياكى يىراق ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرنىڭ قولىدىن غەيرىي يوللار بىلەن چۈشۈپ قالاتتى. بەزىدە بولسا ئۇ مۇنداق قىممەتلىك تىللالارنى بەگ خەزىنىسىگە نەچچە ھەسسە قىممىتىگە ساتاتتى. باراتباينىڭ مۇنداق قىممەتلىك بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ چوڭ باغدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق خوتۇنىنىڭ (ئەلۋەتتە ئايجامالنىڭ ئەمەس) مۇستەھكەم پولات ساندۇقىدا ساقلىناتتى. بۇ ساندۇق بولسا يەتتە ئاچقۇچ بىلەن ھەيۋەتلىك جاراڭلاپ ئېچىلاتتى...

ئۆمەرباي باغقا كىرىپ گۈللۈكلەر ئارىسىدىن كەتكەن شېغىللىق يول بىلەن ئىچكىرىلەپ ماڭدى. بۇ باراتباينىڭ ياز

كۇنلىرى تۇرىدىغان بېغى ئىدى. باغ ئىچىدە چىرايلىق شىپاڭلار، شىپاڭ يېنىدا مەجنۇنتاللار بىلەن ئورالغان كۆللەر بار ئىدى. تىنىق كۆل سۈيىدە كۆپكۆك ئاسمان ۋە تاللارنىڭ سايىسى يېنىك داۋالغۇيتتى. ئاپتاپلىق باغنىڭ مېۋىلىرى شاخ - شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. گۈللۈكلەردىكى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئۈستىدە كېپىنەكلەر ئەگىپ يۈرۈشەتتى.

باراتباي ھازىرلا باغقا كېلىپ ياخشى تاماقلانغاندىن كېيىن بوشىشىپ، شىپاڭلارنىڭ بىرىدە قىزىق چاي ئىچىپ، دەم ئېلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاستىغا يىپەك گىلەملەر، بېشىغا شايىلار بىلەن قاپلانغان ماموق تەكىيلەر قويۇلغانىدى. بىر دېدەك ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇپ، غوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى. شىپاڭنىڭ نەقىشلىق تۈۋرۈكلىرىگە ئېسىپ قويغان رەڭدار قەپەسلەردە قۇشلار سايرىشاتتى. مالاي ئۆمەربايىنى باراتباي پەي ياستۇقلارغا جەينەكلەپ ياتقان مۇشۇ شىپاڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شەھىرىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، جانابلىرىنى ئورۇنسىز ۋاقىتتا كېلىپ مالال قىلدىممۇ قانداق؟ — دەپ، پەلەمپەيلەردىن ئۆملەپ دېگۈدەك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ئۆمەرباي.

بۇ ئاكا - ئۇكا بىر - بىرىنى تونۇمدۇ ياكى تونۇسىمۇ تونۇماسلىققا سالامدۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئوتتۇردىكى ئارازچىلىق، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار، دۇنياغا بولغان ئاچكۆزلۈك ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مېھرىنى كۆتۈرۈپ، ھەر ئىككىسىنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى.

— كەلسىلا، ئۆمەرباي، — دەپ قىمىرلاپ قويدى باراتباي،

— مۇھىم ئىشلىرى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە بىھۇدە ۋاقىتتا كەلمىگەن بولاتتىلا.

— ئانچە مۇھىم دەپ كەتكىلىمۇ بولماس، ئەمما، بۇ ئىشنى ئۆزۈمچە مۇھىممىكىن، دەپ قارىدىم. مانا بۈگۈن قولۇمغا مەن

سەرراپلىق قىلغاندىن بېرى كۆرۈپ باقمىغان بىر تىللا چۈشۈپ قالدى. ئەلۋەتتە سىلىنىڭ نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزمەي باشقا بىراۋغا ساتسام لايىق بولماس، دەپ ئويلىدىم. شۇڭا، بىھۇدە ۋاقىتتا ئاراملىرىنى بۇزۇپ. . .

تىللا ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلاپ باراتباي ياستۇقتىن ئىتتىك باش كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— تىللا قېنى؟— دەپ سورىدى ئۇ ئۆمەربايىنىڭ ئەزمىلىك بىلەن قىلىۋاتقان گېپىنى بۆلۈپ.

— مانا، تەقسىر.

ئۆمەرباي تىللا ئورالغان ياغلىقنى ئىككى قوللاپ باراتبايغا سۇندى ۋە باراتباي بۇ تىللاغا قانداق باھا بېرەركىن، دەپ ئۇنىڭ شاپ بۇرۇتلىرى يېپىپ تۇرغان ئاغزىغا تىكىلدى. باراتباي ياغلىقنى ئېچىپ، تىللانى ئالىقىنىغا ئاغدۇردى. ئاندىن تىللانى ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆرۈپ ئوبدان بىر قارىدى.

— گېپىڭ ھەق، ئۆمەرباي،— دېدى ئۇ، — ئۆزۈڭمۇ پىشقان سەرراپسەن، بۇ تىللا ئادەتتىكى تىللالاردىن ئەمەستەك قىلىدۇ.

— ئۆزۈممۇ بىر قاراپلا بىلگەن، - دەپ كۆرەڭلەپ كەتتى ئۆمەرباي.

باراتباي مالايىنى ئەۋەتىپ لوپا ئەينىكىنى ئالدۇردى. ئەينەكنى تىللانىڭ ئۈستىگە تۇتتى. قارىغانسېرى باراتبايىنىڭ شاپ بۇرۇتلىرى مىدىرلاپ، كۆزلىرى يوغىناپ كەتكىلى تۇردى. ئۆمەرباي تىللانىڭ ئۈستىدە نېمە كارامەتلەر كۆرۈنۈۋاتىدىكەن، دەپ بارغانسېرى باراتبايىنىڭ يېنىغا شىپقاپ كېلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىنىڭ ئۈستىدىن قاراشقا باشلىدى.

— قارىسىلا،— دېدى باراتباي بېشىنى كۆتۈرۈپ، - بۇ تىللانىڭ سول بېتىدە چۈشىنىكسىز سىزىقچىلار، ئوڭ تەرىپىدە

ياپيالىغاچ بىر گۇزەلنىڭ سۇرىتى تۇرۇپتۇ، سىلى بۇلارنى كۆرمىدىلا بەلكىم. مانا ماۋۇ ئاجايىپ ئەينەكتە قارىسىلا ئېنىق كۆرىدىلا… بۇ تىللا قايسى پادىشاھلىقتا، قايسى زامانلاردا قۇيۇلغان؟ بىرنېمە دېمەك تەس. سىلى بۇ تىللانىڭ پارقىراقلىقىدىن نېمىنى چۈشەندىلا؟… ھە، بۇ ئالتۇننىڭ ساپلىقىنى ۋە بۇ تىللا قۇيۇلغىنىدىن بېرى ھېچقانچە ئادەمنىڭ قولى تەگمەي، خەزىنىنىڭ ئۆزىدىلا ساقلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ تىللانى سىلى نەدىن ئالدىلا؟ نېمىشقا بىر تالنىلا كۆتۈرۈپ كەلدىلا؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆمەرباي ئۆپكىسىگە دەم يەتكۈزەلمەي قالدى.

— ماڭا شۇ بىر تالنىلا ئەكېلىپ ساتتى، - دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

— كىم ساتتى؟

— زەرگەر نۇردۇن ھاجى.

— ھاي مۇلازىم!— دەپ ۋارقىرىدى باراتباي، — ماڭ، ھازىرلا پەيتۇننى قېتىپ بېرىپ، زەرگەر نۇردۇن ھاجىنى تېپىپ كەل!

پار ئات قېتىلغان پەيتۇن باغنىڭ دەرۋازىسىدىن گۇلدۇرلەپ چىقىپ، شەھەرنىڭ توپىلىق كوچىلىرىنى چاڭغا كۆمۈپ زەرگەرچىلەر كوچىسىغا يېتىپ باردى. نۇردۇن ھاجى بۇگۇن تاپقان تاپاۋىتىگە شۇكرى قىلىپ، دۇكاننى بالدۇرلا ئېتىپ ئۆيىگە كېتىپ قالغانىدى. باراتباينىڭ ئادەملىرى ھاجىنىڭ ئۆيىنىمۇ تېپىپ باردى. ئۇلار ھاجىنى «نېمە ئىش، نېمە بولدى؟ مېنى نەگە سۆرەيسىلەر؟» دېگەندەك تەشۋىشلىك سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، قولتۇقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ھارۋىغا بىسىپ،

گۈللۈكلەر ئارىسىدىكى شىپاڭغا يېرىم سائەتكە قالماي يەتكۈزۈپ كېلىشتى. بوۋاي ھاسىرىغىنىچە گىلەمدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، باراتباينىڭ ئالدىدىكى ئېچىقلىق تۇرغان قولياغلىقتىكى تىللانى كۆرگەندىلا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندى. «قارغىش تەگكۈر قوڭالتاق بۇ تىللانى ماڭا بەگنىڭ خەزىنىسىدىن ئوغرىلاپ چىقىپ ساتقانىكەن - دە!» دېگەن دەھشەتلىك بىر گۇمان كۆڭلىدە پەيدا بولۇپ، چىرايىدىن قان قاچتى.

— خوش ھاجىم؟— دەپ سورىدى باراتباي، — سىنىڭ قولۇڭغا بۇ تىللا قانداق چۈشۈپ قالغان؟

— مەن ئۇنى سېتىۋالغانمەن، - دېدى زەرگەر ھالسىز ھالدا.

— كىمدىن، قانداق قىلىپ سېتىۋالدىڭ؟

— بۈگۈن ئەتىگەندە، مانا ماۋۇ ئۆمەرباي بۇيرۇتقان ئالتۇن جابدۇقلارغا پەرداز بېرىپ ئولتۇراتتىم. دۇكىنىمغا سالام بېرىپ بىر ياش يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۈستىبېشى چاڭ، يىراق بىر يەردىن كەلگەندەك قىلىدۇ. كۆزۈمگە خىلى توغرا يىگىتتەك كۆرۈنگەندى. «خوش ئوغلۇم، نېمە گەپ؟» دېسەم، «بىساتىمدىكى مۇشۇ بىر تال تىللانى ئوبدانىراق باھا قويۇپ ئېلىپ قالساڭ» دەپ، مانا شۇ ئالدىلىرىدا تۇرغان تىللانى ماڭا سۇندى. قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىر ئېسىل تىللا ئىكەنلىكىنى پەملەپ قالدىم. «ئوغلۇم، سەن بۇ تىللانى نەدىن ئالدىڭ؟» دەپ سورىدىم. كەمبەغەل ئادەملەر پۇللۇق نەرسىنى ساتىمەن دەپ كۆتۈرۈپ كەلسە، ئەلۋەتتە نەدىن ئالدىڭ؟ دەپ سورىغۇلۇق.

— شۇنداق، ناھايىتى توغرا قىلىپسەن،— دەپ ماقۇل بولدى باراتباي، - ھە، گېپىڭنى داۋام قىل.

— شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭدىن «نەدىن ئالدىڭ؟» دەپ

سورىدىم. ئۇ: «چۆلدە بىر توغراقلىقتا ئۇخلاپ قېلىپ ئويغانسام، يېنىمدا بىر ياغاچ چۆچەك تۇرۇپتۇ. چۆچەكنىڭ ئىچىدە مانا بۇ تىللا تۇرىدۇ. خۇدانىڭ ماڭا قىلغان ھەدىيىسى ئوخشايدۇ، دەپ ئالدىم - دە، قوينۇمغا سالدىم. مانا ھازىر شۇ تىللا سېنىڭ قولۇڭدا. ھالال ھەق بېرىپ ئېلىپ قال» دېدى. مەن ئۇنى سېتىۋالدىم. بۇ ئېسىل تىللانى بۇزۇپ جابدۇق قىلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيماي، ئۆمەربايىنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتىم. ئۆمەرباي ئۆز ئىختىيارى بىلەن ماڭا پايدا بېرىپ سېتىۋالدى. بولغان ئىش مانا شۇ.

— يالغان! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى باراتباي.

— خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەن، — دەپ نالە قىلدى بىچارە ئۇستا، — مەن پەيغەمبىرىمىز ئاياغ باسقان ئۇلۇغ جايلارنى زىيارەت قىلغان مۇسۇلمانمەن. مال - دۇنيا ئۈچۈن ئىمانىمنى بۇلغىمايمەن. سىلى مېنى بۇ تىللانى بىرەر ئوغرىنىڭ قولىدىن بىلىپ تۇرۇپ ئەرزىنىغا ئالغان ياكى بىرەر يەردىن ئوغرىلىۋالغان، دەپ گۇمان قىلىۋاتىلىغۇ دەيمەن! ؟

— يوقسۇ، — دېدى باراتباي، — ساڭا بۇ تىللانى ئەكېلىپ ساتقان ھېلىقى كاززاپنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان! چۆلدە كىم چۆچەككە ئالتۇن سېلىپ، توغراقنىڭ ئاستىدا ياتقان ئادەمنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغۇدەك؟ ! ئەگەر شۇنداق ئىش راستتىنلا بولىدىغان بولسا، مانا ماۋۇ ئۆمەرباي بازاردا دۇكان ئاچماي، كېچە - كۈندۈز توغراقلىقمۇ توغراقلىق يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، چۆچەكلەر ئىچىدىكى ئالتۇنلارنى تېرىۋالمامدۇ؟

— چۆل دېگەن بىر تىلسىمات ئالەم، — دەپ غۇدۇڭشىدى نۇردۇن ھاجى.

— گېپىڭ ھەق! — دېدى باراتباي، — شۇ قۇملۇقلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئاجايىپ خەزىنىلەر بولۇشى مۇمكىن.

ساڭا بۇ تىللانى ئەكېلىپ ساتقان ساياق قەدىمىي پادىشاھلىقلارنىڭ ياكى ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ كۆمۈپ قويغان شۇنداق بىر خەزىنىسىگە يولۇقۇپ قالدىمۇ قانداق؟... كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى بىرەر قاراقچىلارنىڭ شېرىكى بولۇپ، بۇلاپ كەلگەن ئالتۇنلىرىنى بىر- بىرلەپ بازاردا مەخپىي سېتىپ يۈرەمدۇ تېخى!... سەن ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى قانداقراق دېۋىدىڭا؟

— ئۇستىگە ئۆڭۈپ كەتكەن چاپان كىيگەن، ئادەتتىكى بىر ئوتتۇنچى ياكى مەدىكارلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان، بۇغداي ئۆڭ يىگىت.

— ئۇنىڭ ئېشىكى ياكى مىنىپ كەلگەن ئېتى بارمىدى؟

— شۇنداق، بىر ئېشەك... سۇر ئېشەكمىكىن ئەيتاۋۇر، مەن ئۇ ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىنىلا كۆرگەندەك قىلدىم.

— خوش، بۇ تىللا ھەققىدە ھېچكىمگە ئوشۇقچە شاۋ ـ شۇۋ قىلماڭلار! — دېدى باراتباي ئاخىرىدا، — سەن ئۇستا دۇكىنىڭغا ھېلىقى سىاياق يەنە كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئاستىلا بىزگە خەۋەر قىلىۋەتكىن. مەن ئەتراپقا ئادەم چىقىرىپ ئۇنى ئىزدىتىمەن.

مەپىلىك ھارۋا يەنە توپا ـ چاڭلارنى توزۇتۇپ زەرگەر ئۇستىنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. باراتبايغا ھېلىقى تىللانى نەچچە ھەسسە پايدىسىغا ساتىمەن، دەپ ئويلىغان ئۆمەرباي ئۇنى بىكارغىلا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، سالپىيىپ ئېتىنى مىنىپ قايتتى.

## ئونئۈز ئىككىنچى باب

# ئېيتىلمىغان گەپ

زەرگەر ئۇستام ئۆيىگە بېرىپلا ئاغرىپ قالدى. «ماڭا شۇ بىر تىللانى ئەكېلىپ ساتقان ھېلىقى بىچارىنىڭ بېشىغا ئەمدى نېمە كۈنلەر كېلەر؟ — دەپ تىللا ساتقان يىگىتنىڭ غېمىنى يەيتتى ئۇ، — ئازماس خۇدا، كىم بىلىدۇ، راستتىنلا ئۇ بىرەر خەزىنىگە ئوغرىلىققا تېگىپ، ماڭا بولسا ھېلىقىدەك ئادەم ئالدايدىغان گەپلەرنى توقۇپ بەرگەندۇر. باراتباي دېگەن كاززاپ ئۇنى تۇتۇۋالىدىغان بولسا بارلىق مال - دۇنياسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى «ئوغرى» دەپ زىندانغا تۇتۇپ بېرىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇ چاغدا مەن نېمە بولىمەن؟ بەلكىم ماڭىمۇ ئۇلار: ئوغرىنىڭ مېلىنى سېتىپ پۇل قىلىپ سىڭدۇرۇپ بەرگەن گۇناھىنى تەتۈر مىنگۈزۈپ سازايى قىلىشار... خۇدا، قېرىغاندا شۇنداق شەرمەندىچىلىكلەرگە قېلىشىمدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن. مېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىم ئۆزۈڭگە ئايان... نېمىشقا مەن شۇ لەنتى تىللانى ئېرىنىپلا باشقا بىر نەرسە ياسىۋەتمىدىم؟ ئۇنىڭدىن ئاجايىپ سىرغىلار، ئېسىل ئۈزۈكلەر پۈتكەن بولاتتى. مېنى قايسى شەيتان ئازدۇردى — ھە! نېمىشقا مەن ئۇ تىللانى باشقا ئادەم تېپىلمىغاندەك ئۆمەربايغا ساتقاندىمەن؟ باراتبايغۇ بەگنىڭ شەھەرگە قويغان جاسۇسى، ئۆمەرباي كىم؟ نېمىدەپ ئۇ شۇ بىر تال تىللانى باراتباينىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ باردۇ؟...»

ئۆمەربايمۇ ئۆيىگە ناھايىتى ئازابلانغان ھالدا قايتتى. كۆپ پايدا ئالىمەن دەپ ئاپىرىپ، باراتبايغا بىكارغىلا تۇتقۇزۇپ قويغان ھېلىقى تىللانى ئويلىسا ئىچى ئېچىشاتتى. ئۇ زەرگەرگە ساپ كۈمۈش تەڭگىلەرنى ساناپ بەرگەنىدى - دە! ... ئۇ ئۆيىگە كېلىپلا يۈرىكىنى تۇتۇپ، ۋاي - ۋايلاپ ئۆزىنى كۆرپىگە تاشلىدى. ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان كىچىك خوتۇنىنى قوپاللىق بىلەن قوغلاپ چىقىرىپ خىيالغا پاتتى.

«نۇردۇن ھاجى دېگەن قېرىنىڭ شۇ تىللانى كىمدىن سېتىۋالغانلىقىنى ماڭا ئوبدانراق چۈشەندۈرمىگىنىنى قاراڭلار! - دەپ ھەسرەتلىنەتتى ئۇ، — ئۇنداق تۈگىمەس خەزىنىگە ئۇچراپ قالغان يالاڭتۆشنى ئۆزۈملا ئىزدەپ تاپمايتىممۇ!... مەن ئۇنى تۇتۇشقا ئادەم چىقىرىپ ئۈركۈتۈۋەتمەيتتىم، تىللالارنى ئۇ قاراقچىلاردىن ئالامدۇ ياكى قانداقتۇر بىر ئىت يالىقىغا ئوخشايدىغان پاسكىنا چۆچەكلەرنىڭ ئىچىدىن تېرىۋالامدۇ ياكى بولمىسا پادىشاھلار يوشۇرۇپ قويغان سىرلىق خەزىنىلەردىن ئوغرىلاپ چىقامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن نىمە كارىم. مەن پەقەت ئۇنىڭ بىلەن شېرىك بولسام، شۇ تۈگىمەس خەزىنىلەرنىڭ ئورنىنى بىلىۋالساملا بولاتتى. ۋاي ئىست، مانا ئەمدى باراتباينىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇرۇپ قىينايدۇ. ھېلىقى يالاڭتۆش ئالتۇن يوشۇرۇنغان خەزىنىنى دەپ بەرمەي قۇتۇلالمايدۇ. باراتباي تېخىمۇ بېيىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ چىرايلىق باغلىرى بىلەن خوتۇنلىرىنىڭ سانى يەنە ئاشىدۇ...»

ئويلىغانسېرى ئۆمەربايىنىڭ يۈرىكى سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى. شۇ كېچە ئۇ تاۋار يوتقانلار ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. تۈن ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار كۆڭۈللۈك چاراقلىشاتتى. كەچ قالغان كارۋان قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازى سۇغا چۈشكەن تاشتىن پەيدا بولغان دولقۇندەك تۈن بوشلۇقىغا تەكشى تاراپ ئۆچەتتى. قەيەردىدۇر بىر يولۇچى

يىراقتىكى يارىنى، يارىنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى كۈيلەپ ناخشا توۋلايتتى. كېچىلىك مەنزىرە شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى. تەبىئەت ئۆز تىنىقى بىلەن ھەممىنى پەپىلەپ ئۇيقۇغا ئۈندەيتتى. لېكىن ئۆمەرباي ئالتۇن ۋەسۋەسىدە ئۇخلىيالماي ئازابلىناتتى... تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئۇ ئالدىراپ كىيىندى ـ دە، زەرگەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان بېشىنى چېكىلەۋالغان نۇردۇن ھاجى ئەمدىلا بامدات نامىزىنى تاماملاپ، ناشتا قىلماقچى بولۇپ داستىخانغا كەلگەنىدى. بوسۇغىدا ئۆمەرباي پەيدا بولدى. بىر كېچىدىلا باينىڭ ئالمىدەك رەڭ ئېلىپ تۇرىدىغان مەڭزلىرى سولاشقان، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ، كۆزىنىڭ جىيەكلىرى خالتىلىشىپ كەتكەنىدى.

— خوش، قاق سەھەردىلا نېمىدەپ كەلدىلا، باي! — دەپ چېچىلدى زەرگەر ئۇستا، — باراتبايغا جاسۇسلۇق قىلىپ سىلىگە نېمە يېتىشمەيۋاتىدۇ؟... ئېيتسىلا، شۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن باراتباي سىلىگە قانچە پۇل تۆلىدى؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىدىغاندىلا، ھاجىم! ؟— دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئۆمەرباي، — خۇداغا شۈكرى، بىساتىمدىكى مال ـ مۈلكۈم جاھاندارچىلىقىمغا يېتىدۇ. مەن تېخى باشقىلارنى سېتىپ جان باقىدىغان كۈنگە قالغىنىم يوق.

— ھەي تاڭەي، مال ـ دۇنياغا ھېرىس ئادەملەرنىڭ ۋىجدانىنىڭ خىرەلىشىپ كەتكىنىنى كۆپ كۆرگەنمەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟

— بولمىسا سىلى شۇ بىر تال تىللانى كۆتۈرۈپ باراتباينىڭ بوسۇغىسىدا نېمىگە ئۆملەپ يۈرىلا؟ !

— مېنىڭ سەرراپ ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، — دېدى ئۆمەرباي زەرگەرنىڭ ئالدىدا باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ـ مەن ھەرقانداق ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئالىمەن ـ دە، يەنە بىرىگە

ساتمەن، خۇددى سىلىمۇ ھېلىقى تىللانى ئەكېلىپ ماڭا پايدىسىغا ساتقانغا ئوخشاش!

— ھەممە سەرراپ ئالتۇن - كۈمۈشنى بازاردا ياكى دۇكىنىدا ئۆلچەپ ساتسا، سىلى ئۆيمۇ ئۆي كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ساتىدىكەنلا - دە؟

— سىلى ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر تىللا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا.

— ئاجايىپ تىللاتاپسىلا باراتبايغا سوۋغا قىلىدىكەنلا-دە! ؟

— مەن ئۇ كاززاپقا تىللا سوۋغا قىلىمەنمۇ، ساتقىلى ئاپارغان، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۆمەرباي، — سىلى ئۇنىڭ شۇنداق قەدىمىي زامانلارنىڭ تىللالىرىنى سېتىۋېلىپ ساقلاپ يۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولسىلا كېرەك بەلكىم… ئۆزلىرى كۆردىلا، مەندىن ئۇ ھېلىقى تىللانى بىكارغىلا تارتىۋالدى. ماڭا ئۇۋال بولۇپ كەتتى. يەنە ئۇ سىلىنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇ تىللانىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى توغرىسىدا مەخپىيەتلىكلەرنىمۇ بىلىۋالدى. ئەمدى ئۇ تىللانى سىلىگە ئەكېلىپ ساتقان ھېلىقى يىگىتنى تۇتۇۋالسا، خەزىنىنىڭ ئورنىنى بىلىۋالىدۇ - دە، ئادەملىرى بىلەن بېرىپ، بايلىقنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. بۇنىڭغا ئىچلىرى ئېچىشمامدۇ؟ نېمىشقا ئۇ تىللانى ساتقان يىگىت توغرىسىدىكى گەپلەرنى باراتبايغا ئېيتىپ سالدىلا؟ شۇ گەپلەرنى ماڭا نېمىشقا بۇرۇنراق ئېيتمىدىلا؟

— سىلى مەندىن بۇ توغرۇلۇق سورىمىدىلا — دە! - دەپ غودۇردى ئۇستا.

— توغرا، — دېدى ئۆمەرباي، — مەن بۇ توغرۇلۇق ئوشۇقچە گەپ سورىمىدىم. بۇنىڭدىن مېنىڭ قانچىلىق توغرا نىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىمنى پەملىسىلە بولىدۇ. ھازىر بولسىمۇ سىلى ماڭا ئۇ گەپلەرنى تولۇقى بىلەن ئېيتىپ بەرسىلە. ئۇ

تىللارنى ئالدى بىلەن ئىككىمىز تاپقان. تاغارلاپ ئالتۇن تۇرغان خەزىنىلەرمۇ چوقۇم بىزنىڭ بولۇشى كېرەك، بىلدىلىمۇ، ھۆرمەتلىك ھاجىم. شۇڭا، سىلى ماڭا راست گەپنى قىلسىلا، زادى ئۇ تىللا نەدىن كەلگەن؟

— مەن ھەممە گەپنى باراتباينىڭ ئالدىدا ئېيتتىمغۇ؟ يەتمىگەندەك، سىلى نېمانداق قاق سەھەردە كېلىپ مېنى سوئال-سوراققا ئېلىۋېرىدىلا؟!

— سىلى مېنىڭ مەقسىتىمنى نېمانداق چۈشەنمەيدىغانلا؟ بىز ئۇ خەزىنىلەرنى باراتبايدىن بۇرۇنراق تېپىۋېلىشىمىز كېرەك. قارىسىلا، سىلىنىڭ بۇ ھويلا - ئاراملىرى نېمىدېگەن تار، نېمىدېگەن كۆرۈمسىز، بىز ئالتۇنلارنى تاپقاندا، مەن ھازىرقى باغلىق قورۇ - جايىمنى سىلىگە بېرىۋېتىمەن. ئۆزۈم تېخىمۇ ئازادە، ياخشىراقىنى ئالىمەن. كۆردىلىمۇ، ھېلىقى باراتباي دېگەن قىمارۋاز ئوغرى نېمىدېگەن راھەتتە ياشىغان - ھە؟ تېخى ئۇ شۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلماي، خەزىنىلەر بار جايغا بىزدىن بۇرۇنراق يېتىپ بېرىپ ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى ... سىلىگە يەنە دۇكانلىرىمغا كېلىپ - كېتىپ يۈرگەن قىز - چوكانلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقلىرىدىن ئېلىپ بېرىمەن.

— ماڭا چىرايلىق خوتۇنلارنىڭ كېرىكى يوق، ئۆمەرباي! — دەپ تېرىكتى ئۇستا، — مەن قېرىدىم، كۈچتىن قالدىم. ھازىر شۇ قېرى مومىيىممۇ ئوشۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ.

— مانا سىلى مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلغان ھۆرمەتلىك ھاجىم سىلى. ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن، قوزا ئۆلەمدۇ قويمۇ، بۇ ياراتقان ئىگەمنىڭ ئىرادىسىدىكى ئىش. مەن بۇنى مۇبادا شۇنداق بولسا دېگەن ئويدا دەۋاتىمەن. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ كۆزلىرى يۇمۇلغۇدەك بولسا، نەزىر - چىراغلىرىنى كاتتا ئۆتكۈزۈپ، قەبرىلىرى ئۈستىدە چوقۇم ئېگىز گۈمبەزلەرنى قۇرۇش لازىم بولىدۇ. بۇنىڭغىمۇ پۇل كېرەك - دە!... ئوبدانراق

ئويلاپ باقسىلا، يەنە ئۇنتۇلۇپ قالغان، قېپقالغان گەپلەر باردۇر؟

ئۆمەرباي يوغان گەۋدىسىنى ئالدىغا ئېگىشتۇرۇپ ئۇستىنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى.

— قېپقالغان گەپلەر دېدىڭمۇ؟— دەپ ئېسىگە ئالدى ئۇستا. كاتتا نەزىر - چىراغ، ئېگىز گۈمبەزلەر توغرىسىدىكى گەپلەر ئۇنى خېلىلا ئېرىتكەنىدى.

— ھە، ھېلىقى تىللانى سىلىگە ئەكېلىپ ساتقان يىگىت ئېيتقان گەپلەردىن ئۇنتۇلۇپ قالغانلىرى بارمۇ؟ دېمەكچىمەن. سىلى ياشانغان ئادەم، بىرەر مۇھىم گەپ - سۆز ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— راستىمنى ئېيتسام، مەن بۇ بىر تال تىللانىڭ بىزگە بۇنچىلىك ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن.

— راست، سىلى بۇنى ئويلىمىدىلا، مەنچۇ...

— توختىسىلا، توختىسىلا، ئۆمەرباي!— دەپ ھاياجانلاندى ھاجىم، — شۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چۆل بالىسىمۇ، ياق، چۆل ئوغلى دېدىمۇ، ئەيتاۋۇر شۇنداق غەلىتە بىر نېمە دېگەندەك قىلىۋىدى. ئۆزى تۈزۈك يىگىتتەك كۆرۈندى. ھۆرمەت ئۈچۈن مەن ئۇنى دۇكاننىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم. دۇكاننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئېشىكى تۇرۇپتۇ. ئېشەكنىڭ رەڭگىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ. ئىشقىلىپ ئاددىيلا بىر ئېشەك. ئۇ ئېشىكىنى مىنىپ، ماڭغىلى تەدەدۇت قىلغاندا: ئوغلۇم، شۇنداق تىللالاردىن بولسا يەنە ئۇدۇللا مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەل. ياخشى باھادا ھەق بېرىپ رازى قىلىمەن، دېدىم. ئۇ: مۇشۇ تىللانى تېپىۋالغان يەردىكى توغراقتا پېچىقىم بىلەن بىر دۆگىلەك سىزىپ بەلگە قىلىپ قويغانىدىم. يەنە تىللا ئۇچرىتىپ قالسام، ساڭىلا ئەكېلىپ ساتىمەن چوڭ دادا» دېگەنىدى. بۇ گەپلەرنى مەن

تۇنۇگۇن باراتبايغا ئېيتتىمۇ، ئېيتمىدىمۇ؟ ئېسىمدە يوق.
— ئاغزىلىرىغا ناۋات! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئۆمەرباي، — بۇ گەپلەرنى سىلى باراتباينىڭ ئالدىدا ئېيتمىغانتىلا، ئەمدى يەنە مەڭگۇ ئەسلىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە، بۇ سىرنى باشقا ھېچكىمگە تىنغۇچى بولمىسىلا. غولىغا چەمبەر سىزىلغان توغراقنى ئۆزۈم بىر ئىزدەپ كۆرەي. خۇدا بەختىمىزنى بېرىپ خەزىنىلەرنى تېپىپ قالساملا، سىلىنىمۇ ئوبدان رازى قىلىمەن!
شۇنداق دېگىنىچە ئۆمەرباي زەرگەرنىڭ ئۆيىدىن ئوقتەك ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ سەرراپ بازىرىدىكى دۇكىنى ئېچىلمىدى.

ئۆمەرباينىڭ دۇكىنىنىمۇ ئاچماي، نەگىدۇر غايىب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ باراتباي ھەيران بولدى «ھەممە سىرنىڭ ئاچقۇچى مۇشۇ بىر تال تىللادا» دەپ ئويلايتتى باراتباي قولىدىكى تىللانى ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆرۈپ قاراپ. قارىغانسىرى ئۇنىڭدىكى سىزىقلار، يالىڭاچ ئايالنىڭ سۈرىتى ئۇنى غەلىتە ئويلارغا سالاتتى. باراتباي: «ئەجەب - ھە! ئۆمەرباي نەگە يوقىلىپ كېتىدۇ. خەزىنىلەرنى ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىزدەپ چىقىپ كەتتىمۇ ياكى نۇردۇن ھاجىم ئۇنىڭغا ماڭا ئېيتمىغان بىرەر ئۇچۇرلارنى ئېيتىپ قويدىمۇ؟... يەنىلا يىپ ئۇچى ئەشۇ قىرى زەرگەردە» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى - دە، ھارۋىسىنى قېتىشقا بۇيرۇدى.
باراتباينىڭ پەيتونى ئەگرى - بۈگرى، توپىلىق كوچىلارنى چاڭغا كۆمۈپ، پاكار تاملار بىلەن قورشالغان بىر ھويلا ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
— كەلدۇق! — دېدى خىزمەتكار.
باراتباي كىرگەندە زەرگەر ئۇستا ئورۇن تۇتۇپ ياتاتتى. ھېلىقى تىللا — قانداقتۇر خەزىنىلەر ھەققىدىكى خىياللار ئۇنىمۇ

هالىدىن كەتكۈزگەنىدى.

— ئۆمەربايىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن، زەرگەر ئۇستا؟ - دەپ سورىدى باراتباي زەرگەرنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— مەن نەدىن بىلەي، — دەپ تېرىكتى ھاجىم، — ئۇ كىشى بىر يەرگە ماڭسا مەندىن سورايدىغانغا مەن ئۇنىڭ خوجايىنىمىدىم ياكى مەن كىمنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدىغان بۇ شەھەرنىڭ بېگىمىدىم! (ئەسلىدە ئۇ «بۇ شەھەرنىڭ جاسۇسىمىدىم» دەپ باراتبايغا بىر تەگكۈزمەكچىدى، جۈرئەت قىلالمىدى)

— خاپا بولما، ھاجىم، — دېدى باراتباي، — ھېچ بولمىغاندا ئۆمەرباي قېشىڭغا كېلىپ، تىللا ھەققىدە يەنە بىرنېمىلەرنى سوراپ سېنى خېلى ئاۋارە قىلغاندۇر؟

— ياق.

— سەن مۇنۇ تىللانىڭ ئۇستىدىكى بەلگىلەرگە يەنە بىر نۆۋەت قاراپ باق.

— شۇ تىللانى كۆرەرگە كۆزۈم يوق! — دەپ قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى ئۇستا.

— مېنىڭ دېگىنىم مۇنى قىپيالىڭاچ ئايال، سەن ئۇنى كۆرۈۋاتامسەن؟ ئېھتىمال، ھەممە سىر شۇنىڭدا بولسا كېرەك.

— مەن قىپيالىڭاچ ئاياللارنى كۆرۈشكە ئانچە خۇشتار ئەمەسمەن.

بۇ — باراتبايىنىڭ خوتۇنپازلىقىغا دارىتمىلاپ ئېيتىلغان گەپ بولدى. باراتباي سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— سەن كۆپ يەرلەرنى ئارىلىغان، كۆپنى كۆرگەن ھۆرمەتلىك ھاجىم، بۇ شەھەردە ھەممىدىن تارىخى ئۇزۇن ئۇستا زەرگەرسەن، — دېدى باراتباي خۇشامەت قىلىپ، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بۇ يەرگە قىپيالىڭاچ خوتۇننىڭ سۈرىتى

بىسلغىنىغا قارىغاندا، بۇ مۇسۇلمانلار پادشاھى قويغان تىللا ئەمەسمىكىن، دەيمەن؟
— بەلكىم شۇنداقتۇر.
— شۇنداقلىقى شۇنداق، ئەمىسە بۇ تىللا بۇ يەرگە قانداق يوللار بىلەن كېلىپ قالدى؟
زەرگەر ئۇستا بۇ تىللا توغرىسىدا ئەتەي باشقىچە بىر ھېكايە توقۇپ باراتبايدىن قۇتۇلماقچى بولدى — دە:
— مەن قارىمىسامىمۇ بىلىمەن، يالىڭاچ خوتۇننىڭ سۈرىتى بار مۇنداق تىللا سىرلىق ئارالدىكى خوتۇنلار مەملىكىتىدىنلا چىقىدۇ، — دېدى.
— خوتۇنلار مەملىكىتى دېدىڭىزمۇ؟! — ھەيران بولدى باراتباي، - ئۇ قانداق مەملىكەت؟ ئۇرنى قەيەردە؟
— ئۇ ماڭىمۇ، سىلىگىمۇ نامەلۇم بىر ئارالدا. شۇ سىرلىق ئارالنىڭ پادشاھىلا مۇنداق تىللالارنى تارقىتالايدۇ. ئۇ مەملىكەتتە خوتۇنلاردىن باشقا ئادەم بولمايدۇ. ياش چاغلىرىمدا بۇ گەپلەرنى ئالتۇن سودىگەرلىرىدىن ئىشىتكەنمەن، كېيىن، مۇقەددەس مەككىگە بارغاندا، يىراق ئەللەردىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلىغانىدىم.
— ئۇلار ئۇ غەلىتە مەملىكەت توغرىسىدا ساڭا يەنە نېمىلەرنى دېگەن؟
— سودىگەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە: خوتۇنلار مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىغا قاراشلىق بىر تۈپ ئاجايىپ دەرەخ بارئىمىش. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى پۈتۈنلەي مانا شۇنداق تىللادىن بولىدىكەن. كېرەك بولغاندا شاھنىڭ خىزمەتچىلىرى ھېلىقى دەرەخنى ئېرغىتىپ، خۇددى بىز ئۆرۈكلەر پىشقاندا ئۇنى ئېرغىتىپ، يەرگە چۈشكەن ساپسېرىق ئۆرۈكلەرنى تېرىۋالغاندەكلا ئالتۇنلارنى تېرىۋالىدىكەن. ئاندىن ئايال پادشاھ ئۇنىڭغا مانا مۇشۇنداق چۈشىنىكسىز قاپارتما بەلگىلەرنى بېسىپ، پۇل قىلىپ

تارقىتىدىكەن.

— خۇدايا توۋا! — دەۋەتتى باراتباي. خوتۇنلار مەملىكىتى توغرىسىدىكى بۇ سۆزلەر باراتباينىڭ ھەۋىسىنى ئېخمۇ قوزغاپ، ئۇنى شېرىن خىياللارغا سېلىپ قويدى. پۈتۈن خەلقى خوتۇنلاردىنلا بولغان مۇنداق مەملىكەتتە ئېھتىمال ئاجايىپ نازىنلار تولۇپ — تېشىپ، ئەرگە تەشنا بولۇپ زېرىكىپ تۇرۇۋشىدىغاندۇر؟ دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئەگەر سەن ئېيتقان ئۇ ئارالدا ئەرلەر بولمىسا، ئۇلار قانداق كۆپىيىدۇ؟ ـ دەپ ئۆز گۇمانىنى ئېيتتى باراتباي، — بەلكىم ئۇلارغا ماڭا ئوخشاش كېلىشكەن، ئېگىز، شاپ بۇرۇتلار لازىم بولۇپ تۇرىدىغاندۇر؟

— ئۇلارغا سىلىگە ئوخشاش ئايغىرلارنىڭ كېرىكى يوق، — دېدى زەرگەر.

— نېمىشقا؟

— ئۇ يەردە خاسىيەتلىك بىر بۇلاق بارئىمىش، خوتۇنلار شۇ بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنسىلا ھامىلدار بولۇپ قالىدىكەن. تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ھەممىسى قىز بولىدىكەن. ئۇ يەردىكى خوتۇنلار ئەر دېگەننىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ نېمىگە لازىمى بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. كىمىكى تاسادىپەن ئوغۇل تۇغۇپ قويسا، غەلىتە بىرنېمىنى تۇغۇپ قويغان سانىلىپ ئارالدىن قوغلىنىدىكەن.

— مۆجىزىلىك ئالەم! — دەپ ياقىسىنى تۇتتى باراتباي ۋە ئۇ خوتۇنلار مەملىكىتىگە بىر ئامال قىلىپ يوشۇرۇنچە بېرىپ بېقىش خىيالىدىن دەرھاللا ۋاز كەچتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ شۇ كۈنلەردە خوتۇنلىرىغا ئۆلگۈرەلمەي ۋە خوتۇنلىرى ئارىسىدىكى ماجىرالارنى كېلىشتۈرەلمەي خېلى جاپالارنى تارتىۋاتاتتى. كوچا-كوچىلىرى خوتۇنلار بىلەن تولغان مەملىكەتكە بېرىش دېگەنلىك ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش دېگەن گەپ ـ دە!... ئەمما، ئۇ مەملىكەتنىڭ ھېلىقى ئالتۇن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان دەرىخى

بولىدىغان دەرەخ ئىكەن...

— ئەگەر سەن ئېيتقاندەك، خوتۇنلار مەملىكىتى دېگەن نېمە راستىنلا بار بولسا، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى باراتباي، — دۇنيادىكى شۇنچە قۇدرەتلىك پادىشاھلىقلار نېمىشقا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئالتۇن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان دەرەخلىرىنى تارتىۋالمايدۇ؟

زەرگەر باراتباينىڭ بالىلارچە سوئالىغا كۈلۈپ قويدى.

— بۇ سىرلىق ئارالغا يېتىپ بارماق ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىمەككە توغرا كېلىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى زەرگەر، — مۇبادا، بىرەر كۈچلۈك پادىشاھلىق خوتۇنلار مەملىكىتىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىلىپ قالسا قاتتىق شەرمەندە بولىدۇ، يېڭىۋالسا ھېچبىر شەرەپ قازىنالمايدۇ. خۇددى سىلى بىلەن مېنىڭ خوتۇنلىرىمىزنى ئۇرۇپ-دۇمبالىغىنىمىز بىزگە شەرەپ كەلتۈرەلمىگەندەك بىر ئىش.

— ئۇنداقتا، سەن دېگەن ھېلىقى سىرلىق ئارالغا ھېچكىم بارالمايدىغان بولسا، سەن خوتۇنلار مەملىكىتىنىڭ دەپ ھۆكۈم قىلىۋاتقان بۇ بىر دانە تىللا قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟

— دۇنيادا، — دېدى نۇردۇن ھاجىم، — سودىگەر دېگەن خەقلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا. بۇ خەقنى خۇدا ياراتقان شەيتانلاردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شەيتان دېيىشمۇ بولىدۇ ياكى ئۇلار ئادەم بىلەن شەيتاننىڭ ئارىلاشمىسىدىن تۆرەلگەن بىرنېمىلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئايىغى تەگمەيدىغان يەر بولمايدۇ. ھېلىقى ئارالغىمۇ ئەنە شۇلار يېتىپ بارالايدۇ. ئاڭلىشىمچە: سودىگەرلەر يەلكەنلىك كېمىلىرىگە تاۋار-دۇردۇن، ئۈنچە-مەرۋايىت دېگەندەك خوتۇنلارغا لازىملىق مال-پۈچەكلەرنى قاچىلاپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ھېلىقى ئارالغا يېتىپ بارىدىكەن،

ئارالنىڭ سۇغا يېقىن يېرىدە بىر ئوچۇقچىلىق مەيدان بار ئىكەن. سودىگەرلەر ماللىرىنى ئەنە شۇ ئوچۇقچىلىقتا قويۇپ، كېملىرىگە چىقىپ بىر كۈن كۈتىدىكەن. ئەتىسى بارسا ئاپارغان ماللىرىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلارنى قويۇپ قويغانلىقىنى كۆرىدىكەن. ئۇ يەردە ئەرلەرمۇ ئاياللارنى كۆرەلمەيدىكەن، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە كۆرۈنمەيمدىكەن. مۇنداق ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى بىر - بىرىگە كۆرۈنمەي قىلىدىغان سودىنى سودىگەرلەر «جىن سودىسى» دەيدىكەن... ئەمدى، ماۋۇ تىللانىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سورىسىلا، ئۇنى بۇ يەرگە ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ كەلدىلا.

— ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئۇستا؟ بۇ تىللانى سەن ئۆمەربايغا ساتقان، ئۆمەرباي مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ بارغان.

— ھە، بۇ گەپنى مەن سىلىگە نەچچە رەت ئېيتتىم، ماڭا بولسا بۇ تىللانى بىر چۆل كىشىسى ئەكېلىپ ساتقان.

— دېمەكچىمەنكى، شۇ چۆل كىشىسى بۇ ئاجايىپ تىللانى قانداق قولغا چۈشۈرۈپ قالدى؟ سېنىڭ ئېيتقىنىڭچە بولغاندا، ئۇ ھېچقاچان دېڭىزلارنى كېزىپ ھېلىقى خوتۇنلار مەملىكىتىگە بارغان سودىگەر ئەمەس - دە!؟

— يوقسۇ، ئۇ ئۇنداق بىر سودىگەرلەرگىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئېھتىمال ئۇ ئۆزى سودىگەر بولمىغان بىلەن، قاچاندۇر بىر چاغلاردا شۇ تەرەپكە بارغان بىرەر چوڭ سودىگەرنىڭ بىرنېمىسىنىڭ بىرنېمىسىدۇر ياكى ئۇ شۇنداق بىر سودىگەرلەر كۆمۈپ قويغان خەزىنىنى چېرىتىپ قالغاندۇر...

— ھەببەللى! — دېدى باراتباي، — ئەمدى ئەقلىڭگە كەلدىڭ، ئۇستا، ئۇ چوقۇم شۇنداق خەزىنىلەرنىڭ بىرىنى ئۇچرىتىپ قالغان.

— ماڭا ئۇ خەزىنىلەر توغرىسىدا بىرنېمە دېمىگەنىدى.

— ئەلۋەتتە ئۇ ئېيتمايدۇ - دە!

— ماڭا ئۇ غولىغا دۈگىلەك بەلگە سېلىنغان بىر توغراقنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قالغىنىنى، ئويغىنىپ قارىسا، يېنىدا بۇ بىر تال تىللانىڭ تۇرغانلىقىنى ئېيتقان، بۇ گەپلەرنى مەن سىلىگە ئۆتكەندىمۇ دېدىم.

— نېمە دېدىڭ؟ !— دەپ سەكرەپ كەتتى باراتباي، — ياق، ئۇستا، ئۆتكەندە سەن غولىغا دۈگىلەك بەلگە سېلىنغان توغراق توغرىسىدا ماڭا ھېچنېمە ئېيتمىغانىدىڭ. ئەمدى بۇ گەپلىرىڭ تولۇقراق بولدى.

نۇردۇن ھاجىم ئاغزىنى ئۆمەللەپ يەنە بىرنېمە دېگۈچە، باراتباي ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى - دە، مەيسىگە قاراپ ماڭدى.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# سىرلىق چۆچەك

ئۆمەربايىنىڭ چۆل يولىدا ئېشەكلىك يۈرگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى.. ئۇنىڭ ئېشىكىنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇنىنىڭ بىر كۆزىدە ئوزۇق - تۈلۈك، بىر كۆزىدە تۇلۇمدا سۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە ئۆزىمۇ ئولتۇرۇۋالغاچقا، ئۈستىدىكى يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىچارە ئېشەكنىڭ بېلى ئېگىلىپ، قۇملۇقتا پېتىقلاپ ئارانلا قەدەم ئالاتتى. قۇياشنىڭ ئوتلۇق تەپتى، قىزىق قۇملۇقلاردىن ئۇرۇلۇۋاتقان ئىسسىق شامال بايىنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمدۈرەتتى. يول ماڭماقنىڭ زۇلۇمىدىن ۋايساپ ئۇ ئېشەك بىلەن تەڭ ئېغىر پۇشۇلدايتتى.

يول ئۇستىدە بىرەر تۇپ دەل ـ دەرەخ ياكى ئەسكى تاملىقنىڭ سايىسى ئۇچراپ قالسىلا ئاللا ـ توۋا سالغىنىچە ئېشىكىنى شۇ تەرەپكە تارتاتتى.

— تۇفۇ! — دەپ لەنەت ئوقۇيتتى ئۇبەزىدە قۇياشقاقاراپ، — ئاناڭنىڭ ھەققى باردەك مېنىڭ بېشىمدىن نېرى كەتمەيسەنا!

شۇ تەرىقىدە قانچىلىك يول يۈرگىنىنى ئۆمەرباي ساناپ ئېزىپمۇ قالدى. ھېلىقى زەرگەر ئۇستام دېگەن توغراق بولسا تېخى كۆرۈنمەيتتى.

«بەلكىم، ھېلىقى تىللا ساتقان يالىڭاياغ زەرگەرنى ئالدىغاندۇر— دەپ پاراڭلىشاتتى ئۆمەرباي ئۆزى بىلەن ئۆزى، ـ شۇنچە كەڭ چۆللۈكتە دۆڭلەك بەلگىسى بار توغراقنى ئىزدەش سامانلىقتا يىڭنە ئىزدىگەندەكلا گەپ ئەمەسمۇ؟ ياكى مەن ھېلىقى توغراق كۈنپېتىشتا بولسا، كۈنچىقىشقا قاراپ كېتىۋاتقاندىمەن ...»

لېكىن، تۈگىمەس بايلىقلار يوشۇرۇنغان خەزىنىنى تېپىش ۋەسۋەسىسى يەنە ئۇنى تىنچ قويمايتتى. ئۇ ئازراقلا سايىداپ، يەنە كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئېشەككە ئارتىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى.

بىر كۈنى، ئۇ ئۇزاق يول يۈرۈپ، ۋاقىت چۈشتىن قايرىلغاندا يېگى بىر توغراقلىققا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئېشەكتىن چۈشۈپ، ھېچنېمىگە قارىماي، ۋاي ـ ۋايلىغىنىچە بېرىپ ئۆزىنى توغراق سايىسىگە تاشلىۋەتتى. شۇ ھالەتتە ئۇ بىر سائەت، ئىككى سائەت ۋە بەلكىم ئۈچ سائەتچە ياتتى. ئۇيقۇغا ئويدان قېنىپ، كۆزنى ئېچىپ ھەيران بولدى. خۇددى شۇ يەردە— ئۆزى سايىداپ ياتقان توغراقنىڭ غولىدا دۆڭلەك بىر بەلگە تۇراتتى.

ئۆمەرباي كۈتۈلمىگەن بىر چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۆزى ھېلى ياتقان يەردە تۇرغان ياغاچ چۆچەكنى كۆردى. چۆچەكنىڭ ئىچىدە ساپسېرىق بىر مېتال پارقىراپ تۇراتتى. جىددىيلىشىپ كەتكەن

ئۆمەرباي تىزلىرى تىترەپ، دېمى سىقىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ھالسىز قوللىرىنى چۆچەككە سۇنۇپ، چۆچەك ئىچىدىكى تىللانى ئالدى. بۇ تىللا ھېلىقى قېرى زەگەرگە ياش بىر يىگىت ئەكېلىپ ساتقان تىللاغا ئوخشامدۇ، يوق؟ ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە قانداق بەلگىلەر بار؟ ئۆمەرباي تۇزۇكرەك سەپسېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ھەيرانلىقتا ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. چۈنكى ياغاچ چۆچەك ئىچىدە ئوخشاشلا يەنە بىر تال تىللا پارقىراپ تۇراتتى. ئىككىنچى تىللانى ئېلىۋىدى، چۆچەك ئىچىدە ئۈچىنچى بىر تىللا پەيدا بولۇپ قالدى.

ئۆمەرباي تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ چۆچەككە يېقىنراق سۈرۈلۈپ تىللالارنى ئىككى قوللاپ ئېلىشقا باشلىدى. چۆچەكنىڭ ئىچىدىن بىر تىللانى ئېلىش بىلەنلا يەنە بىرى پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوچۇملىرى تولۇپ، ئالتۇنلار يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. باي ئاچكۆزلۈك بىلەن تىللالارنى يانچۇقلىرىغا، قويۇنلىرىغا سالاتتى. بىردەمدىلا ئۇ ئېغىرلىشىپ ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. چۆچەكتىكى كىشىنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرىدىغان ئالتۇنلار بولسا تۆگەپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۆمەرباي بىردەم ئويلىنىپ، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇن، قاچىلارنىمۇ سۆرەپ چۈشتى ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نېمىنى تۆكۈپ تاشلاپ، چېچىلىپ ياتقان تىللالارنى ئاچكۆزلۈك بىلەن خۇرجۇنغا تىقىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئۇ ئىشتان ـ چاپان ھەممە نېمىسىنى سېلىپ تاشلاپ قىپيالىڭاچ بولۇپ قالدى. كىيىملىرىنىڭ يەڭ ـ پۇچقاقلىرىنى بوغۇپ ئالدىراشلىق بىلەن ئالتۇن قاچىلايتتى باي. «ناھايىتى مەن شەھەرگە كۈندۈزى ئەمەس، كېچىسى كىرەرمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بىر تال تىللاغا مۇنداق ئەسكى كىيىملەردىن نەچچە قۇر سېتىۋالغىلى بولىدۇ. مۇنداق تىللالارنى تاغارلاپ ئۇسۇۋالىدىغان پۇرسەت كۈندە كېلىۋېرەمدۇ! ؟...»

ئۆمەرباي چۆچەك ئىچىدىكى تۈگمەس تىللالار بىلەن قاراڭغۇ چۇشكۇچە ھەپىلەشتى. ئاندىن پۇشۇلداپ يۇرۇپ ئالتۇنلارنى ئېشەككە ئارتتى. يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېشەكنىڭ بېلى شۇنچىلىك ئېگىلىپ كەتتىكى، ئۆمەرباي ئۇنىڭغا مىنمەسلىككە ئۆزىمۇ رازى بولدى.

— تېز ماڭ ئىشىكىم! — دەپ ئېشىكىنى ئالدىراتتى ئۇ، - شەھەرگە چاققانراق يېتەيلى، تېخى ئىككىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى جىق. بۇ ئالتۇنلارنى تۆكۈۋېلىپ كېلىپلا يەنە ئالىمىز، بەلكىم ئىككىنچى قېتىمدا مەن ئون - يىگىرمە ئېشەك بىلەن كېلەرمەن، ئەمما، ھەممە ئېشەكنىڭ ئالدىدا يەنە سەن ئۆزۈڭ ماڭىسەن... قارا، مەن نېمىشقا ئىككىلا خوتۇن ئالغۇدەكمەن؟ سەن چېغىڭدا ئالدىڭغا كەلگەن ھەرقانداق چىشى بۇرادىرىڭدىن قايتمايسەنغۇ؟... لېكىن مەن ئېشەك ئەمەس - دە! شۇڭا قائىدىلىك ئىش قىلمىسام بولمايدۇ. ئەلۋەتتە نىكاھلىق خوتۇنۇم تۆتتىن ئاشماسلىقى كېرەك. مەخپىي خوتۇنلىرىمنىڭ سانىنى بولسا ھېچكىمگە ئېيتمايمەن. ئۇلار ئون، يىگىرمە، يۈز بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. مەنمۇ باراتباي دېگەن ئوغرىدەك بىرقانچە يەرلەردە كاتتا ئۆي - ئىمارەت، باغلارنى قىلىمەن، ھەربىر باغدا ئونلاپ خوتۇنۇم تۇرىدۇ. بۇ خوتۇنلار مېنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ شۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ كېتىدۇكى، قىزىقچىلىقنى شۇ چاغدا كۆرىسەن... سەن قاراپ تۇر، ئۇ چاغدا شەھەرنىڭ پۈتۈن سەرراپلىرى مېنىڭ ئايغىمغا كېلىپ يىقىلىپ ئالتۇن تىلىشىدۇ. ھېلىقى يوغانچى باراتباينى مەن ھەر كېچىسى ئايغىمغا ئۆملەپ كېلىپ ئۆتۈكۈمنى تارتىدىغان ئىشقا قويىمەن...

ئۆمەرباي ئۆزىنىڭ شۇنداق شېرىن خىياللىرى بىلەن قىپيالىڭاچ كېتىپ بارغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانىدى.

ئۆمەرباي كېتىپ، ئەتىسىلا ھېلىقى توغراقلىققا باراتباي يېتىپ كەلدى. ئۇ قاۋۇل بىر قېچىرنى مىنىپ، ئوزۇق -

تۈلۈكنى يېتەرلىك ئېلىپ يولغا چىققانىدى. بەلگە سىلىنغان توغراقنى ئۇ قىينالمايلا تېپىۋالدى. ھەيران قالارلىقى، ئۆمەربايىنىڭ قايسى يوللارنى ئايلىنىپ شۇنچە ئۇزاق مېڭىپ كەتكەنلىكى نامەلۇم، بۇ توغراقلىق شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى.

باراتباي غولىغا دۆگىلەك چەمبەر ئويۇلغان قېرى توغراقنى كۆرۈپ، دەرھال قېچىرىنىڭ بېشىنى تارتتى. «زەرگەر ئۇستا ئېيتقان توغراق مۇشۇمىدۇ، ئەمەسمىدۇ. ئۇنداقتا بۇ يېقىنلا بىر يەردە بولۇپ قالدىغۇ؟» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئوتۇنچى دېگەن خەق پالتىسى بىلەن مۇنداق توغراقلارغا خىيالىغا كەلگەن نېمىلەرنى ئويۇپ قويۇۋېرىدۇ ـ دە!··· ھەر نېمە بولسا ئۇ بۇ يەردە بىردەم توختاپ، ئارام ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشنى لايىق تاپتى. باراتباي قېچىرىدىن چۈشۈپ، قېچىرىنىڭ ئالدىغا يەم قويدى. ئاندىن خېچىر ئۇستىدىكى چاققانغىنە گىلەمنى سۆرەپ چۈشۈپ، ھېلىقى توغراقنىڭ يېنىغا سالدى ـ دە، گىلەمنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئويقۇغا كەتتى.

باراتباي ئويغانغاندا كۈن كەچ كىرەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. ئاستىغا سالغان گىلەمنى ئېلىپ قاقتى ـ دە، تېڭىرقاپ تۇرۇپلاپ قالدى. ئۇ ھېلىلا گىلەمنى سېلىپ ياتقان يەردە بىر ياغاچ چۆچەك ۋە چۆچەكنىڭ ئىچىدە بىر تال تىللا پارقىراپ تۇراتتى. «توغرا ئىكەن، توغرا ئىكەن! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى ئۇ، — زەرگەر ئۇستىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا ئىكەن!» باراتباي تىللانى قولىغا ئېلىپ، ئۇياق-بۇيىقىغا ئۆرۈپ قارىدى. بۇ دەل ھېلىقى ئۆمەرباي يىپەك ياغلىققا تۈگۈپ كۆتۈرۈپ كەلگەن تىللانىڭ نەق ئۆزىدىن ئىدى.

«بۇ بىر تال تىللا بۇ يەرگە كىمنىڭ يايچۇقىدىن چۈشۈپ قالدى؟ بۇ تىللالار ساقلىنىۋاتقان خەزىنىنىڭ ئۆزى...»

باراتباي «خەزىنىنىڭ ئۆزى نەدە؟» دېمەكچىدى. ئۇنىڭ تىللىرى تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ چۆچەك ئىچىدە تۇرغان يەنە بىر تال تىللانى كۆرۈپ قالغانىدى. باراتباي ئېچىشىپ ئۇ تىللانىمۇ ئېلىۋىدى، چۆچەكنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى بىر تىللا پەيدا بولدى. شۇ تەرىقىدە تۆتىنچى، بەشىنچى، ئونىنچى، يۈزىنچى تىللالارمۇ ئارقا - ئارقىدىن چىققىلى تۇردى. باراتبايمۇ خۇرجۇن - تاغار، ئىشتان - كۆڭلەك، ھەتتا ئۆتۈكلىرىنىڭ قونچىلىرىنىمۇ ئالتۇنغا تولدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىپيالىڭاچ بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. لېكىن، چۆچەكنىڭ ئىچىدىكى تىللا تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. باراتباي ھالىدىن كېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى - دە، يەنە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. «نېمىشقا مەن شۇ چۆچەكنىڭ ئۆزىنىلا ئەكەتمەيمەن!؟» دېگەن بىر پىكىر ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلگەنىدى.

«توغرا، مەن بۇ چۆچەكنى ئەكېتىشىم كېرەك، — دەيتتى باراتباي، — بولمىسا، بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەربىر يولۇچى مۇنداق تۈگىمەس تىللا چىقىدىغان چۆچەكنىڭ ئىچىدىن تىللالارنى خالىغانچە ئېرىشەلىۋېرىدىغان بولسا، بازاردا ئالتۇننى پۇلغا ئالامدۇ؟... بۇ چۆچەكنى ئۆيگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويىمەن، كېرەك بولغاندا، ئىشىك - دېرىزىلەرنى دۇملەپ، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن چىققان ئالتۇنلارنى تاغارلارغا قاچىلاۋېرىمەن!»

ئەمدى باراتباي چۆچەكنىڭ ئىچىدىكى تىللاغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمىدى، قولىنى سونۇپ چۆچەكنىڭ ئۆزىنى تارتتى، چۆچەك قولغا چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىككى قوللاپ تارتتى. يارەببىم! بۇ كىچىككىنە چۆچەكنى ئۇ قانچە قىلىپمۇ قىمىرلىتالمىدى. خۇددى ئۇ ئاشۇ قۇملۇقلارغا يىلتىز تارتىپ كەتكەندەك مۇستەھكەم تۇراتتى. باراتباي ئاچچىقىدا چۆچەكنى بىرنى تەپتى - دە، ئۆزى «ۋايجان!» دېگىنىچە پۇتىنى تۇتۇپ

پىرقىراپ كەتتى. ئۇ ياغاچ چۆچەكنى ئەمەس، تاشنى تەپكەندەك بولغانىدى.

باراتباي يەرگە دۈم بولۇپ چۆچەكنىڭ ئاستىدىكى قۇملارنى تارتىپ، ئۇنى كولاپ چىقىرىۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئاۋارىچىلىكىمۇ ئۇنۇم بەرمىدى. قۇمنى قانچە كولىغانسېرى چۆچەكمۇ تەك تۆۋەنلەپ كېتەتتى. چۆچەكنى كۆمۈۋەتمەكچى بولۇپ قۇمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تارتسا، چۆچەكمۇ تەك ئۆرلەپ قۇمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالاتتى.

ھېچ ئامال قىلالمىغان باراتباي ھېرىپ ئۆلەي دېدى. چۆل قاراڭغۇلىشىپ كەچ كىرمەكتە ئىدى. باراتباي چۆچەكنى ئەكېتىشكە كۆزى يەتمىدى ـ دە، ئالغان ئالتۇنلىرىنى قېچىرغا ئارتىپ يولىغا راۋان بولدى.

«بۇ ئالتۇنلارنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپلا يەنە كېلىمەن،— دەپ ئويلايتتى باراتباي يولدا كېتىۋېتىپ، — ئۆيلىرىمنى، ئامبارلىرىمنى تىللاغا تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ لەنتى چۆچەكنىڭ ئۆزىنى ئوت قويۇپ ئۆرتەپ كۆزدىن يوق قىلىمەن ... ئاندىن مېنىڭ يۈز ئەپ خوتۇنلىرىم، مىڭلاپ چاكارلىرىم بولىدۇ. خالىسام شەھەرنىڭ ئۆزىنى سېتىۋېلىپ شەھەر بېگىنى كۆتىگە تېپىپ قوغلايمەن. ئۇنىڭ خىزمىتىدىكى خوتۇنلارنىڭ چىرايلىقلىرىنى تاللىۋېلىپ، قالغانلىرىنى ئۆتۈكۈمنى تارتىپ، پايتىمىلىرىمنى يۇيىدىغان ئىشقا سالىمەن... ئۇ چاغدا مەن شەھەرنى شۇنداق قاتتىق باشقۇرىمەنكى، شەھەر مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئالدىمدا ئۆمىلەپ يۈرىشىدىغان بولىدۇ...»

ئەتىسى شەھەرگە بىرىنچى بولۇپ ئۆمەرباي يېتىپ كەلدى. كۈپكۈندۈزدە، قىپيالىڭاچ ھالدا شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېشەكنى ھەيدەپ كىرىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ دەرۋازىۋەنلەرمۇ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. كوچىدىكى خوتۇنلار چىرقىراشقىنىچە

ئاللا ـ توۋا سىلىپ ئۆيلىرىگە قېچىشتى. نېمە قىقاس ـ چۇقان ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي دۇكانلىرىدىن يۇگۇرۇپ چىققان كاسىپلار، سودىگەرلەر بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ كۈلۈپ دومىلاپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى:

— ھوي، بۇ ھېلىقى سەرراپ ئۆمەرباي ئەمەسمۇ؟ — دېيىشىپ ھەيران بولاتتى. بەزىلىرى:

— بۇ ئادەم بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا بىر ئوبدان دۇكان ئېچىپ ئولتۇراتتىغۇ؟— دېيىشەتتى. يەنە بەزىلىرى:

— توۋا دەڭلا، خالايىق، توۋا دەڭلا! — دەپ ياقىسىنى تۇتاتتى.

بۇ قىزىقچىلىق تېخى بېسىلماي تۇرۇپلا ئارقىدىن باراتبايمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ ئېگىز، شادىپاچاق، شاپ بۇرۇت ئادەمنىڭ يالىڭاچ تۇرغاندىكى ھالىتى تېخىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەردە قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ كەتتى. كىملەردۇر ئىسقىرتاتتى، ئۇششاق باللار يۇگۇرۇپ يۇرۇپ ئىككى يالىڭاچ بايغا چالما ئېتىشاتتى، كىملەردۇر كۈلكىسىنى باسالماي قورسىقىنى تۇتقىنىچە دومىلايتتى.

— ھاي خالايىق، خالايىق دەۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەرباي، — سىلەر مېنى زاڭلىق قىلغىنىڭلارغا كېيىن پۇشايمان قىلىسىلەر، قاراپ تۇرۇڭلار، ئاز كۈندىن كېيىن شەھەرنىڭ ھەممە بايلىرى ئايىغىمدا ئۆمىلەيدۇ...

— راست، سىلەر نېمىگە كۈلىسىلەر! ؟— دەپ ۋارقىرىدى باراتبايمۇ، — مېنىڭ كىملىكىمنى تونۇمايۋاتامسىلەر؟ مەن كەلگۈسىدىكى شەھەر بېگى بولىمەن. بەلكىم كېيىن پادىشاھمۇ بولارمەن. شۇ چاغدا ھەي مەينەت تۆمۈرچى، يۇندىخور زاسۇيپەز، سەت ھىجايغان ساتىراش... ھە، قېرى مەزىن سەنمۇ بار، ھەممىڭنى بىر ـ بىرلەپ دارغا ئاسىمەن!...

ئۆمەرباي بىلەن باراتباي بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي

ۋارقىراپ، ئەتراپتىكىلەرگە ھەيۋە قىلغىلى تۇردى. ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچ ئىكەنلىكى بولسا ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

— ماۋۇ ئېشىكىمنىڭ ئۈستىدىكى نېمە بىلەمسىلەر؟ — دېدى ئۆمەرباي، — ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى، بەلكىم ئۈستىدىكىلىرى بىلەن شۇ ئېشەكنىڭ ئۆزىمۇ ھەممىسى ئالتۇن. ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ ھەممىسىلا قەدىمكى پادىشاھلار زامانىسىدا قۇيۇلغان ساپ ئالتۇن!

— سېنىڭ ئېشىكىڭنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن بولسا، مېنىڭ قېچىرىمنىڭ ئۈستىدىكى نېمىكەن؟ - دەپ مورىسىدىن تۇتۇپ تارتتى باراتباي ئۆمەرباينى.

— سېنىڭ قېچىرىڭنىڭ ئۈستىنىكىسىنى مەن نېمە بىلەي! — دەپ ئاچچىق گۈلەيدى ئۆمەرباي.

— ئەمىسە، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قاراپ - تۇر - ھە!

باراتباي قېچىرنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى پۇچقىقى دارديىپ تۇرغان ئىشتاننى تارتىپ چۇشۇردى - دە، ئېغىنى يېشىپ، ئىچىدىكىنى يەرگە تۆكتى.

ئىشتاننىڭ ئىچىدىن زادى نېمە چۈشەركىن، دەپ ئەتراپقا ئولاشقانلار دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بويۇنداپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

— ئاھاي، بۇ نېمە!؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۆمەرباي، — بۇنىڭ ھەممىسى ئېشەكنىڭ تېزىكىغۇ، ئەمدى مېنىڭكىنى كۆرۈپ قوي.

ئۆمەربايمۇ ئېشىكى ئۈستىدىن ئىشتىنىنى تارتىپ چۇشۇرۇپ، ئېغىنى يېشىپ، ئىچىدىكىنى تۆكتى. ئۇنىڭدىنمۇ ئېشەك دەپ ئاتىلىدىغان پەس ھايۋاننىڭ تېزىكى چۈشتى.

ئۆمەرباي بىلەن باراتباي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىر - بىرىگە بىر پەس قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى - دە، باراتباي قېچىرغا، ئۆمەرباي ئېشىكىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىكى

خۇرجۇن - تاغارلارنى سۆرەپ چۇشۇپ تۆكۈۋىدى، ھەممىسىلا ئېشەكنىڭ تېزىكى بولۇپ چىقتى. ئۆمەر باي پۇت - قولى ھالسىزلىنىپ، تېزەكلەرنىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. باراتباي «ئاھ!» دېگىنىچە ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا «ئۇر! ھەيدە بۇ ئۇياتسىز بەچچىغەرلەرنى! - دېگەن چۇقان كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ئىككى باينى دارقىرىپ سۆرىگىنىچە شەھەر دەرۋازىسىدىن ئاچىقىپ تاشلىدى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

# قۇم باسقان شەھەر

بارات بىلەن ئۆمەر ئېسىگە كېلىپ تەڭلا كۆزىنى ئاچتى. باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار شەھەرنىڭ چېتىدىكى ئوچۇقچىلىقتا يېتىپ قالغانىدى. يىراق بىر يەردە شەھەر سېپىلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاكا - ئۇكا بىر - بىرىگە قاراپ، سەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ، ئۇياتلىق يەرلىرىنى قوللىرى بىلەن يېپىشتى.

— سەن كىمسەن؟— دەپ سورىدى بارات ئاكىسىدىن.

— ئۆزۈڭ كىمسەن؟— دېدى ئۆمەر، — كۆزۈمگە تونۇشلا كۆرۈنىسەن؟

— راست، بىز قاچان قەيەردە ئۇچرىشىۋىدۇق؟

— ئۆزۈڭ دەپ باققىنە.

— ۋايناگەي، ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— توختا، توختا. مېنىڭ ئېسىمگە كەلدى. سەن مېنىڭ

ئىنىم بارات ئەمەسمۇ؟

— سەن مېنىڭ ئاكام ئۆمەرمۇ؟

— ھە مانا، ئەمدى ئېسىڭگە ئالدىڭ.

— مەن قانداقسىغا سېنىڭ ئىنىڭ بولۇپ قالدىم؟

— مەن سېنىڭ ئاكاڭ بولغاندىكىن سەن مېنىڭ ئىنىم بولىسەن - دە.

— مەن سېنىڭ ئىنىڭ بولغاچقا سەن مېنىڭ ئاكام بولىدىغانسەن؟

— نېمىلەرنى دەۋاتقانسەن؟... مەن سېنىڭ ئاكاڭ بولغاچقا سەن مېنىڭ ئىنىممۇ ياكى سەن مېنىڭ ئىنىم بولغاچقا مەن سېنىڭ ئاكاڭمۇ، ئۇ تەرەپلىرىنى مەنمۇ تازا بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئىككىمىز قېرىنداش.

— ھە، مېنىڭمۇ ئېسىمگە كەلدى، — دېدى بارات.

— نېمە ئېسىڭگە كەلدى؟ — سورىدى ئۆمەر.

— نېمە ئېسىمگە كەلدى، بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالدىم.

— ھەقىچان، قاچاندۇر بىر چاغدا، مۇشۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا، مۇشۇنداق ياندىشىپ ياتقىنىمىز ئېسىڭگە كەلگەندۇر؟

— توغرا! — دەپ جانلىنىپ كەتتى بارات، — ئۇ چاغدا ئىككىمىز بىر نەرسىنى تەڭ تۇتۇپ ياتقانىدۇق.

— نېمىنى؟

— ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟... تىللا، تىللا سېلىنغان خالتا!

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، - دېدى ئۆمەر، - كېيىن مەن ئۇ تىللالارنى خەجلەپ باي بىر خوتۇنغا ئۆيلەنگەن، سەرراپ دۇكانلىرىنى ئاچقان...

— مەنچۇ؟ — دەپ ئاكىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى بارات، — مەنمۇ قوشلاپ خوتۇنلارنى ئالغان، كاتتا باغلارنى قىلغان...

— ئەمىسە سېنىڭ كاتتا باغلىرىڭ، مېنىڭ مېھرىبان خوتۇنۇم، سەرراپ دۇكانلىرىم قېنى؟

— بىز چۈش كۆرگەن ئوخشايمىز!

ئاكا ـ ئۇكا ھەر ئىككىلىسى جىمىپ كەتتى. بىر چاغلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەل مۇشۇ يەردە توقسان توققۇز تىللانى بۆلۈشەلمەي قانداق ئازارلىشىپ كەتكەنلىكىنى، تىللا قاچىلانغان خالتا غايىب بولغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە باتناپ، قېرىنداشلىقتىن كېچىپ، شەھەرنىڭ باشقا ـ باشقا ئىككى دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىرىپ كېتىشكىنىنى... يەنە شۇنداق نۇرغۇن ئىشلارنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلاتتىيۇ، يەنە بۇ ئەسلىمىلەر تۇماندەك تارقىلىپ خىرەلىشىپ كېتەتتى. ئۆزلىرىنىڭ يەنە قانداق قىلىپ بۇ يەردە، بۇ ھالدا ئۇچرىشىپ قالغانلىقىغا زادى ئەقلىنى يەتكۈزەلمەيتتى.

— راست، سەن مېنى قانداق تونۇۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى بارات.

— ئېسىڭدىمۇ؟ — دېدى ئۆمەر، — بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا، بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭدە مۇشۇنداق قىيپالىڭاچ چۆمۈلۈپ ئويناتتۇق. ئاندىن ئۆستەڭ بويىدىكى قۇمدا مەن باشقا باللار بىلەن چېلىشاتتىم. بىرەرىنى بېسىۋالسام، سەن خۇشاللىقىڭدا سەكرەپ كېتەتتىڭ.

— بىغەملەر شەھىرىدە، دېدىڭما؟

— ھە، بىغەملەر شەھىرىدە.

— ئەمىسە، بىز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدۇق؟

— بىلمەيمەن.

بارات ئورنىدىن تۇرۇپ چۆلگە قاراپ ماڭدى.

— نەگە؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر.

— چۆمۈلىمەن.

— توختا، سۇدا ئېقىپ كېتىپ قالىسەن.

— ئېقىپ كەتمەيمەن.

— ئېسىڭدىمۇ؟ سەن ھەر قېتىم چوڭمۇلگىلى ماڭغاندا، ئاپام ئەنسىرەپ ئارقاڭدىن مېنى ئەۋەتەتتى.
ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىنىسىغا يېتىشىپ بىللە ماڭدى. ئۇلار كېتىۋاتقان يول پايانسىز چۆلگە ئىچكىرىلەپ كېتەتتى. يولدا ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ تېزەكلىرى ئۇچراپ قالسا، ئاكا ـ ئۇكا بۇ ساپسېرىق نەرسىگە قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشاتتى ـ دە، بىر ـ بىرىنى نوقۇپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى.
ئۇلار شۇ ھالەتتە قانچە كۈن يول ماڭغىنىنى، قانچىلىك يول باسقىنىنى بىلىشمىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ يالىڭاچ يۈرگىنىنى كۆزىگە سىغدۇرالمىغان يولۇچىلار ئۇلارغا كونا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيگۈزۈپ قويۇشتى. بۇ كىيىملەر ئۇلارنىڭ بوي ـ تۇرقىغا توغرا كەلمىگەچكە، باراتىنىڭ كۆڭلىكى كالتە كېلىپ قورسىقى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۆمەرنىڭ تامبىلىنىڭ پۇچقىقى سۆرىلىپ باراتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇلار قانداقتۇر بىر مەھەللىلەر يېنىدىن ئۆتۈپ قالاتتى. قەيەرلەردىندۇر پەيدا بولغان ئۇششاق باللار بۇ غەلىتە ئادەملەرنىڭ كەينىدىن چۇرقىراشقىنىچە خېلى يەرلەرگىچە ئەگىشىپ باراتتى ـ دە، يەنە ئارقىدا قالاتتى. ئۇلار كىشىلەر سۇنغان تاماقنى يەيتتى، نەدە كۈن كەچ كىرسە شۇ يەردە ئۇخلايتتى.
بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر يېتىشىپ كەلدى. ئاتلىقلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا گۈزەل بىر قىز كېلىۋاتاتتى. ئۇزىگە ئوخشاش كېلىشىملىك بىر يىگىت ئۇنىڭغا ياندىشىپ ماڭغانىدى. ئارقىدىكىلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن سۈمباتلىق يىگىتلەر كۆرۈنەتتى. ئاكا ـ ئۇكا يولنىڭ چېتىگە ئۆتۈپ، ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قاراشتى.
— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدۇ ئاتلىقلار يول ئۈستىدىكىلەردىن.
— راست، بىز كىم بولىمىز؟ — دەپ ئىنىسىغا قارىدى

ئۆمەر.
— نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟
— بىز نەگە كېتىۋاتاتتۇق؟— دەپ ئاكىسىغا قارىدى بارات.
— ئۆزۈڭ چۆمۈلىمەن دېمىدىڭمۇ؟— دېدى ئۆمەر.
— ھە، بىز بىغەملەر شەھىرىگە چۆمۈلگىلى كېلىۋاتىمىز، — دېدى بارات.
ئاتلىقلار ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.
— بىغەملەر شەھىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسىلەر؟— دەپ سورىدى ئۇلار.
— كىم بىلىدۇ؟!— دەپ مۆرىسىنى چىقاردى ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن تەڭلا.
— بىغەملەر شەھىرىگە بارماقچى بولساڭلار ھارۋىغا چىقىۋېلىڭلار!
ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدا سايىۋەنلىك بىر ھارۋا تۇراتتى. ئاكا- ئۇكا پالاقشىپ يۈگۈرگىنىچە ھارۋىغا چىقىشتى. ھارۋىدا ساقاللىق بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ھارۋا يەنە ئۇزاق يول باستى. بوۋاي ھارۋىغا يېڭىدىن چىققانلارنىڭ ئۇستىبېشىغا پات - پات قاراپ قوياتتى. بارات ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرالماي قالدى - دە، ئاخىرى يېنىدىكى ساقاللىق كىشىنى نوقۇپ:
— بوۋا، سەن بىزنى ھەقىچان تازىمۇ بىر نامرات نەرسىلەر ئىكەن، دەپ قالدىڭمۇ دەيمەن؟— دەپ سورىدى.
بوۋاي ئۈنچىقمىدى.
— سەن شۇنداق ئويلاۋاتىسەن،— دېدى ئۆمەر ئىنىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ،— ئەسلىدە بىز ناھايىتى دۆلەتمەن ئۆتكەن ئادەملەر... كېيىن بىز قانداق بولۇپ گادايلىشىپ كەتتۇق- ھە؟!
— بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار؟— دەپ ئېغىز ئاچتى بوۋاي، — گادايلىق بىلەن بايلىقنىڭ ئارىلىقى بىر

قەدەملا.

— سەن بىر يۈزنگە يالىڭاچ خوتۇننىڭ سۈرىتى بېسىلغان تىللانى كۆرگەنمۇ؟— دەپ سورىدى بارات.

— نېمە؟— دەپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى بوۋاي.

— يالىڭاچ بىر خوتۇننىڭ سۈرىتى بېسىلغان تىللانى دەيمەن؟

— كۆرگەن.

— راست كۆرگەنمۇ؟— دەپ ئاكا - ئۇكا بوۋايغا تەڭلا تىكىلدى.

— بىرنى ئەمەس، يۈزنى كۆرگەن.

— يۈزنى! ؟

— ھە، يۈزنى، مەن ئۇنىڭ توقسان توققۇزىنى مۇشكۇلچىلىكتە قالغان بىر بۇرادىرىمگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. يەنە بىر تالىنى... يەنە بىر تالىنى ئۆزۈممۇ ئىزدەپ تاپالمىغان.

— ئۇ بىر تال تىللانى مانا مەن كۆرگەن،— دېدى بارات.

— ئاۋۋال مەن كۆرگەن،— دېدى ئۆمەر.

— نەدە؟ . . . كىمنىڭ قولىدا؟

— دەسلەپتە باشقىلارنىڭ قولىدا ئىدى. كېيىن بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشتى. بىزنىڭ قولىمىزدىن نەگە كەتتى بىلمەيمىز.

— شۇنداق،— دېدى بوۋاي، — بايلىق ئۇ ھېچكىمگە مەڭگۈلۈك ئەمەس. . .

— مەن دېمەكچىمەن، — دەپ بوۋاينىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى بارات، — شۇ تىللاغا چۈشۈرۈلگەن يالىڭاچ خوتۇننىڭ سۈرىتى نېمە؟ نېمىشقا ئۇ يالىڭاچ تۇرىدۇ؟

— كىمكى ئۇنى قوغلىشىپ ۋەسۋەسىگە چۈشسە، - دېدى بوۋاي، — ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۆزى شۇنداق يالىڭاچ بولۇپ قالىدۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئۇزاق جىمىپ كېتىشتى. ھارۋا ئۇلارنى بىر خىل تەۋرىتىپ ئىلگىرىلەيتتى. ئېغىر چاقلارنىڭ

قۇملۇق يولدا قالدۇرغان ئىزى ئىلاندەك تولغىشىپ ئارقىدا قالاتتى.

— ئالدىمىزدا بىر دۆڭلەك كۆرۈندى! - دەپ ۋارقىراشتى ئاتلىقلار.

كۆزىنى يۇمۇپ خىيالغا كەتكەن بوۋاي لاپ قىلىپ كۆزىنى ئاچتى. هارۋا ۋە ئاتلىقلار توختىدى. بوۋاي هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— نېمە بوپتۇ؟ - دېدى ئۆمەر.

— ئۇقمىدىم، - دېدى بارات.

— يۈرۈ، بىزمۇ چۈشەيلى.

ئۇلارمۇ هارۋىدىن چۈشۈپ، بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن كەتتى.

— يېتىپ كېلىپتۇق. بىغەملەر شەهىرىنىڭ ئورنى مانا مۇشۇ،— دېدى بوۋاي ئاتلىقلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ.

بوۋاي كۆرسەتكەن تەرەپتە - تۇتاش كەتكەن قۇملۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز بىر تۆپىلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— بىغەملەر شەهىرىنىڭ ئورنى مۇشۇ دۆڭلۈكمۇ؟

— ياق،— دېدى بوۋاي، — شەهەرنىڭ ئورنى بۇ دۆڭنىڭ ئارقا تەرىپىدە. بۇ دۆڭلۈك بوۋاقلار قەبرىستانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

— بوۋاقلار قەبرىستانلىقى!؟

— بىغەملەر شەهرىدە بىر قېتىم شۇنداق ئاجايىپ بىر سايلام بولغان، — دەپ كولۇمسىرىدى بوۋاي، — ئاق كۆڭۈل، ساددا شەهەر خەلقى هېچقانداق ئەيىبى، گۇناهى يوق، پەرىشتىدەك پاك بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە پادىشاه قىلماقچى بولۇپ ئىزدەپ، ئاخىرى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا تاتلىق ئۇخلاپ ياتقان بىر بوۋاقنى شاهلىققا كۆرسەتكەن. بىغەملەر شەهرىگە ياۋلار بېسىپ كىرگەندە شەهەرنىڭ بوۋاق پادىشاهىنى ئىزدەپ تاپالماي يۈزلىگەن بوۋاقلارنىڭ كاللىسىنى ئالغان. كېيىن ئادەملەر

بوۋاقلارنىڭ جەسىتىنى يىغىپ مانا مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ دەپنە قىلغان. ئىلگىرى بۇ يەر دۆڭمۇ ئەمەس ئىدى. ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن، ئەتراپىنى قۇم باسقانسېرى بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئورنىمۇ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئېھتىمال، ھەممە يەرنى قۇم بېسىپ كەتكەندىمۇ بۇ يەر بىغەملەر شەھىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرار، قېنى، شېھىتلارنىڭ روھىغا بىر دۇئا قىلايلى!

بوۋايغا ئەگىشىپ ھەممە دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۆمەر بىلەن بارات بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى - دە، ئۇلارمۇ ئالىقانلىرىنى ئېچىشتى.

— يۈرۈڭلار، بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئورنىنى كۆرەيلى، - دېدى بوۋاي دۇئادىن كېيىن.

كۆپچىلىك دۆڭنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇ يەردىمۇ چېكى يوق قۇملۇق سوزۇلۇپ ياتاتتى. پەقەت ئىلگىرىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ چوخچىيىپ چىقىپ قالغان تاملىرىدىنلا قەدىمىي، ئاۋات بىر شەھەرنىڭ ئىزناسىنى پەرق قىلغىلى بولاتتى. بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوچىلىرىدىمۇ قۇملار ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— شەھەرنىڭ ئادەملىرى قېنى؟

— ئەنە ئاۋۇ تەرەپكە قاراڭلار.

يىراقتا بىر توپ ئادەم نەغمە - ناۋا قىلىشقماقتا ئىدى. بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى، كېچىدە چىققان بوراننىڭ گۈركىرىشى، ئانىنىڭ پەريادى، نارەسىدىلەرنىڭ يىغىسى، نائىلاجلارنىڭ نالىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ كۈينىڭ لەرزىدە ئادەملەر ئەسەبىيلەرچە سەكرىشىپ، باشلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، ياقىلىرىنى يىرتىشاتتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۈچۈن نە قۇياش، نە يۇلتۇز، نە ئالەم، نە ئۆزلىرىنىڭ ھايات - ماماتلىقى ھەممە نەرسە ئۇنتۇلغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بولسا رەھىمسىز قۇم

ئېقىمى قايىنامدەك پىرقىرايتتى.

— ئۇلار، — دەپ چۈشەندۈردى بوۋاي، — بىغەملەر شەھىرىدە ئاخىرقى جەڭ بولغان كېچىسى بۆلۈك - پۇچقاقلاردا قېپقالغانلار. كېيىن بۇ ھالسىزلانغان شەھەردىكى بايلىقلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەتراپتىن مىڭلاپ تەلەندەرلەر، بۇلاڭچىلار ئېقىپ كىردى ۋە ئالدىغىننى ئېلىپ كېتىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى چۆل يوللىرىدا تېنەپ جىن - شاياتۇن، ئېزىتقۇلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىمىش...

— ھەي ئىست! — دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرى، — بۇگۈن ياكى ئەته، بۇ يەردە قالغان نەرسىلەرنىمۇ قۇم يالماپ بولىدۇ.

— بىغەملەر شەھىرىنىڭ ئاخىرقى ئادەملىرى پەقەت ئاشۇلارلىما؟ — دېدى يىگىتلەرنىڭ يەنە بىرى.

— يەنە بىزمۇ بار! — دېدى ھېلىقى گۈزەل قىز.

— قېنى، ماڭا پالتامنى بېرىڭلار! — دەپ قولىنى سۇندى قىزنىڭ يېنىدىكى يىگىت، — بوۋاقلا قەبرىستانلىقنىڭ يېنىغا بىز باشقىدىن يېپيېڭى بىر شەھەر بىنا قىلايلى.

1995 - يىل 11 - ئاي. غۇلجا

责任编辑：吾守尔·艾合买提
责任校对：阿布列孜·阿巴斯

被沙漠淹没了的古城(维吾尔文)
买买提伊明·吾守尔　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001)
新疆新华书店发行　　新疆建工印刷厂排版
浙江印刷集团公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　12.25 印张
1996 年 7 月第 1 版　　1996 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—10000

ISBN 7—5371—2288—1/I·774　　定价：15.00 元